# بۇخارى ۋە مۇسلىمدىن

## تاللانغان 100 ھەدىسنىڭ تەرجىمە ۋە ئىزاھاتى

ئابدۇلئەھەد ھاپىز

﴿ وَمَآ آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانتَهُواْ ﴾

«پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار» ــ قۇرئان كەرىمدىن.

# بېغىشلىما

ئۇلۇغ ئاللاھ تەئالادىن بۇ كىتابنى مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق قىلىشنى ۋە بۇ ئاددىي خىزمىتىمنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلىشنى تىلەيمەن. ساۋابىنى مېنى ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلغا، چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ ئوقۇتقان، مەن ئۈچۈن سۆيۈملۈك ۋەتەن، ئىسسىق ئۆيىنى تاشلاپ مۇساپىرچىلىقتا ياشاپ، غۇربەتچىلىكتە پانى دۇنياغا كۆز يۇمغان مەرھۇم ئانام مەيمۇنەخان ھاجىمنىڭ روھىغا ھەدىيە قىلدىم. ئۇلۇغ ئىگەم ئۆزۈڭ يەتكۈزگەيسەن. ئامىن!

# تەقرىز

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

بارچە ھەمدۇسانا ئىنسانلارغا ئۇلۇغ دىنىنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتكە چاقىرغان، ئىمان ئېيتقانلارنى ئۆزىنىڭ پەزلى-كەرەمى بىلەن ھۇزۇر-ھالاۋەتلىك ھاياتقا نائىل قىلغان، ئالەملەرنىڭ رەببى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالاغا مەۋجۇداتنىڭ سانىچە ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. ھەق دىنىنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇپرى، زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالاملىرىمنى يوللايمە. ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرغانلارغا، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ھەق يولدا يۈرگەنلەرگە مەڭگۈلۈك ئامانلىق تىلەيمەن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! قولىڭىزدىكى «بۇخارى ۋە مۇسلىمدىن تاللانغان 100 ھەدىسنىڭ تەرجىمە ۋە ئىزاھاتى» ناملىق بۇ ئەسەر مېنىڭ ئۇزۇن يىللىق دوستۇم، ساۋاقدىشىم ۋە خىزمەتدىشىم ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھافىزنىڭ قەلىمى بىلەن مەيدانغا كېلىپ، بۈگۈن ئۈچۈنچى نەشرى سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشمەكتە. بۇ ئەسەر ئىجتىمائىي ھايات ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئائىت، گۈزەل ئەخلاق ۋە پەزىلەتلىك ئىشلار توغرىسىدىكى تاللانغان سەھىھ ھەدىسلەردىن 100 ھەدىسنىڭ تەرجىمە ۋە ئىزاھاتى بولۇپ، ئاپتور بۇنى يەمەنلىك مۇھەممەد ئىبنى سالىم ئىبنى ھۈسەيىن ئەلبەيھانى دېگەن كىشىنىڭ «جەمئىيەتنى

ئىسلاھ قىلىش» ناملىق ئەسىرىنى ئاساس قىلىپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، ئەتراپلىق ۋە مۇكەممەل قىلىپ يېزىپ چىققان.

بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھافىز بىلەن ئىككىمىز 1986-يىلىدىن بىرى تەقدىرداشمىز. بىز بۇ 30 يىلغا يېقىن مۇددەت ئىچىدە بىللە ئوقۇپ بىلىم ئالدۇق، كېيىن يەنە بىللە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدۇق ۋە ھازىرمۇ بىللە بىر ئورۇندا ئىشلەپ كېلىۋاتىمىز. دېمەكچىكى، ئاپتورنى ھەممىدىن ياخشى تونۇيدىغان، ئۇنىڭ يۇقىرى بىلىمگە، بىر ئۆلىماغا خاس گۈزەل ئەخلاققا، ئىشتىكى تىرىشچانلىقىغا، ھەر ئىشنى قېتىرقىنىپ، ئىخلاس بىلەن قىلىشتىن ئىبارەت ئالاھىدە خىسلىتىگە شاھىت بولۇپ تۇرىۋاتقان بىرىمەن. مەن ئاپتور بىلەن بۇ ئۇزۇن يىللىق ئارىلىشىش جەريانىدا ھەمىشە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش ۋە ئۇنى تەقلىد قىلىش تەرەپدارى بولۇپ كەلدىم دېسەم يالغان بولماس. چۈنكى ئۇنىڭ ئەخلاقى، ئىشتىكى ئەستايىدىللىقى، تەكپۇڭلۇقنى ساقلاشتىكى ئېسىل مىجەزى، پىكىر يۈرگۈزۈشتىكى ئەقىل-پاراسىتى مېنى قايىل قىلىپلا كەلدى. قىسقىسى، ئۇنىڭدا مۇكەممەل بىر مۇرەببىيلىكنى كۆرىمەن ۋە ئۇنى ئىلمىگە، ئەخلاقىغا ۋە ئامانىتىگە كۆڭۈل راھەتلىكى بىلەن ئىشەنچ قىلغىلى بولىدىغان نادىر ئۆلىمالاردىن سانايمەن.

ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھافىز مىسىردا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىلا كىتاب يېزىشنى باشلىۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشى بارلىق ساۋاقداشلارغا، خۇسۇسەن ماڭا زور ئىلھام بولغان ئىدى. ئۇ دەسلەپ « ئىسلام تەربىيەسى» ناملىق ئەسەرنى يېزىش ئارقىلىق چەتئەللەردە ئىلىم تەھسىل قىلغانلار ئىچىدە باشلامچىلىق رولىنى ئوينىغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى ئانا ۋەتەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەرگىچە

يېتىپ بارغان، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا نائىل بولغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بېشىمىزغا كەلگەن مۇساپىرچىلىق، بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە يۆتكىلىش، يەرلىشىش دېگەندەك سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇستازنىڭ كۆپلەپ ئەسىر يېزىشقا پۇرسىتى بولماي قالغان بولسىمۇ قىممەتلىك تەرجىمە ئەسەرلىرى نەشىر قىلىنىپ تۇردى. ھازىر ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستان خەلقئارا رادوسى تۈركچە بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقى ئۈچۈن ۋاقتى شۇنچىلىك قىس بولسىمۇ، ھەممىگە ۋاقتىدا يېتىشىپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىمەكتە. يەنە ئۇ ئەللامە ئىبن قەييىم جەۋزىيىنىڭ« زادۇلمەئاد» ناملىق شانلىق ئەسىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن قىممەتلىك ماقالىلارنى يېزىپ ھەر قايسى تورلاردا ئېلان قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئاپتورنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەسىرى ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئەخلاقىي يېتەرلىكلەرگە شىپا بولالايدۇ، دەپ ئىشىنىمەن. چۈنكى ئاپتور ئانا ۋەتەنىنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلگەنلىكتىن، خەلقىمىزدە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ساقلىنىپ كەلگەن مەسىلىلەرگە كىتابىدا ئالاھىدە كەڭ ئورۇن بەرگەن، بىزنىڭ ئىللەتلىرىمىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شىپالىق رېتسىپلىرى بىلەن داۋالاشقا تىرىشقان. جانابى ئاللاھ تائالادىن ئاپتورغا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تىلەيمەن ۋە بۇ ئەسەرنى مەنپەئەتتى داۋام قىلىدىغان ئىلىملەر قاتارىدا قوبۇل قىلىپ ئاپتورنىڭ ساۋابى ئۈزۈلمەيدىغان ئاخىرەتلىك ئەمەللىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇرۇشىنى سورايمەن.

ـ مۇھەممەد يۈسۈپ

# بىرىنچى نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نىجات يولى بولغان ھەق دىن — ئىسلام دىنىغا ھىدايەت قىلغان، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى، پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭ سەرخىلى ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۈممەت قىلغان، ھىدايەت مەشئىلى، ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئايرىسىنى ئايرىغۇچى مۇبارەك كالامىنى نازىل قىلىپ، ھايات تۈزۈمى قىلىپ بەرگەن پەرۋەردىگارىمىز ئۇلۇغ ئاللاھ تەئالاغا چەكسىز ھەمدۇ سانالار ئېيتىمىز ۋە مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز. ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمەت ۋە سالامى ئالەملەرگە رەھمەت، توغرا يولنى كۆرسەتكۈچى نۇرلۇق چىراغ، قىيامەت كۈنى پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن شاپائەتچى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇنكى، ئۇ ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىنى تولۇق يەتكۈزدى، ئۈممەتكە نەسىھەت قىلدى. ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمەت ۋە سالامى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئەسھاب كىراملىرىغا بولسۇنكى، ئۇلار بار ـ يوقىنى ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇلۇغ دىنىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئايىماستىن قۇربان بەردى ۋە بىزنىڭ گۇمراھلىقتىن نىجات تېپىپ، ھەق يولنى تېپىشىمىز ئۈچۈن ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە ھارماي ـ تالماي ۋە بوشاشماي كۈرەش قىلدى. ئاللاھ تەئالا ئۇلاردىن

رازى بولسۇن، بىزنى ئۇلارنىڭ يولىدىن ئايرىمىسۇن ۋە قىيامەت كۈنىگىچە ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت قىلسۇن. ئامىن!

ئىسلام ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇلۇغ دىنى بولغان ئىكەن، بۇ دىنىنىڭ مەنسۇپلىرى بولغان مۇسۇلمانلار دۇنيادا ئەڭ ئەزىز، ئەڭ شەرەپلىك ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە ئىززەتنىڭ ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە خاس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. لېكىن بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار دۇنيادا ئەڭ خار، ئەڭ ئاجىز ۋە ئېچىنارلىق ئەھۋالدا ياشاۋاتىمىز. «مەن مۇسۇلمان» دەيدىغان ھەر قانداق كىشىنىڭ بۇ زىتلىقنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈسى ۋە باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش بېشىنى تىك تۇتۇپ، بەختلىك ياشىغۇسى كېلىدۇ. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ كەمتۈك ئەقلىم ۋە يېتەرسىز بىلىمىم بىلەن بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇزۇن يىللار ئىزدەندىم، بارغان يەرلىرىمدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتتىم. كېسەل قەيەردە؟ داۋالاش يوللىرى قايسى؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىدىم. نەتىجىدە «مۇسۇلمانلار ئامىسىنىڭ كۆپ سانلىقى بەزى ئىبادەتلەرنى ئادا قىلسىمۇ، كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئىسلامدىن كۆپ يىراقلىشىپ كەتكەن، ئەخلاقى چىرىكلىشىپ، مۇئامىلە ئىشلىرى پۈتۈنلەي بۇزۇلغان. سودا ـ تىجارەت ۋە يېمەك ـ ئىچمەكلىرىدە ھالال ـ ھارامنى ئىلغىمايدىغان، كىشىنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن قورقمايدىغان بولۇپ قالغان. يالغانچىلىق، خىيانەت، تەپرىقىچىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئايرىلماس تەبىئىتىگە ئايلانغان. يەنى مۇسۇلمانلار سان جەھەتتە كۆپ بولسىمۇ، سۈپەت جەھەتتە ناھايىتى بەك ناچارلىشىپ كەتكەن بولغاچقا ئاللاھ

تەئالا مۇسۇلمانلارنى بۇ دۇنيادا خارلىقتا جازالىغان، دېگەن خۇلاسىنى چىقاردىم. توغرا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە تەلەپكە لايىق، ئالىي سۈپەتلىك كىشىلەر يوق ئەمەس. لېكىن ئەمەلىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلار ئازسانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمىتىمۇ ئام، غەزىپىمۇ ئام، يەنى ئاللاھ تەئالانىڭ بۇ دۇنيادىكى ئازاب ۋە رەھمىتى كۆپ سانلىقنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بولىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئەگەر خارلىقتىن قۇتۇلۇپ ئەزىز ياشىماقچى بولساق، بىشىمىزنى سىلكىۋېتىپ، ئىسلامنى ھاياتىمىزنىڭ بارلىق باسقۇچلىرىدا ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز، چوڭ - كىچىك ھېچقانداق ئىشتا نەپس - شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يوليورۇقىغا خىلاپلىق قىلماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى ئىسلام ئىنسان ھاياتىدىكى دىنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي بارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇنى پارچىلاشقا، خالىغىنىغا ئەمەل قىلىپ، خالىغىنىنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ.

ئىسلامنىڭ بەزى ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىپ، يەنە بەزىسىنى تاشلاپ قويۇش، ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىنى خورلىغانلىق، ئۇنى كۆزگە ئىلمىگەنلىك، ئاياغ ئاستى قىلغانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ جازاسى بۇ دۇنيادا خارلىققا قېلىش، ئاخىرەتتە دوزاختا قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇش بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەر كىتابنىڭ بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىشىنىپ، بىر قىسىم ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى پەقەت ھاياتى دۇنيادا خارلىققا قېلىش، قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتۇر. ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر.» [سۈرە بەقەرە 85 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

دېمەك مۇسۇلمانلارنىڭ كېسەللى دىنىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆگەتكەن بويىچە ئەمەس، ئۆزى خالىغان بويىچە تەتبىقلاپ، نەپسى خاھىشىغا بېرىلىپ، «ئەتىدىكى دۇمبىدىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى» دەپ، ماددىي مەنپەئەتنى دىنىي ۋە مەنىۋى غايىلەردىن ئەلا بىلگەنلىكىدە يەكۈنلىنىدۇ. بۇ كېسەلنى داۋالاشنىڭ بىرلا چارىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىنى ياخشى چۈشىنىپ ئوقۇپ، دەسلەپكى مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا قانداق ئەمەل قىلغان بولسا شۇنداق ئەمەل قىلىشتۇر. شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇ ئۈممەتنىڭ ئاۋۋىلى نېمە بىلەن تۈزۈلگەن بولسا، ئاخىرىمۇ شۇ نەرسە بىلەن تۈزۈلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

مۇسۇلمانلارنىڭ يۇقىرىقى كېسەللىككە شىپالىق دورا بولسۇن ئۈچۈن ئىجتىمائىي ھايات ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئائىت، گۈزەل ئەخلاق ۋە پەزىلەتلىك ئىشلار توغرىسىدىكى ئەڭ سەھىھ ھەدىسلەردىن 100 ھەدىسنى تاللاپ تەرجىمە ۋە شەرھى قىلسام، ئالدى بىلەن ئۆزۈمگە ئاندىن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا پايدىلىق ئەسەر بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن، 1993 ـ يىلى بۇ ئىشقا باشلاپ ئون نەچچە ھەدىسنى

تەرجىمە ۋە شەرھى قىلغاندىن كېيىن، مۇساپىرچىلىقتا بىر يەردە تۇرالماي داۋاملاشتۇرالمىغان ئىدىم. 2002 - يىلى نىيىتىمگە مۇۋاپىق «جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش» ناملىق بىر ئەسەر قولۇمغا چۈشتى. بۇ ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى يەمەنلىك مۇھەممەد ئىبنى سالىم ئىبنى ھۈسەيىن ئەلبەيھانى دېگەن كىشى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ئەڭ ئىشەنچلىك ھەدىسلىرىدىن 100 ھەدىسنى تاللاپ، ھەدىس ئۆز ئىچىگە ئالغان ماۋزۇلار ھەققىدە كەڭ ئىزاھات يازغان ئىكەن. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك بۇ مېنىڭ يىللاردىن بىرى قىلماقچى بولۇپ، قىلالماي يۈرگەن ئارزۇيۇم ئىدى. شۇڭلاشقا كىتابتىكى ھەدىسلەرنى دەرھال تەرجىمە قىلىش ۋە ئىزاھلاشقا باشلىدىم. ئۈچ يىل جاپالىق ئىشلەپ ئالاھنىڭ پەزلى كەرىمى بىلەن بۇ يىل كىتابنى تاملىدىم. دۇنيادا خارلىقتىن، ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابىدىن نىجات تېپىشقا سەۋەبچى بولۇشى ئۈچۈن كىتابقا «نىجات يولى» دەپ ئىسىم قويدۇم. ھەدىسنى كلاسسىك ئۇسۇل بويىچە شەرھلىمەستىن، ھەدىستىكى ھەر بىر مەسىلىنى ئايەت ۋە باشقا ھەدىسلەر بىلەن ئىزاھلىغانلىقىم ئۈچۈن، ھەدىسنىڭ شەرھى دېمەي «ئىزاھات» دېدىم.

ھەدىسلەرنى يېزىش، تەرجىمە قىلىش، ئىزاھلاشتا مۇنداق يول تۇتتۇم:

ھەدىسنى يېزىش. بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن 100 ھەدىس پۈتۈنلەي «جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى ۋە ئاشۇ

كىتابنىڭ تەرتىپ بويىچە يېزىلىدى. ھەدىسنى يېزىشتا، «ئەلئەرىس» شىركىتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «تالىپ ئىلىملەر كۇتۇپخانىسى» ناملىق پلاستىنكىدا نەشر قىلىنغان سەھىھۇلبۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىم كىتابلىرىغا سۆزمۇ سۆز، ھەرپمۇ ھەرپ سېلىشتۇرۇپ يېكىتتىم. ھەدىسلەرنىڭ مەتنى ھەر ئىككى كىتابتا ئوخشاش بولسا، ھەر ئىككى كىتابنىڭ نومۇرىنى يازدىم. ئەگەر ھەدىس مەنە جەھەتتە ھەر ئىككى كىتابتا ئوخشاش بولۇپ، لەۋزىدە پەرق بولسا، بۇ يەرگە قايسى كىتابتىن ئېلىنغان بولسا، شۇ كىتابنىڭ نومۇرىنى يازدىم.

ھەدىسنى تەرجىمە قىلىش. ھەدىسنى تەرجىمە قىلىشتا، مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم تەرجىمە قىلغان «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى» ناملىق كىتابقا مۇراجىئەت قىلىپ، تاپالىغان ھەدىسنىڭ تەرجىمىسىنى ئاشۇ كىتابتىن ئەينەن ئالدىم. ئۇ كىتابتىن چىقمىغان ھەدىسلەرنى ئىبنى ھەجەر ئەلئەسقەلانىينىڭ «سەھىھۇلبۇخارى شەرھى» بىلەن، ئىمام نەۋەۋىنىڭ «سەھىھۇ مۇسلىمنىڭ شەرھى» ناملىق كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ تۇرۇپ تەرجىمە قىلدىم.

ئىزاھات يېزىش. ھەدىسكە ئىزاھات يېزىشتا «جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش» دېگەن كىتابقا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ يازدىم. ئىزاھاتتا دەلىل كەلتۈرۈلگەن ئايەت ـ ھەدىسلەرنى ئومۇمەن ئاشۇ كىتابتىن ئالدىم. مەزكۇر كىتابتا ھەدىسنى شەرھى قىلمايدۇ، مەن مۇمكىن قەدەر ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەرنى ئىزاھلاشقا، «بۇ ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىشنىڭ ئاخىرەتتىلا ئەمەس، بەلكى مۇشۇ دۇنيادا قانداق

پايدىسى بار، ئەگەر خىلاپلىق قىلساق قانداق زىيان تارتىمىز؟» دېگەنلەرنى بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدىكى جانلىق مىساللار بىلەن كۆرسىتىشكە تىرىشتىم. چۈنكى ئىسلام ئىنسانلارنى ئاخىرەتتىن ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادا بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ھەر بىر ھەدىسنىڭ ئىزاھاتىنى قىسقا دۇئا بىلەن تاماملىدىم. ئۈمىدىم كىتابخانلار كىتابنى ئوقۇغاندا مەزكۇر دۇئالارنى ئوقۇسا، ئاللاھ تەئالا ئىخلاسمەن كىتابخانلارنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، بىز مۇسۇلمانلارغا نىجاتلىق بەخش ئەتسە ئەجەب ئەمەس.

«جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش» دېگەن كىتابتا ھەدىسلەرگە ماۋزۇ قويۇلمىغان، پەقەت ھەدىس ماۋزۇ ئورنىدا بېرىلىپ، شۇ ھەقتە ماقالە شەكلىدە ئىزاھات يېزىلغان. كىتابخانلارنىڭ ئوقۇماقچى بولغان ماۋزۇلارنى دەرھال ئېچىپ ئوقۇشقا قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ھەدىسلەرنىڭ بېشىغا ئاشۇ ھەدىستىكى مەسىلىلەرنىڭ بىرىنى ماۋزۇ قىلىپ قويدۇم. بۇنىڭ بىلەن ئىمام ـ خاتىپلىرىمىزنىڭ ھەر ھەپتە جۈمە خۇتبىلىرىدە بىر ماۋزۇنى جامائەتكە ئوقۇپ بېرىشىگە ناھايىتى مۇۋاپىق بىر كىتاب بولدى.

كىتاب پۈتكەندىن كېيىن ئىلمىي ئىقتىدارى مەندىن يۇقىرى بولغان بۇرادەرلىرىمگە بىرەر نۇسخىدىن ئەۋەتىپ، كۆرۈپ چىقىپ تۈزىتىشكە تېگىشلىك يەرلىرى بولسا كۆرسىتىپ بېرىشلىرىنى ئىلتىماس قىلدىم. بۇرادەرلىرىم ئىشى كۆپ، ۋاقتى قىس بولسىمۇ، قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ، كىتابنى باشتىن ـ ئاخىر كۆرۈپ چىقىپ، ھەر

جەھەتتىكى تۈزىتىش ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى بەردى. مەن كىتابنى قايتىدىن يەنە باشتىن ـ ئاخىر ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ بەرگەن پىكىرلىرىگە ئاساسەن قايتىدىن تۈزىتىپ چىقتىم.

بۇ يەردە مېنى ئىلمىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن، قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ كىتابنى تەھرىرلەپ بەرگەن قەدىرشۇناس بۇرادەرلىرىمگە چوڭقۇر تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن ۋە ئۇلارغا ئاللاھ تەئالادىن كاتتا ئەجرى ئەزىم تىلەيمەن. ھەر قانچە تىرىشقان بولسامۇ يەنە كىتابنى بەزى سەۋەنلىكلەردىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. ئىخلاسمەن كىتابخانلاردىن كۆزىگە چېلىققان خاتالىقلارنى تۈزىتىپ پايدىلىنىشىنى ۋە مەن ئاسىي بەندىنىڭ گۇناھلىرىمنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشىنى ئىلتىماس قىلىمەن. سىز كىتابخانلارنىڭ دۇئالىرىڭىزنىڭ بەرىكىتىدىن، ئاللاھ تەئالا بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمنى ئەپۇ قىلىشىدىن ۋە بۇ ئاددىي خىزمىتىمنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلىشىدىن زور ئۈمىدۋاردۇرمەن.

ئى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم! بۇ گۇناھكار، ئاسىي بەندەڭنىڭ سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ، ھەبىبىڭ مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىباھا گۆھەر سۆزلىرىنى تەرجىمە ۋە شەرھى قىلىشقا جۈرئەت قىلىشتا، ھەددىمدىن ئېشىپ، بىئەدەپلىك قىلىپ قويغان بولسام مېنى ئەپۇ قىلىپ، بۇ نالايىق خىزمىتىمنى ئۆز دەرگاھىڭدا قوبۇل قىلغىن. بۇ دۇنيادا ھەبىبىڭنىڭ يولىدىن مېڭىپ،

قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ لىۋائۇلھەمدى بايرىقى ئاستىدا سىرات كۆۋرۈكىدىن سالامەت ئۆتۈپ، فىردەۋس جەننىتىگە كىرىپ، جامالىڭنى كۆرۈشنى نېسىپ قىلغىن. بۇ كىتابىمنى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەق يولدا مېڭىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ھالاكىتىدىن نىجات تېپىشىغا ۋەسىلە قىلغىن. ئامىن

# مۇندەرىجە

تەقرىز ........................................................................ 5
بىرىنچى نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى ..................... 9
مۇندەرىجە ................................................................ 19
1 ـ ھەدىس ئىخلاس بىلەن ئىش قىلىش توغرىسىدا ............. 25
2 ـ ھەدىس رىياكارلىقنىڭ زىيىنى توغرىسىدا.................. 34
3 ـ ھەدىس شۈبھىلىك نەرسىلەردىن قېچىش توغرىسىدا ............ 39
4 ـ ھەدىس تەمەخورلۇقتىن ساقلىنىش توغرىسىدا................... 45
5 ـ ھەدىس سودا ـ سېتىق ئەخلاقى توغرىسىدا ..................... 50
6 ـ ھەدىس ئىسلام قېرىنداشلىقىنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا ........... 56
7 ـ ھەدىس مۆمىنىنىڭ ئۈچ خىسلىتى توغرىسىدا.................... 61
8ـ ھەدىس ئاداۋەت تۇتماسلىق توغرىسىدا.............................. 69
9 ـ 10ـ ھەدىس ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا .. 74
11 ـ ھەدىس بىراۋغا قورال تەڭلىمەسلىك توغرىسىدا ................ 81
12ـ ھەدىس چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىش توغرىسىدا.................. 86
13 ـ ھەدىس قىيامەت كۈنى ئەرشنىڭ سايىسىدە سايىدايدىغان
كىشىلەر توغرىسىدا ........................................................ 92

14- ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غايىبتىن خەۋەر بەرگەنلىكى توغرىسىدا......................................................... 103
15 - 16- ھەدىس مۇناپىقنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا..................... 109
17- ھەدىس راستچىل بولۇش توغرىسىدا ................................ 114
18- ھەدىس ياخشى كىشىلەر توغرىسىدا.................................. 119
19 - 20- ھەدىس زالىمنىڭ جازاسى توغرىسىدا......................... 123
21- ھەدىس مۇسۇلمانىنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا............................ 129
22 ـ ھەدىس ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش توغرىسىدا........................ 135
23- ھەدىس پەزىلەتلىك ئىشلار توغرىسىدا ................................ 141
24 - 25- ھەدىس مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىدىكى مېھرى - مۇھەببەت توغرىسىدا.................................................................. 149
26 - ھەدىس ھەسەت قىلماسلىق توغرىسىدا ............................. 156
27- ھەدىس جەننەت ۋە دوزاخ ئەھلى توغرىسىدا....................... 162
28- ھەدىس تۇرمۇش ئىشلىرىدا ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەرنى ئۈلگەم قىلىش توغرىسىدا ............................................................... 169
29 - 30 ـ ھەدىس گۆر ئازابىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدا ......................................................................................... 174
31 - ھەدىس دەلىلسىز ھاكىمىيەتكە قارشى چىقماسلىق توغرىسىدا181
32 - ھەدىس بەيئەتكە ۋاپا قىلىش توغرىسىدا............................ 188
33 - ھەدىس سەدىقىنىڭ ساۋابى بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدا .... 199

34 ـ ھەدىس  ئاممىۋى يولدا ئولتۇرماسلىق توغرىسىدا ............... 208
35 ـ ھەدىس  ياخشى ئىشلار توغرىسىدا.................................. 214
36 ـ ھەدىس  مېھماننى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا ........................ 219
37 ـ ھەدىس  ئىجازەت سوراشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ............ 226
38ـ ھەدىس  ئىجازەتنى ئۈچ قېتىم سوراش توغرىسىدا ................ 232
39 ـ 40 ـ ھەدىس  قوشنىغا ئازار بەرمەسلىك توغرىسىدا ............ 238
41 ـ ھەدىس  قەرزنى ئارقىغا سۈرمەسلىك توغرىسىدا............... 245
42 ـ ھەدىس  بەرگەن سوغىسىنى قايتۇرۇپ ئالماسلىق توغرىسىدا 251
43 ـ ھەدىس  دېھقانچىلىق قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ......... 256
44 ـ ھەدىس  ھەقىقىي زاھىدلىق توغرىسىدا ........................... 262
45 ـ ھەدىس  ئاللاھ تەئالا ئەڭ يامان كۆرىدىغان ئادەم توغرىسىدا 269
46 ـ ھەدىس  ئاچچىقنى بېسىۋېلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ..... 274
47 ـ ھەدىس  يالغان قەسەم قىلىشنىڭ گۇناھى توغرىسىدا.......... 282
48 ـ ھەدىس  ئۆلۈم تىلىمەسلىك توغرىسىدا............................ 289
49 ـ ۋە 50 ـ ھەدىس  رەسۇلۇللاھنىڭ گۈزەل ئەخلاقى توغرىسىدا . 297
51 ـ ھەدىس  سېخىيلىقنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ...................... 301
52 ـ 53 ـ ھەدىس  سەدىقە قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا......... 308
54 ـ 55 ـ ھەدىس  سەدىقىنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا................ 312
56 ـ ھەدىس  قانائەتلىك بولۇش توغرىسىدا ........................... 319

57 ـ ھەدىس خەيرى ـ ئېھسان قىلىنىشقا تېگىشلىك كىشى توغرىسىدا ................................................................................ 321
58 ـ ھەدىس ئىشلەشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ................... 324
59 ـ ھەدىس تىلەمچىلىكتىن ساقلىنىش توغرىسىدا................. 327
60 ـ ھەدىس تۇل خوتۇنغا ياردەم قىلىش توغرىسىدا................. 330
61 ـ ھەدىس دىنىنى تەسلەشتۇرمەسلىك توغرىسىدا .................. 336
62 ـ ھەدىس ئەڭ ياخشى ئادەم توغرىسىدا ........................ 345
63 ـ ھەدىس ساھابىلەرنىڭ تارتقان قىيىنچىلىقى توغرىسىدا...... 352
64 ـ ھەدىس ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا.......................................................................... 357
65 ـ ھەدىس قۇشلاردىن شۇملىنىشقا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا.. 365
66 ـ ھەدىس مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش توغرىسىدا............ 371
67 ـ ھەدىس زىنادىن ساقلىنىش توغرىسىدا............................ 380
68 ـ ھەدىس نىكاھلىنىدىغان ئاياللارنى توغرا تاللاش توغرىسىدا. 385
69 ـ ھەدىس ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا.......... 390
70 ـ ھەدىس ئاياللار ئېرىنى ياخشى كۈتۈۋېلىشى توغرىسىدا ....... 394
71 ـ ھەدىس كىشىلەرنىڭ يامان گۇمان قىلىشىغا يول ئاچماسلىق توغرىسىدا.......................................................................... 398
72 ـ ھەدىس ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا.......................................................................... 404

73 ـ ھەدىس  سەپەردىن قايتقاندا ئۆيگە خەۋەرسىز كىرمەسلىك توغرىسىدا.......................................................... 411
74 ـ ھەدىس  ئۆلۈككە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ھازا تۇتۇشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرىسىدا................................................ 417
75 ـ ھەدىس  ئېرىلداش ئايال بىلەن ئۆيلىنىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا.......................................................... 423
76 ـ ھەدىس  ئاللاھ تەئالاغا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان ئەمەللەر توغرىسىدا.......................................................... 428
77 ـ ھەدىس ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا ............. 436
78 ـ ھەدىس  ئاتا ـ ئانىلارنى قاقشىتىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا 445
79 ـ ھەدىس  باللار ئارىسىدا ئادىل بولۇش توغرىسىدا.............. 455
80 ـ ھەدىس  باللارغا رەھىمدىل بولۇش توغرىسىدا ................. 459
81 ـ ھەدىس  كىشىلەرنى ئاشۇرۇپ ماختىماسلىق توغرىسىدا ....... 467
82 ـ ھەدىس  ئاخشىمى باللارنى تالاغا قويۇپ بەرمەسلىك توغرىسىدا ...................................................................... 473
83 ـ ھەدىس  خىزمەتچىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا 480
84 ـ ھەدىس  ئىككى ھەسسە مۇكاپات ئالىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا ...................................................................... 489
85 ـ ھەدىس  كىشىلەرنى ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىمەسلىك توغرىسىدا 498
86 ـ ھەدىس  ياخشى دوست تالاش توغرىسىدا ..................... 503

87 ـ ھەدىس گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنمايدىغانلار توغرىسىدا........ 507

88 ـ ھەدىس مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا نەسىھەت قىلىش توغرىسىدا .... 512

89 ـ 90 ـ ھەدىس ئىمام بولغان كىشىنىڭ نامازنى يەڭگىل ئوقۇشى توغرىسىدا............................................................. 522

91 ـ ھەدىس تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق توغرىسىدا ..................... 529

92 ـ ھەدىس تەنتەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىش.............................. 534

93 ـ 94 ـ ھەدىس ھايۋاناتلارغا زۇلۇم قىلماسلىق توغرىسىدا....... 540

95 ـ ھەدىس سېتىش ھارام بولغان نەرسىلەر توغرىسىدا ............. 547

96 ـ ھەدىس مەست قىلغۇچ نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا.................................................... 553

97 ـ 98 ـ ھەدىس رەسۇلۇللاھنىڭ ئالىي جانابلىقى توغرىسىدا .... 561

99 ـ ھەدىس ئەملى سۆزىگە ئۇيغۇن بولمىغانلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا............................................................. 568

100 ـ ھەدىس تەۋبىنىڭ قوبۇل بولىدىغانلىقى توغرىسىدا .......... 575

خاتىمە ...................................................................... 583

## 1 ـ ھەدىس ئىخلاس بىلەن ئىش قىلىش توغرىسىدا

عن أميرِ المؤمنينَ عمر بنِ الخطاب رضي الله عنه قال: سمعتُ رسولَ الله صلى الله عليه وسلم يقول: «إِنَّمَا الأَعْمَالُ بِالنِّيَّةِ، وإِنَّمَا لِإمْرِئٍ مَانَوَى، فَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ إِلَى اللهِ ورَسُولِهِ فَهِجْرَتُهُ إِلَى اللهِ ورَسُولِهِ، ومَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ لِدُنْيَا يُصِيبُهَا، أَوِ امْرَأَةٍ يَتَزَوَّجُهَا، فَهِجْرَتُهُ إِلَى مَاهَاجَرَ إِلَيْهِ» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ زات رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «ئەمەللەر پەقەتلا نىيەتلەرگە باغلىق، ھەر قانداق ئىنسان ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىگىلا ئېرىشىدۇ. كىمكى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن بولىدۇ، كىمكى دۇنياغا يېتىش ئۈچۈن ياكى بىر ئايالغا ئۆيلىنىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى شۇ نەرسە ئۈچۈن بولىدۇ.» [بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ھەدىسنىڭ مۇسلىمدىكى نومۇرى: 4883]

ئىزاھات: بۇ ھەدىس ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە كەڭ دائىرىلىك مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىنسان قانداق قىلغاندا، دىنىي،

سىياسىي، ئىقتىسادىي، شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ؟ قانداق ئەھۋاللاردا چۈشكۈنلۈككە ئۇچرايدۇ؟ دېگەن مۇھىم مەسىلىنى ناھايىتى ئىخچام ۋە تەسىرلىك مىسال بىلەن بايان قىلىدۇ. بۇ ھەدىسنى ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ھەر دائىم ئېسىدە ساقلاپ، ئەمەل قىلىشى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى شۇنىڭغا قاراپ تۈزىتىپ تۇرۇشى ناھايىتى مۇھىم بولغاچقا، بارلىق ھەدىس ئالىملىرى بۇ ھەدىسنى كىتابلىرىنىڭ بېشىغا يازىدۇ.

ھەر قانداق ئىشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر يولى «ئىخلاس» تۇر. ئىخلاس — ھەر قانداق ئىشنى چىن كۆڭلىدىن قىتىرقىنىپ پۇختا قىلىش، سەممىي بولۇش دېمەكتۇر. ئىخلاس ئىنساننىڭ كۆڭلىدىكى نىيەتكە باغلىق. نىيەت بولسا، كۆڭۈلگە پۈككەن مەقسەت، غەرەز، مۇددىئا، نىشان، غايە دېگەن بولىدۇ.

نىيەت ياخشى بولمىسا ئىخلاس بولمايدۇ. ئىخلاس بىلەن قىلمىغان ئىش مەيلى ئىبادەت ياكى باشقا ھەر قانداق ئىش بولمىسۇن ھېچكىمگە پايدا بەرمەيدۇ. شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەمەللەر پەقەتلا نىيەتكە باغلىق» دېگەن. يەنى ھەر قانداق ئىش ـ ئەمەل، شۇ ئىشنى ئىشلىگۈچىنىڭ نىيىتىگە كۆرە نەتىجە بېرىدۇ. چۈنكى ئىنسان ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشتا، مەلۇم بىر غايە ۋە نىشاننى كۆزلەپ قىلىدۇ. ئەگەر نىيىتى ياخشى بولسا، قىلغان ئىشنى سەممىي ئىخلاس بىلەن پۇختا قىلىدۇ. ئەگەر نىيىتى يامان بولسا، ساختىپەزلىك، كۆز بويامچىلىق بىلەن قولىدىن چىقىشىغا قىلىدۇ.

بۇنداق يامان نىيەت بىلەن قىلغان ئىش ساغلام، پۇختا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزمەيدۇ، ئۆزىگىمۇ ئەسقاتمايدۇ.

ياخشى ئىشلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك، ئاز ـ كۆپلۈكىگە ئەمەس، پەقەت ئىشلىگۈچىنىڭ شۇ ئىشنى قىلىشتىكى مەقسىتى ۋە سەممىيلىكىگە قاراپ ئەمەلنىڭ قەدىر ـ قىممىتى بولىدۇ. كىشى ئۆزىگە، ئەھلى ئەۋلادىغا ۋە باشقا ئىنسانلارغا پايدىلىق بولسۇن دېگەن نىيەت بىلەن ئىشلىسە، كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭ قىلغان ئىشى ئاز بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ياخشى نەتىجە چىقىدۇ. چۈنكى ئۇ نىيىتىگە يارىشا ئىشنى سەممىي ئىخلاس بىلەن پۇختا قىلىدۇ. ياخشى نىيەت، پاك ئىخلاس بىلەن قىلغان ئىش ھەم ئۆزىگە ھەم خەلقىگە پايدىلىق بولۇپ، ھەرگىز زايە بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭدىن چوڭ غەلىبە قولغا كېلىدۇ، ئىشلىگۈچىنىڭ ئاللاھ تەئالا نەزىرىدىكى ساۋابىمۇ نىيىتىگە ئاساسەن چوڭ بولىدۇ.

ھەر ساھەدىكى ھۈنەرۋەنلەر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، سودىگەرلەر ۋە دېھقانلار قىلغان ئىشلىرىنى ياخشى نىيەت ۋە سەممىي ئىخلاس بىلەن قىلسا، ئەلۋەتتە ئۇ ئىش ئۇ كىشىگە ئەسقاتىدۇ، ئالغان ئەجرىمۇ بەرىكەتلىك بولىدۇ، ئاللاھ تەئالا ھۇزۇرىدا ئەڭ ياخشى كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

ئەكسىچە كۆرستىش مەقستى بىلەن ياكى «باشقىلارغا نېمە بولسا مەيلى، مەن پايدا تاپسام بولىدى» دېگەن غەرەز بىلەن قىلىنغان ئىش قارىماققا چوڭ كۆرۈنسىمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەتىجە چىقمايدۇ. بەزىدە

نەتىجە قازىنىلغان تەقدىردىمۇ ئەسقاتماي ئاز كۈندە ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ياخشى نىيەت بىلەن قىلمىغان ئىشتا ئىخلاس بولمايدۇ ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقى كۆزلەنمەيدۇ. ھۈنەرۋەنلەر ياخشى نىيەتلىك بولمىسا، قىلغان ئىشنى قولىدىن چىقىشىغا قىلىپ پۇختا ئىشلىمەيدۇ. سودىگەرلەر ياخشى نىيەتلىك بولمىسا، خېرىدارلارنى ئالداپ ئۆپكىنى گۆش كۆرسىتىپ ساتىدۇ. ئىشچىلار ياخشى نىيەتلىك بولمىسا، ئىش ئىگىسىنىڭ كۆزىنى بوياپ مائاش ئالىدۇ. بۇنداق يوللار بىلەن تاپقان پۇل ۋە ئالغان مائاش ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىلغان ئىشى باشقىلارغا مەنپەئەت قىلمىغاندەك تاپقان پۇل ـ مېلىمۇ ئۇنىڭغا ئەسقاتمايدۇ. بۇنداق يامان ئىللەتكە دۇچار بولغان مىللەت يوقىلىشقا ۋە باشقىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئېزىلىشكە مەھكۇمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ بىر جۈملە سۆزى بىلەن بىز مۇسۇلمانلارنى بۇنداق ناچار ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئىسلامدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەرمۇ پەقەت ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئىخلاس بىلەن قىلىنمىسا، ئاللاھ تەئالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولمايدۇ. مەسىلەن: «كىشىلەر ياخشى ئادەم دېسۇن» دېگەن مەقسەتتە مەسجىدكە چىقىپ، بەش ۋاقىت نامازنى تاشلىماي ئوقۇسا، «ھەرەمگە بېرىپ كەلگەن ھاجىم دېسۇن» دەپ، پۇل ـ مال سەرپ قىلىپ ھەج قىلسا، «سېخى ئادەم دېسۇن» دەپ مال ـ دۇنياسىنى ياخشى ئىشلارغا چىقىم قىلسا، «داموللام، قاراخۇنۇم» دېسۇن دەپ ئىلىم ئۆگەنسە ۋە قارى قۇرئان بولسا، بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرى ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدە

قوبۇل قىلىنمايدۇ ۋە ساۋاب بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئىشلارنى قىلغۇچىنىڭ مەقسىتى ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتىغا نائىل بولۇش ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىشتۇر. شۇڭا رەسۇلۇللاھ: «ھەر قانداق ئىنسان ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىگىلا ئېرىشىدۇ» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال ھېساب ئېلىنىدىغان كىشى شېھىد. ئاللاھ تەئالا شېھىدنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ تونۇيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ‹سەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟› دەپ سورايدۇ. ئۇ «مەن سېنىڭ يولۇڭدا ئۇرۇش قىلىپ شېھىد بولدۇم» دەيدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا: «يالغان ئېيتتىڭ، چۈنكى سەن پالانى باتۇر ئادەمكەن دېسۇن» دەپ ئۇرۇش قىلدىڭ، كىشىلەر شۇنداق دېدى» دەيدۇ ـ دە، پەرىشتىلەرگە ئەمر قىلىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇنى يۈزىدىن سۆرەپ دوزاخقا تاشلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن، قۇرئان ئوقۇغان كىشىنى ھېسابقا تارتىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا بەرگەن نېمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ تونۇيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا: ‹سەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟› دەپ سورايدۇ. ئۇ «ئىلىم ئۆگەندىم، ئۇنى ئۆگەتتىم، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلدىم ۋە سېنىڭ يولۇڭدا قۇرئان ئوقۇدۇم» دەيدۇ. ئاللاھ تەئالا: «يالغان ئېيتتىڭ، لېكىن سەن كىشىلەر ئالىم دېسۇن دەپ ئىلىم ئۆگەندىڭ، قارىي دېسۇن دەپ قۇرئان ئوقۇدۇڭ ۋە شۇنداق دېيىشتى» دەيدۇ ـ دە، پەرىشتىلەرگە ئەمر قىلىدۇ، ئۇ كىشى يۈزىدىن سۆرىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تەئالا تۇرمۇشىنى باياشات قىلغان ۋە

ئۇنىڭغا ھەر تۈرلۈك مال ـ دۇنيا ئاتا قىلغان كىشىنى ھېسابقا تارتىدۇ. ئۇنىڭغا بېرىلگەن نېمەتلەرنى تونۇتىدۇ، ئۇ تونۇيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا: ‹نېمە ئىش قىلدىڭ؟› دەپ سورايدۇ. ئۇ: «سەن نەپىقە قىلىشقا تېگىشلىك يوللارنىڭ ھېچبىرىنى تەرك ئەتمەستىن مېلىمنى سەرپ قىلدىم» دەيدۇ. ئاللاھ تەئالا: «يالغان ئېيتتىڭ، لېكىن سەن كىشىلەر سېخى ئادەمكەن دېسۇن، دەپ شۇنداق قىلدىڭ ۋە شۇنداق دېيىشتى» دەيدۇ ـ دە، پەرىشتىلەرگە بۇيرۇيدۇ. ئۇ ئادەم يۈزىدىن سۆرىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ.» [ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

يامان نىيەت ئىبادەتلەرنى ئىبادەتلىكتىن چىقىرىۋەتكەندەك ياخشى نىيەت، ئىبادەت بولمىغان ئىشلارنى ئىبادەت قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن: يېمەك ـ ئىچمەك، ئۇخلاش ۋە ئايالى بىلەن بىر يەردە بولۇشقا ئوخشاش ئاددىي ئىشلار ئىبادەت ئەمەس. لېكىن ھالال يېيىش، ھالال ئىچىشكە تىرىشسا، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئېنېرگىيە تopلاش مەقسىتى بىلەن ئۇخلىسا، ھارامدىن ساقلىنىش مەقسىتىدە ئايالى بىلەن بىرگە بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئاددىي ئىشلىرى ئاشۇ ياخشى نىيىتى بىلەن ئىبادەتكە ئايلىنىپ، ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدە كاتتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ. يەنى ياخشى نىيەت بىلەن مۇسۇلماننىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئىبادەت بولىدۇ.

ئىش ـ ئەمەللەر خالىس نىيەت بىلەن قىممەتلىك بولغاندەك، ياخشى نىيەتمۇ ئۇنىڭغا لايىق ئەمەللەر بىلەن نەتىجىلىك بولىدۇ. ئەمما مېنىڭ نىيىتىم ياخشى دەپ قويۇپ، يامان ئىشلارنى، ناچار قىلىقلارنى

قىلىۋەرسە جازاغا تارتىلىدۇ. چۈنكى ئەمەلىيىتى يوق قۇرۇق نىيەت ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. شۇڭلاشقا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ يەردە ئەمەل بىلەن نىيەتنى بىرلىكتە تىلغا ئالغان.

دېمەك، بۇ دۇنيادا بەخت ـ سائادەتلىك ھاياتقا ۋە ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن پاك نىيەت بىلەن چىن ئىمان ۋە ھەقىقىي ئىخلاس بىلەن ئىش قىلىشىمىز لازىم ئىكەن. بولمىسا ئۆزىمىزنى ئالداپ قۇرۇق ئاۋارە بولىدىكەنمىز. باشقىلارنى ئالداپ تاپقان پۇل ئەسقاتمىغاندەك، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈش مەقسىتى بىلەن قىلغان ئىبادەتلەرمۇ پايدا بەرمەيدىكەن.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىدىكى مەنىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھىجرەتنى مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مەككىدە كۆتۈرگۈسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچ كەلگەن رەسۇلۇللاھ ۋە مۇسۇلمانلار ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەرگەن بولسىمۇ، ئىسلامنى راۋاجلاندۇرۇش مۇمكىن بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئىسسىق ئۆيلىرىنى ۋە ئەزىز يۇرتلىرىنى تاشلاپ ئاۋۋال ھەبەشىستانغا، كېيىن مەدىنىگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. ئىسسىق ئۆيىنى، بالا ـ چاقىلىرىنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ۋە جاندىن ئەزىز ۋەتىنىنى تاشلاپ باشقا يەرگە كېتىشنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىش ئىكەنلىكىنى مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى تارتقانلار ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ھىجرەت ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەدىستە مانا مۇشۇنداق قىيىن ئىش ۋە ئۇلۇغ

ئىبادەتمۇ ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بولماي دۇنياۋى غەرەز بىلەن بولسا، ھېچقانداق ساۋابقا ئېرىشەلمەيدىغانلىقى كۆرستىلگەن.

ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە بۇيرۇلدى. ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس، ناماز، زاكات) توغرا دىندۇر.» [سۈرە بەييىنە 5 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«ئېيتقىنكى، ‹مەن دىنىنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ھەممىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋۋىلى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم›. ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا ئاسىيلىق قىلسام، شۈبھىسىزكى، بۈيۈك كۈننىڭ ئازابىدىن قورقىمەن.› ئېيتقىنكى، ‹دىنىمنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمەن. سىلەر ئاللاھتىن باشقا خالىغىنىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار.› ئېيتقىنكى، ‹قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى زىيان تارتقۇزغۇچىلار قاتتىق زىيان تارتقۇچىلاردۇر. بىلىڭلاركى، ئەنە شۇ روشەن زىياندۇر›.» [سۈرە زۇمەر 11 ـ 15 ـ ئايەتلەر]

ئى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە توغرا، ھەق دىن بويىچە ئىش قىلىپ، بۇ دۇنيادا بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇش، ئاخىرەتتە سېنىڭ

رازىلىقىڭغا ئېرىشىپ جەننەتكە كىرىشنى نېسىپ قىلغىن. نەپسى شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئىخلاستىن، ساپ نىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ۋە ئىبادەتلىرىمىزدە دۇنياۋى پايدىنى كۆزلەشتىن ساقلىغىن. چۈنكى بىز بەك ئاجىز بەندە، سەن ئۆزۈڭ ساقلىمىساڭ بىز ھالاكەتكە ئۇچراپ كېتىمىز. ئامىين!

## 2 ـ ھەدىس رىياكارلىقنىڭ زىيىنى توغرىسىدا

عن جُنْدُبِ بنِ عبدِاللّٰهِ بنِ سُفْيان رضي الله عنه قال: قال النبيُّ صلى الله عليه وسلم: «مَنْ سَمَّعَ سَمَّعَ اللّٰهُ بِهِ، وَمَنْ يُرَائِي يُرَائِي اللّٰهُ بِهِ» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى جۇنـدۇب ئىبنـى ئابـدۇللاھ ئىبنـى سـۇفيان رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىـدۇكى، پەيغەمـبەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنـداق دېـگەن: «كىمكـى (قىلغـان ئىشـىنى باشـقىلار) ئاڭلىسـۇن دەپ قىلىـدىكەن، ئـالله ئۇنىـڭ بـۇزۇق نىيىتىنـى قىيـامەت كۈنى خالايىق ئالدىدا ئاشـكارىلاپ ئـۇنى رەسـۋا قىلىـدۇ. كىمكـى قىلغـان ئىشـىنى باشـقىلار كۆرسـۇن دەپ قىلىـدىكەن، ئـالله ئۇنىمـۇ شـۇنداق قىلىـدۇ.» [ئىمـام بۇخـارى ۋە مۇسـلىم رىـۋايەت قىلغـان، بـۇ ھەدىـس بۇخارىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، نومۇرى: 6352]

ئىزاھـات: ئىنسـانغا ئەڭ زىيـانلىق نەرسـە قىلغـان ئىـش ـ ھەرىكىتىـدە ئـالله تەئالانىـڭ رازىلىقىنـى كۆزلىمەسـلىكتۇر. قىلغـان ئىشـىنىڭ تاشـقى كۆرۈنۈشى چىرايلىق، ئىچى ناچار، ئىشى باشقا، نىيىتـى باشـقا، تىلـى باشـقا، دىلـى باشـقا بولـۇش ئەڭ يامـان ئىللـەت بولـۇپ، ھەر قانـداق مۇسـۇلمان بۇنـداق يامـان ئىللەتلەردىـن ئـۆزىنى پاكلىشـى كېـرەك. چـۈنكى ئۇنـداق ئىللەتلـەرگە گىرىپتـار بولغـان كىشـى تىلىـدا ھەر دائىـم زىكىـر ـ تەسـبىھ ئېيتىـدۇ، قۇرئـان ئوقۇيـدۇ، كىشـىلەرگە ئىلىـم ئۆگىتىـدۇ، ۋەز ـ نەسـىھەت

قىلىپ كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا ئۈندەيدۇ، لېكىن دىلى ئاللاھتىن غاپىل، باشقا نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل، مەنپەئەت تەمەسىدە بولىدۇ. باشقىلار ئۇنى ماختىسا، كىشىلەرنىڭ قەلبى ئۇنىڭغا مايىل بولسىلا ئۇنىڭ مەقسىتى ھاسىل بولىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق كىشىلەر باركى، قۇرئاننى تەجۋىد بىلەن ناھايىتى چىرايلىق ئوقۇيدۇ، ۋەز قىلسا كىشىلەرنى يىغلىتىدۇ، ئۇنىڭ ناماز ئوقۇغىنىنى، سەدىقە قىلغىنىنى، روزا تۇتقىنىنى ۋە ئېتىكاپ قىلغىنىنى كۆرسەڭىز پەرىشتە دەپ قالىسىز. لېكىن ئۇ ئالدامچى مۇناپىق، يالغانچى مەككار، ساختىپەز بولۇپ، كۆڭلىدە يوق نەرسىنى سۆزلەيدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۇچۇن قىلىدىغان ئىشنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىدۇ. ئۇنداق كىشىلەر ھەققىدە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ. نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ. ئۇلار قۇلقا بەرمەيدۇ.» [مائۇن سۈرىسى 4 ـ 7 ـ ئايەتلەر]

ئاللاھ تەئالا مۆمىن بەندىلىرىنى رىيادىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئى مۆمىنلەر! پۇل ـ مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار

قىلىۋەتمەڭلار. بۇنىداق پۇل ـ مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا ـ چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن يۇيۇلۇپ بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ئاخىرەتتە ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.» [بەقەرە سۈرىسى 264 ـ ئايەت]

يۇقىرىقى ئايەت كەرىمە ۋە ھەدىس شەرىپتىن مەلۇم بولىدۇكى، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ بىرىنچى شەرتى، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى پەقەت ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىشتۇر. چۈنكى ئاللاھ تەئالا باشقا مەقسەتلەر بىلەن قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قوبۇل قىلمايدۇ. كىشىلەرگە كۆرسىتىش ۋە ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئەمەل ـ ئىبادەت قىلغان ۋە ياخشىلىق ئىشلىگەن ئادەم ئۆز ئۆزىنى ئالدىغان ۋە بىكارغا ئۆزىنى ئاۋارە قىلغان بولىدۇ.

ئەمەل ـ ئىبادەتلەر، ئىشلىگۈچىنىڭ نىيىتىگە قاراپ قىممەتلىك بولىدۇ. ئەگەر ئەمەل ـ ئىبادەت قىلغان كىشى، قىلغان بارلىق ئىشلىرىنى «پەقەت ئاللاھ تەئالا قوبۇل قىلسىلا بولدى» دېگەن ئاساستا قىلسا، گەرچە قىلغان ئىبادەتلىرى ئاز بولسىمۇ، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ ئىخلاسىغا قاراپ نەچچە ھەسسە كۆپەيتىپ ئەجرى ئەزىم بېرىدۇ. ئەڭ ئاز ئىبادەت بىر كۈندە بەش ۋاقىت نامازنى ئادا قىلىش بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاز ئىبادەت يوقتۇر. لېكىن شۇ ئىبادەتتە مۇھىم بولغىنى رىيادىن ساقلىنىش، ئىبادەت بىلەن ماختانماسلىق لازىمدۇر.

قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى ۋە ياخشى ئىشلىرى بىلەن ماختىنىش، كىشىلەر ئارىسىدا «مەن مۇنچە قېتىم ھەرەمگە بارغان ئادەم، مەن ئۇنداق قىلغان، مەن بۇنداق قىلغان» دەپ، قىلغان ئىشىنى كىشىلەر ئارىسىدا ئېلان قىلىش، قىلغان ئىبادىتىنىڭ ساۋابىنى يوقىتىدۇ. كىشىلەر پالانى ھاجىم دېمىسىمۇ، قىلغان ئىشلىرىمنى كۆرۈپ ماختىمىسىمۇ، ئاللاھ تەئالا ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلسىلا بولىدى دېگەن مەقسەتتە قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەت، ھەقىقىي ئىخلاس بىلەن قىلغان ئىبادەت بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «خۇددى ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىشىڭ كېرەك، سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئۇ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» دېگەن. [ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «قىلغان ياخشى ئىشلىرى بىلەن پەقەت ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇ زىننىتىنى (يەنى دۇنيا مەنپەئىتىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز. دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ.» [ھۇد سۈرىسى 15 ـ 16 ـ ئايەتلەر]

ئاللاھ تەئالا ھەممىمىزنى ھەقىقىي ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلغىلى نېسىپ قىلسۇن. قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىمىزنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشتۈرسۇن.

قەلبىمىزنى رىيادىن، كىشىلەرگە كۆرسىتىشتىن ۋە باشقا ئىخلاسقا زىت كېلىدىغان ھەر قانداق ئىللەتلەردىن پاكلىسۇن. ئامىين!

## 3 ـ ھەدىس  شۈبھىلىك نەرسىلەردىن قېچىش توغرىسىدا

عن نُعْمان بنِ بشيرٍ رضي الله عنه قال: سَمِعْتُ رسولَ الله صلى الله عليه وسلم يقول: «إِنَّ الْحَلاَلَ بيِّنٌ، وإِنَّ الْحَرَامَ بيِّنٌ، وبَيْنَهُمَا أُمُورٌ مُشْتَبِهَاتٌ، لاَيَعْلَمُهنَّ كَثِيرٌ مِنَ النَّاسِ. فَمَنِ ئاتَّقَى الشُّبُهَاتِ فَقَدِ اسْتَبْرَأَ لِدينِهِ وعِرْضِهِ، ومَنْ وَقَعَ فى الشُّبُهَاتِ وَقَعَ فى الْحَرَامِ. كَالرَّاعِي يَرْعَى حَوْلَ الْحِمَى يُوشِكُ أَن يَّقَعَ فِيهِ. أَلاَ وإِنَّ لِكُلِّ مَلِكٍ حِمىً، أَلاَ وإِنَّ حِمَى الله مَحارِمُهُ. أَلاَ وإِنَّ فى الجَسَدِ مُضْغَةً، إِذَا صَلُحَتْ صَلُحَ الْجَسَدُ كُلُّه، وإِذَا فَسَدَتْ فَسَدَ الْجَسَدُ كُلُّهُ، أَلاَ وهِيَ القَلْبُ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «ھالال ئوچۇق ـ ئاشكارا بايان قىلىنغان، ھاراممۇ ئوچۇق بايان قىلىنغان، ھالال بىلەن ھارام ئارىسىدا شۈبھىلىك ئىشلار بولۇپ، كۆپ كىشىلەر ئۇنى بىلمەيدۇ. شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلانغان كىشى دىنىنى، ئابرۇيىنى ساقلاپ قالالايدۇ. شۈبھىلىك ئىشلارنى قىلغان كىشى ھارامغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنداق ئادەم خۇددى بىرسىنىڭ چېگرىسى يېنىدا مال باققان پادىچىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ چېگرا ئىچىگە كىرىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ. بىلىڭلاركى، ھەر قانداق پادىشاھنىڭ چېگراسى بار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ چېگراسى ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلاردۇر. ئاگاھ بولۇڭلاركى،

بەدەندە بىر پارچە گۆش بولۇپ، ئۇ ياخشى بولسا، پۈتۈن بەدەن ياخشى بولىدۇ. ئۇ بۇزۇلسا، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ. بىلىڭلاركى ئۇ يۈرەكتۇر.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، مۇسلىمدىكى نومۇرى: 4048]

ئىزاھات: رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە بىزگە ئىسلامنىڭ ئاساسلىق تەلىماتلىرىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان ئىش ـ ئەمەللىرى ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ. ئۇلار: ھالال، ھارام ۋە شۈبھىلىك.

1 ـ ھالال ئۇ ــ ئاللاھ تەئالا ئۆز كالامى بولغان قۇرئان كەرىمدە ۋە رەسۇلۇللاھ ھەدىسىدە ھالال دەپ ئوچۇق بەلگىلىگەن ئىشلاردۇر. پاك نەرسىلەرنى يېيىش، راست گەپ قىلىش، ئادالەتلىك بولۇشقا ئوخشاش.

2 ـ ھارام، ئۇ ــ ئاللاھ تەئالا ئۆز كالامى بولغان قۇرئان كەرىمدە ۋە رەسۇلۇللاھ ھەدىسىدە قەتئىي مەنئى قىلغان ئىشلاردۇر. كىشىنىڭ ھەققىنى ناھەق يېيىش، يالغان سۆزلەش، ئالدامچىلىق قىلىشقا ئوخشاش.

ھالال ـ ھارام مەيلى قۇرئان كەرىمدە، مەيلى رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدە بولسۇن ئوچۇق كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال سانىغان كىشى كاپىر بولىدۇ.

3 ـ شۈبھىلىك ئۇ ــ ھالاللىقى ياكى ھاراملىقى ئوچۇق كۆرسىتىلمىگەن، گۇمانلىق ئىشلاردۇر. ئىسلام ئىلمىگە مۇتەخەسسىس ئالىملار، فىقھشۇناسلار ئۇ ئىشلارنىڭ جەمئىيەتكە پايدىلىق ياكى

زىيانلىق تەرەپلىرىگە قاراپ شەرئى ھۆكۈمنى بەلگىلەيدۇ. بۇنداق گۇمانلىق ئىشلار كۆپىنچە «مەكرۇھ» دەپ كۆرسىتىلىدۇ. «مەكرۇھ» يامان كۆرۈلگەن نەرسە دېگەن بولىدۇ. بۇنداق ئىشلاردىن ساقلىنىش كىشىنى ھارامغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلايدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھارام ـ ھالاللىقى ئېنىق بولمىغان شۈبھىلىك ئىشلارنى قىلغان كىشىنى، بىراۋنىڭ چېگراسىنىڭ يېنىدا مال باققان پادىچىغا ئوخشىتىدۇ. پادىچى باشقىلارنىڭ چېگراسى ئىچىگە كىرمەيمەن دېگەن ئوي بىلەن، چېگرا ئەتراپىدا مېلىنى ئوتلىتىدۇ. لېكىن تۇيۇقسىز چېگرا ئىچىگە كىرىپ قالىدۇ ـ دە، ئەڭ ئېغىر جازاغا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارە چېگراغا يېقىنلاشماسلىق. چۈنكى چېگراغا يېقىن بارغان كىشىنىڭ ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى ئېھتىمالغا يېقىن.

دۇنيادا ھەر بىر دۆلەت ۋە پادىشاھنىڭ مەخسۇس چېگرىسى بولغىنىدەك، ئاللاھ تەئالانىڭمۇ بەلگىلىك چېگرالىرى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تەئالا ھارام قىلغان ئىشلاردۇر. شۈبھىلىك ئىشلار ئاشۇ چېگرانىڭ يېقىن ئەتراپلىرىدۇر. شۈبھىلىك ئىشلارنى قىلغان كىشى خۇددى چېگرا ئەتراپىدا مال باققان كىشىنىڭ تۇيۇقسىز چېگرادىن ئۆتۈپ كەتكىنىدەك، بىلمەستىن ھارام ئىشلارنى قىلىپ تاشلىشى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن. شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلار ھاراملىقى روشەن مەلۇم بولغان ئىشلاردىنغۇ قەتئىي يىراق تۇرۇشى لازىم. شۈبھىلىك ئىشلارغىمۇ سەل قارىماسلىقى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«شۇبھىلىك ئىشلاردىن قاچقان كىشى ئۆزىنىڭ دىنىنى ۋە ئابرۇيىنى ساقلاپ قالالايدۇ» دېگەن.

جانابى رەسۇلۇللاھ قەلب (يۈرەك ياكى ۋىجدان) نى ئىسلاھ قىلىشقا تەرغىب قىلىپ، «قەلب تۈزەلسە پۈتۈن ئەزا ياخشى بولىدۇ. ئەگەر قەلب بۇزۇلسا، بارلىق بەدەن بۇزۇلىدۇ» دەيدۇ. چۈنكى بارلىق ئەزالار كىشىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ. ئىرادىنىڭ مەنبىئى ۋە مەركىزى قەلبتۇر. قەلب ـ ۋىجدان ياخشى بولسا، ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى خالايدۇ. ئەگەر قەلب بۇزۇق ۋىجدانسىز بولسا، يامان، ناچار قىلىقلارنى قىلىشنى خالايدۇ. بەدەن قەلبنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلايدۇ. شۇڭا قەلبنى ھەر تۈرلۈك يامان نىيەت ۋە ناچار غەرەزلەردىن پاكلاش ئىنتايىن مۇھىم.

قەلبنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى ئاللاھنى پۈتۈن سۈپەتلىرى بىلەن تونۇپ، ئاللاھ تەئالانىڭ ئۆزىنى ھەر ھالدا كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىش، ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، غەزىپىدىن قورقۇش، قىيامەت كۈنى چوڭ ـ كىچىك، ياخشى ـ يامان بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىدىغانلىقىغا، ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىدا پۈتۈن ئىشلىرىدىن ھېساب بېرىدىغانلىقىغا ۋە قىلمىشىغا لايىق مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىشتۇر. قەلبنى بۇزىدىغان ئامىللار ئاللاھ تەئالاغا چىن ئېتىقاد قىلماسلىق، ئاللاھ تەئالانىڭ ئاخىرەتتىكى نېمەتلىرىگە قىزىقماسلىق ۋە ئازابىنى كۆزگە ئىلمەسلىك، ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمرىنى يەڭگىل ساناپ،

گۇناھ ـ مەسىيەتكە جۈرئەت قىلىش، ئۆزگە تەمەننا قىلىش، مۇتەكەببۇرلۇق ۋە ھەسەت قاتارلىق نەرسىلەردۇر.

مۇسۇلمان كىشى، ھەققىدە گۇمان تۇغدۇرىدىغان ۋە تۆھمەتكە قالىدىغان ئىشلاردىن ئۇزاق تۇرۇشى بەك مۇھىم. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى ساقلاپ قالالايدۇ. دىنىنى دۈشمەنلەرنىڭ تەنىلىرىدىن، يامان غەرەزلىك سۆزلىرىدىن قوغدىيالايدۇ. مۇستەھەبنى كۆزگە ئىلمىگەن كىشى پەرزنى تەرك ئېتىدۇ. مەكرۇھقا سەل قارىغان كىشى ھارامنى قىلىدۇ.

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ھەق يول ــ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا بارلىق ئىشلاردا ئاللاھ تەئالا ھالال قىلغان ئىشلارنى قىلىش، زاھىدلىق قىلىدىم دەپ ھالالنى ھارام قىلىۋالماسلىق، ھاراملاردىن قەتئىي يېنىش، پۇل ـ مالنى دەپ نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ ھارامنى ھالال قىلىۋالماسلىق، راستچىل بولۇش، يالغان سۆزلىمەسلىك، ئادىل بولۇش، زۇلۇم قىلماسلىق، ھەققەتچى بولۇش، كىشىنى ئالدىماسلىق، باشقىلارنىڭ ھەققىگە چېقىلماسلىق، يالغان گۇۋاھلىق بەرمەسلىك، ھەسەتخورلۇق قىلماسلىق قاتارلىق ئىشلاردۇر.

شەكلىنىپ، ئىككىلىنىپ قالغان ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلاش لازىم. مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ يولدا ئۇچرىغان بىر تال خورمىنى سەدىقە بولۇپ قالمىسۇن دەپ قورقۇپ يېمىگەن. ئىمام نەۋەۋى ئوقۇۋاتقان چېغىدا، شۇ شەھەردە يېتىمنىڭ بېغى بارمىش دەپ ئاڭلاپ، يېتىمنىڭ ھەققىنى يەپ سېلىشتىن پەرھىز قىلىپ، شۇ شەھەرنىڭ ئۈزۈمىنى يېمىگەن.

ئـى ئۇلـۇغ پەرۋەردىگـارىم! ھالالغـا قانـائەت قىلىشـنى بىـزگە نېسىـپ قىلغىــن، نەپســىمىزنىڭ كەيــنىگە كىرىــپ ھارامغــا چۈشــۈپ قېلىشــتىن بىزنى ساقلىغىن. ئامىين!

## 4 ـ ھەدىس تەمەخورلۇقتىن ساقلىنىش توغرىسىدا

عن حَكِيمِ بنِ حِزامٍ رضي الله عنه قال: سَأَلْتُ رسولَ الله صلى الله عليه وسلم فَأَعْطَانِي، ثُمَّ سَأَلْتُهُ فأَعْطَانِي، ثُمَّ قال لي: «يَا حَكِيمُ! إنَّ هَذَا الْمَالَ خَضِرٌ حُلْوٌ فَمَنْ أَخَذَهُ بِسَخاوَةِ نَفْسٍ بُورِكَ لَهُ فِيهِ، ومَنْ أَخَذَهُ بِإِشْرَافِ نَفْسٍ لَمْ يُبَارَكْ لَهُ فِيهِ، وكَانَ كَالَّذِي يَأْكُلُ ولاَ يَشْبَعُ، وَالْيَدُ العُلْيَا خَيرٌ مِنَ الْيَدِ السُّفْلَى» قال حكيم: «والَّذِي بَعَثَكَ بِالْحَقِّ لاَ أَرْزَأُ أَحَداً بَعْدَكَ شَيْئاً حَتَّى أُفَارِقَ الدُّنْيَا» فكَانَ أَبُو بَكْرٍ رضي الله عنه يَدْعُو حَكِيماً لِيُعْطِيَهُ الْعَطَاءَ، فَيأْبَى أَن يَّقْبَلَ مِنْهُ شَيئاً ثُمَّ إِنَّ عُمَرَ بن الخطاب رضي الله عنه دَعَاهُ لِيُعْطِيَه فأَبَى أَن يَّقْبَلَ. فقال: «يَا مَعْشَرَ الْمُسْلِمِينَ! أُشْهِدُكُمْ عَلَى حَكِيمٍ، إِنِّي أَعْرَضُ عَلَيهِ حَقَّهُ الَّذِي قَسَمَهُ اللهُ لَهُ فِي هَذَا الْفَيْءِ فَأَبَى أَن يَأْخُذَهُ» فَلَمْ يَرْزَأْ حَكِيمٌ أَحَداً مِنَ النَّاسِ بَعْدَ النَّبِيِّ صلى الله عليه وسلم حَتَّى تُوُفِّيَ رضي الله عنه. [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ھېكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىدىم بەردى. يەنە سورىدىم، يەنە بەردى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ماڭا: «ئى ھېكىم! بۇ مال ـ دۇنيا ھەقىقەتەن چىرايلىق ۋە تاتلىق نەرسە، كىمكى ئۇنى نەپسىگە بېرىلمىگەن ھالەتتە ئالسا، ئۇ مال ئۇنىڭغا بەرىكەتلىك بولىدۇ. كىمكى ئۇنى نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەن ھالدا

ئالسا، ئۇ مال ئۇنىڭغا بەرىكەت قىلمايدۇ. ئۇ خۇددى يەپ تويمايدىغان ئادەمگە ئوخشاش بولىدۇ. بەرگۈچى قول، تىلىگۈچى قولدىن ياخشى.» دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! سېنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىزدىن كېيىن ئۆلگۈچىلىك ھېچقانداق بىر كىشىدىن بىر نەرسە ئالمايمەن» دېدىم. كېيىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېكىم ئىبنى ھىزامنى تەقسىماتتىن تېگىشلىك نېسىۋىسىنى بېرىش ئۈچۈن چاقىرغاندا، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە ئالغىلى ئۇنىمىغان. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدىمۇ، ئۆمەر ئۇنىڭغا نېسىۋىسىنى بەرمەكچى بولغاندا، ئۇنى ئالغىلى ئۇنىمىغان. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئى مۇسۇلمانلار! مەن سىلەرنى گۇۋاھچى قىلىمەنكى، ھەكىمگە ئاللاھ تائالا بۇ غەنىيمەتتىن تەقسىم قىلىنغان ھەققىنى بەرسەم ئالغىلى ئۇنىمىدى.» شۇنداق قىلىپ ھېكىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن، تاكى ۋاپات بولغۇچە ھېچكىمدىن بىر نەرسە ئالمىغان. [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، بۇ ھەدىس بۇخارىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، نومۇرى: 3074]

ئىزاھات: بۇ ھەدىستە جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنى قانداق تەربىيىلىگەنلىكىنى كۆرىمىز. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ناھايىتى ئالىي جاناب ۋە ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىق زات ئىدى. كىشىلەرنى ھەر دائىم ياخشىلىققا چاقىراتتى. بىر نەرسە سوراپ كەلگەن كىشىنى قۇرۇق ياندۇرمايتتى. كىشىلەرنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايتتى. مال ـ دۇنيانى دوست

تۇتمــايتتى. قولىغــا كىــرگەن مــالنى خەيــرى ـ ئېھســان قىلاتتــى. كىشــىلەرنىڭ قەلبىنــى ئىســلامغا مايىــل قىلىــش ۋە مۇســۇلمان بولۇشــقا تەرغىب قىلىش ئۈچۈن، يۈزلەرچە تۆگە، مىڭلارچە قوي، نۇرغۇنلىغان ئــالتۇن ـ كۈمۈشــنى بېرەتتــى. چــۈنكى بــۇ مــاللار بەزى كىشــىلەرنىڭ ھىــدايەت تېپىشــى ۋە ئىســلامغا كىرىشــىگە ئەڭ چــوڭ ســەۋەب بولغــان ئىدى.

رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم قولىــدا بــار نەرســىنى موھتاجلارغــا بېرىشــتە ئۆزىنىــڭ نــامرات بولــۇپ قېلىشــىدىن قورقمــايتتى. چــۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مال ـ دۇنيا دېگەن ئىنسانىنى ئاخىرەتكە يەتكۈزىدىغان ۋەسىلە، غايە ئەمەس دەپ بىلەتتى. ئەگەر رەســۇلۇللاھ ھــېكىم ئىبنــى ھىزامنىــڭ بىــر نەچــچە قېــتىم نەرســە سورىغىنىغا قارشــى «بىــر نەچــچە قېــتىم بەردىــم، ئەمــدى بەرمەيــمەن» دېــگەن بولســا، بەلكــى ھېكىمنىــڭ كۆڭلىــدە رەســۇلۇللاھقا قارشــى بەزى گۇمانلارنىــڭ پەيــدا بولۇشــى ۋە بــۇ ئــادەتنى ئۆمــۈر بــويى تاشلىماسلىقى مــۇمكىن ئىــدى. لــېكىن رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ئۈســتۈن پاراسىتى ۋە ھېكمەتلىــك ئۇســلۇبى بىــلەن ئۇنىڭغــا ناھــايىتى چىرايلىق ۋە تەسىرلىك ھالدا مال ـ دۇنيانى سۈيەتلىدى ۋە نەپسىنىڭ كەيــنىگە كىرىشــنىڭ ياخشــى ئەمەســلىكىنى بايــان قىلغانــدىن كېــيىن، «بەرگۈچى قول، تىلىگۈچى قولدىن ياخشى» دېدى.

رەســـۇلۇللاھ ســـەللەللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەمنىڭ مۇشـــۇنداق ھېكمەتلىــك ســۆزىنىڭ تەســىرى بىــلەن ھەزرىتــى ھــېكىم رەزىيەللاھــۇ

ئەنھۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچىلىك ھېچكىمدىن ھېچنەرسە ئالمىدى ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئۆرنەك بولدى.

دۇنيا ھاياتىدا مال ـ دۇنيا بولمىسا بولمايدىغان نەرسە. لېكىن كۈنىمىزدە ئىنسانلار ماددىيلىشىپ پۇل ـ مالغا چوقۇنىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. بايلىرىمىزدا ئىنساپ يوق، كەمبەغەللىرىمىزدە قانائەت يوق، ھەممىسى دۇنياپەرەس بولۇپ، پۇل ـ مالغا ھېرىسمەنلىك، تەمەخورلۇق ئەۋج ئالغاچقا مۇسۇلمانلارنىڭ ھالى خاراب بولۇپ قالدى.

مۇسۇلمانلار ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى قامدىشى، كىشىلەرنىڭ قولىغا قاراپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي ئىشلىشى پەرز. لېكىن تاپقانغا قانائەت قىلماسلىق، ھالال ـ ھارامنى ئىلغىماسلىق، ئاللاھ تەئالا كۆپرەك پۇل ـ مال ئاتا قىلسا، تەكەببۇرلۇق قىلىپ كىشىلەرنى ياراتماسلىق، موھتاجلارغا ياردەم قىلماسلىق، ياردەم قىلغاندىمۇ ئۇلارنى كەمسىتكەن ۋە مىننەت قىلغان ھالدا قىلىش، مۇسۇلمانلىققا سىغمايدىغان ناچار قىلىقلاردۇر.

بايلىرىمىز بايلىقنى ئاللاھ تەئالانىڭ نېمىتى دەپ تونۇپ، ئاللاھ تەئالاغا شۈكۈر قىلىشى، ئاللاھ تەئالا بەرگەن نېمەتلەردىن بىر كۈنى ھېساب ئالىدىغانلىقىنى، بۇ دۇنيادا ھېچقانداق نەرسىنىڭ مەڭگۈ ئەمەسلىكىنى، باينىڭ ئەبەدىي باي، كەمبەغەلنىڭ دائىم نامرات بولمايدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى، پۇل ـ مېلىنى ھالالدىن تېپىشى، ئۆزىنىڭ بالا ـ چاقىسىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىسراپ قىلماستىن، بېخىللىق قىلماستىن نورمال ھالەتتە سەرپ قىلىشى، ئاشقىنىنى ئۇرۇق

ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا ۋە باشقا يـاردەمگە موھتـاج كىشـىلەرگە قولـدىن كېلىشـــىچە يـــاردەم قىلىشـــى، «ئـــاللاھ تەئـــالا ماڭـــا بېرىپتـــۇ، مەنمـــۇ موھتاجلارغـا بېـرەي» دەپ، ئـاللاھ تەئـالا يولـدا ياخشـى ئىشـلارغا سـەرپ قىلىشى لازىم. چۈنكى ئاللاھ تەئالا بىرنى بەرگەنـگە ئـوننى بېـرىمەن دەپ ۋەدە قىلغان.

كەمبەغەل، نامرات، ئـاجىز، بىچـارەلىرىمىزمۇ سـەۋر قىلىشـى، قولـدىن كېلىشىچە تىرىشىپ ئىشلىشى، باشـقىلارغا قـول سـۇنۇپ ياشاشـنى ئـۆزىگە ئادەت قىلىۋالماسلىقى، قانائەتچـان بولـۇپ، رىزقنـى ئـاللاھتىنلا تىلىشـى، كىشـــىلەرنىڭ قولـــدىكى نەرســـىلەرگە تەلمـــۈرۈپ ئىززىتىنـــى چۈشۈرمەسـلىكى، پـالانى نېمىشـقا بـاي بولـدۇ، مەن نېمىشـقا يوقسـۇل بـــولىمەن؟ دەپ ھەســـەتخورلۇق، كۆرەلمەســـلىك، چىدىماســـلىق قىلماسـلىقى، ئـاز بولسـۇن، كـۆپ بولسـۇن رىزىـق بەرگـۈچى ئـاللاھ تەئـالا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك.

ئىجتىمـائىي ھايـاتتىكى بـاراۋەرلىكنى قوغـداش ئۈچـۈن ئـاللاھ تەئـالا بايلارغـا زاكـات بېرىشـنى پەرز قىلغـان. ئىمـام شـافىئىي رەھمەتـۇللاھى ئەلەيـھ مۇنـداق دەيـدۇ: «نـاۋادا ھەر جايـدىكى بـايلار زاكـاتلىرىنى تولـۇق بەرسە، ئۇ جايدا كەمبەغەل قالمايدۇ.»

ئـــاللاھ تەئـــالا بايلىرىمىزغـــا ئىنســـاپ، رەھـــم ـ شـــەپقەت، كەمبەغەللىرىمىزگە سەۋر ـ قانائەت ئاتا قىلسۇن. ئامىين!

## 5 ـ ھەدىس سودا ـ سېتىق ئەخلاقى توغرىسىدا

عن حكيم بنِ حزامٍ رضي الله عنه أنَّ رسولَ الله صلى الله عليه وسلم قال: «البَيِّعَانِ بِالْخِيَارِ مَالَمْ يَتَفرَّقَا، فَإِنْ صَدَقَا وبَيَّنَا بُورِكَ لَهُمَا فِي بَيْعِهِمَا، وإِن كَذَبَا وكَتَمَا مُحِقَتْ بَرَكَةُ بَيْعِهِمَا.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ھېكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئايرىلىپ كەتمىگۈچە ئىختىيارغا ئىگە، ئەگەر ئۇلار بىر ـ بىرىگە راست گەپ قىلسا ۋە قولىدىكى نەرسىنىڭ سۈپەتلىرىنى ئوچۇق بايان قىلسا، سودىسى بەرىكەتلىك بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار قوللىرىدىكى مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرسا ۋە يالغان ئېيتسا، سودىلىرىنىڭ بەرىكىتى يوقىلىپ كېتىدۇ.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ھەدىسنىڭ بۇخارىدىكى نومۇرى: 2086، مۇسلىمدىكى نومۇرى: 3812]

ئىزاھات: ئىجتىمائىي ھاياتتا سودا ـ تىجارەت ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئىسلام جەمئىيىتىدە سودا ـ تىجارەت قېرىنداشلىق ئۇلىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئالغۇچى ـ ساتقۇچى بىر ـ بىرىگە دوستانە مۇئامىلە قىلىشى، بىر ـ بىرىنى ئالدىماسلىقى لازىم.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە بىزگە سودا ـ تىجارەتتە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىككى مەسىلىنى بايان قىلىدۇ:

1 ـ ئىختىيار، يەنى ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچىنىڭ قىلىشقان سودىسىنى بۇزۇش ھوقۇقى. بۇ ئىختىيار تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا ئىككى تەرەپتىن بىرىنىڭ ھەققى بولىدۇ.

(1) ئىنسانچىلىق، ئېلىم ـ سېتىمدا سودىلىشىپ، پۈتۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ساتقۇچى ياكى ئالغۇچى ئەرزان سېتىپ سالدىم ياكى قىممەت ئېلىپ سالدىم دەپ پۇشايمان قىلىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا ئەگەر ئىككى تەرەپ ئايرىلىپ كەتمىگەن بولسا، پۇشايمان قىلغان تەرەپنىڭ سودىدىن يېنىش ئىختىيارى بولىدۇ. ئەگەر ئايرىلىپ كېتىپ بولغان بولسا بۇ ئىختىيار يوقىلىدۇ.

(2) ئەگەر سېتىلغان مال ئەيىبلىك مال بولۇپ، سېتىپ ئالغۇچى ئۇنى سېتىپ ئالغاندا كۆرمىگەن بولسا، سېتىپ ئالغۇچىنىڭ مالنىڭ ئەيىبىنى كۆرگەندىن كېيىن سودىنى بۇزۇش ھوقۇقى بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ساتقۇچىمۇ مېلىنىڭ بەدىلىگە ئالغۇچىدىن ئالغان نەرسىدە ئەيىب چىقسا، ساتقۇچىنىڭمۇ سودىنى بۇزۇش ھەققى بولىدۇ. بۇ «ئەيىب ئىختىيارى» دەپ ئاتىلىدۇ.

(3) سودىلاشقاندا ئىككى تەرەپنىڭ قايسى بىرى «ئەگەر پۇشايمان قىلسام سودىنى بۇزۇش ھەققىم بولىدۇ» دەپ شەرت قويۇپ، يەنە بىر تەرەپ بۇ شەرتنى قوبۇل قىلغان بولسا، شەرت قىلغان تەرەپ ئۈچ

كۆڭگىچە سودىنى بۇزسا بولىدۇ. ئۈچ كۈندىن ئۆتۈپ كەتسە ئۇنىڭ سودىنى بۇزۇش ھەققى يوقىلىدۇ. بۇ «شەرت ئىختىيارى» دېيىلىدۇ.

ئىسلامنىڭ بۇ ئىختىيارنى يولغا قويۇشى، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا ئالدىنىپ كېتىش كۆپ ئۇچرايدىغان ئىش بولغاچقا، ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچىنىڭ ھەققىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا بۇ ھەق ھەر ئىككى تەرەپكە بېرىلگەن.

ئەگەر بۇ ئىختىيار ھەققى بېرىلمىگەندە يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللاردا، ئالغىنى ئالغان، ساتقىنى ساتقان بولۇپ يانالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپ ۋاقىتلاردا ئالغۇچى ۋە بەزى ۋاقىتلاردا ساتقۇچى زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا نارازىلىق ۋە دۈشمەنلىك تۇغۇلىدۇ. دوستلۇق، مۇھەببەت ۋە قېرىنداشلىق بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى دۇكاندارلارنىڭ «سېتىلغان مال قايتۇرۇلمايدۇ، ئالماشتۇرۇلمايدۇ» دەپ ئالدىنئالا شەرت قىلىشى ئىسلام ئەخلاقىغا ئۇيغۇن ئەمەس.

سودىگەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتلىك ئەخلاقنىڭ ئىككىنچىسى راستچىل بولۇش، توغرا گەپ قىلىشتۇر.

مۇسۇلمان ھەر دائىم توغرا ۋە راست سۆزلەيدۇ. يالغان گەپ قىلمايدۇ، مۆمىن بۇرادىرىنى ئالدىمايدۇ، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ۋە باشقىلارنىڭ زىيىنىنى ئۆزىنىڭ زىيىنى دەپ بىلىدۇ. لېكىن ھازىرقى زاماندا، بولۇپمۇ سودا ـ تىجارەتتە راست گەپ ئاقمايدىغان، يالغانچىنىڭ بازىرى راۋان، راستچىلنىڭ بازىرى كاسات بولۇپ قالدى. بۇ ناچار ئەھۋال خېلى ياخشى كىشىلەرنىمۇ سۆزىدە

تۇرمايدىغان، يالغان سۆزلەيدىغان، گۆش كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتىدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە مۇسۇلمانلارنى مۇشۇنداق يامان ئىللەتلەرنى تاپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشقا چاقىرىدۇ.

سودىلاشقۇچى ئىككى تەرەپ ئەگەر بىر ـ بىرىگە راست گەپ قىلسا، قولىدىكى مالنىڭ سۈپىتىنى تولۇق بايان قىلسا، ئاللاھ تەئالا ئۇلارنىڭ سودىسىنى بەرىكەتلىك قىلىدۇ. ئالغان مال سېتىۋالغۇچىغا، ئۇنىڭ پۇلى ساتقۇچىغا ئەسقاتىدۇ. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن بىر ـ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن رەھمەت ئوقۇيدۇ. جەمئىيەتتە بىر ـ بىرىگە ئىشەنچ قىلىش، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق مۇستەھكەملىنىدۇ.

ئەگەر كىشىلەر سودا ـ سېتىق قىلىشقاندا بىر ـ بىرىگە يالغان گەپ قىلسا، قولىدىكى مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرسا، جا نەرسىنى جىڭ دەپ ساتسا، سېتىۋالغۇچىمۇ مال ئىگىسىنى ئالداپ، مالنى ئۆز باھاسىدىن ئەرزان ئېلىۋالسا، ئاللاھ تەئالا ئۇلارنىڭ سودىسىدىن بەرىكەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. بۇنداق ئالدامچىلىق بىلەن سودا قىلىپ ھەر قانچە باي بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بايلىقى ئەسقاتمايدۇ. كىشىلەر بىر ـ بىرىنى ئارقىسىدىن قارغايدۇ، بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدۇ. بۇنداق ئالدامچىلار جەمئىيەتنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرىدۇ؟ بەلكى ئۇ مۇنقەرز بولۇپ، جەمئىيەت ئىسمىمۇ قالمايدۇ. بۇنىڭ تىپىك مىسالى كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. ئەگەر بىر مالنى ئامېرىكىنىڭ ياكى ياۋروپانىڭ مېلى دېسە ھەممە ئادەم قىزىقىپ قىممەت ئالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ

مال ئىشلەپچىقىرىشتا ساختا قىلمايدىغانلىقىغا ھەممە ئادەمنىڭ ئىشەنگەنلىكى ئەمەسمۇ؟

ئەپسۇسكى، بۈگۈن بىز مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى مۇشۇنداق ئېچىنارلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قىلىغلىق. ئەگەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەۋسىيىسىگە قۇلاق سېلىپ ئەمەل قىلغان بولساق، بىر ـ بىرىمىزنى ئالدىمىغان بولساق، ئۆز مەنپەئىتىمىزنى دەپ باشقىلارنىڭ رىزقىغا پەلتو چاپمىغان بولساق، «جان بېقىش ۋاجىپ» دەپ مۆمىن ـ مۇسۇلمان قېرىنداشىمىزنى ئورىغا تىقمىغان بولساق، ئىلىم ئۆگەتكەن ئالىملارنى «باللارنىڭ مېڭىسىنى زەھەرلەيدۇ» دەپ يۇقىرىغا چاقمىغان بولساق، ئەلۋەتتە بۇنداق ناچار ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتۇق.

ئەخلاقىمىز ناچارلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ھېچقانداق تەسىرى بولمايۋاتىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزگە ھارام ئارىلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، دۇئالىرىمىز ئىجابەت بولمايۋاتىدۇ. بىز ئەگەر تېز پۇرسەتتە ئىنساپقا كېلىپ، ئۆزىمىزنى تۈزەتمىسەك، ئاللاھ تەئالا ئۈستىمىزدىكى پالاكەتنى كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ. ھالىمىز تېخىمۇ خارابلىشىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ھەر قانداق قەۋم ئۆزىنى تۈزەتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.» [سۈرە رەئد 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئاللاھ تەئالا بىزلەرنى ئەخلاقىمىزنى تۈزىتىپ راستچىل ۋە ئۆز رەھمىتىگە لايىق مۇسۇلمانلاردىن قىلسۇن. ئامىين!

## 6 ـ ھەدىس ئىسلام قېرىنداشلىقىنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا

عن أنسِ ابنِ مالكٍ رضي الله عنه قال: قال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «لاَ يُؤْمِنُ أَحَدُكُمْ حَتَّى يُحِبَّ لأَخِيهِ ما يُحِبُّ لِنَفْسِهِ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى دىنىي قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگۈچىلىك مۆمىن بولالمايدۇ.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 13]

ئىزاھات: بۇ ھەدىس بىزگە ھەقىقىي ئىماننىڭ مېۋىسى بولغان ئىسلام قېرىنداشلىقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھەدىستە جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز مۇسۇلمانلارنى ھەقىقىي قېرىنداشلىققا چاقىرىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزدە قانداق بولۇشنى ئۆگىتىدۇ. ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە:

«مۆمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر.»[1] دېگەن. ئەگەر مۇسۇلمانلار ھەقىقىي قېرىنداش بولۇپ، بىر ـ بىرىنى دوست تۇتىدىغان

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولسا، بۇنى ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە قېرىنداشلىقنى ئىمان بىلەن بىرلەشتۈرۈپ: «ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى دىنىي قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىسە مۆمىن بولالمايدۇ» دېگەن. يەنى سەن ئۆزۈڭگە قانداق نەرسىنى ياخشى كۆرسەڭ دىنىي قېرىندىشىڭ ئۈچۈنمۇ شۇنداق نەرسىنى ياخشى كۆرۈشۈڭ كېرەك. ئۆزۈڭ ئۈچۈن قانداق نەرسىنى يامان كۆرسەڭ دىنىي قېرىندىشىڭغىمۇ شۇنداق نەرسىنى يامان كۆرۈشۈڭ كېرەك. سەن تەن سالامەتلىكىڭنىڭ ياخشى بولۇشىنى، پۇل ـ مالغا ئىگە بولۇشنى، يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولۇشنى ياقتۇرىسەن. مۆمىن قېرىنداشلىرىڭنىڭمۇ ساڭا ئوخشاش ياخشىلىقلارغا ئېرىشىشىنى، ساڭا ئوخشاش بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشىنى ياقتۇرۇشۇڭ ۋە قولۇڭدىن كېلىشىچە شۇنىڭغا ياردەم قىلىشىڭ كېرەك. سەن ئۆزۈڭگە، بالا ـ چاقىلىرىڭغا بىر يامانلىق يېتىپ قېلىشىنى، زىيانغا ئۇچراپ كېتىشىنى، ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ قېلىشىنى ياقتۇرمايسەن، شۇنىڭغا ئوخشاش دىنىي قېرىنداشلىرىڭنىڭمۇ ھەر تۈرلۈك پالاكەتلەرگە ئۇچرىشىنى ياقتۇرماسلىقىڭ، ئۇلارغا ئەزىيەت بەرمەسلىكىڭ، زىيان ئۇرماسلىقىڭ، قولۇڭدىن كېلىشىچە ئۇلارنى زىيان ـ زەخمەتلەردىن مۇداپىئە قىلىشىڭ، قېرىنداشلىرىڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىلمىي ۋە سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە قاراپ ھەسەت قىلماسلىقىڭ، «ئۇلاردا بار نەرسە مەندە نېمىشقا بولمايدۇ» دەپ، ئۇلار بىلەن بەسلەشمەسلىكىڭ لازىم.

مانا بۇ ھەقىقىي ئىمان ۋە ھەقىقىي قېرىنداشلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقا بىر ھەدىستە: «ھارامlاردىن ساقلانغىن، كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئىبادەت قىلغۇچى بولىسەن، ئاللاھنىڭ بەرگىنىگە رازى بولغىن، ئەڭ باي كىشى بولىسەن، قولۇم ـ قوشناڭغا ياخشىلىق قىلغىن، ھەقىقىي مۆمىن بولىسەن، ئۆزۈڭگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى باشقىلارغىمۇ ياخشى كۆرگىن، (ھەقىقى) مۇسۇلمان بولىسەن» دەيدۇ. [ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان]

ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى باشقىلارغا ياخشى كۆرمىگەن كىشى ھەسەتخورلۇققا گىرىپتار بولىدۇ. ئۇنداق كىشى باشقىلارنىڭ ياخشى كۈن كۆرۈشىگە چىداپ تۇرالمايدۇ. ئۆزى قىلالمىغان ياخشى ئىشلارنى باشقىلارنىڭ قىلىشىنى ياقتۇرمايدۇ. بەلكى ئۇ كىشى يامانلىق قىلىشىنى ئويلىمايدۇ ۋە ياخشى ئىشلارغىمۇ قارشى ئەمەس، لېكىن ياخشى ئىشلارنى مەنلا قىلسام دەيدۇ.

باشقىلاردا بىر ياخشىلىقنى كۆرسە بېشىنى لىڭشىتىپ جىم بولۇپ قالىدۇ. ئىچ ــ ئىچىدىن تىت ـ تىت بولۇپ، پالانى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن بولسىچۇ، پوكۇنى پايدا ئالالمىغان بولسىچۇ، دەپ يۈرىكى سىقىلىپ بىئارام بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئومۇمغا پايدىلىق بىر ئىشقا ھەسسە قوشۇشقا چاقىرىلسا، بېخىللىق قىلىپ ھەر تۈرلۈك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر باشقىلارنىڭ قولىدا كاتتا ئۆينى ياكى ئالىي ماركىلىق ماشىنىنى كۆرسە، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن ياخشىراقى بولسىمۇ

كۆڭلى بىئارام بولۇپ، يۈرىكى سىقىلىپ كېتىدۇ. «ھەي دۇنيا، نەدىكى ئادىدىي ئادەملەرنى يۇقىرى كۆتۈرىسەن، مەندەك ئېسىل ئادەملەرنى تۆۋەنلىتىسەن» دەپ، ئاللاھنىڭ بەرگىنىگە زادى رازى بولمايدۇ. ئاللاھ تەئالا قۇرئاندا مۇنداق دېگەن:

«پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەمدۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىي دۇنيادىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى (ھەق بېرىپ) ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ توپلىغان نەرسىلىرى (يەنى پۇل ـ ماللىرى) دىن ياخشىدۇر.» [سۈرە زۇخرۇف 32 ـ ئايەت]

ھەسەتخور ئادەم بىر مەنسەپكە چىقىۋالسا ئۆلگۈچىلىك ئۇنىڭدىن چۈشكىلى ئۇنىمايدۇ. ئۆزىدىن بىلىملىك، تەجرىبىلىك كىشىلەرگە ئورنىنى بەرمەيدۇ، بەلكى كۆزى دائىم يۇقىرىدا بولۇپ، قولىدىكىگە قانائەت قىلمايدۇ، ھەممە نەرسە مېنىڭ بولسا، ھەممە ئادەم ماڭا بويسۇنسا دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ھەسەتخور ئادەم كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىماي باشقىلارنى قانداق چۈشۈرىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە قانداق قارىتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، كىشىنىڭ ئەقلىگە كەلمىگەن ھىيلە ـ مىكىرلەرنى تېپىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ قەتئىي دوستى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئىشى كىشىلەرنىڭ يۇقىرىغا چىقىش، جامائەت ئارىسىدا پىتنە ـ پاسات پەيدا قىلىش، ھېچ بولمىغاندا كىشىلەر ئالدىدا بىرىنىڭ يۈز ئابرۇيىنى چۈشۈرۈۋېلىشنى ئويلايدۇ. ئەگەر بىرەر كىشىنى زىيانغا ئۇچرىتالىسا

ئۇنىڭ ئۈچۈن بايرام بولىدۇ. ئەگەر ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى ئەمەلگە ئاشماي قالسا، قاتتىق ئەلەم تارتىپ ساراڭ كالىدەك ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تەئالا قۇرئاندا ھەسەتخورنىڭ ھەسىتىدىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

«مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، دېگىن.» [سۈرە فەلەق]

ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز بىزنى دىنى قېرىنداشلىرىمىزغا قولىمىزدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان ئۇرمايدىغان كامىل مۆمىنلەردىن قىلسۇن. ھەر تۈرلۈك يامان ئىللەتكە گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن ساقلىسۇن. شۇنىڭدەك ھەسەتخورلارنىڭ شەررىدىن پاناھ بەرسۇن. ئامىين!

## 7 ـ ھەدىس مۆمىننىڭ ئۈچ خىسلىتى توغرىسىدا

عن أنسِ ابنِ مالكٍ رضي الله عنه قال: قال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «ثلاثٌ مَنْ كُنَّ فِيهِ وَجَدَ حَلاَوَةَ الإيْمَانِ، أَن يَّكُونَ اللهُ ورَسُولُهُ أَحَبَّ إِلَيْهِ مِمَّا سِوَاهُمَا وأَن يُحِبَّ الْمَرْءَ لاَيُحِبُّهُ إِلاَّ لِلَّهِ، وَأن يَّكْرَهَ أَن يَعُودَ فِي الْكُفْرِ كَمَا يَكْرَهُ أَن يُّقْذَفَ فِى النَّار» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىسلەت بار، ئۇ خىسلەتلەر كىمدە بولسا ئۇ كىشى ئىماننىڭ تەمىنى تېتىيدۇ: ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى بارلىق كىشىلەردىن بەكرەك سۆيۈش، دوست تۇتقان كىشىنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا دوست تۇتۇش، كۇپۇرلۇققا قايتىشنى دوزاخقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرۈش.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، نومۇرى: 16]

ئىزاھات: بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۆمىنلىك دەۋاسى قىلغان ھەر قانداق كىشىدە، ئىماننىڭ چىن بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان نەرسىنىڭ تۆۋەندىكى ئۈچ خىسلەتتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ:

بىرىنچى ــ ئاللاھنى ۋە رەسۇلۇللاھنى ئاتا ـ ئانىسىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ۋە بارلىق كىشلىرىدىن بەكرەك سۆيۈش.

ئـاللاھ تەئـالانى سـۆيۈش ئۇنـىڭ ئەمرىنـى جـان دىلـى بىـلەن بەجـا كەلتـۈرۈش، بـارلىق ئىشـلىرىدا ئـاللاھ تەئالاغـا ئىتـائەت قىلىـش، ئـاللاھ تەئالا توسقان ئىشلاردىن قەتئىي يېنىش بىـلەن بولىـدۇ. ئـاللاھ تەئـالانى ھەقىقىــي سـۆيگەن كىشـى ھەر دائىــم ئـۇنى كـۆرۈپ تۇرغانــدەك ئىــش قىلىـدۇ. چـۈنكى ئـۇ «مەن كـۆرەلمىگىنىم بىـلەن ئـاللاھ مېنـى داۋاملىـق كـــۆرۈپ تۇرىـــدۇ» دەپ ئاللاھنىـــڭ پاناھىغـــا ســـېغىنىدۇ، ئۇنىـــڭ ھەيۋىتىدىن ئەيمىنىدۇ. ئۇ كىشـىلەرنىڭ غەزىپىـدىن ئەمەس، ئاللاھنىـڭ ئازابىدىن قورقىدۇ.

گۇناھ ـ مەسىيەتكە چۆمۈپ كەتكەن، كۆرۈنۈشى باشقا، ئىچى باشقا، كىشـىلەر ئۇنىـڭ تاشـقى كۆرۈنۈشـىگە قـاراپ پەرىشـتە دەپ قالىـدىغان، ئـۆزى يـالغۇز قالغانـدا ئاللاھقـا ئاسـىيلىق قىلىـدىغان، پەرز ـ ۋاجىپلارنـى تەرك ئېتىشـــتىن قورقمايـــدىغان كىشـــىلەرنىڭ «ئـــاللاھنى ســـۆيىمەن، مېنىـڭ خۇدايىمغـا مـۇھەببىتىم كۈچلـۈك» دېگىنـى يالغـان. چـۈنكى ئـۇ ئاللاھنى سۆيگەن بولسا ئىدى، ئاللاھ تەئالا بۇيرۇغـان ئىشـلارنى قىلاتتـى، ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن قورقاتتى. بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

فإنْ كانَ حُبُّكَ صادِقاً لأَطَعْتَهُ     إنَّ الْمُحِبَّ لِمَنْ يُحِبُّ مُطِيعٌ

يەنــى ئەگەر ئاللاھقــا بولغــان مۇھەببىتىــڭ راســت بولســا ئىــدى، ئەلــۋەتتە ئۇنىڭغــا ئىتــائەت قىلغــان بولاتتىــڭ. چـۈنكى مـۇھەببەت باغلىغۇچى سۆيگەن كىشىگە ئىتائەتچان بولىدۇ.

شـۇنىڭدەك، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنى سۆيۈشـمۇ ئـاللاھنى سۆيۈشـنىڭ جۈملىسـىدىندۇر. يەنـى رەسـۇلۇللاھنى سـۆيمىگەن

كىشىنىڭ ئاللاھنى سۆيىمەن دېگىنى توغرا ئەمەس. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بولسا، ئەڭ بۈيۈك رەھبىرىمىز، كىشىلەرگە توغرا يولنى كۆرسەتكۈچى، كۇپۇر ـ زالالەتنىڭ، ئازغۇنلۇقنىڭ پاتقىقىدىن قۇتقۇزغۇچى نۇردۇر. ئاللاھ تەئالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سۆيۈشنى ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەشنى مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپ قىلغان. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەرنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشۈڭلار ئۈچۈن، پەيغەمبەرنى ئۇلۇغلىشىڭلار ۋە ھۆرمەتلىشىڭلار ئۈچۈن، ئەتىگەندە ۋە ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن بىز پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.» [سۈرە فەتھ 9 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۆكۈمىگە ئىتائەت قىلىش ۋە قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەن نەرسىنى ئېلىڭلار، توسقان نەرسىدىن يېنىڭلار.» [سۈرە ھەشر 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى دوست تۇتقانىنىڭ دەلىلى ئۇنىڭغا ئەگىشىش، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يولىدىن مېڭىش ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىنى ئىجرا قىلىشتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ. ئۆتكەن گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.» [سۈرە ئالى ئىمران 31 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار دۇنيادا چوڭ بىر پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن.» [سۈرە نۇر 63 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئىككىنچى ــ ئاللاھ ئۈچۈن دوست تۇتۇش، ئاللاھ ئۈچۈن دۈشمەن بولۇش. ھەقىقىي سادىق مۆمىن دىندار، ئىشەنچلىك، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان، دىنى، ۋەتىنى ۋە خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، شېرىكتىن، گۇناھ ـ مەسىيەتتىن ئۇزاق، پاسىقلىقنى، مۇناپىقلىقنى، خىيانەتنى، گۇناھ ئىشلەشنى، ئاللاھنى نارازى قىلىشنى يامان كۆرىدىغان كىشىنى «ئاللاھنىڭ دوستى» دەپ ياخشى كۆرۈپ دوست تۇتىدۇ. ئاللاھ تەئالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان، چوڭ گۇناھلارنى ۋە پاھىشە ئىشلارنى قىلىشتىن چېكىنمەيدىغان كىشىلەرنى ئىززەت ـ ئابرۇيى، پۇل ـ مېلى ياكى مەنسىپى ئۈچۈن دوست تۇتۇش جائىز ئەمەس. پەقەتلا ئۇنى ھەق يولغا باشلاش، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنى سۆيدۈرۈش، گۇناھ ئىشلاردىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا بولىدۇ. لېكىن ئۇنى چىن قەلبىدىن دوست تۇتۇش، ئۇنىڭ قىلمىشلىرىغا رازى بولۇش، ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە خىلاپ كېلىدۇ:

«ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ، ئاللاھ بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ــ ئۇلارنىڭ ئاتا

ـ ئانىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ــ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس).» [سۈرە مۇجادىلە 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى قانداق دوست تۇتقانلىقىنى كۆرىمىز. مەدىنىلىك ساھابە كىراملار مەككىدىن كەلگەن مۇھاجىر قېرىنداشلىرىنى قانداق قارشى ئالدى؟ مۇھاجىرلار ئۆيلىرىنى، خوتۇن ـ باللىرىنى ۋە بارلىق مال ـ مۈلكىنى تاشلاپ، جېنىنى ئاران قۇتقۇزۇپ كەلگەن ئىدى. مەدىنىكى ئەنسارلار ئۇلار بىلەن ئوتتۇرىدا ھېچقانداق تۇغقانچىلىق بولمىغانلىقىغا قارىماي، مۇھاجىرلارغا ئۆيلىرىنى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۆلۈپ بەردى. ئۇلارغا بىر ئاتا ـ ئانىدىن بولغان قېرىنداشلار بىر ـ بىرىگە قىلمايدىغان خىزمەتلەرنى قىلدى. ئەنسارلاردىن سەئد ئىبنى رەبىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇھاجىرلاردىن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، ئىككىنچى قەۋەتنى ئۇنىڭغا بەردى، بىرىنچى قەۋەتتە ئۆزى ئولتۇردى. ئۇنىڭغا: «مېلىمنىڭ يېرىمىنى ساڭا بېرىمەن، ماۋۇ ئىككى خوتۇنۇمنىڭ بىرىنى تاللىغىن، قايسىسىنى خالىساڭ، شۇنى تالاق قىلىپ ساڭا نىكاھلاپ بېرەي.» دېگەن ئىدى.

مۇشۇ گەپنى قانداق ئادەم دەيدۇ؟ ئاتا ـ ئانىسى بىر بولغان قېرىنداشلار بىر ـ بىرىگە بۇ دەرىجىدە ياخشىلىق قىلامدۇ؟ ياكى ساھابە كىراملار بىزگە ئوخشىمايدىغان باشقا بىر مەخلۇقاتلارمۇ؟ ساھابە

كىراملار ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتە ئەمەس. ئۇلار بىزگە ئوخشاش ئىنسانلار. لېكىن ئۇلارنىڭ قەلبىگە يەرلەشكەن ئىمان شۇنچىلىك كۈچلۈك بولغان ۋە ئىمانىنىڭ تەمىنى تېتىغان چىن مۆمىنلەر ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىنسانلىق تارىخىدا كۆرۈلمىگەن ئۇتۇق ۋە غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. ئاللاھ تەئالا ئۇلارنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئىمان ئېيتقانلار، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر (يەنى ئەنسارلار) ــ ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر. ئۇلار مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتتە ئېسىل رىزىققا ئىگە بولىدۇ.» [سۈرە ئەنفال 74 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «(ئۇ غەنىيمەتنىڭ بىر قىسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ. ئەنە شۇلار سادىق مۆمىنلەردۇر. ئۇلاردىن مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ. ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ. ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ. ئۆز نەپسىنىڭ

بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىدۇر.» [سۈرە ھەشر 8 ـ 9 ـ ئايەتلەر]

ھەقىقىي ئىمان ئاللاھ ئۈچۈن دوست تۇتۇش، ئاللاھ ئۈچۈن دۈشمەن بولۇش مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.

ئۈچىنچى ــ ئىماندىن يېنىشنى ئوتقا تاشلىنىشتىنمۇ يامان كۆرۈش. قەلبىگە ئىمان چوڭقۇر يەرلەشكەن ۋە قېنىغا سىڭىپ كەتكەن كىشى، ھەر تۈرلۈك ئازاب ـ ئوقۇبەتكە ۋە ئۆلتۈرۈلۈشكە رازى بولىدۇكى، ئىماندىن يېنىشقا رازى بولمايدۇ. لېكىن بەزى ئىرادىسى مۇستەھكەم بولمىغان، ئىمانى سۇس كىشىلەر دۇنيالىقى ئۈچۈن دىنىدىن ۋاز كېچىدۇ. دىن يولىدا كېلىدىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ماڭا بىر خاپىلىق يېتىپ قالامدىكىن دەپ ئىمانىغا زىت كېلىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. بەلكى ئۇ «مەن يامانلىقنى ياخشى كۆرمەيمەن، ھېچكىمنىڭ كاپىر بولۇشىغا رازى بولمايمەن، لېكىن مەن ئۆزۈم يالغۇز يامانلىقنى يوقىتالمايمەن، ھەقىقەتنى سۆزلىيەلمەيمەن، ئەگەر ھەقىقەتنى سۆزلىسەم دۈشمەنلىك بولۇپ قالىمەن، ھەر تۈرلۈك ئەزىيەتكە ئۇچرايمەن، شۇڭا خەلق نېمە دېسە ھە دەپ قويىمەن» دېيىشى مۇمكىن. بۇ نېمىدېگەن چىرايلىق ئۆزرە! قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا، «مېنىڭ دىنىمنى قانداق مۇدائىئە قىلدىڭ؟ دىنىڭ يولىدا قانداق جىھاد قىلدىڭ؟» دەپ سورىسا، ئاللاھقا قانداق جاۋاب بېرەر؟ ئاللاھنىڭ ئالدىدا يۇقىرىقىدەك قۇرۇق ئۆزرىلىرى ئىشقا يارارمۇ؟

شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆرمەتلىك مۇسۇلمانلار! ھەقىقىي مۇسۇلمان بولىدىكەنمىز، ئېتىقاد قىلغان دىنىمىزنى قوغدىشىمىز، ئۇنىڭغا ئىگە چىقىشىمىز كېرەك. دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق ئازراق قىيىنچىلىقىدىن قورقۇپ، دىنىمىزنى تەرك ئەتسەك، ئۇنى ئۆز لايىقىدا قوغدىمىساق، «مەن مۇسۇلمان» دەپ قۇرۇق دەۋا قىلىش كارغا كەلمەيدۇ.

ئاللاھ تەئالا بىزگە كۈچلۈك ئىمان ۋە ئالىي ھىممەت بېرىپ، مۇشۇ ھەدىسنىڭ روھىغا ئەستايىدىل ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ھەقىقىي مۆمىن بولۇشنى نېسىپ قىلسۇن. ئامىين!

## 8- ھەدىس ئاداۋەت تۇتماسلىق توغرىسىدا

عن أبي أيُّوبَ الأنصاري رضي الله عنه: أَنَّ رسولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم قال: «لاَيَحِلُّ لِمُسْلِمٍ أنْ يَهْجُرَ أَخَاهُ فَوْقَ ثَلاَثِ لَيَالٍ يَلْتَقِيَانِ فَيُعْرِضُ هَذَا وَيُعْرِضُ هَذَا، وخَيْرُهُمَا الَّذِي يَبْدَأُ بِالسَّلاَمِ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ دىنى قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ، ئۇچراشقاندا بىر - بىرىدىن يۈز ئۆرۈپ يۈرۈشى ھالال بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەڭ بۇرۇن سالام بەرگەن كىشىدۇر.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 6484]

ئىزاھات: ئىسلام باشتىن - ئاخىر تەشۋىق قىلىدىغان ۋە بۇيرۇيدىغان نەرسە، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىقنى مۇستەھكەملەش ۋە ئىناق - ئىتتىپاقلىقتۇر. چۈنكى ئاللاھ تەئالانىڭ دىنى بولغان مۇقەددەس ئىسلام دىنىنىڭ يەر يۈزىدە ھاكىم بولۇشى، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ ئەمەلىي ھاياتقا تەتبىق قىلىنىشى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىققا باغلىقتۇر. بەلكى دۇنيادا ھەر قانداق جەمئىيەت، ئەزالىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئەزالىرىنىڭ

بۆلۈنۈشى بىلەن مۇنقەرز بولىدۇ. بۇ ئىنسانلىق تارىخىدا تەجرىبىدىن ئۆتكەن بىر ھەقىقەت. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا ئىتتىپاق بولۇشى ۋە ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدىغان ھەر قانداق ئىش - ھەرىكەتتىن ئۇزاق تۇرۇشى ناھايىتى مۇھىمدۇر.

ئىنسان دېگەن ئۆزگىرىشچان خاراكتېرگە ئىگە مەخلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر دائىم بىر خىل تۇرمايدۇ. بەزىدە مىجەزى چۇس، تېز ئاچچىقى كېلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ئويلىماستىن بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ سالىدۇ. بىر - بىرىنى رەنجىتىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەرنى قىلىپ تاشلايدۇ. بۇنداق كۆڭۈلسىز ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە، بىر تەرەپ ئۆزىنى بىسىۋالسا، ئىككىنچى تەرەپمۇ ئۆزىنى توختىتىپ، مەن خاتا ئىش قىلىپ سايتىمەن دەپ، كەمچىلىكىنى تونۇپ، ئۆزرىخاھلىق ئېيتىدۇ. رەنجىگەن كىشى ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ كەچۈرۈم قىلىۋەتسە ئىش تۈگەيدۇ، دوستلۇق بۇزۇلمايدۇ. ئەمما مەن سەندىن قالاتتىممۇ دەپ بىرگە ئىككىنى قايتۇرسا، جېدەل چوڭۇپ، دۈشمەنلىك پەيدا بولىدۇ.

ئىككى مۇسۇلمان ئارىسىدا ھەر قانداق بىر سەۋەب بىلەن كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرسە، ئۈچ كۈن ئىچىدە ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ خاتالىقنى تونۇپ، بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى تۈگىتىشى كېرەك. ئۈچ كۈندىن ئارتۇق بىر - بىرى بىلەن كۈرۈشمەسلىك، ئۇچراشقاندا سالاملاشماسلىق شەرىئەتتە دۇرۇس ئەمەس. ئەگەر ئاداۋەتلىشىشكە داۋام قىلسا ھەر ئىككى تەرەپ گۇناھكار بولىدۇ. شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسـەللەم بـۇ ھەدىسـتە «ئـۈچ كۈنـدىن ئـارتۇق ئـاداۋەت تۇتـۇش ھـالال ئەمەس» دېگەن. يەنى ھارام دېمەكتۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم يەنە بىـر ھەدىسـتە مۇنـداق دەيـدۇ: «مۆمىننىـڭ دىـن قېرىنداشـىغا ئـۈچ كۈنـدىن ئـارتۇق ئـاداۋەت تۇتۇشـى ھـالال ئەمەس، ئـۈچ كـۈن ئۆتكەنـدىن كېـيىن ئۇچراشسـا، سالاملىششـى كېـرەك. بىـرى سـالام قىلسـا، ئىككىنچىسـى ئـۇنى ئىلىـك ئېلىـپ جـاۋاب قايتۇرسا، ھەر ئىككىسـى سـاۋاب ئالىـدۇ، ئەگەر سـالامنى ئىلىـك ئالمىسـا، پۈتـۈن گۇنـاھنى ئۈسـتىگە ئالىـدۇ.» [ئىمـام ئەبـۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان]

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«مـۆمىنلەر ھەقىـقەتەن دىنـدا قېرىنداشـلاردۇر، قېرىنداشـلىرىڭلار ئارىسـىنى تـۈزەڭلار، رەھمەتـكە ئېرىششـىڭلار ئۈچـۈن ئـاللاھتىن قورقۇڭلار.» [سۈرە ھۇجۇرات 10 ـ ئايەت]

ئەپسۇسـلىنارلىقى شـۇكى، مۇسـۇلمانلار خۇسۇسـەن ئـالىم ئاتالغـانلار ئاللاھ تەئالادىن قورقماستىن مۇسۇلمانلار ئاممىسـىنى پـارچىلاپ گـۇرۇھ ـ گۇرۇھ بولۇۋاتىدۇ. يـوقلاڭ مەسـىلىلەرنى چىقىرىـپ، ھەر خىـل ئىسـىملار ئاسـتىدا مەزھەپ، پىـرقە پەيـدا قىلىۋاتىـدۇ. ئـۆز پىرقىسـىگە قوشـۇلمىغانلارنى ئـازغۇن، كـاپىر دەپ تىللايـدۇ. ھەممىسـى قۇرئـان، ھەدىسـنى ئـۆزىگە قالقـان قىلىۋالغـان، بىچـارە خەلـق كىمـگە ئەگىشـىدىغانلىقىنى، ھەق يولنىـڭ قايسـى ئىكەنلىكىنـى بىلەلـمەي قـايمۇقۇپ قالماقتـا. ئـۆزلىرى كىشـىلەرگە ۋەز ـ نەسـىھەت قىلىـپ

تۇرۇۋقلۇق، كىشىلەرنى ئىختىلاپىنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇۋقلۇق، ئۆزلىرى ئىختىلاپ تېرىپ بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدۇ.

ئى مۇسۇلمانلارغا رەھبەر بولغان داموللاملار! مەخسۇملار! قىرىق ھەدىسنىڭ تەرجىمىسىنى ئۆگىنىپلا مەيدانغا سەكرەپ چىققان ئەللامىلەر! ئاللاھ تەئالادىن قورقۇڭلار. مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ھېسسىياتى بىلەن ئوينىماڭلار. پايدىسىز ئىختىلاپلارنى پەيدا قىلىپ، مۇسۇلمان ئاممىسىنى بۆلمەڭلار. بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتىنى ۋە گۇناھىنى ئويلاڭلار. مۇسۇلمانلارنى بۆلىدىغاننىڭ ئورنىغا، دىنىي خۇراپات دەيدىغان، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىشەنمەيدىغانلارغا ھەقىقەتنى يەتكۈزۈپ ھىدايەتكە يېتەكلەڭلار. ئىسلام دىنى مۇسۇلماننى كاپىر قىلىشقا ئەمەس، كاپىرنى مۇسۇلمان بولۇشقا چاقىرىش ئۈچۈن كەلگەن دىندۇر. ئەگەر ھەممە ئالىملار بىر پىكىرگە كېلىپ، مۇتەئەسسىپلىكنى تاشلاپ، مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرمىساڭلار، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىق ئېغىر بولىدۇ.

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

ئۆز ئارا رەھىمدىل، دوست، ئىتتىپاق، ئىناق بولايلى. بىر - بىرىمىزدىن ئۆتۈلگەن كەمچىلىك بولسا، كەچۈرۈم قىلايلى. ئاداۋەت، دۈشمەنلىكتەك يامان ئىللەتلەرنى تاشلايلى. ئۆز نەپسىمىزنىلا ئەمەس، بارلىق مۇسۇلمان دىنىي قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كېلەچىكىنى ئويلايلى. بۆلۈنمەيلى. پارچىلانمايلى. سەۋەب نېمە بولسا بولسۇن بىرلىكىمىزنى بۇزمايلى. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم ئېسىلىڭلار، ئايرىلماڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار.» [سۈرە ئالى ئىمران 103 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئى غايىبلارنى بىلگۈچى، قەلبلەرنى باشقۇرغۇچى ئۇلۇغ ئاللاھ! دىللىرىمىزنى ئاداۋەتتىن، دىنىي قېرىنداشلىرىمىزغا دۈشمەنلىك قىلىشتىن، شەيتاننىڭ پىتنە - ئىغۋالىرىدىن، كىچىككىنە بىر سەۋەب بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشتىن پاكلىغىن. قەلبلىرىمىزنى بىرلەشتۈرگىن. سەپلىرىمىزنى مۇستەھكەم قىلغىن. بىزلەرنى پارچە - پارچە بۆلۈنۈپ، دۈشمەنلەرگە يەم بولۇپ كېتىشتىن ئۆز پەزلىڭ بىلەن ساقلىغىن. ئامىين!

## 9 ـ 10ـ ھەدىس  ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

عن عبدِ الله بنِ مسعودٍ رضي الله عنه قال: قال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «لاَ يَحِلُّ دَمُ امْرِئٍ مُسْلِمٍ يَشْهَدُ أَن لاَّ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَأَنِّي رَسُولُ اللهِ إِلاَّ بِإِحْدَى ثَلاَث: الثَّيِّبُ الزَّانِي، والنَّفْسُ بِالنَّفْسِ، والتَّارِكُ لِدِينِهِ الْمُفَارِقُ لِلْجَمَاعَةِ.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنىڭ بىرى سادىر بولماي تۇرۇپ، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقلۇقىغا ۋە مېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بەرگەن مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال بولمايدۇ. تويى قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە دىنىنى تاشلاپ جامائەتتىن ئايرىلىش.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 4329]
و عنه رضي الله عنه قال: قال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «سِبابُ الْمُؤْمِنِ فِسْقٌ و قِتَالُهُ كُفْرٌ.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: يەنە ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىننى تىللاش پاسىقلىق ۋە ئۇنىڭ بىلەن

ئۇرۇشۇش كۇپۇرلۇقتۇر.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، نومۇرى: 183]

ئىزاھات: مۇسۇلماننىڭ ئىپپىتى ۋە قېنى ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدە ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە قەدىرلىكتۇر. ئومۇمەن ئىنسان شۇنداق قەدىرلىك مەخلۇقتۇر. شۇڭا ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە: «بىز ئادەم بالىسىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق.» [سۈرە ئىسرا 70 ـ ئايەت] دېگەن. مۇسۇلمانغا ناھەق چېقىلىش ھارام. بۇ ئىككى ھەدىستىن مەلۇم بولىدۇكى، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان مۆمىنلەرنىڭ قېنىغا چېقىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھى ئۈچۈن ئۇنى تەربىيىلەش، تۈرمىگە ئېلىش ۋە باشقا تۈرلۈك جازا بېرىش ئارقىلىق تۈزىتىش لازىم.

بىرىنچى ھەدىستە ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالىنىدىغان ئۈچ خىل كىشى بايان قىلىنىدۇ:

1 ـ توي قىلىپ بولغان كىشىنىڭ زىنا قىلىشى: ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، تۇل بولسۇن ياكى ئۆيلۈك بولسۇن، بىر قېتىم توي قىلىپ بولغان كىشى زىنا قىلسا، زىنا قىلغانلىقىغا ئۆزى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىقرار قىلسا، ياكى تۆت ئەر كىشى ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسە، زىنا قىلغۇچى ئەر ۋە زىنا قىلغۇچى ئايال چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

زىنا قىلغۇچىغا بۇنداق جازانىڭ بېرىلىشى، جەمئىيەت ئەخلاقىنى بۇزغانلىق، ئىنسانلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى دەپسەندە قىلغانلىق، جەمئىيەتتە زىنا ـ پاھىشىگە ئوخشاش بۇزۇقچىلىقنىڭ تارقىلىپ

كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانلىق ئۈچۈندۇر. بۇنداق يامان ئىللەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلىمىغاندا، خۇددى كېسەل تاشلىۋەتمىسە پۈتۈن بەدەننى زەھەرلەيدىغان كېسەلگە ئوخشاش، پۈتۈن جەمئىيەتنى زەھەرلەپ، ئاچا ـ سىڭىل، ئانا ـ قىزلىرىمىزنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى ساقلاش مۇمكىن بولمايدۇ.

2 ـ ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەمنى ئۆلتۈرۈش. بىر ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا ياشاش ھەققىنى قولىدىن ئالغان قاتىلنىڭ ياشىشى ئادالەت ئەمەس. قاتىلغا ئۆلۈم جازاسى بەرمەسلىك، قاتىلنى قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى بۇزغانلىق، خەلقنى خەۋپ ـ خەتەر ئىچىدە ياشاشقا مەھكۇم قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ جازا ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەۋج ئالىدۇ. نۇرغۇن ئائىلىلەر ئىگە ـ چاقىسىز  قالىدۇ. ئاياللار تۇل، بالىلار يېتىم، ئاتا ـ ئانىلار پەرىشان بولىدۇ.

دېمەك، بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل، ئۆلتۈرۈلگۈچىنى قايتا ئازابلاش بىلەنلا قالمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ئارقىسىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ھالاك قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئېغىر جىنايەت ئىشلىگەن زالىم، قاتىل ياشىسا، بىگۇناھ ئىنسانلار ئۆلتۈرۈلسە، بۇ قانداق ئادالەت بولىدۇ؟!

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قاتىلغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشتىكى ھېكمەت ۋە سىررىنى بىلمىگەن بەزى ئەخمەقلەر، «بۇ جازالار بەك ئېغىر، يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ مەدەنىيىتىگە لايىق ئەمەس» دېيىشىدۇ. يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ مەدەنىيىتىنى قۇرغان ئامېرىكا ۋە ياۋروپالىقلار،

بىگۇناھ ئىنسانلارنى قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك دېمەستىن ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ. كىشىلەرنىڭ يۈرتلىرىنى بېسىۋېلىپ، خەلقىنى قۇل قىلىۋاتىدۇ. يەر يۈزىدە كۆپلىگەن كاتتا شەھەرلەرنى ۋە پايتەختلەرنى دوزاخقا ئايلاندۇرۇۋاتىدۇ. بۇ قانداق ئادالەت؟ قانداق مەدەنىيەت؟ قانداق ئىنسانىيەت؟ مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئەھۋالىغا قارىساقمۇ، ئۇ دۆلەتلەردە ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايەتلىرىنىڭ كۆپ ئىشلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: ئامېرىكىدا چوڭ ئادەملەر ئۇياقتا تۇرسۇن، 12 ياشلىق 15 ياشلىق باللار مەكتەپكە تاپانچا ئېلىپ بېرىپ مۇئەللىملىرى بىلەن قوشۇپ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى ئېتىپ تاشلىغانلىق خەۋەرلىرى پات ـ پات ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ مەدەنىيىتى مانا مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتچىدىن قىساس ئېلىش مەدەنىيەتسىزلىك، بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ، كىچىك باللارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە يول قويغانلىق ۋە بىگۇناھ خەلقنى بومباردىمان قىلغانلىق مەدەنىيەتلىك بولامدۇ؟! ھازىر دۇنيادا بولۇۋاتقان ئۇرۇشلارغا بىر قاراپ ھەقىقەتنى كۆرمەمسىز؟ «ئۇستام قىلسا خوپ قىپتۇ، شاگىرت قىلسا ئۇر ئاغزىغا» دېگەندەك، دۇنياغا خوجايىن بولۇۋالغان دۆلەتلەر يۈزلەپ، مىڭلاپ ئادەم ئۆلتۈرسە جىنايەت بولمايدۇ، ئىسلام قاتىلغا ئۆلۈم جازاسى بەرسە مەدەنىيەتسىزلىك بولامدۇ؟!

3 ـ ئىسلام دىنىدىن يېنىپ كېتىش ۋە ئىسلام دۆلىتىگە قارشى چىقىش، بۇنىڭ جازاسىمۇ ئۆلۈمدۇر.

ئىنسانلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىقتا ئەركىندۇر. ھېچكىمنىڭ ھېچقانداق بىر كىشىنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاش ھوقۇقى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن تەقلىدى ئىمان ۋە مەجبۇرىيەت ئاستىدا ئېيتقان ئىمان ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ھەر كىشى ئۆز ئەركىنلىكى ۋە ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەتقىق قىلىپ، ئىزدىنىپ، كۆڭلىدە ھېچقانداق شەك ـ شۈبھە قالمىغاندا ئاندىن ئىسلامنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇ ھەقىقىي مۆمىن ـ مۇسۇلمان بولغان بولىدۇ. بۇنداق چىن ئىشەنگەن كىشىنىڭ ئىماندىن يېنىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئۆزى ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن يېنىپ كېتىش، ئاللاھنىڭ دىنىنى كەمسىتكەنلىك ۋە ئۇنى ئويۇنچۇق قىلىۋالغانلىق بولىدۇ. بۇنداق دىن بىلەن ئويۇن ئوينايدىغان يامان نىيەتلەرگە يول قويۇلسا، ئۇ ئۆزى بىلەنلا قالمايدۇ، بەلكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە ـ پاسات پەيدا قىلىدۇ. دىندىن يېنىپ كەتكەن ئادەم ئۆزىنى ھەقلىق چىقىرىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە بەزى سەۋەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ بۇ قىلىقى بىلەن بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنى گۇمانلىق ھالغا چۈشۈرۈپ قويسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلامنى قوبۇل قىلماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ شەقىيلەردىن بولۇپ، ئاخىرەتتە دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرگەندىنمۇ يامان ئىشتۇر. چۈنكى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش دۇنيادىكى چەكلىك ھاياتىنى يوقاتسا، ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا

تۇسالغۇ بولۇش، ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتىنى ھالاك قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنداق ئادەمنى جەمئىيەتتىن تازىلاش لازىم.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، دىنىدىن يانغان ئادەمنى مۇرتەت بولدى دەپلا ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. بەلكى ئىسلامنىڭ مۇتەخەسسىس ئالىملىرى توپلىشىپ، ئۇنى سوراققا تارتىپ، دىنىدىن يېنىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلىش كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ دىنىدىن يېنىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان ئامىللارنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇ دىنغا قايتمىسا، ئاندىن ئالىملار ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە ياكى ئۆلتۈرۈلمەسلىكىگە قارار بېرىدۇ. ئەمما ھە دېسىلا بىر ـ بىرىنى كاپىر قىلىش، بىھۇدە قان تۆكۈش، ھەر جامائەت ئۆز جامائەتىدىن ئايرىلغان ئادەمنى مۇرتەت بولدى، كاپىر بولدى، ئۇنىڭ قېنى ھالال، مېلى ھالال دەپ ھۆكۈم قىلىپ، مۇسۇلمان مۇسۇلماننى ئۆلتۈرىدىغان ناچار ئەھۋاللار، مەنسەپ تالىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشىدىغان، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ بىر ـ بىرىنى تىللايدىغان ئىشلار ئىسلامغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى مۇسۇلمان بىر ـ بىرىگە قىلىچ كۆتۈرسە، ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچى ھەر ئىككىسى دوزاخقا كىرىدۇ.» ساھابىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ! ئۆلتۈرگۈچىغۇ دوزاخقا كىرە، ئۆلتۈرۈلگۈچى نېمىشقا دوزاخقا كىرىدۇ؟» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «چۈنكى ئۇمۇ رەقىبىنى ئۆلتۈرۈشكە ھېرىسمەن ئىدى.» دەپ جاۋاب بەرگەن. [ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان]

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ.» [سۈرە نىسا 93 ـ ئايەت]

ئى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى كىشىلەرنىڭ جېنىغا، مېلىغا چېقىلىشتىن، سېنىڭ غەزىپىڭگە ۋە لەنىتىڭگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئۆز پەزلىڭ بىلەن ساقلىغىن. ئامىين!

## 11 ـ ھەدىس  بىراۋغا قورال تەڭلىمەسلىك توغرىسىدا

عن أبى هُرَيرةَ رضي الله عنه: أَنَّ رسولَ الله صلى الله عليه وسلم قال: «لاَ يُشِيرُ أَحَدُكُمْ إِلَى أَخِيهِ بِالسِّلاحِ، فَإِنَّهُ لاَ يَدْرِى لَعَلَّ الشَّيْطانَ يَنْزِعُ فِي يَدِهِ فَيَقَعُ فى حُفْرَةٍ مِنَ النَّارِ» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشىغا قورال تەڭلىمىسۇن! چۈنكى ئۇ بىلمەيدۇ، بەلكى شەيتان ئۇنىڭ قولىدىكىنى تارتىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوزاخنىڭ چوڭقۇرىغا چۈشۈپ كېتىدۇ.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان، نومۇرى: 6620]

ئىزاھات: ئىسلام مۇسۇلمانلارنى ھەرقانداق زىيانلىق ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە شۇ زىيانلىق ئىشقا ئېلىپ بارىدىغان ئامىللاردىنمۇ توسىدۇ. چۈنكى شەيتان داۋاملىق ئىنسان بىلەن بىللە ۋە ئۇنى ھەر تۈرلۈك زىيانلىق ئىشلارنى قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇڭلاشقا ئىنسانلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بەزى ئىشلارنى كۆزگە ئىلماستىن، ئاقىۋىتىنى ئويلىماستىن قىلىپ، كېيىن پۇشايمان قىلىدۇ. لېكىن بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغاندا، پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ.

مانا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارنى مەيلى چاقچاق بولسۇن، مەيلى قەستلىگەن ھالدا بولسۇن، بىر - بىرىگە پىچاق، قىلىچ، نەيزە، تاپانچا، مىلتىق قاتارلىق قوراللارنى تەڭلەشتىن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىشارەت قىلىشتىن توستى. چۈنكى بۇ قوراللارنى چاقچاق قىلىشىپ بولسىمۇ بىر - بىرىگە تەڭلەش خەتەرلىك. چۈنكى تاپانچىنىڭ تەپكىسى بېسىلىپ كەتسە، ياكى پىچاق، قىلىچقا ئوخشاش نەرسىلەر بىر - بىرىنىڭ بەدىنىگە سانجىلىپ كەتسە، قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋاي ئىسىت دەپ ھەسرەت چېكىدۇ. بولۇپ بولغان ئىشنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدۇ. «نېمشقا قورال تەڭلىگەنىدىمەن» دەپ باش - كۆزىنى تاتىلىغاننىڭ ھېچ پايدىسى يوق. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلسا، ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن پاناھ تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن سۆزۈڭنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئىشىڭنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» [سۈرە ئەئراف 200 - ئايەت]

ئەمما بىرىنى سەۋەبسىز قورقۇتۇش ئۈچۈن قورال تەڭلەش ھارام. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا تىغ تەڭلىسە، ـــ ئاتا - ئانىسى بىر قېرىندىشى بولسىمۇ ـــ قولىنى قايتۇرمىغىچىلىك پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ.» [ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

خەتەرلىك نەرسىلەر بىلەن، يامان غەرەزلىك سۆزلەر بىلەن ئويۇن - چاقچاق قىلىش مۇسۇلمانلارغا ياراشمايدىغان ئىشلاردۇر. كىشىلەرنىڭ

ئارقىسىدىن تۇيۇقسىز ۋارقىراش ياكى قۇلىقىغا قاتتىق تىوۋلاش ئىارقىلىق قورقۇتۇش، بىر ـ بىرىنىڭ بېشىغا بىر نەرسە قويۇپ ئۇوق ئېتىش، يولدا بەخىرامان كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن ماشىنىنىڭ سىگنالىنى قاتتىق بېسىش ئارقىلىق قورقۇتۇش، توي ـ مەرىكە ۋە باشقا مۇناسىۋەتلەردە خۇشاللىقىمىزنى ئىپادە قىلىمىز دەپ ئاسمانغا ئوق ئېتىش، كۆڭنىمىزدە پەيدا بولغان يىلان ۋە باشقا قورقۇنچلۇق ھايۋانلارنىڭ ھەيكەللىرىنى، ئاجىز، باشقا بىر نەرسە ئويلاپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قولىغا تۇيۇقسىز تۇتقۇزۇش، ياكى ئالدىغا تاشلاش ئارقىلىق قورقۇتۇش قاتارلىق ئويۇن ـ چاقچاقلار رەسۇلۇللاھ توسقان، ئىسلامدا مەنئى قىلىنغان ئىشلاردۇر. چۈنكى بۇنداق چاقچاق نەتىجىسىدە سىل كېسىلى ۋە باشقا ئېغىر كېسەللىكلەرگە دۇچار بولغانلار، ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ بار.

چاقچاقنىڭ يامىنى يۇقىرىدىكىدەك كىشىلەرگە ئازار بېرىدۇ. ئادەتتىكى چاقچاقمۇ، چاقچاق قىلغۇچىنىڭ شەرىپىنى چۈشۈرىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كۆپ كۈلگەن كىشىنىڭ ھەيۋىتى قالمايدۇ، كۆپ چاقچاق قىلغان كىشى كۆزگە ئىلىنمايدۇ. ھەرقانداق كىشى كۆپ قىلغان ئىشى بىلەن تونۇلىدۇ. جىق گەپ قىلغان ئادەمنىڭ خاتاسى كۆپ بولىدۇ. خاتالىقى كۆپ بولغان كىشىنىڭ ھاياسى ئاز بولىدۇ. ھاياسى ئاز بولغان ئادەمنىڭ تەقۋاسى ئاز بولىدۇ. تەقۋاسى ئاز بولغان ئادەمنىڭ قەلبى ئۆلىدۇ.»

ھۆكۈمالاردىن بىرى ئوغلىغا مۇنداق دەپ ۋەسىيەت قىلغان: «ئوغلۇم! ئۇلۇغ كىشىلەرگە چاقچاق قىلمىغىن، ساڭا ئاداۋەت قىلىدۇ. ناچار كىشىلەرگە چاقچاق قىلمىغىن، سېنى كۆزىگە ئىلمايدۇ.»

بەزى ھۆكۈمالار: «ھەر نەرسىنىڭ ئۇرۇقى بار، دۈشمەنلىكنىڭ ئۇرۇقى چاقچاق» دېگەن ئىكەن.

بۇ يەردە دېمەكچى بولغان گەپ، پەقەتلا چاقچاق قىلماڭ دېگەنلىك ئەمەس، باشقىلارنى گەپتە سوقۇۋالىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا كەمسىتىدىغان، كىشىلەرگە ھەر خىل زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدىغان، ياكى چاقچاق قىلىنغۇچىنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىدىغان چاقچاقلارنى قىلماڭلار دېمەكچى.

ئەمما دوستلۇقنى كۈچلەندۈرىدىغان، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇرسەن قىلىدىغان، چىرايلىق چاقچاقلارنى قىلىش جائىزدۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بەزىدە ساھابىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن چىرايلىق چاقچاقلارنى قىلاتتى. لېكىن چاقچاق قىلغاندىمۇ ھەق سۆزلەيتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ چاقچاق قىلىشتىكى مەقسىتى، ساھابىلەرنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرۇش، بەزى كىشىلەرنىڭ قورقۇنچىسىنى يوقىتىش، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ۋە ساھابىلەر ئارىسىدا ئۈنس ـ ئۈلپەت پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

مەسىلەن: بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا بىر ياشانغان ئايال كېلىپ: «يا رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ سىز بىلەن

بىرگە جەننەتكە كىرىشىمگە دۇئا قىلىڭ» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «قېرى ئايال جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئايال خاپا بولۇپ يىغلىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «شۇبھىسىزكى، بىز ھۆرلەرنى يېڭىدىن يارىتىمىز، ئۇلارنى پاكىز، ئەرلىرىگە ئامراق، تەڭ تۇش قىلدۇق» دېگەن ئايەتنى ئوقۇمىدىڭىزمۇ؟ (يەنى قېرىلىق ھالەتتە كىرمەيسىز)» دېگەن ئىدى.

ئىسلام مۇسۇلمانلارنى مانا مۇشۇنداق ھەر جەھەتتىن ئەخلاقلىق بولۇشقا، ئۆز ئارا ياخشى سۆزلەرنى قىلىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ساھابە كىراملارنىڭ ۋە خەلقىقە ياخشى تۆھپە قالدۇرۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ھايات ھېكايىلىرىدىن سۆز قىلىشىپ، كۆڭۈللىرىنى راھەتلەندۈرۈشكە چاقىرىدۇ. چۈنكى بۇنداق سۆھبەتلەردە بىلمىگەنلەر بىلگەنلەردىن ئۆگىنىدۇ. ئۆز ئارا مۇھەببەت، دوستلۇق كۈچىيىدۇ. ياشلار چوڭلاردىن ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىنىدۇ.

كىشىلەرگە يامان كۆزى بىلەن قاراش، كۆز سېلىش ئارقىلىق زىيان ئۇرۇشمۇ مۇشۇ ھەدىسنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئاللاھ تەئالا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلار قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا ساڭا بولغان دۈشمەنلىكىنىڭ قاتتىقلىقىدىن يامان كۆزلىرى بىلەن سېنى يىقىتىۋېتىشكە تاس قالدۇ.» [نۇن سۈرىسى 51 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئاللاھ تەئالا تىلى يامانىنىڭ تىلىدىن، كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن ساقلىسۇن. شۇنىڭدەك باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا ھەر تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشتىن ساقلىسۇن. ئامىين!

## 12ـ ھەدىس چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىش توغرىسىدا

عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسولُ الله صلى الله عليه و سلم: «اِجْتَنِبُوا السَّبْعَ الْمُوبِقَاتِ» قالوا "يَا رَسُولَ اللهِ! مَاهُنَّ؟" قالَ: «الشِّرْكُ بِاللهِ، وَالسِّحْرُ، وَقَتْلُ النَّفْسِ الَّتِي حَرَّمَ اللهُ إلاَّ بِالْحَقِّ، وَأَكْلُ الرِّبَا، وَأَكْلُ مالِ الْيَتِيمِ، وَالتَّوَلِّي يَوْمَ الزَّحْفِ، وقَذْفُ الْمُحْصَنَاتِ الْمُؤْمِنَاتِ الغَافِلاَتِ» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھالاك قىلغۇچ يەتتە گۇناھتىن ساقلىنىڭلار» ساھابە كىراملار: «يا رەسۇلەللاھ! ئۇلار قايسى؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، جازانە يېيىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىش، ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىش ۋە مۆمىنە، پاك ئاياللارغا تۆھمەت چاپلاشتۇر.» دېدى. [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 2707]

ئىزاھات: جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە مۇسۇلمانلارنى ھالاكەتكە تاشلايدىغان يەتتە خىل گۇناھتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئىسلام ئىستىلاھىدا بۇ گۇناھلار «گۇناھى كەبىرە»

(چـوڭ گۇنـاھ) دەپ ئاتىلىـدۇ. بـۇ چـوڭ گۇنـاھلار تۆۋەنـدىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ ئاللاھ تەئالاغا شېرىك كەلتـۈرۈش. ئـۇ ــ جـانلىق ـ جانسىز ھەر قانداق بىر نەرسىنى ئاللاھقا ئوخشاش ئىش قىلالايـدۇ، يـاكى ئاللاھنىـڭ ياردەمچىسـى، يـاكى خۇدالىقتـا، ئىبـادەت قىلىنىشـتا ئاللاھقـا ئورتـاق دەپ ئېتىقاد قىلىشتۇر. ئاللاھقا شېرىك كەلتـۈرۈش، گۇناھلارنىـڭ ئەڭ چـوڭى بولـۇپ، ئـاللاھ تەئـالا ئـۇنى قەتئىـي كەچۈرمەيـدۇ. شـېرىك كەلتـۈرگەن ئادەمنىـڭ قىلغـان ئەمەل ـ ئىبـادەتلىرىنى قوبـۇل قىلمايـدۇ. بـۇ ھەقـتە ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شـېرىك كەلتـۈرگەن گۇنـاھنى مەغپىـرەت قىلمايــدۇ، خالىغــان ئادەمنىــڭ ئۇنىڭــدىن باشــقا (شــېرىكتىن باشــقا) گۇنـاھنى مەغپىـرەت قىلىـدۇ، كىمكـى ئاللاھقـا شـېرىك كەلتۈرىـدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ.» [سۈرە نىسا 48 ـ ئايەت]

ئاللاھتىن باشقىغا رۇكۇ، سەجدە قىلىـش، ھـالال ھـايۋاننى ئـاللاھتىن باشقىسىنىڭ نـامى بىـلەن سـويۇش، ئـاللاھتىن باشـقا بىـر نەرسـە بىـلەن قەسەم قىلىـش، ھـاجىتىنى ئۆلـۈكلەردىن تىـلەش، مـازار ـ ماشـايىخلاردىن بـالا، مـال ـ دۇنيـا، ئىلىـم تىلىگەنـگە ئوخشـاش ئىشـلارنىڭ ھەممىسـى ئاللاھقا شـېرىك كەلتۈرگەنلىـك بولىـدۇ. ئەمەل ـ ئىبـادەتتە رىيـا قىلىشـمۇ مەخپىي شېرىك ياكى كىچىك شېرىك ھېسابلىنىدۇ.

2 ـ سـېھىرگەرلىك قىلىـش. ھەر تۈرلـۈك سـېھىر قىلىـش ئـارقىلىق كىشــىلەرنىڭ كــۆزىنى بويــاش، راســتنى يالغــان، يالغــاننى راســت

كۆرسىتىش، ئىسسىق ـ سوغۇتقۇ قىلىپ كىشىلەرنى ئۆچ ـ ئامراق قىلىش، غايىبتىن سۆزلەپ كىشىلەرنى ئالداش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى سېھىرگەرلىك بولۇپ، چوڭ گۇناھتۇر. كاھىن ۋە سېھىربازلارنىڭ سۆزلىرىگە راست دەپ ئىشىنىشمۇ چوڭ گۇناھتۇر. ئىسلام ئالىملىرى سېھىربازلارنى ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالاشقا ئىتتىپاقلاشقاندۇر.

3 ـ ئادەم ئۆلتۈرۈش. ئىسلام شەرىئىتىدە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن جىنايەتلەر بولۇپ، ئۇ جازانىمۇ ھۆكۈمەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ تېشىدا ئىنسانلارنىڭ جېنىغا قەست قىلىش، ئۇنى ئۆلتۈرۈش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەنلىك بولۇپ، چوڭ گۇناھتۇر.

4 ـ يېتىمنىڭ ھەققىنى يېيىش. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە يېتىم بالىلارنى بېقىش، تەربىيىلەش، ئۇلارنى كاپالىتى ئاستىغا ئېلىپ ھىمايە قىلىش ۋاجىب بولغان تۇرسا، يېتىملەرگە ئۆز مېلىدىن چىقىم قىلىپ بېقىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش نېمىدېگەن ئېغىر جىنايەت! ئۇ ئىنسانىيەتكىمۇ خىلاپ ئىشتۇر. ئاللاھ تەئالا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا ئوتنى يېگەن بولىدۇ. ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ.» [سۈرە نىسا 10 ـ ئايەت]

يېتىمغا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن ئۇنىڭ مېلىنى تىجارەتكە سېلىش ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك تەسەررۇپلار جائىزدۇر. بۇنىڭ شەرتى ئانا پۇل يوقاپ كەتمەسلىكى ۋە چىققان پايدا يېتىمنىڭ بولۇشى كېرەك. ئەگەر

يېتىمنى باققۇچى كەمبەغەل بولۇپ، يېتىمنىڭ پۇل - مېلىنى ئىسراپ قىلماسلىق شەرتى بىلەن ئۆزى ۋە يېتىمنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن ئىشلەتسە بولىدۇ. ئەگەر يېتىمنىڭ مېلىغا ھاجىتى چۈشمىسە ئۇنى يېمەسلىك كېرەك.

5 - رىبا (جازانە). يەنى مالنىڭ پىرسەنت بىلەن چىققان ئۆسۈمنى يېيىش. بۇمۇ چوڭ گۇناھلاردىن بولۇپ، ئاللاھ تەئالا ئۇ ھەقتە دوزاختىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

«ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! ھەقىقىي مۆمىن بولساڭلار، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە قېلىپ قالغان جازانىنى (ئۆسۈمنى) تەرك ئېتىڭلار، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. ئەگەر جازانە قىلىشتىن تەۋبە قىلساڭلار، قەرز بەرگەن سەرمايەڭلار ئۆزۈڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزۈڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر.» [سۈرە بەقەرە 278 - 279 - ئايەتلەر]

جازانە ئالغۇچى، بەرگۈچى ۋە گۇۋاھ بولغۇچى قىيامەت كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەمنىڭ بىلىپ تۇرۇپ، بىر دىرھەم جازانە يېگىنى 36 قېتىم زىنا قىلغاندىن يامان گۇناھتۇر.» [ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان]

6 ـ ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىش. بۇ قورقۇنچاقلىق ۋە ئاجىزلىق بولۇپ، بۇنداق ناچار ئىللەتكە گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن ئاللاھقا سېغىنىش لازىم. چۈنكى قورقۇنچاق ئادەم ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، سەپداشلىرىنى، بەلكى ۋەتىنىنى سېتىۋېتىشتىن يانمايدۇ. ئۇرۇش بولۇۋاتقان مەيداندا چېكىنىش، تەۋرىنىش، قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىنى قەتئىي ئورۇنلاش، غەلىبە قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر. ئۇنداق پەيتتە ئەسكەرلەرنىڭ ئىرادىسى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاجىزلىتىدىغان ئەڭ كىچىك بىر ھەرىكەت، دۈشمەنگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ ۋە مەغلۇبىيەتكە سەۋەب بولىدۇ. ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىش ئەسكەرنىڭ غالىبىيىتىنى مەغلۇبىيەتكە، مىللەت ۋە ۋەتەننى ئاسارەتكە ئۆزگەرتىدىغان ئېغىر جىنايەتتۇر. ئاللاھ تەئالانىڭ تەقدىرىگە ئىشەنگەن مۇسۇلمانىنىڭ قانداق ھالەتتە بولمىسۇن مەيداندىن قېچىشى جائىز ئەمەس. مۇسۇلمانىنىڭ پرىنسىپى يا غەلىبە قىلىش، يا شېھىد بولۇشتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق. شۇڭا ئاللاھ تەئالا مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنى سۈپەتلەپ:

«ئۇلار ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ.» دېگەن. [سۈرە تەۋبە111 ـ ئايەت]

7 ـ ئىپپەتلىك ئاياللارغا يالغاندىن زىنا قىلدى دەپ تۆھمەت چاپلاش. ئاللاھ تەئالانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان بۇنىڭدىن يامانراق بىر گۇناھ يوقتۇر. بۇنداق تۆھمەت توقۇغۇچى سۆزىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، تۆھمەت قىلىنغۇچىنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا زىنا قىلغانلىقىنى

كـۆرگەن، يالغـان گەپ قىلمايـدىغان ئادالەتلىـك تـۆت ئەر كىشـىنى گـۇۋاھچى قىلىشـى كېـرەك. ئەگەر ئۇنـداق گـۇۋاھچى تاپالمىسـا، يـاكى گـۇۋاھچىلاردىن بىرىنىـڭ شـەرتى توشمىسـا، مەزكـۇر تـۆھمەتچىگە 80 قامچـا ئۇرۇلـىدۇ ۋە ئۇنىـڭ گـۇۋاھلىقى ئېتىبارغـا ئېلىنمايـدۇ. قىزلارنـى، ئانىلارنى، ئاچا - سىڭىللارنى زىنـا بىـلەن ئەيىـبلەش، ئۇلارغـا يالغانـدىن قـارا چاپلىغـانلىق بولـۇپ، ئەڭ ئېغىـر گۇنـاھتۇر. ئاتـا - ئـانىلار، ئىمـام - مـۇئەززىنلەر، ئـالىم - ئۆلىمالارنىـڭ بۇنـداق يامـان قىلىقلارنـى كـۆرۈپ تـۇرۇپ سـۈكۈت قىلىشـى ۋە كۆڭلىـدە نـارازى بولۇشـى كۇپـايە قىلمايـدۇ. ئۇنىڭغا قاتتىق قارشى تۇرۇپ تۈزىتىش كېرەك.

ئـــاللاھ تەئـــالا بىزلەرنـــى يۇقىرىـــدىكى چـــوڭ جىنـــايەت ۋە ئەخلاقسـىزلىقلاردىن پـاك قىلسـۇن. ئەۋلادلىرىمىزنـى ئىسـلام ئەخلاقـى بىـلەن تەربىيلىنىـپ، بىـر - بىـرىگە چىرايلىـق مۇئـامىلە قىلىـدىغان، ياخشـى ئىشـلارنى قىلىـپ، يامـان قىلىقلاردىـن يىـراق تۇرىـدىغان پـاك جەمئىيەت ئەۋلادلىرى قىلسۇن. ئامىين!

## 13 ـ ھەدىس قىيامەت كۈنى ئەرشنىڭ سايىسىدە سايىدايدىغان كىشىلەر توغرىسىدا

عن أبي هُرَيرةَ رضي الله عنه عَنِ النَّبِيِّ صلى الله عليه و سلم قال: «سَبْعَةٌ يُظِلُّهُمُ اللهُ فِى ظِلِّهِ يَوْمَ لاَظِلَ إلاَّ ظِلُّهُ، الإِمَامُ الْعَادِلُ، وَشَابٌّ نَشَأَ فِى عِبَادَةِ اللهِ، ورَجُلٌ قَلْبُهُ مُعَلَّقٌ في الْمَسَاجِدِ، ورَجُلانِ تَحَابَّا فِى اللهِ اجْتَمَعَا عَلَيْهِ وَتَفَرَّقَا عَلَيْهِ، ورَجُلٌ دَعَتْهُ امْرَأَةٌ ذَاتُ مَنْصِبٍ وجَمَالٍ، فقالَ إِنِّى أَخَافُ اللهَ، ورَجُلٌ تَصَدَّقَ بِصَدَقَةٍ فَأَخْفَاهَا حَتَّى لاَ تَعْلَمَ شَمَالُهُ مَا تُنْفِقُ يَمِينُهُ، ورَجُلٌ ذَكَرَ اللهَ خَالِياً فَفَاضَتْ عَيْنَاهُ» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «يەتتە خىل كىشى بار، ئاللاھ تەئالا ئۇلارنى ئەرشىنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە بولمىغان كۈنى (قىيامەت كۈنى) ئەرشىنىڭ سايىسىدە سەگىتىدۇ. ئۇلار: ئادالەتلىك ئىمام، ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدە ئۆسكەن يىگىت، قەلبى مەسجىدكە باغلانغان كىشى، ئاللاھ ئۈچۈن دوست بولغان، ئاللاھ ئۈچۈن ئايرىلغان ئىككى كىشى، مەنسەپلىك، چىرايلىق ئايال ئۆزىگە چاقىرسا، مەن ئاللاھتىن قورقىمەن دېگەن كىشى، ئوڭ قولى بىلەن بەرگەن سەدىقىسىنى سول قولى بىلمەيدىغان ھالەتتە مەخپىي سەدىقە بېرىدىغان ۋە ئۆزى يالغۇز يەردە ئاللاھنى ياد ئېتىپ كۆزىدىن ياش تۆكىدىغان كىشىدۇر.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم

رىۋايەت قىلغان، بۇ ھەدىس بۇخارىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، نومۇرى: [651

ئىزاھات: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە، قىيامەت كۈنى قۇياش نەيزە بويى پەسلەپ ھاۋا مىستەك، يەر تۆمۈردەك قىزىپ كەتكەن، ئىنسانلار تەرىنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەن، ھېچكىم ئاللاھ تەئالانىڭ قانداق ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىنى، جەننەتكە كىرەمدۇ ياكى دوزاخقا ھەيدىلەمدۇ؟ بىلەلمەي ئۆز غېمىدە پەرىشان بولۇپ تۇرغان، پەيغەمبەرلەرمۇ مېنىڭ ھالىم نېمە بولار دەپ غەمگە چۆكىدىغان، ئەرشنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە بولمايدىغان شۇنداق قورقۇنچلۇق ۋە دەھشەتلىك كۈندە، ئاللاھ تەئالانىڭ ئۆز پەزلى بىلەن يەتتە خىل كىشىنى ئەرشنىڭ سايىسىدە سەگىتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. مەزكۇر سائادەتمەن كىشىلەر تۆۋەندىكىلەردۇر:

1 ـ ئادالەتلىك ئىمام، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەت ۋە ھەققانىيەت بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ۋە تۇغقىنى بولسىمۇ تەرەپ تۇتمايدىغان، ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدىغان، باي ـ كەمبەغەل، ئاجىز ـ كۈچلۈك، خوجايىن ـ خىزمەتچى دەپ ئايرىماستىن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان باشلىق، دۆلەت رەئىسى قاتارلىق كىشىلەردۇر. ئادالەتلىك باشلىق خەلقنى ئۆز ئەۋلادىغا ئوخشاش كۆرىدۇ. بىلىمسىزلەرنى ئوقۇتىدۇ، كەمبەغەللەرنى يۆلەيدۇ، كىچىكلەرنى تەربىيىلەيدۇ، كېسەللەرنى داۋالايدۇ، پۈتۈن خەلقنى باغرىغا باسىدۇ. ھەزرىتى ئېبلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«باشلىقنىڭ ئۈستىگە ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىش ۋە ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇش ۋاجىپ. ئەگەر ئۇ بۇ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلسا، خەلقنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە چاقىرىقىنى قوبۇل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.»

ئاللاھ تەئالا مۇستەبىت، زالىم ھاكىمىيەتتىن پايدىلىنىپ مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىدىغان، ئاللاھ ئەزىز قىلغاننى خار، خار قىلغاننى ئەزىز قىلىدىغان پادىشاھ، رەئىس، ھاكىم ۋە ۋالىيلارنى ئەرشنىڭ سايىسىدە تۇرغۇزمايدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئادەم ئىنتىقامىنى ئالسا، ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. ئەيىبلىنىدىغانلار پەقەت كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، زېمىندا ناھەق رەۋىشتە پىتنە ـ پاسات تېرىيدىغان ئادەملەردۇر. ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.» [سۈرە شۇرا 41 ـ 42 ـ ئايەتلەر]

ئادالەتلىك ئىمام سۆزى يۇقىرىسى پادىشاھ، رەئىسلەردىن باشلاپ تۆۋىنى ئائىلە باشلىقىغىچە چوڭ ـ كىچىك پۈتۈن باشلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2 ـ ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدە ئۆسكەن يىگىت، بۇ يىگىت ئۆمرىنى ئاللاھ تەئالاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، بەدىنىنى، جېنىنى، مېلىنى ۋە ئاللاھ تەئالا بەرگەن بارلىق ئىقتىدارىنى ئاللاھنى ۋە رەسۇلۇللاھنى رازى قىلىدىغان يولغا ئىشلىتىدۇ. ھەر دائىم ئائىلىسىگە خەلقىگە ۋە ۋەتىنىگە خىزمەت قىلىدۇ. ھەر تۈرلۈك گۇناھ ـ مەسىيەت ۋە زىيانلىق ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ. پۇل ـ مېلىنى ھالال يول بىلەن

تاپىدۇ ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلادىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە، ۋەتىنىگە ۋە مىللىتىگە خىزمەت قىلىشقا سەرپ قىلىدۇ. ئۇ جەڭ مەيدانىدا ئەسكەر، بازاردا سودىگەر، ئېتىزدا دېھقان، شىپاخانىدا دوختۇر، زاۋۇتتا خىزمەتچى، جەمئىيەتلەرنىڭ سادىق ئەزاسى بولۇپ، ياخشىلىققا چاقىرىلسا دەرھال قوبۇل قىلىدۇ، يامانلىقنى كۆرسە ياكى ئاڭلىسا ئۇنى تۈزىتىشكە تىرىشىدۇ، ئەگەر كۈچى يەتمىسە ئۆزى ئۇنىداق ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تەئالانىڭ ئىبادىتىدە ئۆسكەن ياشلار ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئەسھابۇل كەھف ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«بىز ساڭا ئۇلارنىڭ ھېكايىسىنى راستى بىلەن ئېيتىپ بېرىمىز، ئۇلار ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتقان بىر ھىدايەتنى زىيادە قىلغان يىگىتلەردۇر.» [سۈرە كەھف 13 ـ ئايەت]

قېرىغان ياكى كېسەل بولغانلارغا ئىبادەت قىلىش ئېغىر كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار بىر پۈتىنىڭ گۆرگە ساڭگىلىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، جان چىقىپ بولغۇچە بىر ئاز ئىبادەت قىلىۋالاي دەپ ئۆزىنى ئىبادەتكە بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ گۇناھ ـ مەسىيەت قىلىشقا ماغدۇرىمۇ يوق. ئەمما ساغلام، ئۆلۈم تېخى مېڭىسىگە كىرمەيدىغان، ھەر تۈرلۈك ئويۇن ـ تاماشىغا قىزىقىدىغان، قېنى قىزىق ياش ـ يىگىتلەرنىڭ نەپسىنى يېڭىپ يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇپ، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشى ئىنتايىن قىيىن ئىش. مۇشۇنداق قىيىن ئىشنى ئۆز لايىقىدا ئادا قىلالىغان، قېرىلىق كېلىشتىن بۇرۇن ياشلىقنى، كېسەل بولۇشتىن

بۇرۇن ساقلىقنى، نامراتلىقتىن بۇرۇن بايلىقنى، مەشغۇلىيەتتىن بۇرۇن بىكارچىلىقنى، ئۆلۈم ئىشىكىنى قېقىشتىن بۇرۇن ھاياتلىقنى غەنىيمەت بىلىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان يىگىتلەر قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

مۆمىن تەقۋادار ياشلار چوڭلارنى ئۇلۇغلاپ ھۆرمەتلەيدۇ، كىچىكلەرگە كۆيۈنۈپ مەرھەمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئېغزىدىن ئىنساننىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىدىغان، گۇناھقا ئېلىپ بارىدىغان يامان سۆز چىقمايدۇ. يۈزىدىن تەبەسسۇم بىلەن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بولغان ئېسىل ئەخلاق لىباسىنى كىيىپ، كىچىكلەرنىڭ ئەخلاقسىزلىقىدىن، چوڭلارنىڭ ئازغۇنلۇقىدىن يىراق بولىدۇ. بۇنداق پەزىلەتلىك ياشلار ئاللاھ تەئالانىڭ ئەرشىسىنىڭ سايىسىدە بولۇشقا لايىقتۇر.

3 ـ قەلبى مەسجىدكە باغلانغان كىشى، ئۇ بەش ۋاقىت نامازنى مەسجىدتە ئوقۇيدىغان، مەسجىدنى رېمونت قىلىدىغان ۋە مەسجىدتە ئېتىكاپ قىلىدىغان كىشىدۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە ئىسمىنىڭ ياد ئېتىلىشى بۇيرۇلغان مەسجىدلەردە مۆمىنلەر ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ. ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا ـ سېتىق ئۇلارنى ئاللاھنى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئوقۇشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ. ئۇلار دىللار ۋە كۆزلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان كۈندىن (قىيامەت كۈنىدىن) قورقىدۇ. ئاللاھنى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە

مۇكاپات بەرسۇن ۋە ئۆزىنىڭ پەزلىدىن ئاشۇرۇپ بەرسۇن دەپ ئۇلار شۇنداق ئىبادەتلەرنى قىلىدۇ. ئاللاھ خالىغان ئادەمگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ.» [سۈرە نۇر 36 ـ37 ـ 38 ـ ئايەتلەر]

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ناماز ئوقۇغان، زاكات بەرگەن، ئاللاھتىن باشقىدىن قورقمايدىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.» [سۈرە تەۋبە 18 ـ ئايەت]

ئىسلام جەمئىيىتىدە مەسچىت بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بىر يەردە مەسچىت بولىدىكەن ئۇ يەردە مۇسۇلمان بار دېگەن سۆز. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا، بىرىنچى قېتىم قىلغان ئىشى مەسچىت سېلىش بولغان ئىدى. ئۇ چاغدا مەسچىت كۈنىمىزدىكى پارلامېنت، مەدرىسە، مەھكىمە رولىنى ئوينايتتى. ئەينى زاماندا مەسچىت مۇسۇلمانلارنى بىر يەرگە توپلايدىغان، ئىناق ـ ئىتتىپاق بىر جامائەت مەيدانغا كەلتۈرىدىغان ناھايىتى مۇھىم ئورۇن. مەسجىدتە باي ـ كەمبەغەل، كاتتا ـ كىچىك ھەممە ئادەم بىر سەپتە يانمۇ يان تۇرۇپ ئاللاھ تەئالاغا سەجدە، رۇكۇ قىلىدۇ. شۇڭا دائىم مەسجىدنى تاشلىمايدىغان كىشىنىڭ مۇكاپاتى مۇشۇنداق چوڭ بولىدۇ.

4 ـ ئاللاھ ئۈچۈن دوست بولغانلار، ئىسلامدا دوستلۇق ـ دۈشمەنلىكنىڭ ئۆلچىمى ئاللاھنى دوست تۇتۇش، ئاللاھقا دۈشمەن

بولـۇش بىـلەن بەلگىلىنىـدۇ. مۇسـۇلمان كىشـىنىڭ ئـاللاھنى سـۆيگەن كىشـىنى دوسـت تۇتۇشـى، ئاللاھقـا دۈشـمەن بولغـان ئىنسـاننى دوسـت تۇتماسلىقى كېرەك. مانا بۇ ھەقىقىـي دوسـتلۇق بولـۇپ، ئـاخىرىغىچە داۋام قىلىدۇ. ئەمما باشقا مەقسەت بىلەن دوسـت بولغـانلار مەنپەئـەتكە زىيـان يەتكەن ھامان بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ. دوستلۇق داۋاملاشمايدۇ.

ئـاللاھ تەئـالا ئۆچـۈن دوسـت بولۇشـقانلار قىيـامەت كـۈنى نـۇردىن ياسـالغان مۇنبەرلەرنىـڭ ئۈسـتىدە بولـىدۇ. قىيـامەت كـۈنى ھەر ئـادەم ئـۆز دوسـتى بىـلەن ھەشـىر قىلىنىـدۇ. بىـر ئـادەم رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن «قىيامەت كۈنى قاچـان بولىـدۇ؟» دەپ سـورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم: «قىيـامەت كـۈنى ئۈچـۈن نـېمە تەييارلىدىڭ؟» دېدى. ھېلىقى كىشى «ھـېچ نەرسـەم يـوق، لـېكىن مەن ئـاللاھنى ۋە پەيغەمبىرىنـى بەك ياخشـى كـۆرىمەن» دېـگەن ئىـدى، رەسـۇلۇللاھ: «سـەن ياخشـى كـۆرگەن كىشـىڭ بىـلەن بىـرگە بولىسـەن» دېـدى. ئەنەس ئىبنـى مالىـك رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ: «رەسـۇلۇللاھنىڭ بـۇ سـۆزىگە بەكمـۇ خۇرسـەن بولـدۇق، مەن رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنى، ئەبـۇ بەكرىنـى ۋە ئـۆمەرنى ياخشـى كـۆرىمەن، ئۇمىـد قىلىمەنكـى قىيـامەت كـۈنى ئـۇلار بىـلەن بىـرگە بولغـايمەن» دېـگەن. [ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان] سوفى ئاللاھ يار مۇنداق دەيدۇ:

قىيامەت كۈن قوشۇلسا جان بىلەن تەن،

قوپار ھەر ئادىمى ئۆز دوستى بىرلەن.

بىر ـ بىرىنى ئاللاھ ئۈچۈن دوست تۇتقان جەمئىيەتتە ئۆزئارا مۇھەببەت، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق مۇستەھكەم بولۇپ، دۈشمەنلىك، بۆلۈنۈش، ئىتتىپاقسىزلىق يوقىلىدۇ ۋە پاراۋانلىق، بەخت ـ سائادەت بولىدۇ.

5 ـ زىنادىن ئۆزىنى ساقلىغان كىشى، كىشىلەر كۆرگەندىمۇ، يالغۇز قالغاندىمۇ ئاللاھتىن قورقىدىغان ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىنى دائىم كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمايدىغان كىشى ھەقىقىي سادىق مۇسۇلمان بولىدۇ. دۈشمەننى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، نەپسىنى يەڭگەن باتۇر. باي، مەنسەپلىك، ساھىبجامال، چىرايلىق ياسانغان ئايال ئۆزىگە چاقىرسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشقا ھېچقانداق توسالغۇ قالمىغان، ئۇلارنى كۆزىتىپ كۆرۈپ قالىدىغان ۋە باشقىلارغا چېقىپ قويىدىغان ھېچبىر كىشى بولمىغان ۋە نەپسى قاتتىق ئارزۇ قىلىۋاتقان ھالەتتە پەقەت ئاللاھتىن قورقۇپ، نەپسى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەي گۇناھتىن ساقلانغان كىشى مانا مۇشۇنداق ئەرشنىڭ سايىسىدە بولۇش شەرىپىگە ئېرىشىدۇ. گۇناھتىن ئۆزىنى تارتىش ئىبادەت قىلىشتىن تەس. شۇڭلاشقا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ماڭا ئىككى ساقال ئارىسىدىكى ۋە ئىككى يوتا ئارىسىدىكى نەرسىنى (تىل بىلەن ئەۋرەتنى) ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلساڭلار، مەن جەننەتكە كىرىشىڭلارغا كاپالەتلىك قىلىمەن» دېگەن. [ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان]

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئــۇلار (جەنــنەتكە كىرىــدىغانلار) ئەۋرەتلىرىنـــى ھارامــدىن ســاقلىغۇچىلاردۇر. (يەنـــى ئەۋرەتلىرىنـــى) پەقەت خوتۇنلىرىــدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر. (خوتـۇنلىرى ۋە چـۆرىلىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغـۇچىلار) مالامەت قىلىنمايـدۇ. بۇنىـڭ سىرتىدىن (جىنســي تەلەپلىرىنــى قاندۇرۇشــنى) تەلەپ قىلغــۇچىلار ھەددىــدىن ئاشقۇچىلاردۇر.» [سۈرە مۆئمىنۇن 5 ـ 6 ـ7 ـ ئايەتلەر]

6 ـ مەخپىـــي ســـەدىقە قىلىـــدىغان كىشـــى، ئـــاللاھ تەئـــالا مۇســـۇلمانلارنىڭ تۇرمـــۇش سەۋىيىســـنى يـــۇقىرى دەرىجــــدە تەكىتلىغان ئىشتۇرۇش، ئۆزئارا دوستلۇق پەيدا قىلىش ئۈچۈن بايلارغا زاكات بېرىشــنى پەرز قىلغــان. ئۇنىــڭ ســرتىدا ئىقتىســادىي ئەھــۋالى ياخشــى كىشىلەر ئاجىز، كەمبەغەل، يوقسۇل، بالا ـ چاقىسى كـۆپ بىچارىلەرگە ۋە مەســچىت، مەدرىســە، يــول، دوختۇرخانىغــا ئوخشــاش ئومۇمنىــڭ مەنپەئىتىگە ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارغا سەدىقە قىلىشقا تەرغىب قىلغـان. بۇنــداق ســەدىقىلەرنى بەرگەنــدە، رىيــادىن ســاقلىنىش ۋە ســەدىقە ئالغۇچىنىــڭ ئىــززەت ـ ئــابرۇيىنى چۈشۈرمەســلىك ئۈچــۈن مەخپىــي بېرىش ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ساۋابلىق بولىدۇ. چـۈنكى قىلغـان سـەدىقىنى ئــاللاھ تەئـالا كــۆرۈپ تۇرىــدۇ ۋە مۇكاپــاتىنى ئــۆزى بېرىــدۇ. كىشــىلەر كۆرمىسىمۇ، سەدىقە بەرگۈچىنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلمىسىمۇ، ئـاللاھ تەئـالا بەنــدىنىڭ قىلغـــان ياخشـــىلىقلىرىمنى قەتئىـــي زايە قىلىۋەتمەيـــدۇ. رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم مۇنــداق دەيــدۇ: «ســىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن يېرىم خورما بىلەن بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىشقا كـۈچى يېتىدىغان كىشى شۇنداق قىلسۇن.» [ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

سەدىقىنى ئاز كۆرمەسلىك كېرەك. كۆپ بېرەلىسە ناھايىتى ياخشى. ئۇنىڭغا قۇربى يەتمىسە ئاز بولسىمۇ قولىدىن كېلىشىچە سەدىقە قىلسا، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ ئىخلاسىغا قاراپ ساۋابىنى نەچچە ھەسسە كۆپەيتىپ بېرىدۇ. ئەگەر سەدىقە بەرگۈچى ياخشىلىق دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىش، كىشىلەرنى ياخشى ئورۇنلارغا سەدىقە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۆزگە باشقىلارنى ئەگەشتۈرۈش مەقسىتىدە سەدىقىنى ئاشكارا بەرسە بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا باشقىلارنىڭ ياخشى ئىشلارغا ياردەم قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن رىيا بولمايدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار، بۇ ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇنى مەخپىي بەرسەڭلار ۋە يوقسۇللارغا بەرسەڭلار تېخىمۇ ياخشىدۇر. بۇ، سىلەرنىڭ بەزى گۇناھلىرىڭلارغا كافارەت بولىدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.» [سۈرە بەقەرە 271 ـ ئايەت]

7 ـ يالغۇز يەردە ئاللاھنى ياد ئېتىپ يىغلايدىغان كىشى، ئاللاھ تەئالانىڭ بەرگەن نازۇ نېمەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە گۇناھلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ھېس قىلغان كىشى، ئىختىيارسىز يىغلايدۇ. بۇ يىغلاش جامائەت ئىچىدە بولسۇن، يالغۇز يەردە بولسۇن قەلبى يۇمشاق كىشىلەردىن سادىر بولىدۇ. لېكىن سەھەر ۋاقىتلىرىدا، ھەممە ئادەم ئۇيقۇدىكى چاغدا، ئۆزى يالغۇز ئاللاھ تەئالانىڭ ئەزىمەت ـ جالالىتىدىن ئەيمىنىپ، ئازابىدىن قورقۇپ ۋە چەكسىز رەھمىتىدىن ئۈمىد قىلىپ يىغلىغان كىشى قىيامەت كۈنى

يىغلىمايدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلىغان كىشى دوزاخقا كىرمەيدۇ.» [ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان]

كاشكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار يىغلىيالىساق. ئەھۋالىمىزنىڭ خارابلىشىپ، ئەخلاقىمىزنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ دىنىنىڭ ئاياغ ئاستى بولغانلىقىغا يىغلىساق. ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمرىنى تولۇقى بىلەن ئىجرا قىلماي، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلماي خورلانغىنىمىزغا يىغلىساق. كەمچىلىكىمىزنى تونۇپ تەۋبە قىلىشنىڭ ئورنىغا، خاتالىقتا چىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىمىزغا يىغلىساق، ئاللاھ تەئالانىڭ غەزىپىدىن قورقۇشنىڭ ئورنىغا كاپىردىن مەدەت تىلەپ يېلىنىپ يالۋۇرغىنىمىزغا يىغلىساق. ھالىمىز شۇنچىلىك ئېچىنىشلىقكى، ئەگەر ھايۋاناتلارنىڭ تىلى بولسا، بىزنىڭ ھالىمىزغا يىغلايتتى.

ئى پەرۋەردىگارىم! بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگىن. بۇ دۇنيادا ھەق يولدا مېڭىپ رازىلىقىڭغا ئېرىشىدىغان راستچىل مۇسۇلمان بولۇشنى نېسىپ قىلغىن، قىيامەت كۈنى غەزىپىڭگە ئۇچراپ كېتىشتىن ساقلىغىن. بىزنى قىيامەت كۈنى ئەرشنىڭ سايىسىدە تۇرىدىغانلار قاتارىدىن قىلغىن، ئاخىرى بارىدىغان جايىمىزنى جەننەت قىلغىن. ئامىين!

## 14ـ ھەدىس  پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غايىبتىن خەۋەر بەرگەنلىكى توغرىسىدا

عن عمران ابن حصين رضي الله عنهما عن النبيِّ صلى الله عليه وسلم قال: «خَيْرُكُمْ قَرْنِي، ثُمَّ الَّذِينَ يَلُونَهُم، ثُمَّ الَّذِينَ يَلُونَهُم، ثُمَّ الَّذِينَ يَلُونَهُم» قال عمران: "فَلاَ أَدْرِي أَقَالَ رَسُولُ اللهِ بَعْدَ قَرْنِهِ مَرَّتَيْنِ أَو ثَلاَثَةً" «ثُمَّ يَكُونُ بَعْدَهُمْ قَوْمٌ يَشْهَدُونَ وَلاَ يُسْتَشْهَدُونَ، وَيَخُونُونَ وَلاَ يُؤْتَمَنُونَ، وَيَنْذِرُونَ وَلاَ يُوفُونَ، وَيَظْهَرُ فِيهِمْ السِّمَنُ» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار مېنىڭ ئەسرىمدە ياشىغان كىشىلەردۇر، ئۇلاردىن قالسا ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسىردە ياشىغان كىشىلەردۇر، ئۇلاردىن قالسا ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسىردە ياشىغان كىشىلەردۇر، ئۇلاردىن قالسا ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسىردە ياشىغان كىشىلەردۇر» ئىمران: «رەسۇلۇللاھ ئۆز ئەسرىنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن، ئىككى ئەسىر دېدىمۇ ياكى ئۈچ ئەسىر دېدىمۇ بىلمەيمەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ «ئۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق بىر خەلق كېلىدۇكى، ئۇلار گۇۋاھلىققا تارتىلمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن گۇۋاھلىق بېرىدىغان، خىيانەتكار، ئىشەنچسىز، ئاللاھقا قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان ئادەملەردۇر، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا

سىپىمىزلىك ئاشكارا كۆرۈلىدۇ.» دېدى. [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 6427]

ئىزاھات: ئەسىر ـــ يۈز يىل دېگەن بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مېنىڭ ئەسرىمدە ياشىغانلار» دېگەن سۆزىدىن ساھابە كىراملار مەقسەت قىلىنىدۇ. «ئۇلاردىن قالسا ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسىردە ياشىغان كىشىلەردۇر»، دېگەن سۆزىدىن تابىئىين يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ، ساھابە كىراملار بىلەن كۆرۈشكەن كىشىلەر مەقسەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى قېتىم «ئۇلاردىن قالسا ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسىردە ياشىغان كىشىلەردۇر»، دېگەن سۆزىدىن تەبئىي تابىئىين يەنى ساھابە كىراملار بىلەن كۆرۈشۈش شەرىپىگە ئېرىشەلمىگەن، تابىئىنلار بىلەن كۆرۈشكەن مۇسۇلمانلار يەنى ئىسلام تارىخىدا ئۈچىنچى ئەسىردە ئۆتكەن مۇسۇلمانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئەڭ ياخشى ئەسىر جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياشىغان ئەسىر بولۇپ، ئۇ دەۋرىدە ئىسلام بىلەن شەرەپلەنگەن ساھابە كىراملار شەرىئەتكە ئەمەل قىلىشتا، ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتا، گۈزەل ئەخلاقتا، ئىلىم - مەرىپەتتە، ئادالەتتە، ھەق يولدا ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى تەرەددۇتسىز قۇربان بېرىشتە گويا ئاللاھ تەئالانىڭ يەر

يۈزىدىكى پەرىشتىلىرى ئىدى. ئاللاھ تەئالا ئۇلارنى قۇرئان كەرىمدە مەدھىيىلەپ مۇنداق دېگەن:

«مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەر كۇپپارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر، ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار.» [سۈرە فەتھ 29 ـ ئايەت]

ئۇلار ياخشىلىقنى ئۆزى قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بارلىق ئىنسانلارنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ يامانلىقتىن ـ ئاگاھلاندۇراتتى، بۇ يولدا كەلگەن ھەر تۈرلۈك جەبرى ـ جاپالارغا بەرداشلىق بېرىپ، ھەقنى بەرپا قىلىشتا ھېچكىمنىڭ مالامەت قىلىشىدىن قورقمايتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئارزۇسى ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئىدى. ئاللاھ تەئالا رازى بولسا پۈتۈن دۇنيا خەلقى نارازى بولسىمۇ مەيلى، پۈتۈن دۇنيا خەلقى رازى بولۇپ، ئاللاھ تەئالا نارازى بولسا ھېچ پايدىسى يوق. مانا بۇ ساھابە كىراملارنىڭ ۋاز كەچمەس پرىنسىپى ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تەئالانى رازى قىلىش يولىدا ھېچنەرسىدىن قورقمايتتى. ئۇلارنىڭ دەيدىغىنى خۇددى ھەزرىتى خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىد قىلىنىش ئالدىدا ئېيتقان مۇنۇ سۆزىدۇر:

ئىلاھىم ماڭا بەرداشلىق ئاتا قىلغىنكى، دۈشمەنلەر ـ

ئازابلاشلار بىلەن تىلدى شىلىپ گۆشتۈمنى ئۇستىخاندىن.

خۇدانىڭ يولىدا ئۆلدۈم ئەگەر ئۇ خالىسا شەكسىز،

ئورۇن ئالغاي بۇ قىينالغان ۋۇجۇدۇم باغۇ رىزۋاندىن.

مېنى قىستاشتى ئىماندىن يېنىشقا، يىغلىمايمەن ھېچ،

ئۆلۈشكە رازىمەنكى، يوق يېنىش ھەرگىزمۇ ئىماندىن.

ئۆلۈمدىن زادى قورقمايمەن، ياشامتىم مەڭگۈ ئۆلمەستىن،

ئۆلۈم مىڭ ياخشى ئاسىيلىق قىلىپ دوزاختا يانغاندىن.

خۇدا دەرگاھىغا قايتقۇم، پىسەنت قىلمايمەن دۈشمەنگە،

ئېگىپ باش ياۋغا قىلمايمەن خۇشامەت قىلچە يالغاندىن.

پەقەت ئىمان بىلەن كەتسەملا بولدى، يوقكى پەرۋايىم ـ

شېھىد بولۇپ يىقىلسام سول تەرەپتىن ياكى ئوڭ ياندىن.[1]

ساھابە كىراملاردىن كېيىن كەلگەن تابىئىنلار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەنلەرمۇ ساھابە كىراملارنىڭ يولىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، شۇلار ماڭغان يولدا مېڭىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئاللاھ تەئالانىڭ مۇقەددەس دىنى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شانلىق سۈننىتىنى تارقىتىش يولىدا جانلىرىنى، ماللىرىنى قۇربان بەرگەن زاتلار ئىدى. شۇلارنىڭ مىسلىسىز تىرىشچانلىقى، تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان پىداكارلىقلىرى بولمىغان بولسا بىز مۇسۇلمان بولۇش دېگەن بۇ ئۇلۇغ شەرەپكە ئېرىشەلمىگەن بولاتتۇق. شۈكلاشقىمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

[1] سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 381 ـ بەت.

يۇقىرىــــدىكى ھەدىســــىدە بىــــزگە ئۇلارنىــــڭ پەزىلىتىنــــى تەكىــــتلەپ كۆرسەتكەن.

كېيىنكىلەرچــۇ؟ خــۇددى ئــاللاھ تەئــالا دېگەنــدەك ناچارلىشــىپ كەتتۇق:

«ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار قىيامەتتە گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.» [سۈرە مەريەم 59 ـ ئايەت]

شۇنداق، كېيىنكىلەر شۇنداق ناچارلىشىپ كەتتۇقكى، پۈتۈن ناچار ئىللەت، يامان ئادەت، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، ھەسەتخورلۇق، يالغانچىلىق، خىيانەت، ساتقۇنلۇق بىزدىن تېپىلىدۇ. ھاكىملار مۇستەبىت، بايلار ئىنساپسىز، ئۆلىمالاردا تەقۋا يوق، تالىپلاردا تائەت يوق. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ناھەقچىلىك ئەۋج ئالغان، ئادالەت يوقالغان، شۈكلاشقا خارلىق ئىچىدە قالغان. جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىدىكى سۆزىدە كېيىنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ناچارلىشىپ كېتىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ: «ئۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق بىر خەلق كېلىدۇكى، ئۇلار گۇۋاھلىققا تارتىلمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن گۇۋاھلىق بېرىدىغان، خىيانەتكار، ئىشەنچسىز، ئاللاھقا قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان ئادەملەردۇر، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سېمىزلىك ئاشكارا كۆرۈلىدۇ.» دېگەن. دەرۋەقە ھازىر شۇنداق زامان بولدى. ھېچكىمگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. بەزى مۇسۇلمانلار شۇنچىلىك راھەتپەرەس بولۇپ كەتكەنكى، يەپ ـ ئىچىپ

قورسىقىنى يوغىنىتىپ ئولتۇرۇشىنىلا بىلىدۇ. خەلقى ئۇچۇن، دىنى ئۈچۈن يـاردەم تەلەپ قىلىنسا، راھىتىمگە دەخلى يېتىپ قالامدىكىن دەپ، مىڭ بىر خىل باھانىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

گەپنى كـۆپ قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق. شـۇنى قەتئىي بىلىش لازىمكى، بىز نەپسى خاھىشىمىزنى يېڭىپ، بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىزنى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرمايدىكەنمىز، بـۇرۇنقى ساھابە كىراملاردەك چىن مۆمىن بولـۇپ، يوقالغان ئىززەت ـ ئابرۇيىمىزنى قولىمىزغا ئالالمايدىكەنمىز، بىزنىڭ مەن مۇسۇلمان دېگىنىمىز قـۇرۇق دەۋا بولـۇپ، ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. بىزنىڭ بـۇ قـۇرۇق دەۋايىمىز بىزنى ھەم بـۇ دۇنيادا ھەم ئاخىرەتتە خار قىلىدۇ. بۇ دۇنيادا ئەمەلىيەتتە خارلىنىۋاتىمىز، ئاخىرەتتىكى ئازاب بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە قاتتىق. مەيلى ئىشەنمەيلى، مەيلى ئىشەنمەيلى بـۇ بىر ھەقىقەت. شـۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي، چىن مۆمىن بولۇشتىن باشقا چارە يوق، چىن مۆمىن بولۇش يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئېغىزىمىزدا مەن مۇسۇلمان، مەن مۆمىن دەپ قويۇش بىلەن بولمايدۇ.

ئى رەھىملىك پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئـازغۇن قـۇللىرىڭنى ھەق يولۇڭغا ھىدايەت قىلىپ، ھەقىقىي مـۆمىن، مۇسۇلمان بولۇشقا مۇۋەپپەق قىلغىن. بىزگە ھەقىقەتنى ھەقىقەت كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى، باتىلنى باتىل كۆرسىتىپ ئۇنىڭدىن يىراق بولۇشنى نېسىپ قىلغىن. ئامىين!

## 15 ـ 16ـ ھەدىس مۇناپىقنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا

عن عبدِ اللهِ بنِ عمروِ بنِ العاص رضي الله عنهما، أَنَّ النَّبِيَّ صلى الله عليه وسلم قال: «أَرْبَعٌ مَنْ كُنَّ فِيهِ كَانَ مُنَافِقاً خَالِصاً، ومَنْ كَانَتْ فِيهِ خِصْلَةٌ مِنْهُنَّ كَانَتْ فِيهِ خِصْلَةٌ مِنَ النِّفَاقِ حَتَّى يَدَعَهَا، إِذَا اؤْتُمِنَ خَانَ، وإِذَا حَدَّثَ كَذَبَ، وإِذَا عَاهَدَ غَدَرَ، وإِذَا خَاصَمَ فَجَرَ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «تۆت خىسلەت بار، ئۇ كىمدە بولسا خالىس مۇناپىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئوت خىسلەتتىن بىرى كىمدە بولسا، ئۇنى تاشلىمىغۇچىلىك ئۇنىڭدا مۇناپىقنىڭ بىر سۈپىتى بولغان بولىدۇ. ئۇ تۆت خىسلەت: ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ، گەپ قىلسا يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، تالاش ـ تارتىش قىلغاندا ئېغىزىنى بۇزىدۇ.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 34]

عن أبي هريرةَ رضي الله عنه: أَنَّ رسولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم قال: «آيَةُ الْمُنَافِقِ ثَلَاثٌ: إِذَا حَدَّثَ كَذَبَ، وإِذَا وَعَدَ أَخْلَفَ، وإِذَا اؤْتُمِنَ خَانَ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: «مۇناپىقنىڭ ئۈچ ئالامىتى بار: گەپ قىلسا يالغان گەپ قىلىدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 33]

ئىزاھات: مۇناپىقنىڭ لۇغەت مەنىسى، بىر ئىشىكتىن كىرىپ، يەنە بىر ئىشىكتىن چىقىپ كېتىش دېگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ شەرىئەتتىكى ئىستىلاھ مەنىسى «دىلىدا كۇپرىنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ ئېغىزىدا مەن مۇسۇلمان دەيدىغانلاردۇر.» ئاللاھ تەئالا قۇرئاندا مۇناپىقلارغا لەنەت ئوقۇغان، ئۇلارنى سۆككەن ۋە ئۇلارغا ئاخىرەتتە ناھايىتى قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. ئۇلارنى دىلىدا يوق نەرسىنى تىلىدا دەيدۇ، ئۆزلىرى ئىشەنمەي تۇرۇپ ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىمىز دەپ دەۋا قىلىدۇ دەپ سۈپەتلىگەن. مۇناپىقلارنىڭ قىلىقى ئالداش، ساختا قىلىش، يالغان سۆزلەش، غەيۋەت قىلىش، گەپ توشۇش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىق، بەرگەن سۆزدە تۇرماسلىق، ئەھدىنى بۇزۇش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا ئاداۋەت سېلىش ئارقىلىق يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، بېخىل، بەدىنىنىڭ سېمىزلىكى، كىيىمىنىڭ پاكىزلىقى ۋە سۆزىنىڭ تاتلىقلىقى بىلەن تاشقى كۆرۈنۈشى چىرايلىق، مۇتەكەببىرلىك، ھەسەتخورلۇق، رىياكارلىق ۋە باشقا پىسخىك ئىللەتلەر بىلەن ئىچى زەھەر قەبىھ ئىنسانلاردۇر.

ئـــاللاھ تەئـــالا رەســـۇلۇللاھ ســـەللەللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەمنى مۇناپىقلاردىن ھەزەر قىلىشقا چاقىرىپ مۇنداق دېگەن:

«ئۇلارغا قارايـدىغان بولسـاڭ، بەدەن قۇرۇلۇشـى، سـالاپەتلىكى سـېنى ھەيـران قالدۇرىـدۇ. ئەگەر ئـۇلار سۆزلىسـە، سـۆزىنىڭ پاسـاھەتلىكىدىن سـۆزىگە قـۇلاق سالىسـەن، ئىلىمسـىز ۋە ئەقىلسـىزلىقتا گويـا ئـۇلار تامغـا يـۆلەپ قويۇلغـان چىرىـپ كەتـكەن ياغـاچلاردۇر. ئـۇلار قورقـۇنچتىن ھەر قانداق ئاۋازنى ئۆزلىرىگە قارىتىلغـان دەپ گۇمـان قىلىـدۇ. ئـۇلار سـاڭا ۋە مـۆمىنلەرگە دۈشـمەندۇر. ئـۇلاردىن ھەزەر ئەيلىگـىن، ئـاللاھ ئـۇلارنى ھـالاك قىلسـۇن! ئـۇلار قانـداقمۇ ھـىدايەتتىن گۇمراھلىققـا بۇرۇلـۇپ كېتىدۇ؟!» [سۈرە مۇنافىقۇن 4 ـ ئايەت]

مۇناپىقلارنىڭ ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان خەتىرى كـاپىرلاردىنمۇ يامان. چۈنكى كاپىرنىـڭ دۈشـمەنلىكى ئاشـكارا. ئەممـا مۇنـاپىق مۇسـۇلمان قىلىپىغـا كىرىۋالغـان زەھەرلىـك يىـلان بولغاچقـا، كىشـىلەر ئۇنىـڭ تاشـقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ ئۇنى دوست گۇمان قىلىپ ئىچكـى سىـرلىرىنى ئېيتىـدۇ، قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ پىلانلىرىدىن ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىـدۇ. لېكىن ئـۇ ئىككـى يۈزلـۈك دۈشـمەن، بىـر يـۈزى بىـلەن دوسـت كۆرۈنـۈپ تـۇرۇپ مەخپىيەتلىكلەرنـى بىلىۋېلىـپ، ئانـدىن يەنە بىـر يـۈزى بىـلەن نەشـتىرىنى تىقىدۇ. ئەندەلۇس، مۇسۇلمان تـۈرك مەملىكەتلىـرى ۋە پەلەسـتىن قاتـارلىق ئىسـلام دىيارلىرىنىـڭ ھەممىسـى مانـا مۇشـۇنداق مۇناپىقلارنىـڭ سـەۋەبى بىـلەن مۇسـۇلمانلارنىڭ قولىـدىن چىقىـپ كەتـكەن. ئىسـلام تارىخىـدا مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا سالغان زىيىنـى ئـاز ئەمەس. ئۇلار يالغانـدىن

ھەدىس تولۇق چىقىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ پاك ئەقىدىسىنى بۇلغىغان. گەپ توشۇپ مۇسۇلمانلارنى پارچە ـ پارچە بۆلۈپ تاشلىغان. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە ـ پاسات پەيدا قىلىش ئارقىلىق تاشقى دۈشمەنگە يول ئېچىپ بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىدىكى ھەدىستە مۇسۇلمانلارنى مۇنداق ناچار قىلىقتىن ئۆزىنى پاكلىسۇن، ئۆتۈلۈپ قالغان كەمچىلىكلىرى بولسا دەرھال تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى تۈزەتسۇن، ئىككى يۈزلۈك مۇناپىقلاردىن يىراق تۇرسۇن ئۈچۈن، بىزگە مۇناپىقلارنىڭ ئەڭ ئاشكارا ئالامەتلىرىدىن تۆتنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى بۇ تۆت نەرسىگە ئادەتلەنگەن كىشىنىڭ ئىككى يۈزلۈك ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان بولىدۇ. گەپ قىلسا يالغان گەپ قىلىپ كىشىلەرنى ئالدايدۇ. پۇل ـ مال، سۆز ياكى سىر ئامانەت قويسا خىيانەت قىلىپ ئىشەنچ قىلغان كىشىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. قىلمايدىغان ئىشقا ۋەدە بېرىپ، كېيىن ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ. ئازراق بىر جېدەل بولۇپ قالسا ئېغىزنى بۇزۇپ سەت گەپلەر بىلەن تىللايدۇ. بۇنداق ئادەمنىڭ مەن مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلغىنى، ناماز ئوقۇغىنى، روزا تۇتقىنىنىڭ پايدىسى نېمە؟

ئاللاھ تەئالا مۇناپىقلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئى مۇھەممەد! مۇناپىقلارغا بىشارەت بەرگىنكى، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئۇلار مۆمىنلەرنى قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتىدۇ. ئۇلار كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىززەت ۋە قۇدرەت تەلەپ قىلامدۇ؟ ئىززەت ۋە قۇدرەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ قۇرئاندا

سىلەرگە نازىل قىلدىكى، سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار باشقا پاراڭغا كىرىشمىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا گۇناھتا ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر. ئاللاھ ھەقىقەتەن مۇناپىقلارنىڭ ۋە كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى جەھەننەمدە توپلايدۇ. مۇناپىقلار سىلەرگە ھادىسە كېلىشىنى كۈتىدۇ. ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە ئېرىشسەڭلار، ئۇلار: «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق؟ (كاپىرلاردىن ئالغان غەنىيمەتلەردىن بىزگىمۇ بېرىڭلار)» دەيدۇ. ئەگەر كاپىرلار زەپەر تاپسا، مۇناپىقلار (كاپىرلارغا) «بىز سىلەردىن غالىپ بولۇپ تۇرۇپ سىلەرنى ئۆلتۈرمىدۇق ئەمەسمۇ؟ سىلەرنى مۆمىنلەردىن ساقلىمىدۇقمۇ؟» دەيدۇ. ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئاللاھ كاپىرلارغا ھەرگىز  مۆمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ. شۈبھىسىزكى،  مۇناپىقلار ئاللاھنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ. ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا، خوش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ، نامازنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ. ئاللاھنى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ. مۇناپىقلار كۇپرى بىلەن ئىمان ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇرىدۇ، مۆمىنلەرگىمۇ، كاپىرلارغىمۇ مەنسۇپ ئەمەس. كىمنى ئاللاھ گۇمراھ قىلغان ئىكەن، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ توغرا يول تاپالمايسەن.» [سۈرە نىسا 138 ـ 143 ـ ئايەتلەر]

ئاللاھ تەئالا بىزنى بۇنداق يامان ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدىغان ناچار ئىللەتلەردىن ساقلىسۇن! ئامىين!

## 17ـ ھەدىس راستچىل بولۇش توغرىسىدا

عنِ ابنِ مَسْعودٍ رضي الله عنه قال: قال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «عَلَيْكُمْ بِالصِّدْقِ، فإِنَّ الصِّدْقَ يَهْدِي إِلَى الْبِرِّ، وَالْبِرُّ يَهْدِي إِلَى الْجَنَّةِ، وَمَايَزَالُ الرَّجُلُ يَصْدُقُ ويَتَحَرَّى الصِّدْقَ حَتَّى يُكْتَبَ عِنْدَ الله صِدِّيقاً. وَإِيَّاكُمْ وَالْكَذِبَ، فَإِنَّ الْكَذِبَ يَهْدِي إِلَى الْفُجُورِ، وإِنَّ الْفُجُورَ يَهْدِي إِلَى النَّارِ، ومَايَزَالُ الْعَبْدُ يَكْذِبُ ويَتَحَرَّى الْكَذِبَ حَتَّى يُكْتَبَ عِنْدَ الله كَذَّاباً» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «راست سۆزلەڭلار! چۈنكى راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ ۋە ياخشىلىق جەننەتكە ئېلىپ بارىدۇ. كىشى داۋاملىق راست سۆزلىسە ۋە راست سۆزلەشكە تىرىشسا، ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدە راستچىل كىشى دەپ يېزىلىدۇ. يالغان سۆزلەشتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى يالغان سۆز گۇناھقا باشلايدۇ ۋە گۇناھ دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ. كىشى ھەمىشە يالغان سۆزلىسە ۋە يالغان سۆزلەشكە ئۇرۇنسا، ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدە يالغانچى ئادەم دەپ يېزىلىدۇ.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 6591]

ئىزاھات: راست سۆزلەش ــ سۆزنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغانلىقى بولۇپ، ئىنساننىڭ ئەڭ ئېسىل سۈپەتلىرىدىن بىرىدۇر. ئىمام غازالى «ئىھيائۇ ئۇلومىددىن» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىلگىنكى، راستچىللىق ئالتە مەنىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئۇلار: سۆزدە راستچىل بولۇش، نىيەتتە راستچىل بولۇش، ئىرادىدە راستچىل بولۇش، ئىرادىگە ۋاپا قىلىشتا راستچىل بولۇش، ئىشتا راستچىل بولۇش ۋە دىننىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئادا قىلىشتا راستچىل بولۇشتۇر. كىمكى بۇ ئالتە نەرسىدە راستچىل بولسا، ئۇ ‹سىددىق› دەپ ئاتىلىدۇ.»

ئىنسان ھەق بولسۇن، باتىل بولسۇن قانداق نەرسىگە ئادەتلەنسە، كىشىلەر ئۇنى ئاشۇ ئادىتى بىلەن تونۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئۇنى مەدھىيىلەيدۇ ياكى سۆكىدۇ. ئىنساننىڭ تونۇلۇشىقا تېگىشلىك ئەڭ ئۇلۇغ سۈپىتى راستچىل بولۇش ۋە يالغاندىن ئۆزىنى ساقلاشتۇر. بۇنداق ئالىي سۈپەت بىلەن سۈپەتلىنىش كاپىر ـ مۇسۇلمان، دىندار ـ دىنسىز ھەممە ئادەمنىڭ مەتلۇبىدۇر. چۈنكى راستچىللىق ئادەمنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى يۈز ـ ئابرۇيىنى كۆتۈرىدۇ. ئۇنى ئاللاھ تەئالانىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئالىي مەرتىۋىگە چىقىرىدۇ.

سۆزىدە، بۇيرۇقىدا، جاۋابىدا، زىكرىدە، ئېلىشىدا، بېرىشىدە راستچىل بولغان كىشى ئاللاھ تەئالا ۋە ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئەزىز، شەرەپلىك، ئىشەنچلىك بولىدۇ. ئۇنداق كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى ياخشىلىق، ھۆكۈمى ئادالەت، مۇئامىلىسى پايدىلىق، سۆھبىتى بەرىكەتلىك بولىدۇ. ئىشتا راستچىل بولغان كىشى رىياكارلىقتىن، سۇمئىدىن (يەنى قىلغان

ئىشىنى باشقىلارغا ئاڭلىتىشتىن) يىراق بولىدۇ، قىلغان ئىشىدا ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆزلىمەيدۇ. نامىزى، زاكىتى، روزىسى، ھەججى، سىلە ـ رەھىم قىلىشلىرى، ھىجرىتى، سۆزلىشى، سۈكۈت قىلىشى ۋە باشقا بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا بولىدۇ. ئاچچىق بولسىمۇ ھەقىقەتنى سۆزلەيدۇ. راست سۆزلەشتە كاتتىلارنىڭ كاتتىلىقىدىن ۋە مەخلۇقنىڭ كۈچىدىن قورقمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلغان ئىشلىرى ئۇنى ياخشىلىققا ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىددىقلاردىن قىلىدۇ، قىيامەتكە بارغاندا ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشقانلار ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىدۇ ۋە ئائىلىسىنى، مال ـ مۈلكىنى قورقماي ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار.» [سۈرە تەۋبە 119 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ ئېيتىدۇ: ‹بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) راستچىللارنىڭ راستچىللىقى ئۆزىگە پايدا قىلىدىغان كۈندۇر، ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ، بۇ زور بەختتۇر›.» [سۈرە مائىدە 119 ـ ئايەت]

ئەپسۇسكى، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە يالغانچىلىق ئومۇملىشىپ كەتكەن، يالغان سۆزلەش، يالغان قەسەم قىلىش، يالغان گۇۋاھلىق

بېرىش، ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالغان. ھالبۇكى، كاپىرلار، بۇتپەرەسلەر راستچىللىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلار راستچىللىقنىڭ پايدىسىنى تونۇپ يەتكەچ سۆزىدە، مۇئامىلىلىرىدە راستچىللىق قىلىدۇ ۋە پرىنسىپىدە چىڭ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ئۇلار ئىشەنچلىك بولۇشتا بەزى مۇسۇلمانلاردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان نەرسىلىرىنى ئالماي، يەھۇدىينىڭ، ئامېرىكىنىڭ، گېرمانىيىنىڭ ئىشلەپچىقارغان ماللىرىنى قىممەت باھادا ئالىدۇ، ئۇلار تەرەققىي قىلىدۇ، بىز ئارقىدا قالىمىز. سەۋەبى راستچىل بولمىغانلىقىمىز ۋە مۇئامىلىدە كىشىلەرنى ئالدىغانلىقىمىزدۇر.

كىشى كۆپ يالغان سۆزلىسە، بولمىغان ۋەقەلەرنى بولدى دەپ خەۋەر بېرىشكە داۋام قىلسا، ئاللاھ تەئالانىڭ دەرگاھىدا ۋە خەلق ئالدىدا يالغانچى دەپ تونۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى ھېچكىم ئېتىبارغا ئالمايدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئالىم بولسا سۆزىگە ئىشەنمەيدۇ. سودىگەر بولسا جىڭىغا، ئۆلچىمىگە ئىشەنمەيدۇ. ھۈنەرۋەن بولسا ئىشىنىڭ پۇختىلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. دوختۇر بولسا ئۇستىلىقىغا ۋە سايمانلىرىغا ئىشەنمەيدۇ. ئادۋوكات بولسا ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا ۋە دەۋادا يېڭىپ چىقالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. مانا مۇشۇنداق يالغانچى باشقىلارغا كولىغان ئورىغا ئاۋۋال ئۆزى چۈشىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئـاللاھ ئۇلارغـا زۇلـۇم قىلمىـدى، ئـۇلار ئـۆزلىرىگە زۇلـۇم قىلـدى.» [سۈرە ئالى ئىمران 117 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئىككـى مۇسـۇلماننىڭ ئارىسـىنى ياراشـتۇرۇش ئۈچـۈن يالغـان گەپ قىلىش، ئۇرۇشـتا دۈشـمەننىڭ دىققىتىنـى باشـقا تەرەپكە بـۇراش ئۈچـۈن يالغـــان ســـۆزلەش، جەمئىيەتنىـــڭ ئامـــانلىقى ۋە ئـــائىلە بۇزۇلـــۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئايالىغا مەلۇم دائىرىدە يالغان ئېيتىش جائىزدۇر.

ئاتا ـ ئانىلارنىـڭ كىچىـك بـالىلىرىنى ئالدىشـى، «بىـر نەرسـە ئېلىـپ بېرىمەن» دەپ ۋەدە قىلىپ ئېلىـپ بەرمەسـلىكى، ئـۇلارنى بىلمەيـدۇ دەپ يالغان گەپ قىلىشـى تـوغرا ئەمەس. چۈنكى بـالىلار ئاتـا ـ ئانىسـىنىڭ بـۇ قىلىقىنـى كـۆرۈپ كىچىكىـدىن يالغـان سۆزلەشـكە، ئاتـا  ـ ئانىسـىنى ئالداشـقا كۆنـۈپ قالـدۇ. چـوڭ بولغانـدا يالغـانچىلىق ئۇنىـڭ ئايرىلمـاس ئەخلاقى بولۇپ قالىدۇ.

دېـمەك، جەمئىيەتنىـڭ تەرەققىـي قىلىشـى، كۈچلـۈك بولۇشـى، ئـارزۇ قىلغـان مەقسـىتىگە ئېرىشىشـى خەلقنىـڭ ئەخلاقلىـق بولۇشـىغا، يالغـان سۆزلىمەســـلىكىگە، بىـــر ـ بىرىنـــى ئالدىماســـلىقىغا، ھىيلىگەرلىـــك قىلماســـلىقىغا، ئىشـــنى پۇختـــا قىلىشـــىغا، راســـتچىل ۋە ئىشـــەنچلىك بولۇشىغا باغلىق.

ئـــاللاھ تەئـــالا بىـــز مۇســـۇلمانلارنى رەســـۇلۇللاھقا ئەگىشـــىپ، ئـــۇ ئـۆگەتكەن گـۈزەل ئەخلاقـلار بىـلەن ئەخلاقلىنىـپ، دۇنيـا ۋە ئـاخىرەتتە بەخت سائادەتكە ئېرىشكىلى نېسىپ قىلسۇن. ئامىين!

## 18ـ ھەدىس ياخشى كىشلەر توغرىسىدا

عَنْ أبي هُريرةَ رضي الله عنه قال: قال رسولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: «تَجِدُونَ النَّاسَ مَعَادِنَ، فَخِيَارُهُمْ فِي الْجَاهِلِيَّةِ خِيَارُهُم في الإِسْلاَمِ إِذَا فَقِهُوا، وتَجِدُونَ مِنْ خَيْرِ النَّاسِ فِي هذَا الأَمْرِ أَكْرَهُهُمْ لَهُ، وتَجِدُونَ مِنْ شَرِّ النَّاسِ ذَالْوَجْهَيْنِ، الَّذِي يَأْتِي هؤُلاَءِ بِوَجْهٍ وهؤُلاَءِ بِوَجْهٍ» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلارنى كانلارغا ئوخشاش كۆرىسىلەر، ئۇلارنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە ياخشى بولغانلىرى، ئەگەر ئىسلامىي بىلىملەرنى ياخشى چۈشەنسە، ئىسلامىيەتتىمۇ ياخشى كىشىلەر بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى ئىسلامنى ئەڭ يامان كۆرگەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرىسىلەر. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ يامان ئادەمنىڭ، ئۇلارغا بىر خىل، بۇلارغا بىر خىل قارايدىغان ئىككى يۈزلىمە ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرىسىلەر.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 6406]

ئىزاھات: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە بىزگە ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرى خۇددى كاندىن چىققان مەدەنلەرگە ئوخشاش خىلمۇ خىل

بولىدۇ. كانىدىن ئالتۇن، كۈمۈش، ئالماس قاتارلىق قىممەت باھالىق مەدەنلەر چىققاندەك، تۆمۈر، كۆمۈرگە ئوخشاش نەرسىلەرمۇ چىقىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەسلى ـ نەسلى ياخشى، ئېسىل كىشىلەر مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇنمۇ گۈزەل ئەخلاقلىق، ئادالەت بىلەن ئىش قىلىدىغان، كىشىلەرنى ئالدىمايدىغان، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېمەيدىغان، ئىنساپلىق بولىدۇ. ئۇنداق تېگى ـ تەكتى ياخشى كىشىلەر ھىدايەت تېپىپ مۇسۇلمان بولسا، ئىسلامي ئىلىملەرنى ئوقۇپ، ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، تېخىمۇ ياخشى، ئېسىل سۈپەتلىك، تائەت ـ ئىبادەتكە سەل قارىمايدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمرى ـ پەرمانلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن نەپسىنىڭ خاھىشىدىن كېچىش، كۆڭلى ئارزۇ قىلىپ تۇرسىمۇ گۇناھ ئىشلارنى تەرك ئېتىش ئىشىغا كەلمەيدىغان بولىدۇ. بۇنداق ياخشى كىشىلەرنىڭ قولىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەۋلادلارمۇ، شۇنداق ياخشى، دىنى، ۋەتىنى ۋە جەمئىيىتى ئۈچۈن پايدىلىق كىشىلەر بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنداق ئەۋلادلار ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئەگىشىپ، ياخشى ئىشلارغا ئادەتلەنگەن، يامان ئىشلاردىن نەپرەتلىنىدىغان بولىدۇ. خۇددى ئاللاھ تەئالا دېگەندەك:

«ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر.» [سۈرە تۇر 21 ـ ئايەت]

بۇنداق ياخشى سۈپەتلىك ئىنسانلار بۇرۇن ئىسلامىيەتنى يامان كۆرگەن بولسىمۇ، ئىسلامغا كىرىپ، ئۇنىڭدىكى ياخشىلىقنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئەڭ ياخشى كىشىلەردىن بولىدۇ. خۇددى خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش. ئۇنداق كىشى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى دىنىغا قايتىشنى قەتئىي ئويلىمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن چىن كۆڭلىدىن نەپرەتلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىسلامدىن باشقا دىنلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە ۋە پۈتۈن ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھنىڭ ئەمرىگە زىت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە چىن ئىشىنىدۇ.

يەر يۈزىدە ئىككى يۈزلۈك مۇناپىقتىن يامانراق بىر ئىنسان بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇ ساختا دوست كۆرۈنۈپ، بارلىق سىرلىرىڭنى ئۆگىنىۋېلىپ، دۈشمىنىڭگە بېرىپ سېنى تۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇ ئالدىڭدا سېنى ماختايدۇ، يوق يېرىڭدە غەيۋىتىڭنى قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئادىتى غەيۋەت قىلىش، گەپ توشۇش ۋە ھەقىقەتنى بۇرمىلاش بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالىدۇ. ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ باللارنى يېتىم قىلىدۇ. يېقىننى يىراق، دوستنى دۈشمەن قىلىدۇ.

ئىككى يۈزلۈك مۇناپىق سېنىڭ قېشىڭدا ئولتۇرسا، ئۇنى سەمىمىي دوست، ۋاپادار ئاغىنە دەپ ئويلايسەن، ئەگەر ئۇ يېنىڭدىن چىقسا سېنىڭ ھەققىڭدە قىلغان سۆزلىرى، ئۇبەينىڭ ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. مۇناپىقنىڭ ئىسلام جەمئىيىتىگە بولغان زىيانكەشلىكى كاپىر

دۈشمەندىن يامان. چۈنكى كاپىرنىڭ دۈشمەنلىكى ئاشكارا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ھەزەر قىلىسەن. ئەمما مۇناپىق خۇددى تېشى يۇمشاق ئىچى زەھەر يىلانغا ئوخشاش دۈشمەنلىكى ئىچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە ئالدىنىپ قالىسەن. شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە: «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامىنى ئىككى يۈزلىمىلىك ئىنسان» دەپ بىزنى ئىككى نەرسىدىن ئاگاھلاندۇردۇ: بىرى ئۆزىمىزنى بۇنداق ناچار قىلىقتىن پاكلاپ، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلماسلىق. يەنە بىرى ھوشيار بولۇپ، مۇناپىقلارغا سىر بەرمەسلىك.

ئاللاھ تەئالا بىزنى بۇنداق رەزىل ئەخلاقتا گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك مۇناپىقلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە ئالدىنىپ زىيانغا ئۇچراپ كېتىشتىن ساقلىسۇن. ئامىين!

## 19 ـ 20ـ ھەدىس زالىمنىڭ جازاسى توغرىسىدا

عن أبي موسى الأشعري رضي الله عنه قال: قال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «إِنَّ اللّٰهَ لَيُمْلِي لِلظَّالِمِ حَتَّى إِذَا أَخَذَهُ لَمْ يُفْلِتْهُ، ثُمَّ قَرَأَ [وَكَذَلِكَ أَخْذُ رَبِّكَ إِذَا أَخَذَ الْقُرَى وَ هِيَ ظَالِمَةٌ إِنَّ أَخْذَهُ أَلِيمٌ شَدِيدٌ]» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبى مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ زالىمغا مۆھلەت بېرىدۇ، ئۇنى تۇتقاندا ھەرگىز قاچۇرۇپ قويمايدۇ.» دېگەندىن كېيىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: «پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار ئاھالىسىنى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر.» [سۇرە ھۇد 102 ـ ئايەت] [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، بۇ ھەدىس بۇخارىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، نومۇرى: 4568]

عن أنس بن مالكٍ رضي الله عنه قال: قال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «اُنْصُرْ أَخَاكَ ظَالِمًا أَوْ مَظْلُومًا» فقال رَجُلٌ «يا رسولَ الله! أَنْصُرُهُ إِذَا كَانَ مَظْلُومًا، أَفَرَأَيْتَ إِذَا كَانَ ظَالِمًا كَيْفَ أَنْصُرُهُ؟» قال: «تَحْجُزُهُ أَوْ تَمْنَعُهُ مِنَ الظُّلْمِ فَإِنَّ ذَلِكَ نَصْرُهُ» [رواه البخاري]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دىن قېرىندىشىڭغا زالىم بولسۇن، زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسۇن ياردەم قىلغىن» دېگەندە، بىر ئادەم: «يا رەسۇلۇللاھ! زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىگىغۇ ياردەم قىلىمەن، زالىمغا قانداق ياردەم قىلىمەن؟ شۇنى ئېيتىپ بەرسىلە» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ئۇنى زۇلۇم قىلىشتىن توسساڭ، ئاشۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانلىق بولىدۇ» دېدى. [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 6801]

ئىزاھات: دۇنيادا زۇلۇم ئەڭ قورقۇنچلۇق جىنايەت بولۇپ، ئاقىۋىتى ئىنتايىن يامان ۋە جازاسى جەھەننەمدۇر. ئاللاھ تەئالا ھېچ قانداق جىنايەتنى زۇلۇمدەك قاتتىق چەكلىمىدى ۋە ئۇنىڭ ئازابىدەك قاتتىق ئازاب ۋەدە قىلمىدى. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«بىز ھەقىقەتەن زالىملار ئۈچۈن تۇتۇن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى تەييارلىدۇق، ئۇلار تەشنالىقتىن سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان ناھايىتى قىزىق سۇ بېرىلىدۇ. بۇ نېمىدېگەن يامان شاراب! جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي.» [سۈرە كەھف 29 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ خالىغان ئادەمنى رەھمىتىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. ئاللاھ زالىملارغا قاتتىق ئازابنى تەييارلىدى.» [سۈرە ئىنسان 31 ـ ئايەت]

زۇلۇمنىڭ ئەڭ يامىنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاللاھتىنلا تىلەيدىغان نەرسىلەرنى باشقىلاردىن تىلەشتۇر. لوقمان ئەلەيھىسسالام ئوغلىغا مۇنداق ۋەسىيەت قىلغان:

«ئى ئوغلۇم! ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن ئېغىر زۇلۇمدۇر.» [سۈرە لوقمان 13 ـ ئايەت]

ئىنسانلارغا قارشى زوراۋانلىق قىلىش، كىشىلەرنىڭ ھوقۇقىنى قولىدىن تارتىۋېلىش، كەچۈرۈم قىلىنمايدىغان ئېغىر جىنايەت بولۇپ، زۇلۇم قىلغۇچى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ رازىلىقىنى ئالمىغۇچىلىك، ياكى ئېلىۋالغان ھەقلەرنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمىگۈچىلىك، ئوقۇغان نامىزى، بەرگەن سەدىقىلىرى، تەۋبە ـ ئىستىغفارلىرىمۇ ئۇنىڭ گۇناھىغا كافارەت بولمايدۇ. بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق، جازانىخورلۇق، ئۆلچەم ۋە جىڭدا كەم ـ زىيادە قىلىش، ئىشچىلارنى ئالداش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، قەرز بەرگۈچىگە، شېرىكىگە، ۋەكىلىگە خىيانەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى زۇلۇمغا كىرىدۇ. بۇ جىنايەتلەرنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ جازاسىمۇ ھەر تۈرلۈك بولىدۇ.

ئاللاھ تەئالا ئىنسانلارنى گۇناھلىرىدىن قايتىپ تەۋبە قىلىۋېلىشىغا پۇرسەت بېرىپ، زالىملارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرىدۇ. ئاللاھ تەئالانىڭ مۆھلەت بەرگەنلىكىنى كۆرگەن زالىم تەۋبە قىلىشنىڭ ئورنىغا، زۇلۇم قىلىشقا داۋام قىلسا ۋە ھەددىدىن ئاشسا، ئاللاھ تەئالا ئۇنى شۇنداق تۇتىدۇكى، قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھ تەئالا ئۇنى پۈتۈن

ئالەمگە ئىبرەت بولىدىغان ھالەتتە شۇنداق قاتتىق جازالايدۇ ۋە رەسۋا قىلىدۇ. بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

أدِّ الامانةَ  والخيانةَ فَاجْتَنِبْ،          وَاعْدِلْ ولاتَظْلِمْ يَطِيبُ الْمَكْسَبُ.

وَاحْذَرْ مِنَ الْمَظْلُومِ سَهْمًا صَائِبًا،   وَاعْلَمْ بِأَنَّ دُعَاءَهُ لا يُحْجَبُ.

تەرجىمىسى: ئامانەتنى ئادا قىلغىن، خىيانەت قىلىشتىن ساقلانغىن، ئادالەت قىلغىن، زۇلۇم قىلمىغىن، تاپقىنىڭ ھالال بولىدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ئوقىدىن ھەزەر قىل، چۈنكى ئۇنىڭ ئوقى دەل تېگىدۇ. شۇنى بىلگىنكى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاللاھ ئارىسىدا پەردە بولمايدۇ.

زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ياردەم قىلىپ ھەققىنى ئېلىپ بېرىش ۋە زالىمنى زۇلۇم قىلىشتىن توسۇش ئارقىلىق جەمئىيەتتە تىنچ ـ ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك بولىدۇ. ئاجىز ـ بىچارىلەر كۈچلۈك مۇتەكەببىرلارنىڭ زوراۋانلىقىدىن، زۇلۇمدىن ھىمايە قىلىنىدۇ.

ئىنسانلار نەپسى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، ھەممە نەرسىگە ئۆزىلا ئىگە بولۇش، باشقىلارنى ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسان قاتارىدا كۆرمەي قول قىلىپ ئىشلىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زۇلۇم مەيدانغا كېلىدۇ. ئىسلامدا زۇلۇم قاتتىق مەنئى قىلىنغان ۋە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى جازاسى ئىنتايىن ئېغىر قىلىنغان. ئىسلام مۇسۇلمانلارغا ھەر دائىم تەۋسىيە قىلىدىغان نەرسە، قېرىنداشلىق، قېرىنداشلىق، قېرىنداشلىقتۇر. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە قېرىنداشلىق يەرلەشسە، بىر ـ بىرىگە زۇلۇم

قىلمايدۇ. بىر ـ بىرىنى ئۇخشاش ھوقۇققا ئىگە دەپ قارايدۇ. بىر ـ بىرىنىڭ مېلىغا، جېنىغا، ئىپپەت ـ نومۇسىغا چېقىلمايدۇ. قېرىندىشىنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئەلا بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە ھېچكىم بىر ـ بىرىگە زىيان ئۇرمايدۇ، ئامانلىق ئومۇملىشىدۇ. پۈتۈن خەلق ھۇزۇر ئىچىدە غەم ـ قايغۇ ۋە ئەندىشىدىن خالىي راھەت ـ پاراغەت تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بەخت ـ سائادەت دېگەن مانا مۇشۇ.

ئەمما بۈگۈن دۇنيادا تىنچلىق ـ ئامانلىقتىن سۆز قىلىش ئىنتايىن قىيىن. چۈنكى چوڭ، كۈچلۈك دۆلەتلەر ئاجىز خەلقلەرنى بېسىۋېلىپ، يۇرتلىرىنى ۋە باشقا پۈتۈن ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قولىدىن تارتىۋالغان. بۇ زۇلۇم ۋە خورلۇققا چىدىماي ئۆز ھوقۇقىنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭ دەردىنى تىڭشاش ئۇياقتا تۇرسۇن، يۈزلەپ، مىڭلاپ ئۆلتۈرگەن. ھەر تەرەپتە ئاجىزلارنىڭ قېنى ئېقىتىلماقتا، ھەر يەردە مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرۈلمەكتە، مانا مۇشۇ ئادالەتمۇ؟ ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلغانلىقمۇ؟ 21 ـ ئەسىرنىڭ مەدەنىيىتى مانا مۇشۇ.

دېمەك، ئىسلامدىن باشقا مەدەنىيەت، ئىسلامدىن باشقا دىن ۋە قانۇن ئىنسانلارنى بەختلىك قىلمايدۇ. جەمئىيەتتە ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك ئورنىتالمايدۇ. چۈنكى ئىسلامدىن باشقا بارلىق قانۇن ـ تۈزۈملەر بولسا، ئىنسانلار ئۆزلىرى چىقارغان قانۇنلار بولغاچقا، ئۇ تۈزۈملەر ئىنسانلار ئارىسىدا ھەقىقىي ئادالەتنى بەرپا قىلىشتىن ئاجىز. ئەمما ئىسلام پۈتۈن دۇنيانىڭ خالىقى، ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسى،

ئىنسانغا ھەر تۈرلۈك تەبىئەت ۋە تۈيغۇلارنى بەرگۈچى، چەكسىز ئىلىم ساھىبى بولغان ئاللاھ تەئالا ئۆزى بىۋاسىتە تۈزۈپ بەرگەن قانۇنىدۇر. شۇڭلاشقا ئۇ پۈتۈنلەي ئادالەت بولۇپ، ئامانلىق ئۈنىڭدا، مەدەنىيەت ئۈنىڭدا، ھەقىقەت ئۈنىڭدا، بەختلىك ھايات ئۈنىڭدا ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى سائادەت يەنە ئۈنىڭدىدۇر.

ئاللاھ بىزنى كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىپ سېلىشتىن ساقلىسۇن، ئاللاھتىن قورقمايدىغان، رەھىمسىز زالىملارنىڭ زۇلۇمىدىن ئامان قىلسۇن، بىزنى ئىسلامنىڭ پارلاق داغدام يولىدىن ئايرىمىسۇن. ئامىين!

## 21- ھەدىس مۇسۇلماننىڭ سۈپىتى توغرىسىدا

عن عبدِ الله بنِ عمرو بن العاص رضي الله عنهما قال: قال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «المُسْلِمُ مَنْ سَلِمَ الْمُسْلِمُونَ مِنْ لِسَانِهِ ويَدِهِ، والْمُهَاجِرُ مَنْ هَجَرَ مَانَهَى اللهُ عَنْهُ» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان ــ باشقا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلى ۋە قولىدىن ساق قالغان كىشىدۇر. مۇھاجىر ــ ئاللاھ تەئالا توسقان ئىشلارنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، بۇ ھەدىس بۇخارىدىن كۆچۈرۈپ ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 10]

ئىزاھات: ئىسلام دىنى پەقەت ناماز، روزا، زاكات، ھەج، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، تەسبىھ ئېيتىش، سەدىقە ۋە باشقا ئىبادەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇلار ناھايىتى زور ۋە ئىنتايىن مۇھىم ئىبادەتلەر بولۇپ، تەرك ئېتىشكە ياكى سەل قاراشقا زادى بولمايدۇ. لېكىن دىن پەقەت مۇشۇلاردىنلا ئىبارەت ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنى ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەستايىدىل بەجا كەلتۈرۈش، ئاللاھ توسقان بارلىق ئىشلاردىن قەتئىي يېنىش، نەپسى - خاھىشىنى ئاللاھقا بويسۇندۇرۇپ، تۇرمۇشنىڭ بارلىق سەھىپىلىرىنى ئىسلامنىڭ تەلىماتىغا

تــوغرىلاش ۋە ھاياتىنىــڭ ئــاخىرىغىچە ئۇنىڭــدىن ئايرىلماســلىقتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى دىـن  بىـر پۈتـۈن گەۋدە بولـۇپ، ئـۇنى پـارچىلىغىلى بولمايدۇ. كىمكى ئۇنى پارچىلاپ، بىـرىگە ئەمەل قىلىـپ، بىرىنـى تاشلاپ قويىـدىكەن، ئـۇ مۇشـۇ دۇنيـادا خارلىققـا دۇچـار بولـۇپلا قالماسـتىن، ئـۇ دۇنيادىمۇ ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«سـىلەر كىتابنىـڭ بىـر قىسـىم ئەھكاملىرىغـا ئىشـىنىپ، بىـر قىسـىم ئەھكـاملىرىنى ئىنكـار قىلامسـىلەر؟ سـىلەردىن شـۇنداق قىلغانلارنىـڭ جازاسى پەقەت ھايـاتى دۇنيـادا خارلىققـا قېلىش، قىيامەت كـۈنى قـاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتۇر. ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىـل ئەمەسـتۇر.» [سۈرە بەقەرە 85 ـ ئايەت]

ئــاللاھ تەئالانىــڭ بەزى ئىشــلارنى توسـقانلىقى، پەقەت ئامــانلىقنى ئومۇملاشـتۇرۇش، قـانۇن  ـ تـۈزۈمنى قوغـداش، پەزىلەتنــى ياشــىتىش، بەدەن ۋە ئەقىلنى ھەر تۈرلۈك بۇزغـۇنچىلىقتىن ساقلاش، ھوقـۇق ۋە مـال ـ مۈلـۈكنى تاجـاۋۇزدىن قوغـداش، مۆمىنىنىـڭ يامـان نەپسـىنى يېڭىشـىنى قولغـا كەلتـۈرۈش، زىنـا، بەچچىۋازلىـق، ھـاراق، قىمـار، نەشـە، ئەفيـۇن، غەيــۋەت، گەپ توشــۇش، جــازانىخورلۇق، ئوغرىلىــق، بۇلاڭچىلىــق، قــاراقچىلىق، تارازىــدا، ئۆلچەمــدە، گەزدە، مېتىــردا، سـاندا كىشــىلەرنى ئالــداش قاتــارلىق ئىشــلارنى يــوقىتىش ئــارقىلىق، شەخســـلەرنى، جامــائەتلەرنى، مىللەتنــــى بەختلىــــك قىلىــــش، مۇســــۇلمان ئەمەس كىشـىلەرگە مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ شـەرىئىتىنىڭ ھەر زامـان ۋە ھەر ماكانغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

ئەقلــى بــار ھەر قانــداق كىشــى بــۇ ھەقىقەتلەرنــى بىلســە، ئــاللاھ تەئالانىڭ بەرگەن نــازۇ  نېمەتلىرىنــى ئويلىسا، ئــاللاھ تەئالاغــا ئىشــىنىدۇ ۋە ئىســلامنى قوبــۇل قىلىــدۇ. چــۈنكى بــۇ دىــن بــارلىق ئىنســانلارنى ئــۆز ئىچىــگە ئالىــدىغان ئالەمشــۇمۇل قانۇنغــا ئىــگە بولــۇپ، ئىلىــم  ـ پەن ۋە مەدەنىــيەتكە زىــت كەلمەيــدۇ. پەزىلەتلىــك مەدەنىيەتــتىن ھېچكىمنــى مەنئى قىلمايدۇ.

مەن مۇســـۇلمان دەپ دەۋا قىلغـــان كىشـــىنىڭ ئىســـلامى، پەقەت كىشىلەرگە ئازار بېرىشتىن قولىنى، تىلىنى يىغقانــدىلا ئانــدىن مــۇكەممەل بولىــدۇ. ھەقىقىــي مۇھــاجىر ــ ۋەتىنىنــى تەرك ئەتــكەن كىشــى ئەمەس، بەلكــى ئــاللاھ تەئــالا چەكلىــگەن نەرســىلەرنى تەرك ئەتــكەن كىشــىدۇر. باشقىلارغا ئەزىيەت بەرمەكچى بولغان ئادەم كۆزى بىــلەن،  قــولى بىــلەن، قــۇلىقى بىــلەن، تىلــى بىــلەن ۋە ئەۋرىتــى بىــلەن دۈشــمەنلىك قىلىــدۇ. لــېكىن ئەڭ كــۆپ ئەزىــيەت تىــل ۋە قــول بىــلەن بولغاچقــا، رەســۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ يەردە تىــل بىــلەن قــولنى زىكىــر قىلغــان. بــۇ ئىككــى ئەزاســى بىــلەن باشــقىلارغا ئــازار بېرىشــتىن، زىيــان ـ زەخــمەت يەتكۈزۈشتىن ئۆزىنى ساقلىغان كىشى، ئەلــۋەتتە باشــقا ئەزالىــرى بىــلەن ئەزىيەت بەرمەيدۇ.

بــۇ يەردە شــۇنىمۇ ئۇنتۇماســلىق لازىمكــى، رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمنىڭ بــۇ يەردە مۇســۇلمانلارنى تىلغــا ئېلىشــىدىن، كاپىرلارنىــڭ مېلىغــا، جېنىغــا، ئىپــپەت  ـ نومۇســىغا چېقىلىشــقا بولىــدۇ دېگەن مەنە چىقمايدۇ. چۈنكى ئىسلام مەيلــى مۇســۇلمان بولســۇن، مەيلــى

كـاپىر بولسـۇن باشـقىلارغا زىيـان يەتكۈزۈشـنى مۇسـۇلمانلارغا ھـارام قىلغـان. ئـاللاھ تەئـالا قىيـامەت كـۈنى ئەھلـى جەنـنەت بـىر كىشـىنىڭ بويىندا ئەھلى دوزاخنىڭ ھەققى بولسا، شۇنى ئېلىـپ بەرمىگىچىلىـك ئـۇ كىشـىنى جەنـنەتكە كىرگۈزمەيـدىغانلىقىغا، ئەھلـى دوزاختىنمـۇ ئەھلـى جەننەتنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بەرمىگـۈچە دوزاخقـا كىرگۈزمەيـدىغانلىقىغا ھۆكـۈم قىلغـان[1]. شـۇنىڭ ئۈچـۈن كىـم بولۇشـىدىن قەتئىيـنەزەر ھەر قانـداق كىشـىنىڭ ھەققىـگە چېقىلىشـتىن قەتئىـي سـاقلىنىش كېـرەك. خائىنغـا خىيـانەت بىـلەن، يامـانلىق قىلغانغـا يامـانلىق بىـلەن مۇئـامىلە قىلىــش مۇسـۇلماننىڭ ئەخلاقـى ئەمەس. شـۇنىڭ ئۈچـۈن ئـاتىلىرىمىز: «ئاتـاڭ يەردۇر، ئانـاڭ يەردۇر، سـەن ھەم يەردەك قىلىـق قىـل. يامـانلىق ئەيلىگەنگە ياخشىلىق قىل» دېگەن.

ئەھلى ھەقىقەت بولغان زاتلار مۇنداق دېگەن ئىكەن:

«گەر قولۇڭدىن كەلسە ھەرگىز مۇرچىنى ئاغرىتمىغىل،

بەس خۇدا بەندەم دېمەس ھەركىمگە دىل ئازارىدۇر.»

مۇسۇلمان ئۆزىگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنى ئـۈلگە قىلىـپ، ئۇنىـڭ تۇتقـان يـولىنى تۇتۇشـى كېـرەك. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ھەر قانــداق كىشــىگە راســتچىللىق ۋە ئىشــەنچلىك بىلەن مۇئـامىلە قىلاتتـى. كىشـىلەر بىـلەن مۇئـامىلە قىلىشـتا مۇسـۇلمان ـ كـاپىر، يەرلىـك ـ مۇسـاپىر دەپ ئايرىمـايتتى. ئـۆزىگە ئەگەشـكەن مـۆمىن

[1] «جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش» 81 ـ بەت. ئاپتۇرى: مۇھەممەد ئىبنى سالىم بەيھانى.

بولسۇن، ياكى قارشى چىقىپ دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان كاپىر - مۇشرىكلار بولسۇن ھېچكىمگە يامانلىق قىلمايتتى. پەقەت ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمرىگە قارشى چىقسا، ياكى دەۋەتنىڭ ئالدىنى توسسا، ئۇ چاغدا بۇنداق دۈشمەنلەرگە، شۇلارنىڭ كەلتۈرگەن زىيىنى مىقدارىدا جازاسىنى بېرەتتى. بەزىدە ئاللاھ تەئالانىڭ:

«ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن.»[1] دېگەن ئەمرگە ئىتائەت قىلىپ كەچۈرۈم قىلاتتى.

مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى مانا مۇشۇنداق پەزىلەتلىك بولۇپ، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇشى لازىم. ئۆزىگە خائىنلارنى، يامان ئادەملەرنى ئەمەس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ۋە ئۇنىڭ نۇرلۇق چىراغ بولغان ساھابىلىرىنى ئۈلگە قىلىشى كېرەك. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەرگە ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلىۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.» [سۈرە ئەھزاب 21 - ئايەت]

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

تىلىڭلارنى، دىلىڭلارنى، قولۇڭلارنى ۋە باشقا بارلىق ئەزالىرىڭلارنى كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىشتىن ۋە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشتىن ساقلاڭلار. ئازراق دۇنيا مەنپەئىتىنى دەپ دىنىڭلارنى ساتماڭلار. ئاللاھ

[1] سۈرە ئەئراف 199 - ئايەت.

تەئالانىڭ بەرگىنىگە قانائەت قىلىڭلار. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز توغرا يول بىلەن تىرىشىپ ئىشلەش، رىزىق بەرگۈچى ئاللاھ ئۆزى. شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەپ ئاللاھ تەئالانىڭ ئاتا قىلغان رىزقىغا رازى بولۇپ، شۈكۈر ـ قانائەت قىلىش، باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە كۆز تىكمەسلىك، ھەققىگە تاجاۋۇز قىلماسلىق، يامانلىق قىلىشقا كۈچى يېتىپ تۇرۇقلۇق يامانلىق قىلىشنى تەرك ئېتىش، ھەقىقى كامىل مۇسۇلمانلىقنىڭ بەلگىسىدۇر.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ) گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ.» [سۈرە ئەھزاب 70 ـ 71 ـ ئايەتلەر]

ئاللاھ تەئالا بىزگە توغرا يولنى كۆرسىتىپ، شۇ يولدا مېڭىشنى نېسىپ قىلسۇن. ئۆزئارا دوستلۇق، قېرىنداشلىقىمىزنى مۇستەھكەم قىلىپ، كىشىلەرگە تىلىمىز ۋە قولىمىز بىلەن زىيان ئۇرۇشتىن ساقلىسۇن. ئامىين!

## 22 ـ ھەدىس ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش توغرىسىدا

عن عبدِ اللهِ بن عُمَر بن الخطابِ رضي الله عنهما، عَنِ النَّبِيِّ صلى الله عليه وسلم قال: «اَلْمُسْلِمُ أخُو الْمُسْلِمِ لاَ يَظْلِمُهُ وَلاَ يُسْلِمُهُ، مَنْ كَانَ فِي حَاجَةِ أَخِيهِ كَانَ اللهُ فِي حَاجَتِهِ، ومَنْ فَرَّجَ عَنْ مُسْلِمٍ كُرْبَةً فَرَّجَ اللهُ عَنْهُ بِهَا كُرْبَةً مِنْ كُرَبِ يَوْمِ الْقِيَامَةِ وَمَنْ سَتَرَ مُسْلِمًا سَتَرَهُ اللهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، ئۇ قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە ياردەمسىز تاشلاپ قويمايدۇ. كىمكى بىر دىن قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويسا، ئاللاھ تەئالا شۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇ كىشىنى قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ، كىمكى بىر مۇسۇلماننى يۆگىسە، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنى يۆگەيدۇ.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ھەدىسنىڭ بۇخارىدىكى نومۇرى: 2399، مۇسلىمدىكى نومۇرى: 6530]

ئىزاھات: قېرىنداشلىق نەسەب، دىن، ۋەتەن، پرىنسىپ ۋە مۇئامىلاتلار بىلەن بولىدۇ. بۇ ئالاقىلەرنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم ۋە ئەڭ

مۇھەببەتلىك بولغىنى ئىسلام قېرىنداشلىقى بولۇپ، ئۇ مەڭگۈلۈك بولىدۇ ۋە ھەر تۈرلۈك ئېگىز ـ پەس ھادىسىلەر بىلەن بۇزۇلمايدۇ. بۇ ئىسلام قېرىنداشلىقى بىر مىللەتكە مەخسۇس ياكى مەلۇم بىر زامانغا باغلىق ئەمەس، بەلكى ئۇ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولىدىغان مەڭگۈلۈك قېرىنداشلىقتۇر.

ئاللاھ ئۈچۈن بولغان قېرىنداشلىق داۋاملىشىدۇ، باشقا سەۋەبلەر بىلەن بولغان دوستلۇق ـ قېرىنداشلىق داۋام قىلمايدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«بۇ كۈندە (قىيامەت كۈندە) دوستلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، پەقەت خۇدالىق ئۈچۈن دوستلاشقان تەقۋادارلارلا ئۇنداق ئەمەس.» [سۈرە زۇخرۇف 67 ـ ئايەت] دېمەك، ئىسلام قېرىنداشلىقى قىيامەت كۈنى جەننەتتىمۇ داۋام قىلىدۇ.

بۇ قېرىنداشلىق ئېغىزدىلا ئەمەس، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇشى كېرەك. ئەمەلىيەتتىكى دوستلۇق، قېرىنداشلىق قانداق بولىدۇ؟ يۇقىرىدىكى ھەدىس مانا مۇشۇ سوئالغا جاۋاب بېرىدۇ. مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلماسلىقى، ئۇنىڭ ھەققىنى ئېلىۋالماسلىقى، ئۇنىڭغا چوڭ ـ كىچىك زىيان ئۇرماسلىقى، ئۇنى كەمسىتمەسلىكى، خور كۆرمەسلىكى، ئالدىماسلىقى، ساختا قىلماسلىقى، ئۆز نەپسى ئۈچۈن دىن قېرىندىشىنى ئوتقا تاشلىماسلىقى، قېرىندىشى ھەققىدە يامان گۇمان قىلماسلىقى، تىللىماسلىقى، ئۇرماسلىقى، يۇقىرىغا

چاقماسلىقى ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك ناھەقچىلىك ئىشلارنى قىلماسلىقى لازىم.

ئەگەر بىر دىن قېرىندىشىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، ياكى بىرەر مۇسىبەت كەلسە، ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويماستىن ياردەم قىلىشى، ئۇنىڭغا يار ـ يۆلەك بولۇشى، خارلىنىپ قالسا ئەزىز قىلىپ، ئېزىپ كەتسە ياخشى نەسىھەت قىلىپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇشى، زۇلۇمغا ئۇچرىسا ئۇنىڭ تەرىپىدە تۇرۇپ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشى، يېقىنلىرىدىن بىرەرسى ئۆلۈپ كەتسە تەزىيە بىلدۈرۈشى، ياخشىلىق كۆرسە رەھمەت ئېيتىشى، كۆڭلىنى ئاغرىتىپ سالغان بولسا ئۆزرە ئېيتىشى لازىم. ھەقىقىي قېرىنداشلىقنىڭ بەلگىسى مانا مۇشۇ ئىشلارنى قىلىشتۇر.

بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

إِنَّ أَخَاكَ الصِّدْقَ مَنْ كانَ مَعَكَ،        وَمَنْ يَضُرُّ نَفْسَهُ لِيَنْفَعَكَ.

يەنى: ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا سەن بىلەن بىرگە بولغان ۋە ساڭا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىگە زىيان ئۇرغان كىشى سېنىڭ سادىق قېرىندىشىڭدۇر.

مانا مۇشۇنداق سادىق دوست، مۇخلىس قېرىنداش، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ساغلام ئەزاسى بولالايدۇ. ئەگەر پۈتۈن ئەزالار مۇشۇنداق ساغلام بولغان بولسا، ئەلۋەتتە غايىمىزگە يېتەتتۇق ۋە نەتىجىسىنى كۆرەتتۇق. ئەمما بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھالىغا بىر قارايدىغان بولساق، كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئىززەت ـ غۇرۇر دېگەن نەرسە يوقالغان، دوستلۇق، قېرىنداشلىق ئاجىزلاشقان، ئەگەر بىرسىنىڭ بېشىغا بىر

خاپىلىق كەلسە، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغان، يىقىلىپ چۈشسە، قولىدىن تۇتۇپ يۆلەيدىغان، بىر يېرى سۇنۇپ كەتسە، تېڭىپ قويىدىغان كىشى تېپىلمايدۇ. بەزىدە كۆرۈپ تۇرۇپ ياردەم قىلماي تاشلاپ قويىدۇ ۋە مۇسۇلمان قېرىندىشىغا قىلىدىغان خىزمىتىنى، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمايدۇ. خۇددى شائىر دېگەندەك:

وَمَا أَكْثَرَ الإِخْوَانِ حِينَ تَعُدُّهُمْ،          وَلَكِنَّهُمْ فِي النَّائِبَاتِ قَلِيلُ.

يەنى: سانايدىغان بولساڭ قېرىنداشلار نېمىدېگەن كۆپ! لېكىن بېشىڭغا خاپىلىق كەلگەندە ئۇلار ئىنتايىن ئازدۇر.

ھەقىقىي مۇسۇلمان ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىدۇ، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىدۇ، پۈتۈن ئىشلىرىدا بىر ئاللاھقىلا تايىنىدۇ، باشقىلارغا يۈك بولۇۋالمايدۇ.

ئەگەر دىنىي قېرىنداشلىقىمىز سادىق ۋە مۇستەھكەم بولمايدىكەن، ئىسلامىي بىرلىك سېپىمىز بولمايدۇ، سۆزىمىزنى بىرلەشتۈرمىسەك بىزنىڭ بارلىقىمىز ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. پۈتۈن مۈشكۈلاتلار ۋە قىيىنچىلىقلار، تەئەسسۇبىيەتنى تاشلاپ قېرىنداشلىقنى مۇستەھكەملەش، پەزىلەتلىك ئەخلاقنى بەرپا قىلىش ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە باغلىق.

مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىغا ياردەم قىلىشى ھەرگىز مۇكاپاتسىز قالمايدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۇ كىشىنىڭ مۇكاپاتىنى ھەم بۇ دۇنيادا ھەم ئاخىرەتتە بېرىدۇ. ئىنساننىڭ بېشىغا قاچان كۈن چۈشىدىغانلىقى مەلۇم ئەمەس. بۈگۈن بىر كىشى ماڭا موھتاج بولغان بولسا، ئەتىسى مەنمۇ

باشــقا بىرىنىــڭ يــاردىمىگە موھتــاج بولــۇپ قېلىشــىم مــۇمكىن. بــۇ ھەقىقەتنــى قەتئىــي ئۇنتۇماســلىق كېــرەك. شــۇڭا رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىـدىكى ھەدىسـتە: «كىمكـى دىـن قېرىنداشـىنىڭ ھــاجىتىنى راۋا قىلســا، ئــاللاھ ئۇنىــڭ ھــاجىتىنى راۋا قىلىــدۇ» دېــگەن. يەنــــى بىــــز قــــولىمىزدىن يــــاردەم كېلىــــدىغان شــــارائىتتا دىــــن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھـاجىتىنى راۋا قىلىـپ قويساق، بىزنىـڭ بېشـىمىزغا كۈن چۈشكەندە ئاللاھ تەئالا ھەرگىز بىزنى ياردەمسىز قويمايدۇ.

ئاللاھ تەئالانىڭ بـۇ مۇكاپـاتى مۇشـۇ دۇنيـادىلا چەكلىنىـپ قالمايـدۇ، قىيـامەت كـۈنى ئاتـا ـ بالـدىن، تۇغقـان ـ تۇغقانـدىن، ئەر ـ خوتۇنـدىن قاچىـدىغان، ھـېچ قانـداق يـاردەمچى تـاپقىلى بولمايـدىغان دەھشـەتلىك ئاندا ئاللاھ تەئالا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەســەللەم بــۇنى بىلــدۈرۈپ: «كىمكــى بىــر مۇســۇلماننى قىيىنچىلىقــتىن قۇتۇلدۇرسـا، ئـاللاھ شـۇنىڭ سـەۋەبى بىـلەن ئـۇ كىشـىنى قىيـامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ» دېگەن.

بىر مۇسۇلمانغا ئىلمى بىلەن، مېلى بىـلەن، يـاكى مەرتىۋىسـى بىـلەن ياردەم قىلسا، ياكى نەسىھەت قىلسا، يـاكى بىرىنىـڭ گۇنـاھىنى تىلىۋالسـا، يـاكى دىـن قېرىنداشـىنىڭ ھەققىـدە دۇئـا قىلسـا، مۇشـۇ ئىشـلارنىڭ ھەر بىرى مۇسـۇلمان قېرىنداشـىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنـى ھەل قىلغـان بولـۇپ، يۇقىرىدىكى ھەدىسته ئېيتىلغان مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.

ئـى ئۇلـۇغ ئـاللاھ! بىزلەرنـى مۇسـۇلمانلارنى سـۆيىدىغان، ئۇلارنىـڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان، قولىدىن كېلىـدىغان يـاردەمنى ھېچكىمـدىن

ئايىمايدىغان ھەقىقىي قېرىنداش مۇسۇلمانلاردىن قىلىپ، قىيامەت كۈنى ياردەمگە ئەڭ قاتتىق موھتاج بولغان چېغىمىزدا، بىزنىڭ قولىمىزدىن تۇتقىن ۋە بىزنى قىيامەتنىڭ دەھشەتلىك كۈلپەتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى نېسىپ قىلغىن. ئامىين!

## 23- ھەدىس پەزىلەتلىك ئىشلار توغرىسىدا

عن البَرَاءِ بن عازِب رضي الله عنهما قال: «أَمَرَنا النَّبيُّ صلَّى الله عليه وسلمَ بِسَبْعٍ ونَهَانا عَنْ سَبْعٍ؛ أَمَرَنا بِعِيادَةِ الْمَرِيضِ، وَئاتِّبَاعِ الْجَنَازَةِ، وَتَشْمِيتِ العَاطِسِ، وإِجابَةِ الدَّاعِي، وإِفْشَاءِ السَّلامِ، ونَصْرِ الْمَظْلُومِ، وإِبْرَارِ الْمُقْسِمِ. ونَهَانا عَنْ سَبْعٍ؛ عَنْ خواتِيمِ الذَّهَبِ، وَعَنِ الشُّرْبِ فِي الْفِضَّةِ أَوْ قالَ فِي آنيَةِ الفِضَّةِ، وعَنِ الْمَيَاثِرِ، والقَسِّيّ وعَنْ لِبْسِ الحَرِيرِ، وَالدِّيبَاجِ، والإِسْتَبْرَقِ» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى بەرائىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى يەتتە ئىشقا ئەمرى قىلىپ، يەتتە ئىشتىن توستى. بىزنى كېسەلنى يوقلاشقا، جىنازىغا قاتنىششقا، چۈشكۈرگۈچىگە دۇئا قىلىشقا، چاقىرغان يەرگە بېرىشقا، سالامنى كۆپ قىلىشقا، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ياردەم قىلىشقا، قەسەم قىلغۇچىنىڭ قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشتىن، كۈمۈش قاچىدا بىر نەرسە ئىچىشتىن، يىپەك، مەشۇت، ئەۋرىشىم، قەسسى (مىسىردا يىپەكتىن ئىشلىنىدىغان بىر خىل كىيىم) نى كىيىشتىن، يىپەك كۆرپىدە ئولتۇرۇشتىن، بىزنى توستى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان. نومۇرى 5508]

ئىزاھات: سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى بارلىق ياخشىلىقلارغا بۇيرۇپ، ئۇنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتكەن. بارلىق يامانلىقلاردىن توسۇپ، ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرغان. مانا بۇ ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە مۇئامىلىنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىنى توپلاپ ئۇنىڭغا بۇيرۇدى. كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ زىننەتلەردە ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ئوخشىۋېلىشىدىن توستى.

بىرىنى بۇيرۇغان ئىشلارنىڭ بىرىنچىسى كېسەل يوقلاش. جانابى رەسۇلۇللاھ مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى بولمىسۇن قانداق بىر كىشى ئاغرىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېسىلىنى يوقلايتتى. چۈنكى كېسەل يوقلاش كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدۇ. كېسەل ۋە ئائىلىسىنىڭ دەردىنى يەڭگىللىتىدۇ. زىيارەتچى كېسەلنىڭ ساقىيىشىنى ئۈمىد قىلىپ، كېسەلگە سەۋر قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇنداق كېسەللەرنىڭ ئاسان ساقىيىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. تونۇيدىغان ياخشى دوختۇر بولسا ئەكېلىدۇ. دورا ئېلىشقا ياردەم قىلىدۇ ۋە كېسەلگە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەسەللى بېرىپ كۆڭلىنى ئالىدۇ. ئەگەر كېسەلنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد بولمىسا، ئۇنىڭغا ئاللاھ تەئالانىڭ ئاخىرەتتىكى نازۇ نېمەتلىرىنى سۆزلەپ ئاللاھنى ئەسلىتىدۇ. گۇناھىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ.

2 ـ مۇسۇلمان ۋاپات بولسا جىنازىسىغا قاتنىشىش، نامىزىنى ئوقۇش ۋە يەرلىكىدە قويۇش. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرى ئۈستىدىكى

ھەققىدۇر. جىنازا نامىزىغا قانچە كۆپ ئادەم قاتنىشىپ مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، مېيىتنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى شۇنچىلىك ئۈمىد قىلىنىدۇ. جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «يۈز مۇسۇلمان نامىزىنى ئوقۇپ، ھەممىسى بىردەك مەغپىرەت تەلەپ قىلغان مېيىتنىڭ گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.» [ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان] جىنازىغا قاتناشقان كىشىنىڭ، جىنازا بىلەن قەبرىستانغا بېرىشى ۋە مېيىت ھەققىدە ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىشى مۇستەھەب. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «جىنازا نامىزىغا قاتناشقۇچىغا بىر قىيرات، نامازغا قاتنىشىپ قەبرىستانغا بىرگە بارغۇچىغا ئىككى قىيرات ساۋاب بولىدۇ» ئىككى قىيرات دېگەن قانچىلىك؟ دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ: «ئىككى چوڭ تاغدەك» دەپ جاۋاب بەرگەن.»[1] جىنازا نامىزىغا بېرىش ۋە قەبرىستانغا بېرىپ مېيىتنى يەرلىكىدە قويۇشقا ئىشتىراك قىلىش مۇسىبەت ئەھلىگە چوڭ تەسەللى بولىدۇ.

3 - چۈشكۈرگۈچىگە دۇئا قىلىش. يەنى چۈشكۈرگۈچى «ئەلھەمدۇ لىللاھ (ئاللاھقا شۈكرى)» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغۇچى «يەرھەمۇكەللاھ (ئاللاھ سىزگە رەھمەت قىلسۇن)» دەپ دۇئا قىلىدۇ. چۈشكۈرگۈچى بۇنىڭغا جاۋابەن: «يەھدىكۇمۇللاھۇ ۋە يۇسلىھە بالەكۇم (ئاللاھ سىلەرنىمۇ ھىدايەت قىلسۇن ۋە ئەھۋاللىرىنى تېخىمۇ ياخشى قىلسۇن)» دەيدۇ. ئەگەر كىشى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق چۈشكۈرسە، ئۇنىڭغا

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

«شەفاكەللاھ (ئاللاھ شىپالىق بەرسۇن)» دەپ دۇئا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ زۆكامنىڭ بەلگىسى. چۈشكۈرگۈچى چۈشكۈرگەندە، مۇمكىن قەدەر ئاۋازىنى پەس قىلىشى، يۈزىنى يان تەرەپكە چۆرۈشى ۋە ئېغىز ـ بۇرنىنى ياغلىق ياكى قولى بىلەن يۆگىشى لازىم.

4 ـ چاقىرغان يەرگە بېرىش. ئەگەر شەرىئەتكە خىلاپ قىلىقلار بولمايدىغان يەرگە چاقىرىلسا، ئۇنى قوبۇل قىلىپ بېرىش كېرەك. جانابى رەسۇلۇللاھ مۇشرىك ياكى يەھۇدىي چاقىرسىمۇ باراتتى. بەزى ئالىملار نەپلە روزا تۇتقان كىشى تويغا چاقىرىلسا، روزىسىنى بۇزۇپ بېرىش كېرەك دەيدۇ. ئەگەر ھاراق ـ شاراب ئىچىلىدىغان سورۇنلارغا چاقىرىلسا، ئۇنداق يەرگە بېرىشقا بولمايدۇ.

5 ـ سالاملىشىش. مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىقنىڭ بىرىنچى ئالامىتى ئۆزئارا سالاملىشىشتۇر. بىرى «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام قىلسا، «ۋەئەلەيكۇم ئەسسەلام» دەپ جاۋاب قايتۇرۇش ئەڭ ئاددىي جاۋابتۇر. ئاللاھ تەئالا سالامغا جاۋاب قايتۇرۇش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار (‹ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم› دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ‹ۋەئەلەيكۇم ئەسسەلام ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ› دەڭلار.) ياكى ئۇنىڭ سالامىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار (‹ۋەئەلەيكۇم ئەسسەلام› دەڭلار.)» [سۈرە نىسا 86 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇسۇلمانلارنىڭ سالامى «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» دىن ئىبارەت بولىدۇ. بەزى ياشلىرىمىزنىڭ «ياخشىمۇسىز؟» دېگەن سۆزى ياكى تۈركچىدىكى «مەرھابا» دېگەن سۆز سالامنىڭ ئورنىدا تۇرمايدۇ. چۈنكى بۇ سۆزلەر «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» سۆزىدىكى چوڭقۇر مەنىلەرنى ئىپادىلىمەيدۇ. «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن (سىلەرگە سالامەتچىلىك بولسۇن، ئامانلىق بولسۇن، ئاللاھنىڭ رەھمىتى سىلەرگە بولسۇن) دېگەن دۇئا مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ سالام بىلەن مۇسۇلمانلار بىر - بىرىگە ئامانلىق ۋە رەھمەت تىلىشىدۇ. بۇ بولسا ھەقىقىي ئىسلامىي قېرىنداشلىقنىڭ سىمۋولى. بۇنى باشقا سۆزلەرگە ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئالدى بىلەن «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم، ۋە ئەلەيكۇم ئەسسەلام» دەپ سالاملىشىپ، ئاندىن قانداق شەكىلدە ئەھۋال سوراشسا بولىدۇ.

6 ـ زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ياردەم قىلىش. مۇسۇلمان ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغان قېرىنداشلىرىنى ياردەمسىز قويمايدۇ. چۈنكى ناھەقچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىسلامنىڭ پرىنسىپىدۇر.

7 ـ قەسەم قىلغۇچىنىڭ قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. ئىنسانلار بەزىدە دىققەتسىزلىك قىلىدۇ. قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان ـ يەتمەيدىغان ئىشلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىماستىن قەسەم قىلىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەسىمى ئارقىلىق كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارنى ئۈستىگە ئېلىۋالىدۇ. ئەگەر سادىق مۆمىن بولسا، مىلىدىن كافارەت بېرىدۇ ۋە

ئۆزىدىن ئۆتۈلگەن ئىشلارغا پۇشايمان قىلىدۇ. ئەگەر پاسىق، خۇدادىن قورقمايدىغان كىشى بولسا، ھەر كۈنى يۈزلەرچە قەسەم قىلىپ ئۇنىڭدىن يانىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ يەردە قەسەم قىلغۇچىنىڭ قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ياردەم قىلىشقا بۇيرۇغان. يەنى بىر ئادەم ئويلىماستىن كۈچى يەتمەيدىغان بىر ئىشنى قىلىمەن، ياكى قىلمايمەن دەپ قەسەم قىلغان بولۇپ، ئۇنى ئىجرا قىلالماي قالسا، باشقا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ياردەم قىلىشى لازىم.

ئەگەر قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي بۇزسا ئۇ چاغدا كافارەت بېرىش لازىم بولىدۇ. قەسەمنىڭ كاپارىتى ھەققىدە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ سىلەرنى سەۋەنلىك بىلەن قىلغان قەسەملار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن سىلەرنى قەستەن قىلغان قەسەملار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ. مۇنداق قەسەملارنى بۇزساڭلار ئۇنىڭ كاپارىتى ئائىلەڭلارغا بېرىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تاماق بىلەن ئون مىسكىننى بىر ۋاخ غىزالاندۇرۇشتۇر، ياكى ئۇلارغا (ئون مىسكىنگە) بىر قۇر كىيىم بېرىشتۇر، ياكى بىر قۇل ياكى بىر چۆرىنى ئازاد قىلىشتۇر. كىمكى بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم. بۇ ئەنە شۇ ئىچكەن قەسەملارنى بۇزغانلىقىڭلارنىڭ كاپارىتىدۇر، قەسەمڭلارغا رىئايە قىلىڭلار (يەنى كەلسە ـ كەلمەس قەسەم

ئىچمەڭلار). سىلەرنىڭ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ.» [سۈرە مائىدە 89 ـ ئايەت]

ھەدىستە مەنئى قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ بەزىسى ئاياللارغىلا ھالال قىلىنغان بولۇپ، ئەرلەرگە ھارام قىلىنغان. ئۇ ــ ئالتۇندىن ياسالغان نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ۋە يىپەك كىيىم كىيىشتۇر. بۇ ئىككى نەرسىنىڭ تۈرى نېمە بولسا بولسۇن ئەرلەرگە ھارامدۇر. ئاياللارغا ھالالدۇر. ئەمما ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىدا يېيىش ـ ئىچىش ئەر ـ ئايال ھەممىگە بىردەك ھارامدۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىدا ئىچمەڭلار، ئۇ ئىككى ماددىدىن ياسالغان لېگەندە تاماق يېمەڭلار، ئۇ بۇ دۇنيادا كاپىرلارنىڭ، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭدۇر.» [بۇ ھەدىس ‹ئەل مۇغنىي› دېگەن كىتابتا تىلغا ئېلىنغان]

مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ زىبۇ زىننەتتە ھەددىدىن ئېشىپ، قوللىرىنى، بويۇنلىرىنى ئالتۇن بىلەن تولدۇرۇپ، ھەر بىر سورۇنغا بېرىش ئۈچۈن يېڭى كىيىم كىيىپ، ئۆزىدەك كىيەلمىگەن ئاياللارنىڭ ئالدىدا زىننەتلىرىنى كۆرگەزمە قىلىشى، كەمبەغەل ئاياللارنى زاڭلىق ئېتىشى، ياراتماسلىقى، بىر يەردە ئولتۇرۇشتىن سەسكىنىشى قاتارلىق ئىشلارمۇ ھارامدۇر. ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارنى كەمسىتىش چوڭ گۇناھ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللار ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەسخىرە قىلغۇچى

ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن.» [سۈرە ھۇجۇرات11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

مانا ئىسلام قېرىنداشلىقتا مۇشۇنداق كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇ ھەدىستە بۇيرۇلغان ئىشلارنىڭ ھەر بىرى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىرلىك، باراۋەرلىك ۋە قېرىنداشلىقنى مۇستەھكەملەشنىڭ بىرەر ۋاسىتىلىرىدۇر. چەكلەنگەن ئىشلارمۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىققا دەخلى يەتكۈزىدىغان ۋە دۈشمەنلىك، ئاداۋەت پەيدا قىلىدىغان ئىشلاردۇر. قېرىنداشلىقىمىزنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ ھەدىسنىڭ روھىغا ئەستايىدىل ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى نىجاتلىق يولىمىز ئىسلامي قېرىنداشلىقتۇر.

ئى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم! بىزلەرنى ھەبىبىڭ مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆرسەتكەن يولىدىن توغرا ماڭغىلى نېسىپ قىلغىن، مۇسۇلمانلارنىڭ سەپلىرىنى بىرلەشتۈرگىن. ئامىين!

## 24 ـ 25ـ ھەدىس مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىدىكى مېھرى ـ مۇھەببەت توغرىسىدا

عنْ أبِى موسى الأشْعَرِى رضي الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم: «اَلْمُؤْمِنُ لِلْمُؤْمِنِ كالْبُنْيانِ يَشُدُّ بَعْضُهُ بَعْضًا، وشَبَّكَ بَيْنَ أَصَابِعِهِ» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۆمىن مۆمىن ئۈچۈن خۇددى بىر ـ بىرىنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرىدىغان بىناغا ئوخشاشتۇر» دەپ، بارماقلىرىنى گىرەلەشتۈرگەن. [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 2403]

عَنِ النُّعْمَانِ بنِ بَشِيرٍ رضي الله عنهما قال: قال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «مَثَلُ الْمُؤْمِنِينَ فِي تَوَادِّهِمْ وتَرَاحُمِهِمْ وتَعَاطُفِهِمْ مَثَلُ الْجَسَدِ، إِذَا اشْتَكَى مِنْهُ عُضْوٌ تَدَاعَى لَهُ سَائِرُ الْجَسَدِ بِالسَّهَرِ والْحُمَّى.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى نوئمان ئىبنى بەشىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۆمىنلەر ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە مېھرى ـ مۇھەببەت كۆرسىتىشتە ۋە بىر ـ بىرىگە ھېسداشلىق بىلدۈرۈشتە

خۇددى بىر بەدەنگە ئوخشايدۇ. ئەگەر بەدەننىڭ بىر ئەزاسى ئاغرىسا، قالغان ئەزالارنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇسىزلىق ۋە ئىسسىقداش بىلەن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدۇ.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 6538]

ئىزاھات: ئاللاھ تەئالا بارلىق مۆمىنلەرنى بىر ئۈممەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا بىر خىل ئىبادەت بۇيرۇغان، مەزكۇر ئىبادەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى بىرلا ۋاقىتتا ئادا قىلىنىدۇ. بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان ئىلاھى بىر، پەيغەمبىرى بىر، قۇرئانى بىر، قىبلىسى بىر، ئىبادەتلىرى بىر، يۈزلەرچە بىر ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بىر ـ بىرىگە مۇستەھكەم باغلاپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى «ئۆزئارا قېرىنداش» دەپ ئېلان قىلدى. بۇ قېرىنداشلىقنى بۇزىدىغان ھەر تۈرلۈك ئامىللارنى مەنئى قىلدى. ئىسلامدا چوڭ ـ كىچىك، ئاۋۋال ـ ئاخىر، ئەر ـ ئايال، خوجايىن ـ قۇل، پادىشاھ ـ گاداي ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوقتۇر. ھەممىسى ئوخشاش ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدۇر. شەرئەت قانۇنى ئالدىدا ھەممىسى تەڭ ـ باراۋەر ھوقۇققا ئىگە، ھەممىسى قېرىنداشتۇر. شۇڭا ئاللاھ تەئالا مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر ئۇلار كۇفرىدىن تەۋبە قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە دىنى جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلاردۇر.» [سۈرە تەۋبە 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئاللاھ تەئالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. رەسۇلۇللاھ بارلىق ئىنسانلارنى ھەق يولغا باشلاپ، تەۋھىدكە ۋە بىرلىششكە چاقىرغان. ئىنسانلارنى بۇتلارغا ۋە باشقا ماددىي ئىلاھلارغا چوقۇنۇشتىن، مۇستەبىت ھۆكۈمدارلارنىڭ زوراۋانلىقىدىن قۇتقۇزۇپ، ئاسمان ـ زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە مۇتلەق ھاكىمى بولغان ھەقىقى ئىلاھ ئاللاھ تەئالاغا قۇللۇق قىلىشقا يۈزلەندۈرگەن. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ قايسى مىللەت، قايسى ئىرق، قايسى دۆلەتكە مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مۇسۇلمانلا بولىدىكەن ھەممىسىنى قېرىنداش قىلىدۇ، بىر ئۈممەت قىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئەگەر مۇسۇلمانلار ئۆز ئارىلىرىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ پارچىلىنىپ كەتسە قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ.» [سۈرە ئەنفال 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

«ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دىنىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، بۆلۈنمەڭلار.» [سۈرە ئال ئىمران 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

مۇسۇلمانلار ئاللاھ تەئالانىڭ سۆزىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلغاندا، كۆپلىگەن مەملىكەتلەرگە ھاكىم بولدى، دۇنيانى ئۆزىگە بويسۇندۇردى، ئىنسانلارنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈردى، ئۇلارنىڭ

خىزمىتى بىلەن ئاجىزلار كۈچلۈك بولدى، ئۇلارنىڭ ئادالىتى بىلەن كۈچىگە تايىنىپ ئىنسانلارنى ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئېزىدىغان مۇستەبىتلەر ئاجىز بولدى. ئاللاھ يولىدا مېلى ۋە جېنى بىلەن جىھاد قىلىپ، ھەقىقەتتە مۇستەھكەم تۇرغاندا، خۇددى يىقىلمايدىغان مۇستەھكەم بىناغا ئوخشاش بولدى. كىچىكلەر چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان، چوڭلار كىچىكلەرگە شەپقەت قىلىدىغان، پۇقرالار ئۆز باشلىقلىرىغا ئىتائەت قىلىدىغان، بايلار نامراتلارنى يۆلەيدىغان، ئالىملار بىلمىگەنلەرگە ئۆگىتىدىغان، ھەممە كىشى بىر ـ بىرىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىدىغان، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئەلا بىلىدىغان، شەرقتىكى بىر مۇسۇلماننىڭ بېشىغا خاپىلىق كەلسە، غەربتىكى مۇسۇلمان ياردەمگە يۈگرەيدىغان پەزىلەتلىك بىر جەمئىيەت مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن دىنى ئەزىز بولدى. يۇرتى، مېلى، جېنى، ئىپپىتى ھىمايە قىلىندى. ھاكىمىيىتى كۈچلەندى، دۈشمەنلىرى ئۇلارنىڭ ھەيۋىتىدىن ئەيمىنىدىغان بولدى. ئىنسانلار بۇ ھەقىقەتنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى. ھەقىقەت مەيدانغا چىقتى، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت كەڭ تارالدى. مۇسۇلمان بولمىغانلارمۇ ئۇلارنىڭ ئادالەتلىك ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشاشنى تەلەپ قىلىپ تەسلىم بولدى. زوراۋان ھاكىملارنىڭ زۇلۇمىدىن قاچقانلار مۇسۇلمانلارنىڭ پاناھىغا سىغىندى. ئەينى زاماننىڭ دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن كۈچلۈك دۆلەتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا پۈت تىرەپ تۇرالماي يىقىلىپ تارمار بولدى.

مۇسۇلمانلار بەدەننىڭ بىر يېرى ئاغرىسا، پۈتۈن بەدەن بىئارام بولىدىغان بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندى.

كېيىنكى مۇسۇلمانلار ئاللاھ تەئالانىڭ: «ھەقىقەتەن مۆمىنلەر قېرىنداشتۇر» دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلماي، ئەرەب، ھىندى، تۈرك، پارس دەپ مىللەتچىلىك، ھەتتا بىر مىللەت بولغان مۇسۇلمانلار خوتەنلىك، قەشقەرلىك، ئۈچى ـ بۇچى دەپ، يۇرتۋازلىق، مەھەللىۋازلىق، مەزھەپۋازلىق قىلىپ پارچىلانغان ئىدى، ئەڭ ئاۋۋال دىنى، ئاندىن ھاكىمىيتى، ھەتتا ۋەتەنلىرى قولىدىن كەتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «جامائەتتىن ئايرىلماڭلار، جامائەتتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەيدۇ» دېگەن ئىدى. [ئىمام نەسائى رىۋايەت قىلغان] دەرۋەقە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىرلىك قالمىغاچ ھەممىسىنى يىرتقۇچ بۆرىلەر يەپ تۈگەتتى. ئىسلام دۆلەتلىرىنى ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، گوللاندىيە، پورتۇگالىيە ۋە ئىسپانىيە ئۆز ئارىسىدا بۆلۈشۈپ مۇستەملىكە قىلىۋالدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى ئۆلكىلىرى كۆرۈنۈشتە مۇستەقىل بولغان بولسىمۇ، ھەقىقەتتە ئۆز ئالدىغا ھېچ ئىش قىلالمايدىغان، بىر ـ بىرى بىلەن قەتئىي بىرلىشەلمەيدىغان پالەچ ھۆكۈمەتلەر قۇرۇلدى.

مانا بۈگۈن دۇنيادا مۇسۇلمانىنىڭ قېنى سۇدىنمۇ ئەرزان. ھەر يەردە مۇسۇلمانلار ئېزىلمەكتە، مۇسۇلماننىڭ دىنى ئاياغ ئاستى قىلىنماقتا، مۇسۇلماننىڭ يۇرتى بومباردىمان قىلىنماقتا، دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدە مۇسۇلماننىڭ قېنى ئېقىتىلماقتا، بۇ ئەھۋاللار ھەممىگە ئايان. دۇنيادا

ئەللىكتىن ئارتۇق مۇسۇلمان دۆلەت بار، ھەممىسى تاجاۋۇزچى، جاھانگىر ئامېرىكىدىن قورقۇپ قاراپ تۇرىدۇ.

ئى مۇسۇلمانلار! قېنى ئۆزئارا قېرىنداشلىق؟ قېنى دوستلۇق ـ مۇھەببەت؟ قېنى رەھىم ـ شەپقەت؟ قاچانغىچە مۇشۇنداق خار ـ زەبۇن ياشايمىز؟ باشقىلارغا قاراپ ئىبرەت ئالامسىلەر؟ باشقا ـ باشقا دىندىكى ئىنسانلار دۇنياۋى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن قانداق بىرلىشىۋاتىدۇ، كۆرمەمسىلەر؟ ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلىمەيدۇ، شەخسىي مەنپەئەتىنى قىلچە ئېتىبارغا ئالمايدۇ، ئۇلار خەلقى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. ئۇلار ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىشلىگەن ئىكەن پايدىسىنى بىز كۆردۇق، بىزمۇ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن ئىشلەيمىز دەيدۇ. ئۇلار مۇشۇ يولدا ماللىرىنى، جانلىرىنى پىدا قىلىدۇ. ئۇلار دۇنيالىق ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق ئىتتىپاق، بىرلىك ئىچىدە ئىشلەيدۇ. قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتە پايدىسىنى كۆرىدىغانلىقىمىزغا ئىشەنگەن بىز مۇسۇلمانلار ئاشۇلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، ئېڭىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز، ئۆز ھاياتىمىز ئۈچۈن بولسىمۇ بىرلىششىمىز لازىم ئەمەسمۇ؟

بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار بىلەن ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ ھالىنى سېلىشتۇرساق، شۇ ئايان بولىدۇكى، ئەگەر مۇسۇلمانلار ئەسلىگە قايتىپ ھەقىقىي قېرىنداشلىق ئورناتمىسا، كۈچى بولمايدۇ. ئاجىزلىق داۋاملاشقان مۇددەتچە بېشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ ۋە دىنىنىڭ ئەمرى ـ پەرمانلىرىنىمۇ ئورۇنلىيالمايدۇ. چۈنكى بۇ دۇنيا كۈچلۈكنىڭ ھۆكۈم

سۇرىدىغان يېرى. شۇڭا كۆچسىزلەر بېشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇ ئۈممەتنىڭ ئاۋۋىلى نېمە بىلەن تۈزەلگەن بولسا، ئاخىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن تۈزۈلىدۇ» دېگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋۋىلى چىن ئىمان ۋە مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئارىسىدىكى ھەقىقى قېرىنداشلىق بىلەن كۈچكە ئىگە بولۇپ، دۆلەت قۇرغان ۋە ئىسلامنى دۇنيا مىقياسىدا كەڭ يايغان ئىدى. ھازىرمۇ نىجاتلىقنىڭ بىردىنبىر يولى چىن ئىمان ۋە ئىسلامى قېرىنداشلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىز ئەقلى ـ ھوشىمىزنى يىغىپ، ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ، خۇددى رەسۇلۇللاھ دېگەندەك: «بىر بەدەنگە ئوخشاش» قېرىنداش بولمىساق بېشىمىزدىكى پالاكەتتىن قۇتۇلالمايمىز. ئىشنىڭ يامىنى ئاخىرەتتىمۇ ئۆزىمىزنى ئاللاھ تەئالانىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايمىز.

ئى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم! بىزگە چىن ئىمان، ھەقىقى قېرىنداشلىق نېسىپ قىلغىن. بىزنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە خار قىلمىغىن. ئامىين!

## 26 ـ ھەدىس ھەسەت قىلماسلىق توغرىسىدا

عَنِ ابْنِ مَسْعُودٍ رضي الله عنه عَنِ النَّبِيِّ صلى الله عليه و سلم قال: «لاَحَسَدَ إِلاَّ فِى اثْنَتَيْنِ: رَجُلٍ آتَاهُ اللهُ مَالاً فَسَلَّطَهُ عَلَى هَلَكَتِهِ فِى الْحَقِّ، ورَجُلٍ آتَاهُ اللهُ حِكْمَةً، فَهُوَ يَقْضِى بِهَا ويُعَلِّمُهَا» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «پەقەت ئىككى كىشىگىلا ھەسەت قىلىشقا بولىدۇ: بىرى ئاللاھ تەئالا مال ـ مۈلۈك ئاتا قىلغان ۋە ئۇنى ھەق يولدا سەرپ قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئادەم، يەنە بىرى ئاللاھ تەئالا ئىلىم ئاتا قىلغان ۋە ئىلىمگە ئەمەل قىلىدىغان، باشقىلارغا ئۆگىتىدىغان ئادەم.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 1389]

ئىزاھات: ھەسەت قىلىش ــ باشقىلارنىڭ قولىدىكى پۇل ـ مال، ئىلىم، مەنسەپ قاتارلىق نېمەتلەرنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنى ئاززۇ قىلىشتۇر. بۇنداق ھەسەتخورلۇق قۇرئان كەرىمدە چەكلەنگەن ۋە پۈتۈن پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىن لەنەتلەنگەندۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ ھەدىستىكى «ھەسەت قىلىش» دېگىنى باشقىلارنىڭ قولىدىكى نېمەتلەرنىڭ ئۆزىدىمۇ بولۇشىنى ئاززۇ قىلىش دېگەن بولۇپ، ئۇ «غىبتە» دېيىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم بۇ يەردە مۇسۇلمانلارنى ياخشىلىققا تەرغىب قىلىپ، ئىككى تۈرلۈك كىشى بار، سىلەرمۇ شۇ كىشىلەرگە ئوخشاش بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭلار بولىدۇ، دەيدۇ. چۈنكى بىر نەرسىنى ئارزۇ قىلغان كىشى ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە ياخشىلار كۆپىيىدۇ. بۇ ئىككى تۈرلۈك كىشىنىڭ بىرىنچىسى: ئاللاھ تەئالا پۇل ـ مال ئاتا قىلغان باي كىشى بولۇپ، بايلىقى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا مۇتەكەببۇرلۇق قىلمايدىغان، كەمبەغەللەرنى خارلىمايدىغان، ئەكسىچە بايلىقنى ھەق يولدا سەرپ قىلىدىغان، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە چىقىم قىلىدىغان، يېتىم ـ يېسىر، ئاجىز، كەمبەغەللەرنى يۆلەيدىغان پەزىلەتلىك كىشىدۇر. بۇنداق ئالىي سۈپەت كىشىنى كۆرگەن مۇسۇلمان «خۇدايىم ماڭىمۇ ئاشۇنداق بايلىق بەرسە، مەنمۇ بۇ كىشىدەك ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسام» دەپ ئارزۇ قىلسا بولىدۇ. ئەمما «مەن تۇرغۇچىدا مۇشۇ ئادەم باي بولۇپ كېتەرمۇ؟ ئاشۇنىڭ بايلىقى مەندە بولۇپ قالسىچۇ؟» دېيىش ھەسەتخورلۇق بولۇپ، چوڭ گۇناھلار قاتارىدىندۇر.

ئىككىنچى كىشى: ئاللاھ تەئالا ئىلىم ئاتا قىلغان ئالىم بولۇپ، ئىلىمگە ئەمەل قىلىدىغان ۋە بىلمىگەنلەرگە ئىلىم ئۆگىتىدىغان كىشىدۇر. بۇنداق پازىل ئالىمنى كۆرگەندە: «ئاللاھ تەئالا ماڭىمۇ ئىلىم ئاتا قىلغان بولسا، مەنمۇ مۇشۇ كىشىدەك ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن ئىش قىلار ئىدىم ۋە كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگىتىپ خەلققە خىزمەت قىلار ئىدىم» دەپ ئارزۇ قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما «ئاشۇنىڭ ئورنىغا مەن ئالىم بولۇپ قالسام بولمامدۇ؟ ئاشۇ كىشى تاپقان شان ـ شۆھرەتنى مەن تاپسام نېمە

بولار ئىدى» دېيىش ھەسەتخورلۇقتۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنى «يۇقىرىدىكى ئىككى كىشىنىڭ خىسلىتىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىپ، سىلەرمۇ شۇنداق بولۇشقا تىرىشىڭلار» دېمەكچى. چۈنكى پەقەت ئىچىدىلا ئارزۇ قىلىپ قويۇش ئەھمىيەتسىز بولۇپ، ھېچقانداق پايدىسى يوق.

تۆۋەندە ھەسەتخورلۇق توغرىسىدا بىر ئاز توختىلىپ ئۆتىمىز: ھەسەتخورلۇق پىسخولوگىيىلىك كېسەللىك بولۇپ، ئۇنىڭغا گىرىپتار بولغان ئادەم راھەت ياشىيالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ سائادەت ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشىگە زادى چىداپ تۇرالمايدۇ. ھەسەتخورلۇق ئاسماندا ۋە يەر يۈزىدە يۈز بەرگەن بىرىنچى گۇناھتۇر. ئاسماندا شەيتان ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھەسەت قىلىپ ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمر ـ پەرمانىغا قارشى چىقىپ ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمىتىدىن مەڭگۈ قوغلاندى. يەر يۈزىدە بولسا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى قابىل قېرىندىشى ھابىلغا ھەسەت قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ مەڭگۈلۈك پۇشايمانغا گىرىپتار بولدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىستە: «ئوت ئوتۇننى كۆيدۈرگەندەك ھەسەت پۈتۈن ياخشىلىقنى يەيدۇ» دېگەن. [ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان]

ھەسەتخورلۇق ساقىيىشى ئىنتايىن تەس بولغان شۇنداق نىجىس كېسەلدۇر. ئۇ باشقىلاردىكى نېمەتنى ئۆزىگە ئازاب دەپ قارايدۇ. ھەسەتخورنىڭ غېمى تۈگىمەيدۇ، قەلبى راھەتلەنمەيدۇ، كۆڭلى ئارام ئالمايدۇ، دۈشمەنلىكى بېسىقمايدۇ. ئۇ ھېچ كىمنىڭ ئىشىدىن رازى

بولمايدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ، ئىنسانلار لەنەت ئوقۇپ ئۇزاقلىشىدۇ. ھەسەتخور ئاللاھ تەئالانىڭ قازا ۋە قەدىرگە رازى بولمايدۇ. ئۆزىدىن باشقىلارنىڭ ئىلىم ياكى بايلىق ياكى مەنسەپ ئىگىسى بولۇشىنى ۋە شەرەپلىك بولۇپ قېلىشىنى ئادالەتسىزلىك دەپ قاراپ، دائىم غەم ـ قايغۇ، ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن ئۆتىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تەئالا يەھۇدىيلارنىڭ ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان كەلتۈرۈپ مۇسۇلمان بولماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى، ئۇلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى دەپ سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت (يەنى دىنىڭلارنىڭ ھەقلىقى) ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر (يەنى ئاللاھ سىلەرگە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت بەرگۈچە) ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار ۋە كەچۈرۈڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.» [سۈرە بەقەرە 109 ـ ئايەت]

مۇشۇنداق نىجىس، يامان ئىللەتنىڭ ئالىملاردا بولۇشى تېخىمۇ يامان ۋە تېخىمۇ قاتتىق ئىشتۇر. شۇڭا مالىك ئىبنى دىنار مۇنداق دېگەن: «قارىلارنىڭ گۇۋاھلىقى ھەممە نەرسىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. لېكىن بىر ـ بىرى ئۈستىدە بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇلار بەك ھەسەتخور بولىدۇ.»

بەزى ھۆكۈمالار مۇنداق دەيدۇ: «شەيتانىنىڭ بەش مېلى بار، ئۇنى بەش خىل كىشى سېتىۋالىدۇ: 1 ـ ھەسەت، ئۇنى ئالىملار سېتىۋالىدۇ. 2 ـ مۇتەكەببۇرلۇق، ئۇنى رەزىل ـ پەسكەش ئىنسانلار سېتىۋالىدۇ. 3 ـ زۇلۇم، ئۇنى ئەمەلدارلار سېتىۋالىدۇ. 4 ـ خىيانەت، ئۇنى سودىگەر ۋە ھۈنەرۋەنلەر سېتىۋالىدۇ. 5 ـ ئاداۋەت، ئۇنى ئاياللار ۋە شەخسىيىتى ئاجىز كىشىلەر سېتىۋالىدۇ.»

ئەمدى ئالىملار نېمىشقا ھەسەت قىلىشىدۇ؟ دەپ سورالسا، جاۋابىمىز شۇكى، ئالىملار ئەگەر ئىلىمنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئوقۇمىغان بولسا، دۇنياۋى غەرەزلەر بىلەن ئىلىم ئۆگەنگەن بولسا، ئۇلار كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە ھەسەت قىلىشىدۇ. بەزىلەر بىر نەچچە يىل مەدرىسىنى كاشىلا قىلىپ ئوقۇشنى تاشلاپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئۆزىدىن ياخشى ئالىمنى كۆرسە چىدىيالماي ھەسەت قىلىدۇ.

ئەمما ئاللاھ ئۈچۈن ئىلىم ئۆگەنگەن، ئاخىرەتنى تەلەپ قىلىدىغان، دۇنيالىق ئۈچۈن باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئىشلەيدىغان، ھەقىقىي ئالىملار ۋە ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر كامالەتكە يەتكەنلىكى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئۇستۇن ياكى تۆۋەن بولۇشىغا قارىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار مۇتلەق كامالەتنىڭ ئاللاھقا خاس ئىكەنلىكىنى، بەندە ھەر قانچە ئالىم ۋە ئۇستا بولسىمۇ كەمچىلىكتىن خالى ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ ۋە داۋاملىق كەمچىلىكىنى تولۇقلاش ۋە تېخىمۇ ياخشى بولۇشقا تىرىشىدۇ. ئۇلار ئىلىم ئىقتىدارى ۋە ھۈنەر ـ كەسىپتىن قازانغان پۇل ـ مالنى

مەسچىت، مەدرىسە، يول، دوختۇرخانا، دارىلئېتام، ئۇنىڭدىن باشقا ئاممىنىڭ پايدىسىغا ۋە ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارغا ئىشلىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارنىڭ قولىدىكى نېمەتلەرگە نەزەر سالمايدۇ ۋە ھەسەت قىلمايدۇ.

ھەسەتخورلۇقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى ئۆزىدىن تۆۋەن دەرىجىدىكى كىشىلەرگە قاراش ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن قانچىلىك يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئاللاھ تەئالاغا شۈكرى قىلىشتۇر.

ئاللاھ تەئالا بىزنى ئەمەل سالىھ قىلىشقا ۋە ھەسەتخورلاردىن يىراق بولۇشقا نېسىپ قىلسۇن، مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورلارنىڭ ھەسەت قىلغان ۋاقتىدىكى شەررىدىن، سۆيۈملۈك پەرۋەردىگارى ئاللاھقا سىغىنىپ پانا تىلەيمىز. ئامىن!

## 27ـ ھەدىس جەننەت ۋە دوزاخ ئەھلى توغرىسىدا

عن حارثةَ بنِ وهْبٍ رضي الله عنه قال: سَمِعْتُ النبي صلى الله عليه وسلم يقول: «أَلاَ أُخبِرُكُمْ بِأَهْلِ الْجَنَّةِ: كُلُّ ضَعِيفٍ مُتَضَعِّفٍ، لَوْ أَقْسَمَ عَلَى اللهِ لأَبَرَّهُ، أَلاَ أُخْبِرُكُمْ بِأَهْلِ النَّارِ: كُلُّ عُتُلٍّ جَوَّاظٍ مُتَكَبِّرٍ» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ھارىسە ئىبنى ۋەھب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «مەن سىلەرگە جەننەت ئەھلىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار ئاجىز، باشقىلارنىڭ نەزىرى ئانچە چۈشمەيدىغان كىشىلەر بولۇپ، بىر ئىشنى قىلىشقا قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. سىلەرگە دوزاخ ئەھلىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار قوپال، ئىچى تار، مۇتەكەببىر كىشىلەردۇر.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 4798]

ئىزاھات: ئىنسانلار بەدەن جەھەتتە ئاجىز ـ كۈچلۈك بولۇشتا ئوخشاش بولمىغاندەك، روھىي جەھەتتىمۇ پاك ـ نىجىس بولۇشتا ئوخشاش بولمايدۇ. ئاللاھ تەئالا جەننەت ئەھلىنى ئۆزئارا مېھرىبان، يۇمشاق ۋە رەھىملىك، كاپىر دۈشمەنلىرىگە قارشى ناھايىتى كۈچلۈك، قاتتىق قول مۆمىنلەردىن قىلدى. ھەقىقەتكە بويۇن ئەگمەيدىغان

مۇتەكەببىر، تەرسا كاپىرلارنى بولسا، دوزاخ ئەھلى قىلدى. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تەئالاغا ئىتائەت قىلمايدۇ، ئىسلامغا دەۋەت قىلغۇچىلارنى مەسخىرە قىلىپ باشلىرىنى سىلكىيدۇ، ئۇلار تەكەببۇرلۇق قىلىپ، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلمايدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«كاپىرلار مۆمىنلەرگە: ‹ئەگەر (قۇرئان بىلەن ئىسلام دىنى) ياخشى بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار (يەنى ئاجىز مۆمىنلەر) بىزدىن بۇرۇن ئېرىشەلمىگەن بولاتتى› دېدى.» [سۈرە ئەھقاف 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلارغا: ‹بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق› دېيىلسە، (كەلىمە تەۋھىددىن) تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتاتتى.»[1] دېمەك، كاپىر، مۇناپىقلار مانا مۇشۇ گەدەنكەشلىكى تۈپەيلىدىن دوزاخ ئەھلى بولدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ يەردە جەننەت ئەھلىنى ئاجىز، كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان كىشىلەر دەپ سۈپەتلىشى، ئۆزى كەمبەغەل، نامرات، ئاجىز، بىچارە، ناھايىتى كەمتەرلىكىدىن كىشىلەر كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىغان، لېكىن قەلبى ئىمان نۇرى بىلەن تولغان، ئىرادىسى كۈچلۈك، ئاللاھ تەئالانىڭ تائەت ـ ئىبادىتىنى قولدىن بەرمەيدىغان كىشىلەر دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇگۈنكىدەك قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ئاگىسىز، ئۆزىنى، دىنىنى ۋە

[1] سۈرە سافففات 35 ـ ئايەت.

ئائىلىسىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى دۈشمەندىن مۇداپىئە قىلالمايدىغان، جان باقماق ۋاجىپ دەپ دىنىنىڭ ئاياق ئاستى قىلىنىشىغا قاراپ تۇرىدىغان، نانقىپلار جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن بولمايدۇ. بۇ يەردىكى ئاجىز دېگەنلىك ھېچ كىمگە تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغان، ئۆزىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كەمستمەيدىغان، نامرات، يوقسۇل، يېتىم ـ يېسىرلارنى خور كۆرمەيدىغان، ھېچ كىمگە زۇلۇم قىلمايدىغان، ھەققە بويۇن ئېگىدىغان، ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىدا ئاجىزلىقنى بىلىدىغان كىشىلەر جەننەتكە لايىق بولىدۇ. جەننەت ئەھلى پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، ئىلمىگە ئەمەل قىلىدىغان ئالىملار، سالىھلار، ئاللاھ يولىدا جېنىنى، مېلىنى پىدا قىلغان شېھىدلار، ئاللاھ بەرگەن مال ـ مۈلكىنى يەنە ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان بايلاردۇر. بۇلار بارلىق پەزىلەت ۋە شەرەپكە ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۆزىنى ھەر دائىم تۆۋەن تۇتىدىغان مۇتەۋازى كىشىلەردۇر. ئۇلار داۋاملىق قىلغان ئىشىم كەم بولۇپ قالدى دەپ كامالەتكە يېتىشكە تىرىشىدۇ. ھەرگىز قىلغان ياخشى ئىشى بىلەن پەخىرلەنمەيدۇ. ئۇلار ئالىم بولسا، مەندىن چوڭ ئالىم يوق دەپ كىبىرلەنمەيدۇ، بەلكى ئۇ ھەر قانداق ئىلىم ئەھلىنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭدىن ئالىمراق بىرىنىڭ بارلىقىنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ. ئۇلار قىلغان ئىبادىتىگە رىيا ۋە سۇمئە ئارىلىشىپ قېلىپ، قىلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنى مۇمكىن قەدەر مەخپىي قىلىشقا تىرىشىدۇ.

مۇتەۋازى باي ۋە ئەقىللىق ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ خەلققە بولغان ئېھتىياجىنى بىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەتراپىدىكى خىزمەتچى ۋە

ئىشچىلاردىن بىھاجەت بولمايدۇ. ئاللاھ تەئالانىڭ ئەڭ چوڭ ھېكمىتى شۇكى، بارلىق ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە موھتاج قىلىپ قويغان. دۇنيادا ھېچ قانداق بىر ئىنسان مېنىڭ ھېچ كىمگە ھاجىتىم چۈشمەيدۇ، ئۆز ئالدىمغا ياشايمەن دېيەلمەيدۇ، دېسىمۇ ياشىيالمايدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن ئىنسان ھەر جەھەتتىن ئاجىز، ھەر جەھەتتىن موھتاجدۇر. دېمەك، تەكەببۇرلۇق قىلىشقا ھېچ قانداق سەۋەب يوق. چۈنكى سەن ھەر قانچە چوڭ، كۈچلۈك، توققۇزۇڭ تەل بولۇپ كەتسەڭمۇ، يېمەك ئۈچۈن دېھقانغا، كېيمەك ئۈچۈن تىككۈچىگە، سالامەتلىك ئۈچۈن دوختۇرغا، خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىشچىغا ۋە نەچچە مىڭلىغان ئىنسانلارغا موھتاجسەن. ئۇلارمۇ بەزى ئىشلاردا ساڭا موھتاج. ئۇنداقتا نېمىگە تايىنىپ يوغانچىلىق قىلىمىز؟ نېمە ئاساس بىلەن باشقىلارنى خور كۆرىمىز؟ كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماي كەمسىتىمىز؟ بۇنداق قىلىش ئىنسان ئۆزىنى بىلمىگەنلىك ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققانلىق. شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە: «دوزاخ ئەھلى مۇتەكەببىر، قوپال، ئاچكۆز (ھالال ـ ھارامنى ئىلغىماي پۇل توپلايدىغان، ئاللاھ يولىدا مال سەرپ قىلمايدىغان) ئادەملەردۇر» دېگەن.

تەكەببۇرلۇقنى سۆكۈپ نۇرغۇن ئايەتلەر نازىل بولغان. مەسىلەن، ئاللاھ تەئالا قۇرئاندا مۇنداق دېدى:

«قارۇن: ‹مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن، بۇ بايلىققا ئېرىشتىم› دېدى. قارۇندىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن ئۇنىڭغا

قارىغانـدا تېخىمـۇ كۈچلـۈك، توپلىغـان مېلـى تېخىمـۇ كـۆپ بولغـان كىشـىلەرنى ئاللاھنىـڭ ھـالاك قىلغـانلىقىنى ئـۇ بىلمـىدىمۇ؟ گۇناھكارلارنىـڭ گۇناھلىرىنىـڭ سورىلىشـى ھاجەتسـىزدۇر.» [سـۈرە قەسەس 78 ـ ئايەت]

ئـاللاھ تەئـالا دوزاخ ئەھلىنىـڭ مـۇتەكەببىرلەر ئىكەنلىكىنـى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

«قىيـامەت كـۈنى ئاللاھقـا يالغـاننى توقۇغانلارنىـڭ يـۈزلىرىنى قاپقـارا كۆرىسـەن، جەھەننەمـدە مـۇتەكەببىرلەرگە ئـورۇن يوقمـۇ؟!» [سۈرە زۇمەر 60 ـ ئايەت]

مـۇتەكەببىر بـاي تۇيماسـتىن كەمـبەغەل بولـۇپ قالـدۇ. كەمـبەغەل بولغانلىقىغـا تەن بەرمەي ئـۆزىنى قىينـاپ، تۆۋەنـدىكى ھەدىسـتە كۆرسـىتىلگەن ئـۈچ كىشـىنىڭ بىـرى بولـدۇ. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئۈچ خىـل كىشى بـار، قىيامەت كـۈنى ئـاللاھ تەئـالا ئۇلارغـا نەزەر قىلمايـدۇ، ئۇلارغـا گەپ قىلمايـدۇ ۋە ئـۇلارنى گۇناھلىرىـدىن پاكلىمايـدۇ. ئـۇلار: قېـرى تـۇرۇپ زىنـا قىلغـان ئـادەم، يالغـانچى پادىشـاھ ۋە كەمـبەغەل مـۇتەكەببىر.» [ئىمـام مۇسـلىم رىـۋايەت قىلغان]

تەكەببۇرلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغـان ئـادەم ئۆزىـدىن باشقىسـىنى ياراتمايـدۇ، بىلمىگەنىنـى سـورىمايدۇ، خاتـا كەتسـە خاتـالىقىنى تونـۇپ توغرىغا قايتمايدۇ، موھتاج بولـۇپ قالسـا كىشـىلەردىن يـاردەم سـورىمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قولى قىسقا، مېلـى ئـاز، تەجرىبىسـى يـوق بولـۇپ قالسـا ۋاي

ئۇنىڭ ھالىغا. ئىمام مالىكنىڭ ئەخمەق تالىپلىرىدىن بىرى مۇتەكەببۇرلۇق بىلەن مۇنداق دېگەن ئىكەن: «مەن كىرسەم مېنى ھۆرمەتلىمىدى، ئولتۇرسام ماڭا ئىززەت ـ ئىكرام قىلمىدى، مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى ھېچ كىم بايقىمىدى، ھىدايەتنى بىلىش مۇنداق خارلىق بولىدىغان بولسا، مەن ھىدايەتكە كۆڭۈل قويمايمەن.»

مۇتەكەببىرلەرنى ھەقنى سۆزلەشتىن ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشتىن پەقەت تەكەببۇرلۇقى توسقان ۋە ئۇلار: «بىز پەيغەمبەرلەرگە بەرگەن نەرسىنىڭ ئوخشىشى بېرىلمىگۈچە ئىشەنمەيمىز» دەپ تۇرۇۋالغان. ئاللاھ تەئالا ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

«بۇ ئازاب سىلەرنىڭ زېمىندا ھەقسىز رەۋىشتە (گۇناھ قىلىپ، پۇل ـ مالنى ھارام يوللارغا سەرپ قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن) خۇشال بولغانلىقىڭلار ۋە ھاكاۋۇر بولۇپ كەتكەنلىكىڭلار ئۈچۈندۇر. سىلەر دوزاخنىڭ دەرۋازىلىرىدىن كىرىپ ئۇ يەردە مەڭگۈ قېلىڭلار، مۇتەكەببۇرلارنىڭ جايى نېمە دېگەن يامان ؟!» [سۈرە غافىر 75 ـ 76 ـ ئايەتلەر]

ئەمما ئاللاھ تەئالا ئىمتىھان قىلىپ كەمبەغەللىك ياكى كېسەللىك بەرسە، ياكى باشقا ھەر قانداق بىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسە، ئۇنىڭغا سەۋر ـ تاقەت قىلىش، ئاللاھنىڭ تەقدىر ـ ئىرادىسىگە رازى بولۇش ۋە بايلىق، شىپا تېپىش، ياخشىلىقلارغا ئېرىشىشنىڭ سەۋەبلىرىنى قولىدىن بەرمەي قىلىش لازىم.

ئىسلام ئاجىز، خار، تەسلىمىيەتچى، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، «جان باقماق ۋاجىپ» دەپ دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلمايدىغان روھسىز، ئەبگار مۇسۇلماننى خالىمايدۇ. ئىسلام تەلەپ قىلىدىغان مۇسۇلمان كۈچلۈك، ئىرادىلىك، مۇتەۋازى، كەمتەر، قەھرىمان، باتۇر، دىنىنى ۋەتىنىنى مۇداپىئە قىلىدىغان، دىنىنىڭ ۋە ۋەتىنىنىڭ دۈشمەنلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەپسەندە قىلىنىشىغا رازى بولمايدىغان، مۆمىن ـ مۇسۇلمانلارنىڭ خورلىنىشىغا، ئېزىلىشىگە، مۇستەملىكە قىلىنىشىغا قاراپ تۇرمايدىغان، غۇرۇرلۇق، ئالىي ھىممەتلىك، جاسارەتلىك، ۋاپادار، ھەر قانداق قىيىنچىلىق كەلسە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، بىر ـ بىرىنى ھەققە ۋە سەۋر ـ تاقەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدىغان ئاكتىپ، ئىشچان، پائال مۇسۇلماندۇر.

سەۋر قىلىش ــ بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىققا رازى بولۇپ، جىم ئولتۇرۇش دېگەن بولمايدۇ. سەۋر قىلىش بېشىغا كەلگەن خاپىلىق، بالايىئاپەتلەرگە يىغلىماي ئاھ ئۇرۇپ خۇدايىمنى تىللىماستىن، خاپىلىققا بەرداشلىق بېرىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە تىرىشىش ۋە بۇ يولدا كەلگەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە چىداش دېگەن بولىدۇ. قۇرئاندا مەدھىيىلەنگەن سەۋر مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت.

ئاللاھ تەئالا بىزلەرنى غەيرەتلىك ۋە كەمتەر مۆمىنلەردىن بولۇپ، قىيامەت كۈنى جەننەت ئەھلىنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن. ئامىين!

## 28ـ ھەدىس تۇرمۇش ئىشلىرىدا ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەرنى ئۆلچەم قىلىش توغرىسىدا

عن أبي هريرةَ رضي الله عنه قال: قال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: « اُنظُرُوا مَنْ أَسْفَلَ مِنْكُمْ، ولا تَنْظُرُوا إلى مَنْ هُوَ فَوْقَكُمْ، فَهُوَ أَجْدَرُ ألاَّ تَزْدَرُوا نِعْمَةَ اللهِ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈڭلاردىن تۆۋەن تۇرمۇشتىكى كىشىلەرگە قاراڭلار، ئۆزۈڭلاردىن يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرگە قارىماڭلار، بۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئاز كۆرمەسلىكىڭلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئىشتۇر.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان. نومۇرى: 7379]

ئىزاھات: جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە ئەڭ پەزىلەتلىك ئەدەپ ۋە ئەڭ گۈزەل ئەخلاققا چاقىرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئىمان ئەھلىنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئاللاھ تەئالادىن نېمەت كەلسە شۈكۈر قىلىش، بالا ـ مۇسىبەت كەلسە سەۋر قىلىشتۇر.

ئىنسان تۇرمۇش ھاياتىدا بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە قانائەت قىلىشى ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىدىن تۆۋەن

تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كىشىلەرگە قارىشى لازىم. چۈنكى ئۆزىدىن يۇقىرى تۇرمۇشتىكىلەرگە قارىغان كىشىنى شەيتان دەرھال چاقىلىغا ئېلىپ، نەپسىنى كۆپتۈرىدۇ ـ دە، ئۇ «مەن نېمىشقا ئاشۇلارغا ئوخشاش بولالمايمەن؟ مېنىڭ ئاشۇلاردىن نېمەم كەم؟ خۇدايىم نېمىشقا ماڭىمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش باياشات تۇرمۇش بەرمەيدۇ؟!» دەپ كۇپۇر سۆزلەشكە باشلايدۇ. شەيتان ئۇنى ئېزىقتۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاچكۆزلۈك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئاللاھ تەئالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلمايدۇ. ئۇنداق ئادەم ھاياتلىقىنىڭ لەززىتىنى تېتىيالماي دائىم پىسخىكى ئازاب ئىچىدە ھەسرەت چېكىپ ياشايدۇ. ئۇنداق ئادەم مۇشۇ دۇنيادا تۇرۇپ دوزاخقا كىرگەن بولىدۇ.

ئەمما ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرمۇشتىكى كىشىلەرگە قارىغان ئادەم، ئۇلارغا قارىغاندا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنىڭ خېلى ئوبدان ۋە تۇرمۇشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرگە قانائەت قىلىدۇ. ئاچكۆزلۈك، تەمەخورلۇقتىن ساقلىنىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئاللاھ تەئالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىدىن تۆۋەن ياشايدىغان ئاجىز، كەمبەغەل بىچارىلەرگە ياردەم قىلىش ھېسسىياتى تۇغۇلىدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا، يېتىم ـ يېسىرلارغا ياردەم قىلىدۇ. بىلمىسىزلەرگە ئىلىم ئۆگىتىدۇ. كېسەل ـ مېيىپلەرنى كۆرگەندە ئۆزىنىڭ تەن سالامەتلىكىگە شۈكۈر قىلىدۇ. كېسەللەرنىڭ تېزدىن شىپالىق تېپىشىغا دۇئا قىلىدۇ. قولىدىن كەلسە ياردەم قىلىدۇ. نامرات ـ مىسكىنلەرنى كۆرسە، ئۆزىنىڭ ھالىغا شۈكۈر قىلىپ، ئاللاھ تەئالادىن ئۇلارغا ياخشى رىزىق ئاتا

قىلىشنى تىلەيدۇ. پاسىق ـ ئاسىيلارنى كۆرگەندە، ئۇلارنى چىرايلىقچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، يامانلىق ۋە ناچار قىلىقلارنى تەرك ئېتىشكە چاقىرىدۇ. ئاللاھ تەئالا يۇقىرى تۇرمۇشتىكىلەرگە كۆز سالماسلىق ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«بىز ئىنسانلاردىن تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇزىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزقى ئەڭ ياخشىدۇر ۋە ئەڭ باقىيدۇر.» [سۈرە تاھا 131 ـ ئايەت]

ئىسلام ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلانغان مۇسۇلمان، كىشىلەرنى كەمسىتمەيدۇ. پېقىر، مىسكىن، غېرىب، يېتىملەر بىلەن بىر يەردە بولۇشتىن، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىششتىن، بىر داستىخاندا تاماق يېيىشتىن يىرگەنمەيدۇ. ساھىبخانلارمۇ بايلارنى باشقا ھۆجرىغا، كەمبەغەللەرنى باشقا ھۆجرىغا باشلىمايدۇ. بايلارغا ئالىي تاماق، نامراتلارغا ئاددىي تاماق تەييارلىمايدۇ. ھەممىگە ئوخشاش قارايدۇ. مۇشۇنداق ياخشى ئەخلاق بىلەن ھەم ئۆزى ھۇزۇرلۇق راھەت ئىچىدە ياشايدۇ ھەم باشقىلار بىلەن دوست، ئىتتىپاق، ئىناق ۋە قېرىنداشلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ.

ئىسلام ئەخلاقىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرگەن مۇسۇلمان ئۆزىدىن يۇقىرى تۇرمۇشتىكىلەرگە ھەسەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى نېمەتنىڭ يوقىلىشىنى ئارزۇ قىلمايدۇ. ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىلەرنىڭ رىزقىنى بەلگىلەشتىكى ھېكمىتىگە نارازى بولمايدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك،

كىيىم ـ كېچەكتە بايلاردەك بولمەن دەپ ئۆزىنى قىينىمايدۇ. بەلكى ئاللاھ تەئالانىڭ بەرگەن رىزقىغا رازى بولۇپ، قولىدىن كېلىشىچە ئىشلەپ تاپقىنىغا شۈكۈر قىلىدۇ. ئەگەر ئىشىدا ئوڭۇشلۇق بولماي قىلىپ مەقسىتىگە يېتەلمىسە، ئۆزىدىن ناچار تۇرمۇشتىكى كىشىلەرگە قاراپ ھالىغا شۈكۈر قىلىدۇ. ئەمما ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەرنى ياراتماسلىق، يۇقىرى تۇرمۇشتىكىلەرگە ھەسەت قىلىپ قولى يەتمەيدىغان نەرسىنى ئارزۇ قىلىش بىر خىل ساراڭلىق بولىدۇ. بەزى ھۆكۈمالار مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بايلارغا ھەمراھ بولۇپ، غەم ـ قايغۇغا پاتتىم. چۈنكى مەن ئۇلاردا مېنىڭكىدىن ياخشى كىيىم ۋە مېنىڭكىدىن ياخشى ئۇلاغ كۆردۈم. كېيىن نامراتلارغا ھەمراھ بولۇپ ئىدىم راھەت ئالدىم، ھېچقانداق غېمىم قالمىدى.»

ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە كۆرۈنۈشى ناھايىتى ئاددىي، چاچلىرى چۇۋۇلۇق، كىيىملىرى كونا كىشىلەر باركى، ئۇ ھەقىقەتتە يولۋاستىنمۇ جاسارەتلىك، ئىلىم ـ مەرىپەتتە ئەللامىلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان، ساخاۋەتتە ھاتەم تائىينى ئارقىدا قويىدىغان، تەجرىبىدە پەيلاسوپلارغا دەرس بېرىدىغان، دىن ـ ديانەت ۋە تەقۋادارلىقتا سىددىقلارغا ھەمراھ بولىدىغان كىشىدۇر. ئۇنداق كىشىلەر بىر ئىشنى قىلىمەن دەپ قەسەم قىلسا ئاللاھ تەئالا چوقۇم ئۇنىڭ قەسىمىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئى مۆمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە

قىلىنغــان قەۋم ئاللاھنىــڭ نەزىرىــدە مەســخىرە قىلغــۇچى قەۋمــدىن ياخشىـراق بولۇشى مـۇمكىن. سـىلەرنىڭ ئـاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئـارا مەســخىرە قىلىشمىســۇن، مەســخىرە قىلىنغــۇچى ئايــاللار ئاللاھنىــڭ دەرگاھىدا مەسخىرە قىلغـۇچى ئاياللاردىن ياخشىـراق بولۇشى مـۇمكىن.» [سۈرە ھۇجۇرات 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئــى مــۆمىن بــۇرادەر! تەمەخــور بــولمىغىن، قولۇڭــدىن كەتكەنــگە ھەسـرەتلەنمىگىن، قولـۇڭ يەتمەيـدىغان نەرسـىگە ئىنتىلىــپ ئــۆزۈڭنى ئاۋارە قىلمىغىن، ئۆزۈڭـدىن تـۆۋەن كىشـىلەرنى خـور كـۆرمىگىن. شـۇنى قەتئىــي بىلگىنكــى، ھەمــمە نەرســە ئــاللاھ تەئالانىــڭ تەقــدىرى بىــلەن بولىــدۇ. ئــاللاھ تەئــالا بەنــدىلىرىنىڭ ئەھــۋالىنى ئوبــدان بىلىــدۇ. ئــۇ خالىغان كىشىنى ئەزىز قىلىدۇ، خالىغـان كىشـىنى خـار قىلىـدۇ، خالىغـان كىشىنى يـۇقىرى كۆتۈرىـدۇ، خالىغـان كىشـىنى تـۆۋەن قىلىـدۇ، خالىغـان كىشــىنىڭ رىزقىنــى كەڭ قىلىــدۇ، خالىغــان كىشــىنىڭ رىزقىنــى تــار قىلىــدۇ، خالىغــان كىشــىنى كۈلدۈرىــدۇ، خالىغــان كىشــىنى يىغلىتىــدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرەر ئىمتىھاندۇر.

ئــاللاھ تەئــالا بىــز مۇســۇلمانلارنى مــۇقەددەس دىنىمىــز كۆرســەتكەن گــۈزەل ئەخلاقلارنــى ئــۆزىمىزگە ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي سـۈپەتكە لايىـق مۇسۇلمان بولغىلى نېسىپ قىلسۇن. ئامىين!

## 29 ـ 30 ـ ھەدىس  گۆر ئازابىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدا

عنِ ابنِ عباس رضي الله عنهما: مَرَّ النَّبِيُّ صلى الله عليه وسلم بِقَبْرَيْنِ فقال: «إِنَّهُمَا لَيُعَذَّبَانِ ومَا يُعَذَّبَانِ فِي كَبِيرٍ، أَمَّا أَحَدُهُمَا فَكَانَ لا يَسْتَتِرُ مِنْ بَوْلِهِ، وَأَمَّا الآخَرُ فَكَانَ يَمْشِي بِالنَّمِيمَةِ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دېدى: «بۇ ئىككى قەبرىدىكىلەر ئازابلىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئازابلىنىشى چوڭ گۇناھ سەۋەبى بىلەن ئەمەس. ئۇلارنىڭ بىرى سۈيدۈكىدىن ئۆزىنى ساقلىمايتتى، يەنە بىرى كىشىلەر ئارىسىدا گەپ توشۇيتتى.»
«عَنْ حُذَيْفَةَ بْنِ اليَمانِ رضي الله عنهما قال: سمعت رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «لا يَدْخُلُ الْجَنَّةَ قَتَّاتٌ» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ھۇزەيفە ئىبنى ئەليەمان رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «گەپ توشۇغۇچى جەننەتكە كىرمەيدۇ.» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېگەن. [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەدىسنىڭ بۇخارىدىكى نومۇرى: 5917، مۇسلىمدىكى نومۇرى: 251]

ئىزاھات: گۆر ئازابى ھەقىقەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋاجىپتۇر. ئۇ يەردىكى ئازاب ۋە نېمەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ تەئالا ئۆزى بىلىدۇ. بىزگە گۆردە ئازاب ۋە نېمەتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش، ئۇنىڭ قانداق شەكىلدە بولىدىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلماسلىق ۋاجىپ.

مېيىت گۆرگە دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن تىرىلدۈرۈلىدۇ ۋە سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر مېيىتنى دەپنە قىلسا، ئۇنىڭ قەبرىنىڭ بېشىدا تۇرۇپ گۇناھىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى تىلەيتتى ۋە ساھابىلىرىگە: «قېرىندىشىڭلار ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئۇنىڭ سوئالغا جاۋاب بېرىشىنى تىلەڭلار، چۈنكى ئۇ ھازىر سوراق قىلىنىۋاتىدۇ» دەيتتى. [ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان]

مېيىتتىن سورىلىدىغان سوئاللار: «رەببىڭ كىم؟، دىنىڭ نېمە؟ ۋە پەيغەمبىرىڭ كىم؟» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەگەر بۇ سوئاللارغا توغرا جاۋاب بېرەلىسە، جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرى ئىچىدە راھەتتە ياتىدۇ. ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسە، ھەر تۈرلۈك ئازاب چېكىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى سالىم ئىبنى ھۈسەيىن ئەلبەيھانى ئۆزىنىڭ «جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش» ناملىق كىتابىدا يۇقىرىدىكى ھەدىسنى ئىزاھلاپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «دۇئا، ئىستىغپار ۋە قەبرە بېشىدا ئوقۇلغان قۇرئاننىڭ مېيىتقا پايدىسى بولىدۇ. مېيىت ھەققىدە قىلىنغان سەدىقە، ھەدىيە ۋە باشقا سالىھ ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنىڭ مېيىتقا

پايدىسى بولۇشى ئۈمىد قىلىنىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىدىكى ھەدىستە قەبرىگە ھۆل شاخنى سانجىپ قويۇپ: «مۇشۇ شاخ قۇرۇپ قالغۇچىلىك ئازاب يەڭگىللەيدۇ» دېگەن. ئەگەر جانسىز ھۆل شاخنىڭ تەسبىھى بىلەن ئازاب يەڭگىللىسە، ئىنسانلارنىڭ ئېيتقان تەسبىھ، تەھلىل ۋە دۇئالىرىنىڭ ئەلۋەتتە مېيىتكە پايدىسى بولىدۇ.»

بۇ دۇنيادا گۆر ئازابىغا، ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلار:

1 ـ سۈيدۈكتىن ساقلانماسلىق، بۇ بولسا مۇسۇلمانلار سەل قارايدىغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىدىكى ھەدىستە: «ئۇلارنىڭ ئازابلىنىشى چوڭ گۇناھ سەۋەبى بىلەن ئەمەس» دېگەن. يەنى «كىشىلەر كىچىك ساناپ سەل قارايدىغان ئىشلار بىلەن ئازابلىنىۋاتىدۇ» دېمەكچى. تازىلىققا رىئايە قىلماسلىق، بەدىنىنى، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى، ئولتۇرۇپ ـ قوپقان جايلىرىنى سۈيدۈك ۋە باشقا نىجاسەتلەردىن پاك تۇتماسلىق ئىنتايىن ناچار ۋە ئېچىنارلىق ئىشتۇر. ئىسلام دىنىدەك تازىلىققا رىئايە قىلىدىغان، كىشىلەرنى تازىلىق قىلىشقا چاقىرىدىغان يەنە بىر دىن ياكى مەزھەپ يوقتۇر. ئالايلۇق، ئىسلام مۇسۇلمانلارغا ھەر كۈنى بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلغان. ناماز ئوقۇشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق شەرتلىرى بەدەننىڭ پاك بولۇشى، تاھارەت ئالىدىغان سۇنىڭ پاك بولۇشى، ناماز ئوقۇيدىغان كىيىمنىڭ پاك بولۇشى، ناماز ئوقۇيدىغان

يەرنىڭ پاك بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر بۇ شەرتلەرنىڭ بىرى تولۇقلانماي قالسا ناماز ناماز بولمايدۇ. ئىسلام مۇشۇنداق قاتتىق كۆڭۈل بۆلگەن مۇھىم مەسىلىگە سەل قاراپ، تازىلىققا رىئايە قىلمىغان مۇسۇلماننىڭ جازاسى گۆر ئازابىدۇر.

شۇنىڭدەك، ئاممىنىڭ ماڭىدىغان يوللىرىغا، ئاممىۋى ئورۇنلارغا تاھارەت سۇندۇرۇش، ئەخلەت ۋە باشقا نىجىس نەرسىلەرنى تاشلاش ئارقىلىق كىرلىتىش ئىنتايىن يامان ئىشتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن يەر ۋە ھاۋانىڭ كىرلىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ ۋە مىكروپلارنىڭ تارقىلىشى بىلەن ھەر تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر خەلق ئارىسىغا تاراپ كېتىدۇ. بۇنداق يامان ئاقىۋەتلىك ئىشنى مۇسۇلماننىڭ قىلىشى، ئۆزىنىلا ئەيىبلىمەستىن، ئىسلامنىڭ پاك، مۇقەددەس دىن ئىكەنلىكىگە داغ تەگكۈزىدۇ ۋە غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنى ناھەق ئەيىبلىشىگە ۋە ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلارنىڭ تازىلىققا قاتتىق رىئايە قىلىشى، بەدەن، كىيىم - كېچەكلىرىگە نىجاسەت تېگىپ قېلىشتىن، بولۇپمۇ سۈيدۈك چاچراپ كېتىشتىن ناھايىتى قاتتىق ئېھتىيات قىلىشى لازىم.

2 ـ كىشىلەر ئارىسىدا گەپ توشۇش، ئەرنى ئايالىدىن، ئاتىنى بالىدىن، تۇغقانلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىيدىغان ناچار ئىللەت بولۇپ، بۇنداق نىجىس قىلىقتىنمۇ رەزىل ۋە يامان ئىش بولمىسا كېرەك.

ھۆكۈمالار «ساڭا گەپ ئېلىپ كەلگەن ئادەم، چوقۇم سېنىڭ گېپىڭنى باشقىلارغا ئېلىپ بارىدۇ» دەيدۇ.

ھەزرىتى لوقمان ئەلەيھىسسالام ئوغلىغا مۇنداق نەسىھەت قىلغان ئىكەن: «ئى ئوغلۇم! ساڭا بىر نەچچە خىسلەتنى ئېيتىپ بېرىمەن، ئەگەر ئۇ خىسلەتلەرنى چىڭ تۇتساڭ ھەرگىز خورلانمايسەن: يېقىن ـ يىراق بارلىق ئىنسانلارغا ياخشى ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن. ياخشى ـ يامان ھەر قانداق كىشىدىن غەزىپىڭنى تۇتقىن. دوستلۇقنى ساقلىغىن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلغىن. ئۇلارنى سۇخەنچىلەرنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمايدىغان، سېنىڭ ئاراڭنى بۇزماقچى بولغانلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمايدىغان قىلغىن. بۇرادەرلىرىڭ بىلەن دوستلۇقۇڭ شۇنداق مۇستەھكەم بولسۇنكى، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەيىبلەشمىگەيسىلەر.»

سۇخەنچىلەرنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكايە بار: بىر ئادەم قۇلىنى ساتقىلى بازارغا ئېلىپ بېرىپتۇ، ئۇ قۇلنى سېتىۋالماقچى بولغان كىشىگە: «بۇ قۇلنىڭ سۇخەنچىلىكتىن باشقا ئەيىبى يوق» دېگەن ئىكەن، مۇشتەرى قوبۇل قىلدىم دەپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى قۇل خوجايىنىنىڭ خوتۇنىغا: «ئېرىڭىز سىزنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇ سىزنىڭ ئۈستىڭىزگە خوتۇن ئالماقچى، ئېرىڭىز ئۇخلاپ قالغاندا ئۇستىرا بىلەن ساقلىدىن بىر نەچچىنى كېسىپ بېرىڭ، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈشى ئۈچۈن سېھىر قىلىپ بېرەي» دەپتۇ. ئاندىن خوجايىنىغا: «خوتۇنىڭىز ئاشنا تۇتۇۋاپتۇ، ئۇ سىزنى ئۇخلاپ قالغان چېغىڭىزدا ئۆلتۈرمەكچى، بۈگۈن سىز ئۇخلىغان بولۇپ يېتىڭ، سۆزۈمنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلىسىز» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇخلىغان بولۇپ ياتقان ئىكەن، دەرۋەقە

خوتۇنى ئۇستىرىنى ئېلىپ ساقىلىنى كېسىشكە تەمشىلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن خوجايىن ئورنىدىن تۇرۇپ خوتۇننى ئۆلتۈرۈپتۇ، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرى ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن خوجايىننى ئۆلتۈرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى قەبىلە ئارىسىدا ئۇرۇش باشلىنىپتۇ.

جەمئىيەتتە شۇنداق رەزىل، ناچار ئىنسانلار باركى، كىشىلەر ئارىسىدا گەپ توشۇپ، دوستنى دۈشمەن قىلىدۇ. گۇناھسىز خەلقنى زالىم ئەمەلدارلارغا چېقىپ جازالىتىدۇ. ئادەملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق مۇسادىرە قىلدۇرىدۇ. بىگۇناھ ئىنسانلارنى تۈرمىگە سولىتىدۇ.

دېمەك، جەمئىيەتتىكى ئىتتىپاقسىزلىقلار، بۆلۈنۈشلەر، ھەر تۈرلۈك زۇلۇملار ۋە دۈشمەنلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق گەپ توشۇغۇچىلارنىڭ تارقاتقان پىتنە ـ ئىغۋا ۋە چېقىمچىلىقلىرى تۈپەيلىدىن بولىدۇ. شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇنداق يامان ئىللەتتىن ئۇزاق تۇرۇشى ۋە بىراۋ گەپ توشۇپ كەلسە ئۇنىڭغا قۇلاق سالماسلىقى لازىم. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار. بولمىسا ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالىسىلەر.» [سۈرە ھۇجۇرات 6 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا بۇ ئايەتتە بۇيرۇغاندەك، كىشىلەردىن كەلگەن خەۋەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش كېرەك. ئەگەر بىرى پالانى سىلىنى مۇنداق دېدى دەپ كەلسە، ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەستىن، شۇ سۆزنى دېگۈچىنى

چاقىرىپ، ئاشۇ گەپنى ئېلىپ كەلگەن كىشىنىڭ ئالدىدا ئېنىقلاش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا گەپ توشۇغۇچى سۇخەنچى رەسۋا بولىدۇ ـ دە، ئىككىنچى گەپ توشماسلىققا مەجبۇر بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلماي ئاڭلىغان گەپنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىپ كەتسە، ئۇ چاغدا ھېلىقى سۇخەنچى تېخىمۇ كۆپ گەپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ گېپى بىلەن ئائىلە پارچىلىنىدۇ. جامائەت بۆلۈنىدۇ. دۈشمەنلىك تۇغۇلىدۇ. نەتىجىدە مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. كېيىن پۇشايمان قىلىدۇ. لېكىن بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغاندا پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ.

ئاللاھ تەئالادىن بۇنداق يامان ئىللەتكە گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن ۋە سۇخەنچىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، كېيىن پۇشايمان قىلىشتىن پاناھ تىلەيمىز. ئامىين!

## 31 ـ ھەدىس دەلىلسىز ھاكىمىيەتكە قارشى چىقماسلىق توغرىسىدا

عَنْ عُبادَةَ بْنِ الصامِت رضي الله عنه قالَ: «بَايَعْنَا رسُولَ الله صلى الله عليه وسلمَ عَلَى السَّمْعِ والطَّاعَةِ في العُسْرِ واليُسْرِ، والْمَنْشَطِ والْمَكْرَهِ، وعَلَى أَثَرَةٍ عَلَيْنَا، وعَلَى أَن لاَّ نُنازِعَ الأَمْرَ أَهْلَهُ إلاَّ أَنْ تَرَوْا كُفْرًا بَوَاحًا عِنْدَكُمْ مِنَ الله فِيهِ بُرْهَانٌ، وَعَلَى أَنْ نَقُولَ بِالْحَقِّ أَيْنَمَا كُنَّا، لا نَخافُ فِي اللهِ لَوْمَةَ لائِمٍ. [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قىيىنچىلىق ۋە ئاسانچىلىق چاغلاردا بولسۇن، خۇشاللىق ۋە بىئاراملىق ھالەتلەردە بولسۇن، سۆزىنى ئاڭلاپ بويسۇنۇشقا، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىشكە، قولىمىزدىكى ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ھۆججىتىمىزگە كۆرە ئاشكارا كۇپۇرلۇق سادىر قىلغانلىقىنى كۆرمىگۈچە، ئىش ئەھلىنىڭ ئىشىنى تارتىپ ئالماسلىققا، قەيەردە بولمايلى ئاللاھ يولىدا مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماستىن ھەقنى سۆزلەشكە بەيئەت قىلدۇق.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 4724]

ئىزاھات: بەيئەت قىلىش ــ تەلەپ قىلىنغان ئىشلارنى قىلىشقا، چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلماسلىققا قەتئىي ۋەدە بېرىش دېگەن بولىدۇ.

جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىنىي مەسىلىلەردە مۇھىم بىر ئىش قىلماقچى بولسا ياكى بىرەر ئىشنىڭ زايە بولۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلسا، ئۇنى ساقلاپ قالماقچى بولسا، ساھابە كىراملارنى بەيئەت قىلىشقا چاقىراتتى. ئۇلاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىشقا ۋەدە ئالاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ۋەدىسىنىڭ بەدىلىگە ئاللاھ تەئالا مۆمىن ـ مۇتتەقى بەندىلىرى ئۈچۈن تەييارلىغان جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرەتتى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابە كىراملارنى ئىش ۋە ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىغا قاراپ، بەزىدە ئومۇمى بەيئەت قىلدۇراتتى، بەزىدە بىردىن ـ بىردىن بەيئەت قىلدۇراتتى. مەسىلەن: ھۆدەيبىيە كۈنى ساھابە كىراملارنى ئاللاھ يولىدا ئۆلۈمدىن قاچماسلىققا بىر ـ بىرلەپ بەيئەت قىلدۇرغان ئىدى. ئاللاھ تەئالا بەيئەت قىلغانلار ھەققىدە مۇنۇ ئايەت كەرىمنى نازىل قىلغان:

«شۈبھىسىزكى، (ئى مۇھەممەد! ھۆدەيبىيەدە) ساڭا بەيئەت قىلغانلار (ھەقىقەتتە) ئاللاھقا بەيئەت قىلغان بولىدۇ، ئاللاھنىڭ قولى ئۇلارنىڭ قولىنىڭ ئۈستىدىدۇر. كىمكى ئەھدىنى بۇزىدىكەن، ئەھدىنى بۇزغانلىقنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. ئاللاھ بىلەن قىلغان ئەھدىسىگە ۋاپا قىلغانلارغا ئاللاھ بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ.» [سۈرە فەتھى 10 ـ ئايەت]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە ساھابە كىراملارنى تۆۋەندىكى تۆت ئىش ئۈچۈن بەيئەت قىلدۇرغان:

بىرىنچىسى ــ ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرىغا بويسۇنۇپ ئىتائەت قىلىش. دۆلەتنىڭ ئامانلىقى، تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇستەھكەم قوغدىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىقلار كەشىپ قىلىنىۋاتقان ئەسىرگە ماسلاشقان ھالدا ئىلگىرىلىشى، جەمئىيەتنىڭ خاتىرجەملىك ئىچىدە پاراۋان ھايات كەچۈرۈشى، ئىلىم ـ مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشى، ئىچكى خاتىرجەملىك، ئىناقلىق ۋە باشلىققا ئىتائەت قىلىشقا باغلىقتۇر. ئەگەر دۆلەت ئىچىدە قالايمىقانچىلىق بولىدىكەن، باشلىققا ئىتائەت قىلماي، ھەر كىشى ئۆزى خالىغان بويىچە ئىش قىلىدىكەن ئۇنداق دۆلەت تەرەققىي قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، زامانىنىڭ نەچچە ھەسسە ئارقىسىدا قالىدۇ. ھەممىدىن يامىنى ئىتتىپاقلىق بولمىغان دۆلەت ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلالماي كېڭەيمىچى، ئاچ كۆزلەرگە يەم بولىدۇ. بۈگۈنكى مۇستەملىكچى دۆلەتلەرنىڭ ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنى ئايىغى ئاستىدا ئېزىش ئۈچۈن يۈرگۈزۈۋاتقان سىياستى مانا مۇشۇ پارچىلاپ، ئاجىزلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشتۇر.

ئىككىنچىسى ــ مۇسۇلمانلار باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىش. ئىسلامدا قېرىنداشلىق ئاساسى ئامىلدۇر. شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىپ، ئۆزىدىن چوڭلارنى ھۆرمەتلىسە، كىچىكلەرگە مېھرى ـ شەپقەت كۆرسەتسە، ئوتتۇرىدىكى مۇھەببەت مۇستەھكەملىشىدۇ، ئىناقلىق ئومۇملىشىپ بۆلۈنۈش، دۈشمەنلىك بولمايدۇ. قېرىنداشلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئەلا بىلىشتۇر. جەمئىيەتتە

بارلىق كىشىلەر باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇندا قويسا، ھېچكىم بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىگە چېقىلمايدۇ، بىر ـ بىرىنى ئالداپ قاقتى ـ سوقتى قىلمايدۇ، بىر ـ بىرىگە ھەسەت قىلىپ دۈشمەن بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى مانا مۇشۇ يەردە. ئاللاھ تەئالا مۇسۇلمانلارنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىدىن ئەلا بىلىدۇ. ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.» [سۈرە ھەشر 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئۈچىنچىسى ــ باشلىقلاردىن ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا كۇپۇرلۇق سادىر بولمىغۇچە ئۇلاردىن ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئالماسلىق. ئىسلامدا كۈنىمىزدىكىگە ئوخشاش دۆلەت باشلىقلىرى تۆت يىللىق ياكى بەش يىللىق دەپ سايلانمايدۇ. رەئىسلىككە لاياقىتى بار، تەقۋادار، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ياخشى بىلىدىغان، ھەرقانداق سۆز ـ ھەرىكىتىدە ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغان، ئاللاھ تەئالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن قورقىدىغان، ئادىل، جاسارەتلىك كىشى سايلىنىدۇ. باشلىققا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئەڭ بىرىنچى شەرتى: باشلىقنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى ئاللاھ تەئالانىڭ كالامى قۇرئان كەرىم ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يوليورۇقى ھەدىس شەرىپلەرگە ئۇيغۇن ئېلىپ بېرىشىدۇر. ئەگەر باشلىقلار شەخسىي ھاياتىدا بەزى گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى سادىر قىلسىمۇ، دۆلەت ئىشلىرىنى شەرىئەتكە مۇۋاپىق ئېلىپ بارىدىكەن، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن

ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىشقا بولمايدۇ. بۇ ھەدىسنىڭ روھىغا كۆرە باشلىقلارنىڭ ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كېتىدىغان كۇپۇرلۇق ئىشلارنى ئوچۇق ـ ئاشكارا سادىر قىلمىغۇچە، بەزى گۇمان ۋە شۈبھىلىك ئىشلار بىلەن ئۇنىڭغا قارشى چىقىش دۇرۇس بولمايدۇ. كاشكى مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ مۇبارەك سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، ھاكىمىيەت تالاشمىغان بولسا، يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن باشلىقلىرىغا تۆھمەت قىلىپ، ئىسيان كۆتۈرۈپ ئىچكى ئۇرۇشلار پەيدا قىلمىغان بولسا، دۈشمەنلەر تەرىپىدىن بۆگۈنكىدەك خورلانمىغان بولاتتى.

ئەگەر ھاكىم ياكى رەئىس قەستەن ھالدا كۇپۇرلۇق ئىشلارنى قىلسا ۋە نەسىھەت قوبۇل قىلمىسا، ئۇنداق باشلىقنى دەرھال ئېلىپ تاشلاش ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تەئالاغا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلاردا بەندىگە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ.

تۆتىنچىسى ــ قايسى يەردە بولمىسۇن ھەقىقەتنى سۆزلەشتىن قورقماسلىق. ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشى، ئادالەتنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا باغلىق. ئادالەتنىڭ بەرپا قىلىنىشى بولسا ھەقىقەتنى ئاشكارا سۆزلەشكە باغلىقتۇر. چۈنكى ھەقىقەت ئاشكارا بولمىغان جەمئىيەتتە ئادالەتنىڭ يېرىنى زۇلۇم ئالىدۇ. زۇلۇم ئومۇملاشقان خەلقنىڭ ھاكىمىيىتى داۋاملاشمايدۇ. ئىمام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: «كاپىر بولسىمۇ ئادالەتلىك ھاكىمىيەت داۋاملىشىدۇ، مۇسۇلمان بولسىمۇ زالىم

ھـــاكىمىيەت داۋاملاشـــمايدۇ.» شۇڭلاشـــقا ئىســـلامدا پۈتكـــۈل مۇسـۇلمانلارنىڭ بىـر ـ بىـرىگە ياخشى نەسـىھەت قىلىشى، بىـر ـ بىرىنى ياخشىلىققا تەرغىب قىلىپ، يامانلىقتىن مەنئى قىلىشى ۋاجىپ. ياخشى نەسـىھەت قىلىـش ۋە ھەقىقەتنـى سۆزلەشـتە ھېچكىمنىـڭ مالامىتىـدىن قورقماسلىق كېرەك. چۈنكى تـوغرا ۋە ھەق سـۆزنى سۆزلەشتىن قورققان كىشى زالىملار قاتارىدىن بولىدۇ.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى مانا مۇشۇ بىـر ـ بىـرىگە نەسـىھەت قىلىشتۇر. ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئـى مـۇھەممەد ئـۈممىتى! سـىلەر ئىنسـانلار مەنپەئىتـى ئۈچـۈن ئوتتۇرىغـا چىقىرىلغـان ياخشـىلىققا بـۇيرۇپ يامـانلىقتىن توسـىدىغان ئاللاھقـا ئىمـان ئېيتىـدىغان ئەڭ ياخشـى ئۈممەتسـىلەر.» [سـۈرە ئـالى ئىمران 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئـاللاھ تەئـالا ياخشـىلىققا بـۇيرۇپ يامـانلىقتىن توسۇشـنى تەرك ئەتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«بەنـى ئىسـرائىلدىن كـاپىر بولغانلارغـا داۋۇدنىـڭ ۋە مەريەم ئـوغلى ئىيسـانىڭ تىلـى بىـلەن لەنەت قىلىنـدى. بـۇ (يەنـى ئۇلارنىـڭ لەنەتكە ئۇچرىشـى) ئۇلارنىـڭ ئاسـىيلىق قىلغـانلىقلىرى ۋە ھەددىـدىن ئېشـىپ كەتكەنلىكىدىن بولـدى. ئـۇلار ئـۆزلىرى قىلغـان يامـان ئىشلاردىن بىـر ـ بىرىنـى توسـمايتتى، ئۇلارنىـڭ قىلمىشـلىرى نېمىـدېگەن يامـان.» [سـۈرە مائىدە 78 ـ 79 ـ ئايەتلەر]

كاشــكى بىــز مۇســۇلمانلار رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەسـەللەمنىڭ سـاھابە كىراملىرىـدىن، شـۇنداقلا بىـزدىن ۋەدە ئالغـان بـۇ تــۆت نەرســە بىــلەن ئەخلاقىمىزنــى تــۈزىتەلىگەن بولســاق، پاســىق ۋە زالىملارغـا يـان بېسىپ زۇلۇمغـا كـۆز يۇممىغـان بولساق، چـوڭ ـ كىچىـك بـارلىق باشـلىقلىرىمىزنىڭ ئالدىـدا ھەقىقەتنـى سـۆزلەپ، ئـۇلارنى نـاھەق ئىشــلاردىن توســالىغان بولســاق بۈگــۈنكى پــالاكەتكە چۈشــمىگەن بولاتتـۇق. بـۇنى رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مۇنـۇ سـۆزى بىـلەن ئىزاھلايـدۇ: «جىھـنم ئىلىكىـدە بولغـان ئـاللاھ بىـلەن قەسـەمكى، سىلەر چوقـۇم ياخشـىلىققا بـۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىسـىلەر، يـاكى ئـاللاھ بېشــىڭلارغا ئېغىــر بــالا ئەۋەتىــدۇ، ئانــدىن دۇئــا قىلســاڭلار ئىجــابەت قىلىنمايدۇ.» [ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان]

ئى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز! بىزلەرگە ئەقىل ـ پاراسـەت ۋە ھەقىقەتنـى تـوغرا چۈشـىنىدىغان ئـاڭ ـ سـەۋىيە نېسـىپ قىلغىـن. بىـزگە ھەقىقەتنـى ھەقىــقەت كۆرســىتىپ ئۇنىڭغــا ئەمەل قىلىشــنى ۋە نــاھەقنى نــاھەق كۆرسىتىپ ئۇنىڭدىن يىراق بولۇشنى نېسىپ قىلغىن. ئامىين!

## 32 ـ ھەدىس بەيئەتكە ۋاپا قىلىش توغرىسىدا

عن عُبادَةَ بنِ الصامِت رضي الله عنه قال: قال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «تُبَايِعُونِي عَلَى أَن لاَّ تُشْرِكُوا بِاللهِ شَيْئًا، ولاَ تَسْرِقُوا ولا تَزْنُوا، ولا تَقْتُلُوا أَوْلادَكُمْ، ولا تَأْتُوا بِبُهْتَانٍ تَفْتَرُونَهُ بَيْنَ أَيْدِيكُمْ وأَرْجُلِكُمْ، ولا تَعْصُوا فِى مَعْرُوفٍ، فَمَنْ وَفَّى مِنْكُمْ فَأَجْرُهُ عَلَى اللهِ و مَنْ أَصَابَ مِنْ ذَلِكَ شَيْئًا فَعُوقِبَ فِى الدُّنْيَا فَهُوَ كَفَّارَةٌ لَهُ، و مَنْ أَصَابَ مِنْ ذَلِكَ شَيْئًا فَسَتَرَهُ اللهُ فَأَمْرُهُ إِلَى اللهِ إِنْ شَاءَ عَاقَبَهُ وإِنْ شَاءَ عَفَا عَنْهُ، فَبَايَعْنَاهُ عَلَى ذَلِكَ.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئوغرىلىق قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىق، بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەسلىك، بوھتان چاپلىماسلىق، مەن بۇيرۇغان خەيرلىك ئىشلاردىن باش تارتماسلىق جەھەتلەردە ماڭا بەيئەت قىلىڭلار، سىلەردىن كىمكى يۇقىرىقى ئىشلارغا ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ بېرىدۇ، كىمكى يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلىپ سېلىپ، بۇ دۇنيادا جازاغا تارتىلغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ گۇناھىغا كافارەت بولىدۇ. كىمكى يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلىپ سالغان بولسا ۋە ئاللاھ ئۇنى يوشۇرغان بولسا، بۇ ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ، ئاللاھ خالىسا

كەچۈرۈم قىلىدۇ، خالىسا جازالايدۇ. بىز شۇنىڭغا بەيئەت قىلدۇق.»
[ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان. نومۇرى: 7053]

ئىزاھات: بەيئەت قىلىش ــ تەلەپ قىلىنغان ئىشلارنى قىلىشقا، چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلماسلىققا قەتئىي ۋەدە بېرىش دېگەن بولىدۇ. بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىنى ئالتە تۈرلۈك ئىشنى قىلماسلىققا بەيئەت قىلدۇرغان. بۇ ئەينى زاماندا قىيامەتكىچە كېلىدىغان بارلىق مۇسۇلمانلاردىن بەيئەت ئالغانلىقتۇر. ئەگەر مۇسۇلمانلار بەرگەن سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ، بۇ ئىشلارنى قەتئىي تەرك ئەتسە، مۇكاپاتى جەننەت ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلسا، شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن جازاغا تارتىلىدۇ. بۇ جازا ئۇنىڭ قىلغان گۇناھىنىڭ كاپارىتى بولىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تەئالا ئۇنى بۇ دۇنيادا يوّگەپ ئاشكارىلىمىغان بولسا، قىيامەت كۈنى خالىسا ئۇنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، خالىسا جازالايدۇ. بۇ ئاللاھ تەئالانىڭ ئىلىكىدىكى ئىش. ئەمما شېرىك كەچۈرۈم قىلىنمايدىغان گۇناھ بولۇپ، جازالاش ئۇنىڭغا كافارەت بولمايدۇ. ئاللاھ تەئالاغا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرگەن كىشى ئىسلامغا قايتىپ، ئاللاھ تەئالانىڭ بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ چىن قەلبىدىن ئىمان ئېيتمىغۇچە ئاللاھ تەئالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت

قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ.» [سۈرە نىسا 48 ـ ئايەت]

شېرىك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى كىچىك شېرىك. ئۇ — ئىبادەتنى رىيا بىلەن قىلىشتۇر. يەنە بىرى چوڭ شېرىك. ئۇ — ئاللاھ تەئالاغا ئوخشاش ئىككىنچى بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش، بۇتقا، سۇغا، ئوتقا ۋە شۇنىڭدەك ئاللاھ تەئالادىن باشقا ھەر قانداق نەرسىگە چوقۇنۇش، ئاللاھ تەئالاغا خاس ئىشلارنى باشقىلارنىڭ قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىش، ئۆلۈپ كەتكەن سالىھلارنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ قۇربانلىق قىلىپ، ئۇلاردىن مال ـ دۇنيا، بالا ـ چاقا، كېسەلگە شىپا، ئىلىم قاتارلىق نەرسىلەرنى تىلەش، مەدەت تىلەش، مازار ـ ماشايىخلارغا بېرىپ ئىبادەت قىلىش، پالانى مازارغوجام بالىغا ھۆددىگەر، پوكۇنى مازارغوجام ئىلىمغا ھۆددىگەر دېگەندەك باتىل ئەقىدىگە ئېتىقاد قىلىش، مازارغوجاملارغا بېرىپ شاخ يىرىش، پىرخون، كاھىن، پالچى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش غايىبتىن سۆزلەيدىغان جادۇگەرلەرگە ئىشىنىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تەئالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ.

ئاللاھ تەئالاغا ئىشىنىش دېگەن: ئۇنىڭ زاتىدا، بارلىق سۈپەتلىرىدە ۋە پۈتۈن ئىشلىرىدا يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكىگە، ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، تەنھالىقىغا، ھېچقانداق نەرسىگە ئوخشىمايدىغانلىقىغا ۋە ئاسمان ـ زېمىندا زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە ئىشلىرىدا ئاللاھ تەئالاغا ئوخشايدىغان ئىككىنچى بىر نەرسىنىڭ يوقلۇقىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىشتۇر. بۇ

ئىشىنىشىنى «تەۋھىد ئەقىدىسى» دەيمىز. مانا مۇشۇ تەۋھىد ئەقىدىسىگە زىت كېلىدىغان ئەقىدە ـ ئىمان ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەر شېرىك بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«غالىب بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر.» [سۈرە ساد 65 ـ ئايەت]

«بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۆلچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن ئاللاھ ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۇرسى (يەنى مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.» [سۈرە بەقەرە 255 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ قانداق خالىسا شۇنداق قىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشنى خالىسا، «بول» دەيدۇ، ئۇ نەرسە دەرھال بارلىققا كېلىدۇ. ئىبادەت قىلىشقا، ياردەم تىلەشكە، ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ غەزىپىدىن قورقۇشقا تېگىشلىك بىرلا زات ئاللاھتۇر. ئاللاھ

تەئالانىڭ ھۆكۈمى قەتئىي ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئۇنىڭ بەرگىنىنى ھېچكىم توسالمايدۇ، ئۇنىڭ توسقىنىنى ھېچكىم بېرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ھۆكۈمىنى ھېچكىم قايتۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ. ئۇنىڭ سۆزى سۆز، ھۆكۈمى ئادالەتتۇر. پاراۋانلىقتا ئاللاھنى ئۇنتۇمىغان كىشىنى، ئاللاھ قىيىنچىلىقتا ئۇنتۇمايدۇ. بەندە ئۇنىڭغا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىدۇ. ئۇ ياخشىلىقلارنى ھەر قانچە ئاز بولسىمۇ قوبۇل قىلىپ كۆپ ئەجرى بېرىدۇ. ياخشىلىقلارنى نەچچە ھەسسە كۆپەيتىپ بېرىدۇ، يامانلىقلارنى ئەپۇ قىلىدۇ.

كىمكى ئاللاھ تەئالانى قويۇپ، باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنسا، ئاللاھتىن باشقىلارنىڭ ھىمايىسىگە سىغىنىپ ئۇنىڭغا تايانسا، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭدىن ياردىمىنى ئۈزۈپ، ئۇنى ئۆز بېشىغا تاشلاپ قويىدۇ. ئاللاھ تەئالا شېرىكلەردىن بىھاجەتتۇر. كىمكى ئاللاھ تەئالاغا بىر نەرسىنى شېرىك قىلىدىكەن ئۇنىڭ ئەمىلىنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ئۇنى ھەرگىز ئەپۇ قىلمايدۇ. شۈڭلاشقا دۇئانى پەقەت ئاللاھقىلا قىلىش، مەدەتنى پەقەت ئاللاھتىنلا تىلەش، ئۇنىڭدىن باشقىغا يالۋۇرۇپ باش ئەگمەسلىك كېرەك. ئەگەر بىز ھەقىقىي، چىن مۆمىن بولىدىكەنمىز ئاللاھ تەئالا ھەرگىز خار قىلمايدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا

قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار تـوغرا يـول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىشەنسۇن.» [سۈرە بەقەرە 186 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ بەندىسىگە يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇلار سېنى ئاللاھتىن باشقا مەبـۇدلار بىـلەن قورقۇتىـدۇ، ئـاللاھ گـۇمراھ قىلغـان ئـادەمنى ھـېچ ھـىدايەت قىلغـۇچى بولمايـدۇ، ئـاللاھ ھـىدايەت قىلغـان ئـادەمنى ھـېچ ئـازدۇرغۇچى بولمايـدۇ، ئـاللاھ غالىـب، دۈشـمەنلىرىنى جـازالىغۇچى ئەمەسمۇ؟» [سۈرە زۇمەر 36 ـ 37 ـ ئايەتلەر]

ئوغرىلىق قىلىش ــ كىشىلەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن تاپقان پـۇل ـ مېلىنـى مەخپـي ئېلىـۋېلىش بولـۇپ، بۇنـداق يامـان ئـادەتكە ئۆگىنىپ قالغـان ئادەمنىـڭ تۈزىلىشـى مـۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بۇنـداق ئېغىــر جىنــايەتنى قەتئىــي يوقاتمىغانــدا، جەمئىيەتــتە ئامــانلىق ۋە خاتىرجەملىــك بولمايــدۇ. ئــوغرىنى تــۈرمىگە ئــېلىش يــاكى مېلىنــى تـارتىۋېلىش ۋە يـا باشـقا ھەر تۈرلـۈك جـازا ئـۇنى ئوغرىلىـق قىلىشـتىن توسـالمايدۇ. ئـوغرىنى ھەر قـانچە جازالىسـىمۇ يەنە ئوغرىلىـق قىلىـدۇ. چـۈنكى ئـۇ تاشـلىغىلى بولمايـدىغان شـۇنداق يامـان ئىللـەت. شـۇنىڭ ئۈچـۈن ئوغرىلىققـا ئـادەتلەنگەن قـولنى كېسـىپ تاشـلاش كېـرەك. بـۇ توغرۇلۇق ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئوغرىلىــق قىلغــۇچى ئەرنىــڭ ۋە ئوغرىلىــق قىلغــۇچى ئايالنىــڭ قىلمىشـىنى جـازالاپ، ئـاللاھ تەرىپىـدىن ئىبـرەت قىلىـش يۈزىسـىدىن

قــوللىرىنى كېســـىڭلار، ئـــاللاھ غـــالىبتۇر، ھـــېكمەت بىـــلەن ئىـــش قىلغۇچىدۇر.» [سۈرە مائىدە 38 ـ ئايەت]

ئاتا ـ ئانىلار ئەۋلادلىرىنى كىچىكىدىن بۇنىداق ناچار قىلىققا كۆنۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ناھايىتى دىققەت قىلىشى، ئۆز ئۆيىدىن بولسۇن، ياكى باشقىلارنىڭ ئۆيىدىن بولسۇن، ئاز بولسۇن، ياكى كۆپ بولسۇن، مەخپىي بىر نەرسە ئېلىشقا يول قويماسلىقى ۋە ئۇنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇشى، كېرەك بولسا ئۇرۇشى لازىم. «كىچىك، بىلمەيدۇ» دەپ سەل قارىماسلىقى كېرەك.

جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىغا تەھدىت سالىدىغان، ئىنسانىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى ۋە ئىنسانلىق غۇرۇرىنى يوقىتىدىغان، ئائىلە ئوچىقىنى ۋەيران قىلىدىغان ئېغىر جىنايەت زىنادۇر. ئاللاھ تەئالا ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ چوڭ گۇناھنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرغان. ساغلام تەبىئەتلىك كىشىلەر بۇنىداق نىجىس، پاسكىنا ئىشنى قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ. لېكىن جەمئىيەتتە شۇنداق نىجىس ئىشلارنى قىلىدىغان رەزىل، تەبىئىتى بۇزۇق ئىنسانلارمۇ يوق ئەمەس. ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىنى بۇزىدىغان، جەمئىيەتنى رەزىللىككە، چۈشكۈنلۈككە ئېلىپ بارىدىغان زىيانلىق مىكروبلاردىن تازىلاش كېرەك. شۇڭلاشقا ئىسلامدا بۇ جىنايەتكە ئېغىر جازا قوللانغان. ئەگەر توي قىلمىغان قىز ـ ئوغۇل زىنا قىلسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە يۈز دەررە ئۇرۇلىدۇ. ئەگەر توي قىلىپ بولغان ئەر، ياكى ئايال زىنا قىلسا، ئۇ چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. زىناخورلار مۇشۇنداق

جازالانمىغانـدا، نەسـىل ئارىلىشـىپ كېتىـدۇ، مىكـروب تـاراپ جەمئىيەتـتە ھەر تۈرلۈك ئېغىـر كېسـەللىكلەر پەيـدا بولـىدۇ. بۈگـۈن دۇنيـادا دورىسـى يـوق ئەيـدىز كېسـىلى زىنـا ئـارقىلىق تارايـدۇ ئەمەسـمۇ؟ ئـاللاھ تەئـالا مۇنداق دەيدۇ:

«زىناغـا يېقىنلاشـماڭلار، چۈنكى ئـۇ قەبىـھ ئىشـتۇر، يامـان يولـدۇر.» [سۈرە ئىسرا 32 ـ ئايەت]

زىنانىڭ ئەڭ يامىنى قوشنىسىنىڭ ئايالى بىـلەن ۋە ئېـرى بىـر يەرگە كېتىپ قالغان ئايال بىلەن زىنا قىلىشتۇر.

زىنانـىڭ يامـان ئاقىۋەتلىرىـدىن بىـرى، زىنـا قىلغـان ئايـال ھـامىلە بولغانــدىن كېـيىن ئەرگە تېگىــپ، قورسـىقىدىكى ھارامــدىن بولغــان بـالىنى يالغانـدىن ئېرىمىنـىڭ بالىسـى دەپ دەۋا قىلىشـى ۋە ھەقسـىز ھالـدا ئېرىنىڭ مېلىدىن بالىسىغا مىراس ئېلىشـىدۇر. بـۇ ئىككـى قـات جىنـايەت بولـىدۇ. ئۇنىڭـدىنمۇ يـامىنى ئەرنىـڭ ئەر بىـلەن زىنـا قىلىشـىدۇر. بـۇ شـۇنداق نىجىــس، شــۇنداق ئېغىــر جىنــايەتكى، ئــاللاھ تەئــالا لــۇت ئەلەيھىســالامنىڭ قەۋمىنــى مۇشــۇ جىنــايەت تۈپەيلىــدىن پۈتــۈنلەي يەرگە يۇتقـۇزۇۋەتكەن. ئىسـلام بـۇ جىنـايەتكە ناھـايىتى قـاتتىق قارشـى تۇرىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم مۇنـداق دەيـدۇ: «ئەگەر لـۇت قەۋمىنـىڭ قىلىقىنـى قىلـىدىغان ئـادەمنى تاپسـاڭلار، قىلغـۇچى ۋە قىلىنغـۇچى ھەر ئىككىسـىنى ئۆلتـۈرۈڭلار.» [ئىمـام ئەبـۇ داۋۇد ۋە ئىبنـى ماجە رىۋايەت قىلغان]

ئېغىر جىنايەتلەرنىڭ بىرى بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈش، بۇ جىنايەت ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن مەككە مۇشرىكلىرىدا ئومۇملاشقان ئىدى. ئۇلار نامرات بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، ياكى قىزلاردىن نومۇس قىلىپ ئۆلتۈرەتتى. كۈنىمىزدە بۇ جىنايەت مەدەنىيەت دەۋاسى قىلىدىغان ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا كۆپەيمەكتە. چۈنكى ئۇلار ئەركىنلىك دەۋاسى ئاستىدا زىنا ـ پاھىشىگە يول قويغان. شۇنىڭ بىلەن زىنادىن بولغان باللارنى ئادەم كۆرمىگەندە يوللارغا ياكى باشقا جايلارغا تاشلىۋېتىدۇ. تاشلىۋېتىلگەن بوۋاقلارنى بىرەر ئادەم كۆرۈپ قالسا ساقچىغا خەۋەر قىلىدۇ، بولمىسا شۇ يەردە ئۆلىدۇ. ستاتىستىكىلارغا قارىغاندا ئەنگلىيىدە بىر ھەپتىدە مىڭ بالا تۇغۇلىدىكەن. ئۇنىڭدىن ھەر ئون ئىككى بالىدىن بىرى زىنادىن بولغان. زىنادىن بولغان بالىنىڭ نىسبىتى دانىيىدە ئوندا بىر، شۋېتسىيىدە يەتتىدە بىر ئىكەن. مانا بۇ ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ نەتىجىسى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇستىگە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلماسلىق ۋاجىپتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئىنسانلارنى پەقەتلا ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى ئەينى ۋاقتىدا ئاللاھنىڭ ئەمرىدۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇ (يەنى مۇھەممەد) خالىغانچە سۆزلىمەيدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرى پەقەت ئۇنىڭغا ۋەھيي قىلىنغان نەرسىدۇر.» [سۈرە نەجم 3 ـ 4 ـ ئايەتلەر]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشنى پەقەت ئۆزىگىلا مەخسۇس قىلماستىن، ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان ئورۇنباسارلىرىغا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەركىن سايلام بىلەن سايلانغان باشلىقلىرىغىمۇ بويسۇنۇپ ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە ئاللاھتىن قورقۇشقا، ئەگەر قارا تەنلىك قۇل سىلەرگە باشلىق بولسا، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بويسۇنۇشقا تەۋسىيە قىلىمەن. سىلەردىن كىمكى مەندىن كېيىن ياشىسا كۆپ ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ.» [ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان]

جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ۋەتەننىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكىنىڭ بىرىنچى ئامىلى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز باشلىقلىرىغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشىدۇر. بۇنىڭ بىرلا شەرتى بار، ئۇ بولسىمۇ باشلىقنىڭ ئاللاھ تەئالاغا ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىتائەت قىلىپ، ھەقنى بەرپا قىلىشى. چۈنكى ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا مەخلۇققا ئىتائەت قىلىنمايدۇ.

بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابە كىراملارنى بەيئەت قىلدۇرغان نەرسىلەر ئەرلەرگىلا خاس ئەمەس، بەلكى ئاياللارنىمۇ ئاشۇ ئىشلارغا بەيئەت قىلدۇرغان ئىدى. ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئى پەيغەمبەر! مۆمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا،

بـــالىلىرىنى ئۆلتۈرمەســـلىككە، باشـــقىلارنىڭ بالىســـىنى يالغانـــدىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا، ئۇلارنىڭ بەيئەتلىرىنى قوبۇل قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.» [سۈرە مۇمتەھىنە 12 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا بىزنى ۋە ئەۋلادىمىزنى بۇ ھەدىسنىڭ روھىغا ھەقىقىي ئەمەل قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن. ئامىين!

## 33 ـ ھەدىس سەدىقىنىڭ ساۋابى بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدا

عن أبي هُرَيرةَ رضي الله عنه قال: قال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «كُلُّ سُلامَى مِنَ الناسِ عَلَيْهِ صَدَقَةٌ كُلَّ يَوْمٍ تَطْلُعُ فِيهِ الشَّمْسُ، تَعْدِلُ بَيْنَ الإِثْنَينِ صَدَقةٌ، وتُعِينُ الرَّجُلَ فِى دَابَّتِهِ فَتَحْمِلُهُ عَلَيْهَا، أَوْ تَرفَعُ لَهُ عَلَيْهَا مَتَاعَهُ صَدَقةٌ، والْكَلِمَةُ الطَّيِّبَةُ صَدَقَةٌ، وكُلُّ خُطْوَةٍ تَمْشِيهَا إِلَى الصَّلاةِ صَدَقَةٌ، ودَلُّ الطَّرِيقِ صَدَقةٌ، وتُمِيطُ الأَذَى عَنِ الطَّرِيقِ صَدَقَةٌ.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلارنىڭ ئۇستىگە ھەر كۈنى بەدىنىنىڭ ھەر بىر بوغۇمى ئۈچۈن سەدىقە بېرىشى ۋاجىپ. ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ قويساڭ سەدىقە بولىدۇ، بىراۋغا ياردەم قىلىپ ئۇلىغىغا مىندۇرۇپ قويساڭ ياكى يۈكىنى كۆتۈرۈپ ئۇلىغىغا ئارتىشىپ بەرسەڭ سەدىقە بولىدۇ. ياخشى سۆز سەدىقىدۇر. نامازغا ماڭغان ھەر بىر قەدەم سەدىقە بولىدۇ. يولنى كۆرسىتىپ قويۇش سەدىقە بولىدۇ. يولدىن زىيانلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش سەدىقە بولىدۇ.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان. نومۇرى: 2288. «يولنى كۆرسىتىپ قويۇش سەدىقە بولىدۇ» دېگەن سۆزنى بۇخارى 2825 ـ نومۇرلۇق ھەدىستە رىۋايەت قىلغان]

ئىزاھات: ئىنسانىنىڭ بەدىنىدە 360 بوغۇم بار دېيىلىدۇ. بۇ يەردىكى «ھەر بىر بوغۇم ئۇچۇن ھەر كۈنى سەدىقە بېرىش لازىم» دېگەندىن مەقسەت، ئاللاھ تەئالانىڭ شۇنداق چىرايلىق ۋە قابىلىيەتلىك قىلىپ ياراتقانلىقىغا شۈكۈر قىلىش لازىم دېگەنلىك بولۇشى مۇمكىن. ئاللاھ تەئالانىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئېغىزىنىڭ ئۇچىدا «شۈكۈر خۇدايىم» دەپ قويۇش بىلەنلا بولمايدۇ. نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ــ ئاللاھ تەئالا بەدىنىمىزدە ئورۇنلاشتۇرغان ھەرخىل ئورگانلاردىن ئىبارەت نېمەتلەرنى ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشقا ئىشلەتمەستىن، بەلكى ئۇنى رازى قىلىدىغان ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىش ئارقىلىق بولىدۇ. شۈكۈر قىلىش نېمەتنىڭ كۆپىيىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. كىمكى ۋۇجۇدىنى، مال ـ مۈلكىنى ۋە باشقا نەرسىلىرىنى ئاللاھ تەئالا كۆرسەتكەن يولدا ئىشلەتسە، ئاللاھ تەئالانىڭ مەزكۇر نېمەتلىرىنى زىيادە قىلغان ھالدا داۋاملاشتۇرۇپ بېرىشىگە ۋە ئۇنىڭدىن ھېساب ئالماسلىقىغا ھەقلىق بولىدۇ.

ئاللاھ تەئالانىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ بۈيۈك نېمەت ئىسلامغا ھىدايەت قىلغانلىقىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا تەن سالامەتلىكىدۇر. ئاللاھ تەئالا سېنى مىلياردلارچە ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە تونۇشلۇق شەكىلدە ياراتتى. ساڭا تىل، كۆز، قۇلاق ۋە ئەقىل ئاتا قىلدى. ئىچكى ـ تاشقى بارلىق ئورگانلىرىڭنىڭ يارىتىلىشى، تەركىبى، ئۇ ئورگانلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلىرىنى قىلچىلىك خاتالاشماستىن قانداق

ئورۇنلايدىغانلىقى ھەققىدە ئازراق پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولساق، كېچە ـ كۈندۈز ئارام ئالماي تائەت ـ ئىبادەت قىلىپمۇ، بۇ نېمەتلەرنىڭ شۈكرىنى ئادا قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىسەن. لېكىن ئاللاھ تەئالا چەكسىز مېھرىبان، ناھايىتى رەھىملىك بولغانلىقى ۋە بىزنىڭ بارلىق نېمەتلەرگە شۈكۈر بەجا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىمىزنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، بىزدىن پەقەت تاقىتىمىز يېتىدىغان ئازغىنا ئىبادەتلەرنى قىلىشنى ۋە ئۆز قۇدرىتى بىلەن يارىتىپ، بىزگە بەرگەن بۇ ئورگانلىرىمىزنى ئۇنىڭغا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلارغا ئىشلەتمەسلىكىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. نامرات ساھابىلەر رەسۇلۇللاھقا كېلىپ، «يارەسۇلۇللاھ! بايلار كۆپ مۇكاپاتقا ئىگە بولدى، ئۇلار بىز ناماز ئوقۇغاندەك ناماز ئوقۇيدۇ. بىز روزا تۇتقاندەك روزا تۇتىدۇ. ماللىرىنىڭ ئارتۇقنى سەدىقە قىلىدۇ، بىز قىلالمايمىز» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ سىلەرگە سەدىقە قىلغانلىق بولىدىغان ئىشلارنى بەرپا قىلىپ بەردى ئەمەسمۇ؟ ھەر بىر تەسبىھ (سۇبھانەللاھ)، ھەر بىر تەكبىر (ئاللاھۇ ئەكبەر)، ھەر بىر تەھمىد (ئەلھەمدۇ لىللاھ)، ھەر بىر تەھلىل (لائىلاھە ئىللەللاھ) سىلەر ئۈچۈن سەدىقىدۇر. ياخشىلىققا بۇيرۇش سەدىقىدۇر، يامانلىقتىن توسۇش سەدىقىدۇر. جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشىڭلارمۇ سەدىقىدۇر.» ساھابىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ! بىز ئاياللىرىمىز بىلەن شەھۋىتىمىزنى ئادا قىلساق، بىزگە ساۋاب بولامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، «ئەگەر شەھۋىتىنى ھارام بىلەن قاندۇرسا، ئۇنىڭغا گۇناھ بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟» دېدى. ساھابىلەر: «شۇنداق» دېيىشتى،

رەسۇلۇللاھ: «شۇنىڭدەك شەھۋىتىنى ھالال يول بىلەن قاندۇرسا ساۋاب بولىدۇ» دېدى. [ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

ئاللاھ تەئالا شۈكۈر قىلغانلارغا نېمىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ. نانكورلۇق قىلىپ ئاسىي بولغانلارنى ناھايىتى قاتتىق جازالايدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، ئۇنى زىيادە قىلىمەن، ئەگەر كۇپرانى نېمەت قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم ئەلۋەتتە، بەك قاتتىق بولىدۇ.» [سۈرە ئىبراھىم 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئى ئاجىز ئىنسان! ئەگەر بىر دانە تىرنىقىڭ ئاغرىسا، ياكى قول ـ پۇتۇڭنىڭ كىچىككىنە بىر بوغۇمى ئاغرىسا چىداپ تۇرالمايسەن، ھاياتىڭ زەھەر، دۇنيا ساڭا تار بولىدۇ. نۇرغۇن پۇل خەجلەپ دورا قىلىسەن. بارلىق ۋۇجۇدۇڭنى ساپ ـ ساغلام ياراتقان، يىللارچە سىھھەت ۋە سالامەتلىك بەخش ئەتكەن پەرۋەردىگارىڭغا شۇ ساغلام بەدىنىڭ بىلەن شۈكۈر قىلىشىڭ لازىم ئەمەسمۇ؟!

بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە بەدەنلىرىمىزنىڭ ھەر بىر بوغۇمى ئۈچۈن سەدىقە بولىدىغان ۋە ئاللاھ تەئالاغا شۈكۈر قىلغانلىق بولىدىغان ئالتە تۈرلۈك خىسلەتنى بايان قىلىدۇ:

1 ـ كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى مۇرەسسە قىلىپ ياراشتۇرۇش. ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا دوست، ئىتتىپاق، ئىناق بولۇشى جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە تەرەققىياتىنىڭ كاپالىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن

مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا چىققان ھەر قانداق تالاش ـ تارتىش، جېدەل ـ ماجىرا ۋە ئىتتىپاقسىزلىقلارنى دەرھال تۈزىتىپ، دۈشمەنلىك پەيدا بولۇپ قېلىشىغا يول قويماسلىق كېرەك. شۇنداق قىلغاندا مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك يوقىلىپ، دوستلۇق مۇستەھكەملىنىدۇ، قېرىنداشلىق بۇزۇلمايدۇ. شۇڭلاشقا ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن يالغان گەپ قىلىش يالغانچىلىق بولمايدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى تۈزەش تۆت تۈرلۈك بولىدۇ: دۆلەت رەئىسىدىن باشلاپ تۆۋەنگىچە بولغان باشلىقلار بىلەن پۇقرالارنىڭ ئارىسىنى تۈزەش، مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەش، ئەر بىلەن خوتۇننىڭ ئارىسىنى تۈزەش ۋە سودا ـ سېتىق ۋە باشقا مۇئامىلە قىلىشقۇچىلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەشتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئەگەر ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى (ھېچبىر تەرەپكە يان باسماستىن) ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار. ھەممە ئىشتا ئادىل بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. مۆمىنلەر ھەقىقەتەن دىندا قېرىنداشلاردۇر، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى

تۇزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار.» [سۈرە ھۇجۇرات 9 ـ 10 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھتىن قورقۇڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي ئىتتىپاق بولۇڭلار) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار، ئەگەر سىلەر مۆمىن بولساڭلار، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار.» [سۈرە ئەنفال 1 ـ ئايەت]

2 ـ ئۆزئارا ھەمكارلىشىش. بۇ ــ نۇرغۇن دۆلەتلەر قۇرغان، ھۆكۈمەتلەر سورىغان، مەملىكەتلەرنى ئاۋات قىلىپ گۈللەندۈرگەن، مىللەت ۋە جەمئىيەتلەرنى پاراۋان قىلغان ئالىي ھىممەتلىك ئەزىمەتلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر. ئىنسان ئۆزى يالغۇز ئاجىز، قېرىنداشلىرى بىلەن كۈچلۈكتۇر. قېرىندىشىغا ياردەم قىلغان كىشىگە ئاللاھ تەئالا ياردەم قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ يەردە ئۇلاغنى مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭ ئىچىگە كۈنىمىزدىكى بارلىق قاتناش ۋاستىلىرى كىرىدۇ. ئۇلىغىغا مىنەلمەي قالغان، يۈكىنى ئارتالماي قالغان، ياكى بىر يەرگە بېرىش ئۈچۈن قاتناش ۋاستىلىرىگە پۇلى يېتىشمەي قىينىلىپ قالغان، ياكى ئۇ ۋاستىلەرنىڭ قايسى بىرىدە قازاغا يولۇقۇپ قۇتقۇزۇشقا موھتاج بولغان كىشىلەرگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىپ قويۇش، ياردەم قىلىدىغان كىشىلەرنى تېپىپ بېرىش، سەدىقە بەرگەندەك ساۋاب بولىدۇ. يەنە بۇ يەردە پەقەت قاتناش ۋاستىلىرىلا كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. ھەر قانداق بىر شەكىلدە ياردەمگە

موھتاج بولۇپ قالغان كىشىگە ياردەم قىلىش ھەم ئىسلامى ھەم ئىنسانىي پەزىلەتتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ياخشى ئىشقا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.» [سۈرە مائىدە 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

3 ـ ياخشى سۆز قىلىش. قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، زىكىر قىلىش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش، ئەزان ـ تەكبىر ئوقۇش، تەلىم ـ تەربىيە بېرىش، كىتاب، ماقالە يېزىش ۋە ئۇلارنى نەشىر قىلىش ۋە باشقا مەنپەئەتلىك سۆزلەرنى قىلىشنىڭ ھەممىسى سەدىقە بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈش، كېيىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ بىھاجەتتۇر ۋە ھەلىمدۇر.» [سۈرە بەقەرە 263 ـ ئايەت]

ئەگەر ياخشى سۆز قىلمىسا، يامان سۆز قىلغاندىن كۆرە سۈكۈت قىلىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى سۈكۈت قىلىپ سۆزلىمىسە، يامان سۆزى بىلەن كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىدۇ ۋە ئۆزىنى گۇناھكار قىلمايدۇ. شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن» دېگەن.

4 ـ نامازنى مەسجىدتە ئوقۇش. نامازنى مەسجىدتە ئوقۇشنىڭ جەمئىيەتكە نۇرغۇن پايدىسى بار. ئىجتىمائىي جەھەتتىن دوستلۇق،

ئىنتىپاقلىق مۇستەھكەم بولىدۇ. كىشىلەر بىر ـ بىرىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولىدۇ. دىنىي جەھەتتىن مەسجىدتە ئوقۇغان نامازنىڭ ساۋابى ئۆيدە يالغۇز ئوقۇغان نامازنىڭ ساۋابىدىن 27 ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ. مەسجىدكە بېرىش ئۈچۈن ماڭغان ھەر بىر قەدەمگە بىر ساۋاب يېزىلىپ، بىر گۇناھ ئۆچۈرۈلىدۇ. بۇ ھەدىسكە بىنائەن سەدىقە قىلغانلىقنىڭ ساۋابى بولىدۇ.

5 ـ يول كۆرسىتىش. يولدا ئېزىپ قالغان ياكى بىر ئادرېسنى تاپالماي تەمتىرەپ قالغان كىشىگە يولنى كۆرسىتىپ قويۇشمۇ سەدىقە بولىدۇ. ساۋاب بولىدۇ. بىلىپ تۇرۇپ يولنى كۆرسىتىپ قويماسلىق ياكى يول كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلىش ئىنسانلىققا سىغمايدىغان ناچار قىلىقتۇر.

6 ـ يولدىن زىيانلىق نەرسىلەرنى يوقىتىش. بۇ ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر. ئىنسانلارنىڭ مېڭىشىغا توسالغۇ بولىدىغان، پۇتلىشىدىغان، تاش، داشقال، تىكەن، ئەينەك پارچىلىرىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يولدىن ئېلىۋېتىش، يوللارنى پاكىز تۇتۇش مۆمىنلەرنىڭ ئەخلاقى. ئەپسۇسكى كۆنىمىزدە بۇ ئەخلاقمۇ قالمىدى. يوللارنى پاكىز تۇتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، قوغۇن ـ تاۋۇزنىڭ شاپاقلىرىنى ۋە ھەر تۈرلۈك ئەخلەت ۋە نىجىس نەرسىلەرنى ئاممىنىڭ ماڭىدىغان يولىغا تاشلايدۇ. ھالبۇكى «بۇ يولدا بىز ماڭىمىز ۋە باللىرىمىز ئوينايدۇ» دەپ، باشقىلارنى ئويلىمىسىمۇ ئۆزىنى بولسىمۇ ئويلاپ يولنى پاكىز تۇتمايدۇ. يازلىق بولسا مەھەللىدە چىۋىن قايناپ كەتكەن، كوچىلار پۇراپ

ئۆتكىلى بولمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. يەنە بەزىلەر كىشىلەر ماڭىدىغان يولنى ئۆيىگە قوشۇۋالىدۇ. ئەڭ ئېچىنارلىقى بۇنداق ناچار ئەھۋاللار مۇسۇلمانلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىدە بولۇۋاتىدۇ. بۇ قانداق مۇسۇلمانچىلىق؟! نېمىدېگەن رەزىللىك؟! مۇسۇلمان دېگەن ئاشۇنداق مەينەت، پاسكىنا بولامدۇ؟ ئاللاھ تەئالا نېمىگە بۇيرۇيدۇ؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نېمىگە چاقىرىدۇ؟ بىز نېمە ئىش قىلىۋاتىمىز؟

ئى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز! بىز مۇسۇلمانلارغا ئاڭ ئاتا قىلغىن. بىزنى پاك تەبىئەتلىك، غۇرۇرلۇق، دىلىمىز پاك، تىلىمىز پاك، كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز، يېمەك ـ ئىچمەكلىرىمىز، ئۆي ۋە مەھەللىلىرىمىز پاكىز، كۆرگەن ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېچىلىدىغان نۇرلۇق زاتلاردىن قىلغىن. ئامىين!

## 34 ـ ھەدىس ئاممىۋى يولدا ئولتۇرماسلىق توغرىسىدا

عَن أبي سَعيدِ الخُدْرِي رضي الله عنه عَنِ النَّبِيِّ صلى الله عليه وسلم قال: «إِيَّاكُمْ وَالْجُلُوسَ فِي الطُّرُقَاتِ» فَقَالُوا: "يَا رَسُولَ اللّٰهِ! مَا لَنَا بُدٌّ مِنْ مَجَالِسِنَا نَتَحَدَّثُ فيها" فَقَالَ رَسُولُ الله صلى الله عليه وسلم: «فَإِذَا أَبَيْتُمْ إلاَّ الْمَجْلِسَ فَأَعْطُوا الطَّرِيقَ حَقَّهُ» قالوا: "وَمَا حَقُّ الطَّرِيقِ يا رَسُولَ اللّٰهِ؟" قال: «غَضُّ البَصَرِ، وكَفُّ الأَذَى، ورَدُّ السَّلَامِ، والأَمْرُ بِالْمَعْرُوفِ، والنَّهْيُ عَنِ الْمُنْكَرِ» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كوچىلاردا ئولتۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار» دېدى. ساھابىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ! ئۇ يەرلەردە ئولتۇرمساق بولمايدۇ، چۈنكى كوچىلار بىزنىڭ ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشىدىغان جايىمىز» دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كوچىلاردا يەنىلا ئولتۇرۇۋېرىدىغان بولساڭلار، كوچىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ ئولتۇرۇڭلار» دېدى. ساھابىلەر: «يارەسۇلۇللاھ! كوچىنىڭ ھەققى نېمە؟» دەپ سورىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھارامدىن كۆزنى يۇمۇش، كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك، سالامنى ئىلىك ئېلىش، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇشتۇر» دەپ

جاۋاب بەردى. [بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان، نومۇرى: 5518]

ئىزاھات: ئىنسانلار توپلىشىپ ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان ئورۇنلار بولىدۇ. بۇنداق ئورۇنلاردىمۇ كىشىلەر بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەيدىغان چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىشىپ، كۆڭۈل ئېچىشىپ ئولتۇرۇشسا بولىدۇ. ئەمما بىر يەرگە توپلىشىۋېلىپ ئۇ يەردە يوق ئادەمنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان، چاقچاق قىلىدىم دەپ بەزىلەرنى گەپتە چېقىۋالىدىغان، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغان يامان سۆز ـ يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش لازىم.

شۇنىڭدەك، ئەرلەرنىڭ ئاياللار ماڭىدىغان ئاممۋى يوللاردا ئولتۇرۇشى توغرا ئەمەس. ئادەملەر يول ۋە كوچىلاردا ئولتۇرۇۋالسا، ئۇ يولدىن ئۆتمەكچى بولغان ئىپپەتلىك، شەرمى ـ ھايالىق ئاياللار ئۆتەلمەيدۇ. ئەرلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشتىن ئۇيالمايدىغان بەزى ئاياللار ئۆتسە، ئولتۇرغانلار ئۇنىڭغا قاراپ ھەر تۈرلۈك ئوي ـ پىكىرلەرگە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە ئەخلاقسىزلىق يۈز بېرىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى زاماندا شەرمى ـ ھايا قالمىغان، قىزلار بېشى باشتاق، قىسقا كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن كوچىلاردا يۈرىدىغان ئادەتلەر كۆپىيىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا يوللاردا ئولتۇرۇش زىنا ـ پاھىشىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقانلىق بولىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قاراش شەيتاننىڭ زەھەرلىك ئوقلىرىدىن بىر ئوق» دېگەن. زىنادىن ساقلىنىشنىڭ بىرلا يولى بار. ئۇ بولسىمۇ مەيلى ئەر، مەيلى

ئايال كۆزىنى نامەھرەمدىن ساقلاش. چۈنكى قاراشنىڭ ئارقىسىدىن تەبەسسۇم، ئاندىن سالام، سوئرە كالام، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەدىلىشىش ۋە ئۇچرىشىش كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى زىنادىن ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن خەۋەرداردۇر. مۆمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى زىنادىن ساقلىسۇن...» [سۈرە نۇر 30 ـ 31 ـ ئايەتلەر]

مانا مۇشۇنداق ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىدىغان يېرى يوللار ۋە كوچىلار بولغانلىقى ئۈچۈن جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارنى يوللاردا ئولتۇرۇشتىن توسقان. مۇسۇلمان داۋاملىق نەپسى شەيتان بىلەن جەڭ ھالىتىدە بولىدۇ. شەيتان بولسا ئىنساننىڭ ئەبەدى دۈشمىنى. ئۇ ئىنساننى ئازدۇرۇش ئۈچۈن مىڭ بىر ھىيلە ـ مىكىرلەرنى قىلىپ كېچە ـ كۈندۈز پۇرسەت قوغلاپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشنىڭ مۇقەددىمىسىدىن توسقان. چۈنكى نى ـ نى سالىھ كىشىلەر، ئابىد، زاھىت ۋە تەقۋادارلار ئۆزىگە ئىشەنچ قىلىپ ئىشنىڭ مۇقەددىمىسىگە سەل قاراپ، كېيىن نەپسىگە يېڭىلىپ، ئەزىز ئىكەن خار، ئېيپەتلىك ئىكەن رەزىل، يۈز ئابرۇيلۇق ئىكەن ئېتىبارسىز بولغان. ھېچكىم يامان نىيەت بىلەن كوچىغا چىقىپ ئولتۇرمايدۇ. لېكىن باشتا ئۆزىگە ئىشەنچ قىلىپ سەل قارايدۇ، كېيىن نەپسنى يېڭەلمەي ئۆزىنى خار قىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى

سۆز كەلمەستىن تۇغ سېلىش لازىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يولدا ئولتۇرۇشتىن توسقىنى مانا مۇشۇنىڭ ئۈچۈندۇر.

ساھابىلەر: «يارەسۇلۇللاھ! بىز ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن يولدا ئولتۇرۇشقا مەجبۇرمىز، ئۇنىڭدىن باشقا چارىمىز يوق» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا تۆت نەرسىنى شەرت قىلغان. ئەگەر بۇ شەرتلەرنى ئادا قىلالىساڭلار ئولتۇرۇڭلار دېگەن. ئۇلار:

1 ـ كۆزنى ھارامدىن يىغىش، يولدىن ئۆتكەن نامەھرەملەرگە قارىماسلىق. بۇنىڭ نەقەدەر قىيىن بىر ئىش ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق.

2 ـ يولدىن ئۆتكەن كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىدىغان ھەر قانداق سۆز ـ ھەرىكەتنى قىلماسلىق. يوللارغا ئەخلەت ۋە باشقا ھەر قانداق نىجىس نەرسىلەرنى تاشلىماسلىق، تىكەن تاش ـ داشقالغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يوللاردىن ئېلىۋېتىش، يولدا مېڭىۋاتقانلارنى مەسخىرە قىلماسلىق، ھاقارەتلىمەسلىك، كەمستمەسلىك، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاياللارغا چاقچاق قىلماسلىق، مېيىپ كىشىلەرنى كۆرسە زاڭلىق ئېتىپ كۈلمەسلىك، يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئاۋۇ ئانداق، ماۋۇ مۇنداق دەپ غەيۋەتنى قىلماسلىق ۋە باشقا ئەخلاقغا زىت كېلىدىغان ھەر قانداق سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى ساقلاش لازىم.

3 ـ يولدا ئولتۇرغان ئىكەن، چۈشۈپ قالغان نەرسىلەرنى ئېلىپ ساقلاش، ئېزىپ قالغان كىشىلەرگە يول كۆرسىتىش، ئۇرۇشۇپ

قالغانلارنى ئاجرىتىش، كىشىلەرگە چىرايلىق مۇئامىلە قىلىش، تونۇش ـ تونۇمىسۇن سالام قىلغانلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىش قاتارلىق ئىشلارغا رىئايە قىلىش لازىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىقنىڭ يولى كۆپ: تەسبىھ (سۇبھانەللاھ)، ھەمد (ئەلھەمدۇ لىللاھ)، تەكبىر (ئەللاھۇ ئەكبەر) تەھلىل (لا ئىلاھە ئىللەللاھ) ئېيتىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش، ئىنسانلارغا ئەزىيەت بېرىدىغان نەرسىلەرنى يولدىن ئېلىپ تاشلاش، پاڭغا گەپ ئاڭلىتىش، قارىغۇنى بارىدىغان يېرىگە ئاپىرىپ قويۇش، يول سورىغانغا يول كۆرسىتىش، ھاجەتمەنىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش، قولۇڭ بىلەن ئاجىزلارغا ياردەم قىلىش. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭ ئۈچۈن بەرگەن سەدىقە بولىدۇ.» [بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان]

4 - يولدا ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇپ - يامانلىقلاردىن توسۇشى لازىم. يولدا ئولتۇرۇشنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى، يولدا يۈز بەرگەن ناچار، يامان قىلىقلاردىن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن ئەخلاقلىنىشقا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەشتۇر. ئەگەر ئۇنداق قىلماي بولۇۋاتقان نا شەرئى ئىشلارنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرسا، ئاشۇلار بىلەن ئوخشاش گۇناھقا شېرىك بولىدۇ. چۈنكى گۇناھ ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قارشى چىقماسلىق ئۇنىڭغا رازى بولغانلىق بولىدۇ. گۇناھ ئىشلارنىڭ ئىشلىنىشىگە رازى بولۇشنىڭ ئۆزى گۇناھتۇر. ئەگەر گۇناھ ئىشلارنى توسۇشقا قۇدرىتى يەتمىسە ئۇ ئورۇندا ئولتۇرماسلىق،

نارازى بولۇپ، باشقا يەرگە كېتىش كېرەك. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشۇڭلار كېرەك، بولمىسا ئاللاھ بىشىڭلارغا يامانلىرىڭلارنى مۇسەللەت قىلىپ قويىدۇ، ياخشىلىرىڭلار دۇئا قىلسا ئىجابەت بولمايدۇ.» [بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان]

مانا يولدا ئولتۇرمەن دېگەن كىشى يۇقىرىدىكى شەرتلەرنى ئورۇنلىشى لازىم. ئەگەر ئورۇنلىيالمىسا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بويىچە يوللاردا ئولتۇرماسلىق كېرەك.

ئۇلۇغ ئىگىمىز ئاللاھ تەئالا بىزنى نەپسىمىزنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ يامان ئىشلارنى قىلىپ سېلىشتىن ئۆز پەزلى بىلەن ساقلىسۇن. ئامىين!

## 35 ـ ھەدىس ياخشى ئىشلار توغرىسىدا

عَن عَبْدِ الله بنِ عمرو بنِ العاص رضي الله عنهما: أنَّ رَجُلاً سَأَلَ النَّبِيَّ صلى الله عليه وسلم: «أَيُّ الإِسْلاَمِ خَيْرٌ؟» قال: «تُطْعِمُ الطَّعَامَ، وتَقْرَأُ السَّلاَمَ عَلَى مَنْ عَرَفْتَ ومَنْ لَمْ تَعْرِفْ.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن «ئىسلامدا ئەڭ ياخشى ئىش قايسى؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «يوقسۇللارغا تاماق بېرىش ۋە تونۇغان ـ تونۇمىغان كىشىگە سالام قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى. [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن كۆچۈرۈلگەن، نومۇرى: 123]

ئىزاھات: سالام بېرىش سۈننەت، ئۇنى ئىلىك ئېلىپ جاۋاب قايتۇرۇش ۋاجىپ. سالام بېرىشتە كىچىك چوڭغا، ئۆرە تۇرغان ئادەم ئولتۇرغان ئادەمگە، ئۇلاغدىكى ئادەم پىيادە مېڭىۋاتقان ئادەمگە، ئاز كىشىلەر كۆپچىلىككە سالام بېرىدۇ. ناماز ئوقۇۋاتقان، قۇرئان ئوقۇۋاتقان، خۇتبە سۆزلەۋاتقان، ئەزان ئوقۇۋاتقان، گۇناھ ئىشلەۋاتقان ۋە سالامغا جاۋاب بېرەلمەيدىغان ھالەتتە مەشغۇل بولۇۋاتقان كىشىلەرگە سالام بېرىلمەيدۇ. بىراۋ ساڭا سالام قىلسا، يۇقىرىدىكى ئىشلارنىڭ بىرى بىلەن مەشغۇل بولمىغان بولساڭ، سالامغا جاۋاب قايتۇرۇشۇڭ كېرەك.

ئاياللار بىلەن سالاملىشىش ئەگەر پىتنىگە يول ئاچمايدىغان بولسا دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر سالام ئارقىلىق يات ئاياللار بىلەن گەپلىشىش پۇرسىتى قوللايدىغان بولسا، ئاياللارغا سالام قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئەڭ سەھىھ سۆز ئاياللارنىڭ ئاۋازى ئەۋرەت ئەمەس. چۈنكى ساھابە كىراملار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەزۋاجلىرى بىلەن پەردە ئارقىسىدىن سالاملىشاتتى ۋە مەسىلە سورايتتى.

ئەگەر بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماسلىق خىيانەت ۋە سالام قىلغۇچىنى كۆزگە ئىلمىگەنلىك بولۇپ، ئۇ گۇناھتۇر.

ئىنساننى ئاللاھ تەئالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئەڭ ياخشى ئىشلارنىڭ بىرى ئاچ قالغان كىشىنى تويغۇزۇش ۋە ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشتۇر. ئاللاھ تەئالا مۆمىنلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ ۋە ئۇلارغا: ‹سىلەرگە بىز ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۈر تەلەپ قىلمايمىز› دەيدۇ.» [سۈرە ئىنسان 8 ـ 9 ـ ئايەتلەر]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاچ قالغان بىر مۆمىنگە تائام بەرسە، ئاللاھ ئۇنى جەننەتنىڭ مېۋىلىرى بىلەن تويغۇزىدۇ. كىمكى ئۇسساپ قالغان بىر مۆمىنگە سۇ بەرسە، ئاللاھ ئۇنى جەننەتنىڭ ساپ شارابى بىلەن سۇغىرىدۇ. كىمكى كىيىمسىز قالغان بىر مۆمىنگە كىيىم بەرسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ تونلىرىنى كىيگۈزىدۇ.» [ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى]

سەدىقىنىڭ پەزىلىتى ناھايىتى چوڭ ۋە ساۋابى بەك كۆپتۇر. بولۇپمۇ سەدىقىگە ھەقلىق بولغان كىشىنىڭ قولىغا چۈشسە ئۇنىڭ ساۋابىنى ئاللاھ تەئالا ئۆزى بىلىدۇ. سەدىقىنىڭ ئاز ـ جىقى يوق. ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن قولۇڭدىن قانچىلىك كەلسە شۇنچىلىك بەرسەڭ بولىدۇ. كۆپ سەدىقە بېرەلەيدىغان ئىش ئۆزۈڭنىڭ قولىدا بولمىسىمۇ، ئاز بولسىمۇ ھەمىشە قىلىپ تۇرۇش كېرەك. ئاللاھ تەئالانىڭ دەرگاھىدا چىن قەلبىڭدىن چىقىرىپ بەرگەن بىر تەڭگە، رىيا بىلەن بەرگەن مىڭ تەڭگىدىن ئەۋزەلدۇر. ئۆز رىزقىڭدىن قىسىپ سەدىقە قىلساڭ بولىدۇ، ئەمما بالا ـ چاقاڭنىڭ رىزقىنى قىسىپ سەدىقە قىلىش توغرا ئەمەس.

ھەر دائىم سەدىقە بېرىشكە، موھتاجلارغا ياردەم قىلىشقا ھېرىسمەن بولغىن. قولۇڭدىن كېلىدىغانىنى ئايىما. كۆچۈڭ يەتمەيدىغان ئىشنى قىلىمەن دەپ ئۆزۈڭنى قىينىما. بېرىدىغان سەدىقىنى ئاز كۆرمە، ئاز بولسىمۇ بەرگىن. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «يېرىم خورما بىلەن بولسىمۇ، دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىڭلار» دېگەن. دېمەك، سەدىقە ئىنساننى دوزاخ ئوتىدىن قۇتقۇزىدۇ. ياخشىلىقنى كىچىك كۆرمەسلىك كېرەك. بەزىدە كىچىك ئىشلار چوڭ ئىشلارغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

مال ـ دۇنيا ئىگىسى پايدا ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مېلىنى پايدا چىقمايدىغان يەرگە بەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھ تەئالا مۆمىنلەرنى سەدىقە قىلىشقا قىزىقتۇرۇپ، سەدىقە قىلغانلىقنى ئۆزى بىلەن سودا قىلغانلىق دەپ كۆرسەتتى ۋە ئۇلارغا نەچچە ھەسسىلەپ پايدا

بېرىــدىغانلىقىنى، بىرنــى بەرگەنــگە نەچــچە يــۈز ھەسســە مۇكاپــات بېرىــدىغانلىقىنى ۋەدە قىلــدى. ئــاللاھ تەئــالا مۇنــداق دەيــدۇ: «كىمكــى ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەدىقە قىلىدىكەن) ئاللاھ ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە كۆپ قايتۇرىدۇ.»[1]

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى، يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر بىر باشىقىدا يۈز دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.» [سۈرە بەقەرە 261 ـ ئايەت]

سالام ۋە سەدىقە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە باي ـ كەمبەغەل ئايرىمىنى تۈگىتىپ، ھەممە ئادەمنى ئوخشاش باراۋەر قىلىدۇ ۋە ئىنسانلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىقنى كۈچەيتىپ، ھەممە بىر ـ بىرىگە دوست ـ ئىناق بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىدۇ. دوستلۇق ۋە ئىناقلىق ئومۇملاشقان جەمئىيەتتە تەرەققىيات، ئىلگىرىلەش، ئالغا بېسىش بولۇپ، ھەممە خۇشال ـ خۇرام ھايات كەچۈرىدۇ.

ئاللاھ تەئالا بىز مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاق، ئىناق بولۇپ، بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولىدىغان، بايلار نامراتلارنى كەمسىتمەيدىغان، نامراتلار بايلارغا ھەسەت قىلمايدىغان مۆمىنلەردىن قىلسۇن. بەرگەن

[1] سۈرە بەقەرە 245 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سەدىقىلىرىمىزنى رىيادىن ساقلاپ، ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلسۇن.
ئامىين!

## 36 ـ ھەدىس  مېھماننى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا

عن أبي هُرَيرَةَ رضي الله عنه أَنَّ رسولَ الله صلى الله عليه وسلم قال: «مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ باللهِ واليَوْمِ الآخِرِ فَلْيُكْرِمْ ضَيْفَهُ، ومَنْ كَانَ يُؤْمِنُ باللهِ واليَوْمِ الآخِرِ فَلْيَصِلْ رَحِمَهُ، ومَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ واليَوْمِ الآخِرِ فَلْيَقُلْ خَيْرًا أَوْ لِيَصْمُتْ.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن، كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن سىلە ـ رەھىم قىلسۇن، كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 5996]

ئىزاھات: بۇ ھەدىس ئۈچ خىسلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ خىسلەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلار ھاياتىدا قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ھەر بىر خىسلەتنى ئىمان بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تىلغا ئالدى.

1 ـ خىسلەت: مېھماننى ھۆرمەتلەش. مېھماننى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ئىكرام قىلىش ياخشى كۆتۈۋېلىش ئىسلامي ئەخلاق،

ئىنسانىي پەزىلەتتۇر. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مۇسۇلمانلار ئاز ۋە مەئىشەت قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆيگە كەلگەن مېھماننى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن مېھمان قىلىش ۋاجىپ ئىدى. كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىپ، تۇرمۇشتا پاراۋان بولغاندىن كېيىن ۋاجىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سۈننەت بولدى. مېھمانغا ئىكرام قىلىش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ۋە ئادىتىدىندۇر. ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:

«ئى مۇھەممەد! ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىنىڭ خەۋىرى يەتتىمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ ‹سالام› دېدى. ئىبراھىم سالامنى ئىلىك ئالدى (ئىچىدە) «ناتونۇش ئادەملەرغۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئائىلىسىگە چىقىپ پىشۇرۇلغان بىر سېمىز موزاينى ئېلىپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ: «يېمەمسىلەر» دېدى.» [سۈرە زارىيات 24 ـ 27 ـ ئايەتلەر]

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھماندوستلۇقى قۇرئان كەرىمدە مانا مۇشۇنداق زىكىر قىلىندى. يەنە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمىشە بىر كەمبەغەل بىلەن تاماق يەيدىغانلىقى، ئەگەر ئۆيىگە مېھمان كەلمىسە كوچىغا چىقىپ مېھمان ئىزدەيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بىر ھەدىستە: «نامازنى ئادا قىلغان، زاكاتنى بەرگەن، رامزان روزىسىنى تۇتقان ۋە مېھمانغا ئىكرام قىلغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ.» دېگەن.

مېھماننىڭ ھەققى بىر كۈن، بەزى رىۋايەتلەردە ئۈچ كۈندۇر. ئۇنىڭدىن ئوشۇقى سەدىقە بولىدۇ. مېھمانغا خۇشاللىق بىلەن ئىشىك ئېچىش، ئۇنىڭغا ياخشى تاماقلارنى تەقدىم قىلىش، مېھمانغا ناھايىتى ئوچۇق چىراي ۋە تەبەسسۇم بىلەن چىرايلىق مۇئامىلە قىلىپ، كۆڭلىنى ئېلىش، قازان ـ قومۇشلارنى تاراقلىتىپ ئىشلەتمەسلىك، بالىلىرىغا ۋارقىرىماسلىق، ئۆزى كەمبەغەل، يوقسۇل بولسىمۇ، ئۆيىدە بار نەرسىنى ئاز كۆرمەستىن ۋە بېخىللىق قىلماستىن مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇش لازىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئۆيىگە مېھمان كىرسە، ئۆيىدە بار نەرسىنى ئاز دەپ مېھماننىڭ ئالدىغا قويمىغان كىشى ھالاك بولسۇن، ئالدىغا قويۇلغان نەرسىنى ئاز كۆرۈپ ياراتمىغان مېھمان ھالاك بولسۇن.» [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «ئالدىغا قويۇلغان نەرسىنى ياراتماسلىق، ئۇنىڭ ئوسال ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.» دېگەن.

دېمەك، ساھىبخانا ئۆيىگە كەلگەن كىشىنى ھۆرمەتلەپ، قولىدىن كېلىشىچە ياخشى مېھمان قىلىشى، ئۆيۈمدە بار نەرسىنى مېھماننىڭ ئالدىغا قويغىلى بولمايدۇ دېمەسلىكى، مېھمان بولۇپ كەلگەن كىشىمۇ ساھىبخانىنى ئەيىبلىمەسلىكى ۋە ئالدىغا قويۇلغان نېمەتلەرنى ئاددىي كۆرمەسلىكى لازىم. بۇنداق بولغاندا ھەم ئۆي ئىگىسى كەلگەن مېھماننى كۆڭۈل راھەتلىكى بىلەن چىرايلىق ئۇزىتىدۇ ۋە ھەم مېھمانلار

خۇشـال  ـ خـۇرام ئـۆيلىرىگە قايتىـدۇ. ئەگەر ئۇنـداق بولمىغانـدا ئـۆيگە كەلـگەن مېھمـان سـاھىبخانىغا بـالا بولىـدۇ. چـۈنكى ئـۇ مېھمانغـا ئەرزىتمەن دەپ قەرزگە گىرىپتار بولىدۇ. ساھىبخانا مېھماننى، مېھمان ساھىبخانىنى بىـر ـ بىرىنىـڭ ئارقىسـىدىن قارغـاپ غەيـۋىتىنى قىلىـدۇ، شۇنىڭ بىلەن قېرىنداشلىق ۋە ئىناقلىققا تەسىر يېتىدۇ.

2 ـ خىسلەت: سىلە ـ رەھىم قىلىش. ئـۇ ـ يـېقىن ـ يىـراق ئـۇرۇق ـ تۇغقـانلار ئۆزئـارا بىـر ـ بىرىنـى يـوقلاش، بىـر ـ بىـرىگە خەيـرى ـ ئېھسـان قىلىش، بىـر ـ بىرىنـى ھۆرمەتلەشـتىن ئىبـارەتتۇر. ئـاللاھ تەئـالا ئـۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن:

«تۇغقانغـا، مىسـكىنگە، مۇسـاپىرغا (خەيـرى ـ سـاخاۋەتتىن) ھەققىنـى بەرگىن، پـۇل ـ مېلىڭنـى كېرەكسـىز بـۇزۇپ ـ چـاچمىغىن.» [سۈرە ئىسـرا 26 ـ ئايەت]

ئـاللاھ تەئـالا ئـۇرۇق  ـ تۇغقانلارغـا ياخشـىلىق قىلىشـنى ئـادالەت ۋە ئېھسان بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئـاللاھ ھەقىـقەتەن ئادىـل بولۇشـقا، ياخشـىلىق قىلىشـقا، خىـش  ـ ئەقرىبالارغــا ســىلە  ـ رەھىــم قىلىشــقا بۇيرۇيــدۇ. قەبىــھ ســۆز  ـ ھەرىكەتلەردىــن، يامــان ئىشــلاردىن ۋە زۇلــۇم قىلىشــتىن توســىدۇ. نەسـىھەتنى قوبـۇل قىلسـۇن دەپ، ئـاللاھ سـىلەرگە پەنـد  ـ نەسـىھەت قىلىدۇ.» [سۈرە نەھل 90 ـ ئايەت]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بىر ھەدىستە: «كىمكى رىزقىنىڭ كەڭ، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى خالىسا، سىلە ـ رەھىم قىلسۇن» دېگەن.

سىلە ـ رەھىم قىلىش بىلەن خىش ـ ئەقرىبالار ئوتتۇرىسىدا مېھرى ـ مۇھەببەت، دوستلۇق كۆچىيىدۇ ۋە تۇغقانلىق رىشتىسى مۇستەھكەملىنىدۇ. ئاداۋەت ـ دۈشمەنلىك بولمايدۇ. بىر ـ بىرىگە يېقىندىن ياردەملىشىپ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىدۇ. ھەزرىتى ئېلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «تۇغقانلىرىڭغا ئىززەت ـ ئىكرام قىلغىن، چۈنكى ئۇلار سېنىڭ ئۇچىدىغان قانىتىڭ، قىيىنچىلىقتا ياردەمچىلىرىڭدۇر. ئۇلارغا ھۆرمەت قىلغىن، كېسەل بولسا يوقلىغىن، ئىشلىرىڭغا ئۇلارنى ئورتاق قىلغىن، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلغىن.»

ئائىلەڭ ۋە خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنىڭ سەندىكى ھەققى: كېسىلىنى يوقلاش، كەمبەغىلىنى ھىمايە قىلىش، كىچىككە رەھىم ـ شەپقەت قىلىش، يېتىملىرىگە كېپىل بولۇش، چوڭلىرىنى ھۆرمەتلەش، ئۇلار ساڭا ئەسكىلىك قىلسىمۇ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلار سەندىن يىراقلاشسا سەن ئۇلارغا يېقىنلىششتۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىلىش سىلە ـ رەھىم قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى سەندىن يىراقلاشقان تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش سىلە ـ رەھىم قىلغانلىقتۇر» دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «ئەڭ تېز مۇكاپاتى بېرىلىدىغان ياخشىلىق

سىلە ـ رەھىم قىلىش ۋە خەيرى ـ ساخاۋەت قىلىشتۇر. ئەڭ تېز جازاسى بېرىلىدىغان يامانلىق زۇلۇم قىلىش ۋە تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈشتۇر» دەيدۇ.

3 ـ تىلىنى ساقلاش. ئىنساننىڭ بېشىغا كېلىدىغان ھەر قانداق ھالاكەت ۋە بالايىئاپەتلەر ئۇنىڭ تىلىدىن كېلىدۇ. ئىنساننىڭ تەقدىرى تىلىغا باغلىق. تىلىنى تۇتقان ئامان بولىدۇ، تىلىنى قويۇپ بەرگەن ھالاك بولىدۇ. ئاتىلىرىمىزمۇ «مىڭ ئويلاپ بىر سۆزلە» دەپ بىكار ئېيتمىغان. كۆپ سۆزلەش ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ خىسلىتى ئەمەس. ھۆكۈمالار: «سۆزلەش كۈمۈش بولسا، سۈكۈت قىلىش ئالتۇندۇر» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىراجغا چىققاندا كىچىك بىر يىلاننىڭ ئىچىدىن چوڭ بىر ئۆي چىقىپ، ھەر قانچە قىلىپمۇ قايتىپ كىرىپ كېتەلمەيۋاتقىنىنى كۆرۈپ، «بۇ نېمە؟» دەپ سورىغان. ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلگەن: «بۇ ئىنساننىڭ ئېغىزىدىن چىققان يامان سۆزنىڭ مىسالى بولۇپ، ئۇنى ھەرگىز قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ.»

ئىنسان قىيامەت كۈنى ھەسرەت ـ نادامەت كەلتۈرمەيدىغان سۆز قىلىشى كېرەك. ئاللاھ تەئالا ئىنسانغا كۆپ ئاڭلىسۇن، ئاز سۆزلىسۇن دەپ ئىككى قۇلاق بىر تىل ياراتقان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئىلمىگە ئەمەل قىلغان، مېلىنىڭ ئارتۇقىدىن سەدىقە قىلغان و كۆپ سۆزلەشتىن تىلىنى تۇتقان كىشىگە خۇشخەۋەر.» كېرەك بولغاندا مەقسەتنى ئۇقتۇرغىچىلىك سۆزلەش، پايدىسىز ئارتۇق سۆزلەردىن تىلىنى يىغىش پەزىلەتتۇر.

لېكىن بىر نەرسە سورىغان كىشىگە ئۆز لايىقىدا جاۋاب بەرمەسلىك تەكەببۇرلۇقتۇر.

كىشىلەرگە پايدىلىق پەند ـ نەسىھەتلەرنى قىلىش، بىلگىنىنى بىلمىگەنلەرگە ئۆگىتىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، غاپىللارنى ئاگاھلاندۇرۇش، ئاللاھ تەئالانى زىكىر قىلىش ۋە كۆپ دۇئا قىلىش ياخشى سۆز قىلغانلىق بولۇپ، ساۋابى كۆپتۇر. ئەمما يالغان سۆزلەش، غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىش، گەپ توشۇش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، كىشىلەرنى تىللاش، لەنەت ئوقۇش، يالغان تۆھمەت چاپلاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى گۇناھى كەبىرە بولۇپ، جازاسى ئېغىردۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، توغرا سۆز قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا، زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ.» [سۈرە ئەھزاب 70 ـ 71 ـ ئايەتلەر]

«ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار، ئىنسان قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدۇ.» [سۈرە قاف 17 ـ 18 ـ ئايەتلەر]

ئاللاھ تەئالا ھەممىمىزنى توغرا يولدا ماڭغىلى نېسىپ قىلسۇن. ئامىين!

## 37 ـ ھەدىس  ئىجازەت سوراشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

عن أَبِي مَسعودٍ الأنصاريِّ قال: «كان من الأنصارِ رجلٌ يقال له أبو شُعيب، وكان له غُلامٌ لحام، فقال: اصنَعْ لي طعاماً أدعو رسولَ الله صلى الله عليه وسلم خامسَ خمسةٍ، فدعا رسولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم خامسَ خمسةٍ، فَتبِعَهم رجلٌ، فقال النبيُّ صلى الله عليه وسلم إنكَ دعوتَنا خامسَ خمسة، وهذا رجلٌ قد تبِعَنا، فإِن شِئتَ أذِنتَ له وإن شئتَ تركتَه. قال: بل أذِنتُ له». [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ئەنسارلاردىن ھەزرىتى ئەبى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەنسارلاردىن ئەبۇ شۇئەيب ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ قاسساپ خىزمەتچىسى بار ئىدى. ئۇ خىزمەتچىسىگە ‹ماڭا بەش كىشىلىك تائام تەييارلاپ بەرگىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چاقىرىمەن› دېدى. كېيىن ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بەش كىشىلىك تائامغا چاقىردى، ئۇلارغا ئالتىنچى بىر كىشى ئەگىشىۋالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائامغا چاقىرغۇچىغا: «بۇ بىزگە ئەگىشىپ كەلدى، خالىساڭ ئىزنىن بېرىسەن، خالىساڭ قايتۇرۇۋاتىسەن» دېدى. ھېلىقى كىشى «ئىزنىن بېرىمەن» دېدى.» [بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان. ھەدىسنىڭ بۇخارىدىكى نومۇرى: 5307]

ئىزاھات: ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۇستازى بولغان ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەدىسىز سالام بولسۇنكى، بىزگە بارلىق ئىشلىرىمىزدا ئەڭ پەزىلەتلىك ئەخلاقلارنى ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۆگەتتى. مانا بۇ ھەدىستە ساھابە كىراملاردىن بىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۆيىگە تائامغا دەۋەت قىلغان بولۇپ، تائامنىڭ پەقەت بەش كىشىگىلا يېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلىنغان ئۆيگە ماڭغاندا، نامرات ساھابىلەردىن بىرى بىرگە ئەگىشىپ ماڭغان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا گەپ قىلماي ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، ئۆي ئىگىسىگە ئەھۋالنى بايان قىلىپ: مۇنۇ كىشى بىزگە ئەگىشىپ كەلدى، خالىساڭ ئىجازەت بېرىپ مېھمان قىلىسەن، خالىساڭ قايتىپ كېتىدۇ، دېدى.

بۇ ھەدىستىن تۆۋەندە بىر نەچچە مەسىلىنى بىلىۋالالايمىز:

1 ـ مېھمانغا چاقىرىلغان يەرگە باشقا بىر كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ بارماسلىق. چۈنكى ئۆي ئىگىسى سىز ئېلىپ بارغان كىشىنى ياقتۇرماسلىقى مۇمكىن، ياكى ئۆي ئىگىسىنىڭ تەييارلىغان تائاملىرى چەكلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا چاقىرىلمىغان بىر مېھماننى ئەگەشتۈرۈۋېلىش، ئۆي ئىگىسىگە ئەزىيەت بەرگەنلىك بولىدۇ.

2 ـ ئەگەر چاقىرىلغان يەرگە باشقا بىر كىشىنى بىرگە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىپ قالسا، ئۆي ئىگىسىگە خەۋەر بېرىپ ئىزنى ئېلىش

كېرەك. چۈنكى ئۆيگە كىمنى چاقىرىش، كىمنى چاقىرماسلىق ئۇنىڭ ھەققى.

3 ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىگە ئەگىشىپ ماڭغان كىشىگە ھېچنەرسە دېمىدى. پەقەت بارىدىغان يەرگە بېرىپ بولغاندا ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىختىيارىغا قويدى. بۇنىڭدا ئىككى نەرسە مەقسەت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ بىرى ئەگىشىپ ماڭغان كىشىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەسلىك. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بىز بىلەن بىرگە ماڭمىغىن، دېگەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلى قاتتىق رەنجىيتتى، چۈنكى ئۇ يەيدىغان نەرسە تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن نا ئىلاج ئەگىشىپ ماڭغان ئىدى. يەنە بىرى يامان گۇمانغا يول قويماسلىق. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئۇنى بىرگە مېڭىشتىن توسقان تەقدىردە، ھېلىقى كىشىنىڭ كۆڭلىدە رەسۇلۇللاھ تائامدىن قىزغىنىپ، مېنى توستى دېگەندەك يامان گۇمانغا چۈشۈپ قېلىش ئارقىلىق گۇناھكار بولۇش ئېھتىمالى بار. شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە رۇخسەت بېرىش ياكى بەرمەسلىك ئىشىنى ئۆي ئىگىسىگە قويدى. مانا بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغانلىقىنىڭ تىپىك مىسالى.

ئەمدى تۆۋەندە ئۆيگە كىرگەن مېھمان رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بەزى ئىشلارنى ئېيتىپ ئۆتىمىز: باشقا بىرىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارغان كىشى ئۆينىڭ ۋە ئىگىسىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىشى، داستىخانغا تائام قويۇلغاندا يېمەك ـ ئىچمەك ئادابىغا ئەمەل قىلىشى لازىم. ئالدى بىلەن

قولنى يۇيۇشى، ئاندىن بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم دەپ يېيىشى، ئۆزىنىڭ ئالدىدىن يېيىشى ۋە ئوڭ قولى بىلەن يېيىشى كېرەك. باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى نەرسىگە قول ئۇزارتماسلىقى، لىگەننىڭ ئوتتۇرىدىكى نەرسىنى ئالماسلىقى، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى تائامغا قارىماسلىقى، تاماق يېگەندە كۆپ كۈلمەسلىكى، تاماقنى تېز ـ تېز يەپ ھەممىدىن ئاۋۋال داستىخاندىن قوپۇپ كەتمەسلىكى، بەك ئاستا يەپ ھەممىنىڭ ئارقىسىدا قالماسلىقى لازىم.

داستىخاندا ئولتۇرۇپ كېكىرمەسلىك، ئېغزىغا ئېلىپ بولغان نەرسىنى قايتۇرۇپ چىقارماسلىق، قوشۇقتا ياكى ئارىدا تاماق يەيدىغان كىشلەرنىڭ قېشىدا قولىدا تاماق يېمەسلىك، بىرى بىر نەرسە ئۇزارتسا قولىنى قايتۇرماسلىق، ئالدىغا قويۇلغان نەرسىنى «مەن بۇنى يېمەيمەن ياكى ياقتۇرمايمەن» دېمەسلىك، چىشىنى كولىماقچى بولسا بېشىنى بىر تەرەپكە قايرىپ ياكى بىر قولى بىلەن ئېغزىنى توسۇپ تۇرۇپ كولاش، چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىققان نەرسىلەرنى كىشىلەر كۆرمەيدىغان بىر يەردە قويۇش، تاماق يېگەندە ياكى چاي ئىچكەندە ئاۋاز چىقارماسلىق قاتارلىق ئىشلار داستىخان ئادابلىرىدىن بولۇپ، مېھماندارچىلىققا بارغان كىشى بۇلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك.

بىر پىيالە چايغا بولسىمۇ چاقىرىقنى قوبۇل قىلىش، چاقىرغان يەرگە باشقىلارنى ئەگەشتۈرۈپ بارماسلىق، ئۆي ئىگىسى بولغان كىشىمۇ چاقىرماستىن كېلىپ قالغان مېھماننى قايتۇرماسلىق، ئەگەر بىرلا ۋاقىتتا ئىككى يەرگە چاقىرىپ قالغان بولسا، بىرىنچى قېتىم چاقىرغان

يەرگە ئاۋۋال بېرىش، ساھىبخانىلارنىڭ كەلگەن مېھمانلارنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن خۇش چىراي قارشى ئېلىشى، قورۇبى يېتىدىغان ياخشى نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىشى لازىم.

ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن ـ يورۇق، ئەل ـ ئاغىنىلەر بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، يېمەكلىرىنى يېسە، ئۆي ئىگىسىنى بىئارام قىلمىغان ھالدا خالىغان ۋاقىتىدا بارسا بولىدۇ ۋە خالىغىنىنى يېسە بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ خىزمەتچىسى بۇرەيدەنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇ ئۆيدە بولمىسىمۇ تائاملىرىنى يەيتتى. ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«(ئى مۆمىنلەر!) سىلەر ئۆز ئۆيۈڭلاردا (يەنى بالىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە) ئاتىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ئانىلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، ھەمشىرەڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاتاڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا ئاناڭلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە، يا سىلەر ئاچقۇچلىرىنى باشقۇرىدىغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە (يەنى ئۆي ئىگىسى سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئۆي بىلەن ئاچقۇچنى سىلەرگە تاپشۇرغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە)، يا دوستلىرىڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە (ئىجازەتسىز) بىرەر نەرسە يېسەڭلار گۇناھ يوقتۇر. سىلەر توپلىشىپ يېسەڭلارمۇ، يا يەككە يېسەڭلارمۇ گۇناھ يوقتۇر. سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا ئۆزۈڭلارغا ئاللاھ بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار (يەنى ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم

دەڭلار)، ئـاللاھ سـىلەرنى چۈشەنسـۇن دەپ ئـايەتلەرنى مۇشـۇنداق بايـان قىلىدۇ.» [سۈرە نۇر 61 ـ ئايەت]

ئـاللاھ تەئـالا بىزنـى ئىسـلامى ئەخـلاق بىـلەن ئەخلاقلىنىــپ، ناچـار قىلىقلاردىن يىراق تۇرغىلى نېسىپ قىلسۇن. ئامىين!

## 38ـ ھەدىس ئىجازەتنى ئۈچ قېتىم سوراش توغرىسىدا

عن أبي موسى الأشعري رضي الله عنه قال: قال رسولُ اللهِ صلّى الله عليه وسلم: « اَلاِسْتِئْذَانُ ثَلاَثٌ، فَإِنْ أُذِنَ لَكَ وإِلاَّ فَارْجِعْ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «رۇخسەت سوراش ئۈچ قېتىم بولىدۇ، رۇخسەت بەرسە كىرگىن، بولمىسا قايتقىن.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 5583]

ئىزاھات: بىراۋنىڭ ئۆيىگە ۋە خۇسۇسىي ئورۇنلارغا كىرىش ئۈچۈن ئۆي ئىگىسىدىن رۇخسەت سوراش، ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە ئەمرى قىلغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەشەببۇس قىلغان پەزىلەتلىك ئەخلاقتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشكە ئىجازەت سورىمىغۇچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگۈچە كىرمەڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ۋەز ـ نەسىھەت ئالغايسىلەر. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم بولمىسا سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگۈچە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە، قايتىپ كېتىڭلار، قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. ئاللاھ تەئالا سىلەرنىڭ

قىلىدىغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.» [سۈرە نۇر 27 ـ 28 ـ ئايەتلەر]

ئىجازەت سوراشنى ۋاجىپ قىلىشنىڭ ھېكمىتى ۋە ئۇنىڭدىن مەقسەت شۇكى، ئىنسان بەزىدە باشقىلارنىڭ كۆرۈشىنى خالىمايدىغان ھالەتتە بولىدۇ. ئۇ مەخپىي بىر ئىش قىلىۋاتقان ياكى ئەر ـ خوتۇن بىرگە بولغان ياكى تېببىي دورا قىلىۋاتقان ھالەتتە بولۇپ، بۇنداق ھالەتتە بالىسى ياكى ئاتا ـ ئانىسى ياكى دوستى ياكى خىزمەتچىسى ئىجازەت سورىماستىن ئۆيگە كىرىشى ھەر ئىككى تەرەپنى خىجىل قىلىدۇ. بەزىدە تەرەپلەر ئارىسىدا دۈشمەنلىك تۇغدۇرىدۇ. شۇڭلاشقا تالادىن كىرگەن كىشىمۇ، ياكى ئۆينىڭ ئىچىدە بىر ـ بىرىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرمەكچى بولغان كىشىمۇ، ئۆيگە كىرىۋەرمەستىن ئىجازەت سوراپ كىرىشى كېرەك.

بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «يا رەسۇلەللاھ! ئانامنىڭ قېشىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سورايمەنمۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «ئىجازەت سورايسەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم: «ئانامنىڭ مەندىن باشقا خىزمەتچىسى يوق، ئۇنىڭ قېشىغا ھەر قېتىم كىرىشىمدە ئىجازەت ئالىمەنمۇ؟» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «ئاناڭنى يالىڭاچ ھالەتتە كۆرۈشنى خالامسەن؟» دېگەن. ئۇ كىشى: «ياق» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنداق بولسا ئىجازەت ئالىسەن» دېدى.

ئىجازەت سوراش ــ سالام بېرىش، ئىشىكنى قېقىش ياكى ئۆي ئىگىسىنى چاقىرىش بىلەن بولىدۇ. ئۆينىڭ ئىشىكنى قاققاندا، ئىشىك ئالدىدا تۇرماستىن يان تەرەپتە تۇرۇش كېرەك. ئىشىكنى قاققاندا ئاستا قېقىش لازىم. ئۆيدىكىلەرنى بىئارام قىلىدىغان شەكىلدە قاتتىق ئىشىك قاقماسلىق، ئىشىك ئېچىلغاندا ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت بېرىلىپ بولغۇچە كىرمەسلىك ۋە ئىشىكنىڭ ئىچىگە قارىماسلىق كېرەك. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «بىراۋنىڭ ئۆيىگە ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز مارىلاپ قارىغان كىشىنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتسە، ئۇنىڭغا دىيەتمۇ كەلمەيدۇ، قىساسمۇ ئېلىنمايدۇ.» قارىغۇ كىشىمۇ باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئىجازەتسىز كىرمەسلىكى كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزى كۆرمىگەن بىلەن، بەزى مەخپىيەتلىكلەرنى ئاڭلاپ قېلىشى مۇمكىن.

ئوچۇق يەردە تۇرغان بىر كىشى ياكى كۆپ كىشىلەرگە سالام بېرىشتە، يىراقتىن سالام بېرىش كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ قولىدا باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايدىغان بىرەر نەرسە بولۇشى مۇمكىن. ياكى كىشىلەر ئۆزئارا سىرلىرىنى سۆزلىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. خەۋەرسىز قېشىغا كېلىپ كۆرىدىغاننى كۆرۈپ، ئاڭلايدىغاننى ئاڭلاپ بولۇپ سالام بېرىش توغرا ئەمەس.

ئۆيگە كىرىشكە ئىجازەت سوراشنىڭ ۋاجىپلىقى، ھەممە نەرسىگە رۇخسەت سوراشنىڭ ۋاجىپلىقىنى تەقەززا قىلىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر نەرسە يېزىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ يېزىۋاتقان

نەرسىسىنى ئوقۇش، باشقىلارغا كەلگەن خەت ـ چەك ۋە باشقا ماتېرىياللارنى ئېچىپ ئوقۇغان ئادەمنىڭمۇ كۆزىنى ئويۇۋەتسە بولىدۇ.

بەزى ئەھۋاللاردا رۇخسەت سوراش ۋاجىپ بولمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئۆي ياكى دۇكاندىن ئادەتتىن تاشقىرى ئوت چىقسا، ئۇنى كۆرگەنلەر دەرھال ئۆيگە كىرىپ، ئۆيدىكى ئىنسانلارنى ۋە مال ـ مۈلۈكنى قۇتقۇزۇش كېرەك. بۇنىڭغا ئىجازەت ئېلىش كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك، ئەگەر بىر ئۆيدە ئىنسانلار توپلىشىپ قىمار ئويناش ۋە باشقا شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولسا، ئۇ ئۆيگە ئىجازەتسىز كىرىپ يامان ـ پاھىشە ئىشلارنى يوقىتىش كېرەك.

دۇكان، بازار ۋە ئۆي قاتارلىق يەرلەردە گەپ تىڭشاش، جاسۇسلۇق قىلىش شەرىئەتتە ئىنتايىن ئېغىر گۇناھتۇر. گەپ تىڭشىغان كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا قىيامەت كۈنى قوغۇشۇن قۇيۇلىدۇ.

بىرەر ئۆيگە كىرىشكە ئىجازەت سورىغاندا، ئىجازەت بېرىلمىسە خاپا بولماستىن قايتىش كېرەك. بۇ ئىسلامىي ۋە ئىنسانىي پەزىلەت بولۇپ، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردە بىزگە بۇيرۇلغاندۇر. ئەپسۇسكى بىز بۇ گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىمىزگە ئۆزلەشتۈرمەي قالاقلىقىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمىز. ھالبۇكى ياۋروپالىقلار بىزنىڭ بۇ پەزىلىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ ئۆرپ ـ ئادەتكە ئايلاندۇرغان. مانا ئەمدى بۇ ئىسلامىي پەزىلەت «ياۋروپا مەدەنىيىتى» بولۇپ، ئالدىمىزغا چىقماقتا. قۇرئان، ھەدىسنى قاتلاپ قويۇپ، ياۋروپالىقنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېتىۋاتقان بەزى ئەخمەق مۇسۇلمانلار، ياۋروپادا ئۆيگە كىرسە رۇخسەت

سوراپ كىرىدىغان، بىر ئۆيدىكىلەر بىر ـ بىرىنىڭ مەخسۇس ھۇجرىلىرىغا كىرىشتە ئىجازەت ئالىدىغان، رۇخسەت بەرسە كىرىدىغان، بولمىسا كىرمەيدىغان، بىرسىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولسا ئالدىدىن تېلېفون ئېچىپ خەۋەرلىشىپ بارىدىغان شۇنداق ياخشى ئادەت بار ئىكەن. بىزمۇ ئاشۇ مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك دەپ داۋراڭ سالماقتا.

بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ئەھۋال! پەن ـ تېخنىكىدا ئارقىدا قالغاندەك، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مەدەنىيەتتىمۇ غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىش، ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىگە تەلمۈرۈش نېمىدېگەن نومۇس، نېمىدېگەن رەسۋالىق!؟ بىز قاچان ئۆزىمىزنى تونۇپ، قۇرئان، ھەدىسكە ئەمەل قىلىمىز؟ قايسى ئايەت ۋە قايسى ھەدىس مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكى ئەخلاقىنى ۋە مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىدۇ؟

ئىسلامنى ياخشى ئۆگەنمەي، ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئوبدان چۈشەنمەي، قۇرئان ئەخلاقىنى ئۆزىمىزگە ئۆزلەشتۈرمەي، كونا قالاق ۋە خۇراپىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، مەن مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلىش، مۇقەددەس ئىسلام دىنىنى كىرلەتكەنلىك، غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا ئىسلام دىنىنى مەدەنىيەتسىز، مەينەت، كىشىلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئىلىم ـ پەندە تەرەققىي قىلغىلى قويمايدىغان، 21 ـ ئەسىرگە يارىمايدىغان ئارقىدا قالغان قالاق بىر دىن قىلىپ كۆرسىتىش بولۇپ، بۇنىڭ جازاسى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خارلىقتا

قىلىشىتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈن خارلىققا قىلىشىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى مانا مۇشۇ بولماي نېمە؟!

ئىسلامدىكى پەزىلەت ۋە گۈزەل ئەخلاق ھېچقانداق دىن ۋە مىللەتتە يوق. ھېچقانداق بىر دىن ئىنسانلارنى ئىسلامدەك ئىلىم ـ پەنگە چاقىرمايدۇ. بۇ ئاساسى يوق قۇرۇق دەۋا ئەمەس. سۆزىمىزنىڭ راستلىقىنى قۇرئان، ھەدىس ئۆزى ئىسپاتلايدۇ. ئەمما كىشىلەر قۇرئان، ھەدىسنى تەتقىق قىلىپ ئولتۇرۇشىنىڭ ئورنىغا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپلا ئىسلامغا باھا بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق باھا بېرىشىگە قۇرئان، ھەدىسنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ئىش ئېلىپ بارمىغان ۋە ھاياتىمىزنى ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرماي شەيتاننىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرغان بىز مۇسۇلمانلار سەۋەبچى.

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

ھەقىقەتنى كۆرەيلى. قۇرئان ئەخلاقىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلايلى. خۇراپاتنى تاشلاپ بىلىمگە ئەمەل قىلايلى. كامىل مۇسۇلمان بولساق ھېچقاچان خارلانمايمىز. مۇنداق ئىسمى بار ـ جىسمى يوق چالا مۇسۇلمان بولساق ھەر ئىككى ئالەمدە خارلىقتىن قۇتۇلالمايمىز. ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز خار قىلمايلى.

ئاللاھ تەئالا بىزلەرنى توغرا يولدا مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەزىز قىلسۇن. ئامىن!

## 39 ـ 40 ـ ھەدىس  قوشنىغا ئازار بەرمەسلىك توغرىسىدا

عن سعيد عن أبي شريح رضي الله عنه أَنَّ النَّبِيَّ صلى الله عليه و سلم قال: «وَاللهِ لا يُؤْمِنُ، وَاللهِ لا يُؤْمِنُ، وَاللهِ لا يُؤْمِنُ» قِيلَ: "وَمَنْ يَارَسُولَ اللهِ؟" قال: «اَلَّذِي لا يَأْمَنُ جَارُهُ بَوَائِقَهُ» [رواه البخاري] وفي لفظ مسلم «لا يَدْخُلُ الْجَنَّةَ مَنْ لاَ يَأْمَنُ جَارُهُ بَوَائِقَهُ»

تەرجىمىسى: ھەزرىتى سەئىد ئەبۇ شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مۆمىن بولمايدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مۆمىن بولمايدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مۆمىن بولمايدۇ» دېدى. ساھابىلەر: «كىم يا رەسۇلۇللاھ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «قوشنىسى ئۇنىڭ زۇلۇمىدىن خاتىرجەم بولالمىغان ئادەم» دەپ جاۋاب بەردى. [ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان، ھەدىسنىڭ بۇخارىدىكى نومۇرى: 5878] ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قوشنىسى ئۇنىڭ زۇلۇمىدىن خاتىرجەم بولالمىغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەن.

و عَنْ أبي هريرة رضي الله عنه: أَنَّ رسولَ الله صلى الله عليه وسلم قال: «مَنِ اطَّلَعَ فِي بَيْتِ قَوْمٍ بِغَيْرِ إِذْنِهِمْ فَقَدْ حَلَ لَهُمْ أَن يَفْقَؤُوا عَيْنَهُ» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر قەۋمنىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىز مارايدىكەن، ئۇلارغا ئۇ ئادەمنىڭ كۆزىنى ئويۇۋېتىش ھالال بولىدۇ.» [بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، مۇسلىمدىكى نومۇرى: 5592]

ئىزاھات: ئىسلام قوشنا ھەققىنى ناھايىتى چوڭ ۋە مۇھىم ھەقلەردىن ھېسابلايدۇ. چۈنكى ئىسلام قوشنىنى يېقىن تۇغقانغا ئوخشاش كۆرىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «جىبرىل ماڭا قوشنا ھەققى توغرىسىدا شۇنداق كۆپ تەۋسىيە قىلدىكى، مەن قوشنا ـ قوشنىسىدىن مىراس ئالىدىغان ئوخشايدۇ دەپ قالدىم.» ئىسلام ئاللاھ تەئالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ كامىل بولۇشى ئۈچۈن قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى شەرت قىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوشنا ھەققى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «قوشنا ھەققىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ ــ قوشنا ياردەم سورىسا ياردەم قىلىش، كېسەل بولسا يوقلاش، ۋاپات بولسا جىنازىسىغا قاتنىشىش، ئەگەر بىر ياخشى ئىشقا ئېرىشسە تەبرىكلەش، بېشىغا بىر مۇسىبەت كەلسە تەزىيە بىلدۈرۈش، قوشنىنىڭ رۇخستىسىز ئۆيىنىڭ تېمىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ھاۋا ۋە كۈننىڭ نۇرىنى توسىماسلىق، ئۇنىڭغا ئازار بەرمەسلىك، ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك، مېۋە ئالساڭ ئۇنىڭغىمۇ ھەدىيە قىلىش، ھەدىيە قىلمىساڭ كۆرسەتمەي مەخپىي ئەكىرىش، قوشنىلارنىڭ باللىرىنى

تەلمۈرتۈپ، بالاڭغا ياخشى مېۋىلەرنى تۇتقۇزۇپ تالاغا چىقىرىپ قويماسلىق، قازاندىن ئاۋاز چىقىرىپ، قوشنىغا ئاڭلىتىپ تاماق ئەتمەسلىك، ياكى بولمىسا ئەتكەن تاماقلاردىن قوشنىغىمۇ بېرىش قاتارلىقلاردۇر.» [بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىدىكى ھەدىسدە قوشنا ھەققىنى ئون نەچچە خىل خىسلەت بىلەن بايان قىلدى. بۇ ھەقلەرنى ئادا قىلىشتا قوشنىنىڭ تۇغقان بولۇشى ياكى يات بولۇشى، مۇسۇلمان بولۇشى ياكى بولماسلىقى پەرق قىلمايدۇ. ھەممىسى ئوخشاش قوشنا، ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەھۇدىي ۋە مۇشرىك قوشنىلىرىنى يوقلايتتى. چاقىرسا باراتتى. ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. سەدىقە بېرەتتى. بىراۋغا ياخشىلىق قىلماقچى بولسا ئاۋۋال قوشنىلىرىدىن باشلايتتى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «ئى ئەبۇ زەر! شورپا پۇشۇرساڭ سۈيىنى كۆپرەك قۇيۇپ قوشناڭغىمۇ بەرگىن. ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان كىشىنىڭ قوشنىسىغا ئەزىيەت بېرىشى، ئۇنى تىللىشى، ئۇنىڭ بالىلىرىنى ئۇرۇشى، تۆھمەت قىلىشى، ئىشىكىنى قاتتىق قېقىشى، ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئەخلەتلەرنى تاشلاپ قويۇشى، قوشنىسىغا زىيان يېتىدىغان دەرىجىدە سۇ تۆكۈشى، قوشنىسىدىن ھاۋا ۋە كۈننىڭ نۇرىنى توسىدىغان شەكىلدە تېمىنى ئېگىزلىتىشى، قوشنىسىنىڭ ئۆيى تەرەپكە دېرىزە ئېچىشى، قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ئۇنىڭ ئايال ۋە

قىزلىرىنى بىئارام قىلىشى ھارامدۇر.» [بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان]

ياخشىلىق ۋە خەيرى ـ ساخاۋەت بىلەن مەشھۇر بولغان سالىھ بىر كىشى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى سالىھلاردىن بىرى چۈشىدە كۆرۈپتۇ. قارىسا ھېلىقى كىشىنىڭ پەقەتلا بېشى ئوتتا كۆيۈۋاتقۇدەك. بۇ نېمە ئىش دەپ سورىسا، ئۇ كىشى ھايات چېغىدا دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە قارايدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بېشى ئوتتا كۆيۈۋېتىپتۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە بىر كۈنى بىر ئادەم رەسۇلۇللاھقا قوشنىسىدىن دادلىنىپ كەپتۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «سەۋر قىلىڭ» دەپ تەسەللى بېرىپتۇ، ھېلىقى ئادەم ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كەلگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: «بارلىق نەرسە ـ كېرەكلىرىڭىزنى يولغا ئاچىقىپ ئولتۇرۇڭ» دەپتۇ. ئۇ شۇنداق قىلغاندىن كېيىن يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئۇنىڭ قوشنىسىغا لەنەت ئوقۇشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قوشنىسى كېلىپ: «ئۆيىڭىزگە قايتىپ كىرگىن، بۈگۈندىن باشلاپ مەندىن ھېچقانداق يامانلىق كۆرمەيسەن» دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

قوشنىلار ئارىسىدىكى ئىناقلىق، ئۆلپەت كۆپرەك ئاياللار ئارىسىدىكى غەيۋەت ـ شىكايەت، مەنمەنچىلىك، بىر ـ بىرىنى ياراتماسلىق، بىر ـ بىرىنى گەپتە چېقىۋېلىشتەك يامان ئىللەتلەر تۈپەيلى بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرلەر ئاللاھ تەئالانىڭ ۋە رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قوشنا ھەقلىرى توغرىسىدىكى ئەمرى ـــ پەرمـــانلىرىنى ياخشـــى ئۆگىنىـــپ ئەمەل قىلغانلىنـــڭ ســـىرتىدا، ئاياللىرىمىزغا، قىزلىرىمىزغا، ئاچا ـ سىڭىللىرىمىزغا ئۆگىتىشىمىز، ئۇلارغا ھەر دائىـم پەنـد ـ نەسـىھەت قىلىـپ تۇرۇشـىمىز لازىـم. ئەگەر ئايـاللار ئارىسـىدا بىـرەر كۆڭۈلسـىزلىك يـۈز بەرسـە، ئەرلەر خوتۇنلىـرىنىڭ ئارقىسـىغا كىرىـپ بىر ـ بىـرى بىـلەن ئۇرۇشماسـتىن، مەسـىلىنى تەمكىنلىـك بىـلەن چىرايلىق ھەل قىلىش كېرەك.

شۇنىڭدەك ئۇششاق باللارنىـڭ سـەۋەبى بىلەنمۇ قوشـنىلار ئارىسـىدا كۆڭۈلسىزلىك كېلىپ چىقىدۇ. ئۇششاق باللار ئويناپ ئۇرۇشۇپ قالىدۇ. شـۇنىڭ بىـلەن بەزى ئاتـا ـ ئـانىلار دەرھـال غەزەپلىنىـپ جېـدەل ـ ماجىرا پەيدا قىلىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى كىچىـك بـاللار ھـازىر ئۇرۇشـۇپ، چوڭلارنى جېدەلگە سېلىپ قويۇپ، يەنە بىللـە ئوينايـدۇ. ئۇنىـڭ ئۈچـۈن كىچىـك باللارنىـڭ ئارقىسـىغا كىرىـپ، ئاتـا ـ ئـانىلار بىـر ـ بىرىنىـڭ كـۆڭلىنى رەنجىتىـدىغان سـۆز ـ ھەرىكەتلەرنـى قىلىشـى ئۇرۇنلـۇق ئەمەس. ھەر ئىككـى تەرەپ باللىرىغـا ياخشـى نەسـىھەت قىلىـش، كەمچىلىـك ئۆتكـۈزگەن تەرەپ كەچـۈرۈم سـوراش لازىـم. قارشـى تەرەپتىكىلەرمۇ ئەپۇ قىلىشى كېرەك. ئـۆز كەمچىلىكىنـى تونـۇپ كەچۈرۈم سوراش ۋە ئۇنى ئەپۇ قىلىش پەزىلەتتۇر. چـۈنكى قوشـنىنى رەنجىتىش ۋە ئۇنىڭغا ئەزىـيەت قىلىـش، ئىنسانىنىڭ قىلغـان ياخشـى ئىشـلىرىنى بىكـار قىلىۋېتىدۇ. بىر كـۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىـر ئايـال ھەققىـدە مۇنـداق سـوئال سوراشـتى: پـالان ئايـال كـېچە ئۇخلىمـاي نامـاز ئوقۇيـدۇ، كۈنـدۈزى روزا تۇتىـدۇ ۋە كـۆپ سـەدىقە بېرىـدۇ، لـېكىن ئـۇ قوشنىسـىغا

ئازار بېرىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇنىڭدا ھېچقانداق ياخشىلىق يوق، ئۇ دوزاخ ئەھلىدىندۇر» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قوشنا ھەققى توغرىسىدا سۆزلىگەن ھەدىسلىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ: «مۆمىن ــ ئىنسانلارنى خاتىرجەم قىلغان كىشىدۇر، مۇسۇلمان ــ تىلى ۋە قولى بىلەن باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزمىگەن كىشىدۇر، مۇھاجىر ــ يامانلىقنى تاشلىغان كىشىدۇر. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قوشنىسى زۇلۇمىدىن خاتىرجەم بولالمىغان كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا رىزقىڭلارنى تەقسىم قىلغاندەك، ئەخلاقىڭلارنىمۇ تەقسىم قىلدى، ئاللاھ تەئالا دۇنيانى دوستىغىمۇ، دۈشمىنىگىمۇ بېرىدۇ. دىننى پەقەت ئۆزى دوست تۇتقان كىشىگىلا بېرىدۇ. ئاللاھ كىمگە دىننى بەرسە ئۇنى دوست تۇتىدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىر ئادەم چىن دىلى ۋە تىلى بىلەن ئىشەنمىگۈچىلىك مۇسۇلمان بولمايدۇ. قوشنىسى ئۇنىڭ زۇلۇمىدىن خاتىرجەم بولمىغۇچىلىك مۆمىن بولالمايدۇ.» [بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان]

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق

قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ.» [سۈرە نىسا 36 ـ ئايەت]

ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزلەرنى قوشنىلىرىمىزغا ھەر تۈرلۈك ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن، قوشنىلىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىشتىن ساقلىغىن. ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى قوشنا ھەققىگە رىئايە قىلمايدىغان ۋە سەندىن قورقمايدىغان يامان قوشنىغا گىرىپتار قىلمىغىن. ئى پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا سىغىنىپ يامان قوشنىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز، بىزنى ئامان قىلغىن. ئامىين!

## 41 ـ ھەدىس  قەرزنى ئارقىغا سۈرمەسلىك توغرىسىدا

عنْ أبي هريرةَ رضي الله عنه أنَّ رسولَ الله صلى الله علاه و سلم قال: «مَطْلُ الْغَنِيِّ ظُلْمٌ، وَإِذَا أُتْبِعَ أَحَدُكُمْ عَلَى مَلِيءٍ فَلْيَتْبَعْ» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «باي ئادەمنىڭ قەرزنى ئارقىغا سۈرۈشى زۇلۇمدۇر، بىرىڭلارنىڭ قەرزى بىر باي كىشىنىڭ بېرىپ قويۇشىغا ھاۋالە قىلىنسا، بۇ ھاۋالىنى قوبۇل قىلسۇن.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ھەدىسنىڭ بۇخارىدىكى نومۇرى: 2253]

ئىزاھات: ئىنسان بۇ دۇنيادا ئۆزى يالغۇز ياشىيالمايدۇ. چۈنكى ھاياتىدا بىر نەچچە تۈرلۈك نەرسىگە موھتاج بولىدۇ. ئېھتىياجىنى ئۆزى يالغۇز قامداپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ھايات كەچۈرۈشكە موھتاج. ھەقىقەت مۇشۇ ئىكەن، كىشىلەر ئۆز ئارا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداپ ياشىشى كېرەك. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە مۇسۇلمانلارنى بىر ـ بىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئىنسان بۇ ھاياتتا يا ئالغۇچى بولىدۇ ياكى بەرگۈچى. ئەگەر ئۇ بىراۋنىڭ سەدىقە ياكى ھەدىيىسىنى ئالسا، ئۇنى بەرگۈچىگە رەھمەت ئېيتىدۇ ۋە قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەت جاۋاب قايتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئەگەر بىراۋدىن قەرز ئالغان بولسا، ۋاقتى توشقان

ھامان قايتۇرىدۇ ۋە قەرز بەرگۈچىگە قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن چوڭقۇر تەشەككۈرىنى بىلدۈرىدۇ. مۇسۇلمان ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇشتا، ئالغان ۋاقتىدىكىدىن ياخشىراق قايتۇرۇشى كېرەك. قەرز ئالىدىغان چاغدا ئېغىزىدىن ھەسەل ئېقتىپ، قەرزنى ئېلىۋېلىپلا «مەن سېنى نەدە كۆرگەن» دەپ قەرز ئىگىسىنى رەنجىتىش، قەرزنى قايتۇرماي تۇرۇۋېلىش، قولىدا قەرزىنى تۆلەش ئىمكانىيىتى بار تۇرۇقلۇق قەرزنى كەينىگە سوزۇش قەرز ئىگىسىگە زۇلۇم قىلغانلىق بولۇپ، مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى ئەمەس.

مۇسۇلمان كىشى ئەگەر بەرگۈچى بولسا، بېخىللىق، مىننەتخورلۇق قىلىپ، كەمبەغەللەرنى قىستىمايدۇ. چۈنكى مەنپەئەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىپ تۇرۇشى تەبىئەت قانۇنى. شۇڭا قەرز بەرگۈچى قەرزدارنى بەك قىستىماسلىقى، مۆھلەتنى ئۇزارتىپ بېرىشى، قەرزدارنىڭمۇ مۇمكىن قەدەر قەرزنى تېزدىن قايتۇرۇشقا تىرىشىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازلىرىدا: «ئى پەرۋەردىگارىم! ساڭا سىغىنىپ گۇناھكارلىقتىن ۋە قەرزدار بولۇپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن» دېگەن دۇئانى كۆپ قىلاتتى. ساھابە كىراملار بۇ دۇئانى كۆپ قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: «ئىنسان قەرزدار بولسا، يالغان سۆزلەيدىغان ۋە ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان بولۇپ قالىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇڭا مۇمكىن قەدەر قەرز ئالماسلىق، ئۇنىڭدىن باشقا ئامال تاپالماي قەرز ئالغان بولسا ئەڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە قايتۇرۇشى كېرەك.

كىشىنىڭ قەرز ياكى باشقا ھەقلەرنى تۆلەشكە قۇربى يېتىپ تۇرۇقلۇق، ھەقلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تۆلىمەي كېچىكتۈرۈشى ھەق ئىگىسىگە زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. زۇلۇم ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بولۇپ، ھەق ئىگىسى رازى بولمىغۇچىلىك ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭدىن ئۆتمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ باي زالىمنى، ياشانغان تۇرۇپ ئەقىل تاپمىغان كىشىنى ۋە نامرات مۇتەكەببىرنى بەك يامان كۆرىدۇ.»

ئاللاھ تەئالا سەدىقىنىڭ ساۋابىنى بىرگە ئون قىلغان بولسا، قەرز بەرگەننىڭ ساۋابىنى بىرگە ئون سەككىز قىلدى. چۈنكى قەرز ئالغۇچى قاتتىق موھتاج بولىدۇ، سەدىقە ئالغۇچى بەزىدە سەدىقە ئېلىشقا ھەقلىق بولسا، بەزىدە ھەقلىق بولمايدۇ. قاتتىق زۆرۈرىيەت جەھەتتىن قەرز سوراشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان كىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ، ئۇنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش مۇسۇلمانلىق بورچ ۋە ئىنسانىي ئەخلاقتۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار، ئەگەر (خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزداردىن ئالىدىغان قەرزنى ئۇنىڭغا) سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر.» [سۈرە بەقەرە 280 ـ ئايەت]

ھەدىستىكى ئىككىنچى مەسىلە ھاۋالەدۇر. ئەگەر بىر كىشى ئۈستىدىكى قەرزنى باشقا باي بىر كىشىنىڭ بېرىپ قويۇشىغا ھاۋالە قىلسا، قەرز ئىگىسى بۇنى قوبۇل قىلىشى قېرىنداشلىق بورچىدۇر.

لېكىن كۈنىمىزدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى ناچارلاپ كەتكەنلىكتىن، بىر نەرسە ئالغان كىشى ئالغان نەرسىسىگە ئېنىۋالىدىغان، مال ئىگىسىگە زۇلۇم قىلىدىغان، قەرزنى ۋاقتىدا تۆلىمەي كېچىكتۈرۈۋېتىدىغان، مال ئىگىسىنى زاڭلىق قىلىپ قەرزنى باشقىسىنىڭ بېرىشىگە ھاۋالە قىلىپ قويىدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان، بىر نەرسە بەرسە كەم بېرىدىغان، ئۈستىدىكى ھەقنى قايتۇرسا يامان سۆزلەر ۋە قوپاللىق بىلەن قايتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا كىشىلەر مەجبۇر قالمىغۇچە ھاۋالىنى قوبۇل قىلمايدىغان، ھاۋالىنى قوبۇل قىلغاندىن كۆرە سەۋر قىلىپ، كۈتۈشنى ئەۋزەل بىلىدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ ھەدىستىن ھاۋالىنى قوبۇل قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى چىقمايدۇ. بەلكى ئۇ گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى مۇئامىلىدۇر. ھاۋالىنى قوبۇل قىلىشتىن كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلار كېلىپ چىقىدىغان بولغاچقا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مۇئامىلە ناچارلىشىپ كەتكەچكە، ھاۋالىنى قوبۇل قىلمىغان كىشى گۇناھكار بولمايدۇ.

ئەگەر مۇسۇلمانلار دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىپ، شەرىئەتنىڭ ئىبادەت ۋە مۇئامىلىدىكى ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلسا ئىدى، سودىلىرى پايدىلىق بولاتتى، ھەق ـ ھوقۇقلىرى قوغدىلاتتى، نامراتلار باي بولاتتى، رىزىقلىرى بەرىكەتلىك بولۇپ ھېچكىمگە موھتاج بولمايتتى. مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ھەقىقى قېرىنداشلىق بولۇپ، بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلىش، بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىنى ئېلىۋېلىش بولمايتتى.

بەلكـــى مۇســـۇلمانلار جەمئىيىتـــدىكى ھەر بىـــر كىشـــى يەنە بىـــر قېرىندىشىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ھەر كىشى ھـۇزۇر ئىچىـدە بەخـت ـ سائادەت قۇچاتتى.

بـۇ يەردە شـۇنى بىلىشـىمىز لازىمكـى، ئۈسـتىدە بىـر قېرىندىشـىنىڭ ھەققــى بولغـــان كىشــى ئــۇنى كىچىكتۈرمەســتىن ۋاقتىـــدا بېرىشـــى، باشقىلاردا ئېلىشـى بولغـان كىشـىمۇ قوپـال ۋە ئېغىزى يامـان بولماسـلىقى، شەخسىي مەنپەئەتنـى دەپ قېرىنداشـلىقنىڭ ئارىسـىنى بۇزىـدىغان ناچـار قىلىقلارنـى قىلماسـلىقى، مـال ـ مۈلـۈك تـوپلايمەن دەپ پۇلغـا چوقۇنـۇپ ھــارامنى ھــالال سانىماســلىقى، ھالالــدىن پــۇل تېپىــپ ھارامــدىن ۋە شـۈبھىلىك ئىشـلاردىن ئـۆزىنى ساقلىشــى، بــۇ دۇنيانــىڭ ئــاخىرىتى بــارلىقنى، توپلىغــان مــاللار ھــالال بولسـا ھېسـابى، ھـارام بولسـا ئـازابى بارلىقنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى، بىـر كـۈنى ئاشـكارا ـ يوشـۇرۇن ھەمـمە نەرسـىنى بىلگـۈچى ئۇلـۇغ ئاللاھنـىڭ ئالدىـدا ھېسـاب بېرىـدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ، ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنـۇ ئـايىتىنى ئېسـىدىن چىقارماسـلىقى لازىم. «كىمكى ئاخىرەتنىـڭ سـاۋابىنى كۆزلىسـە، ئۇنىـڭ سـاۋابىنى زىيـادە قىلىمىـز، كىمكـى دۇنيانىـڭ مەنپەئىتىنـى كۆزلىسـە، ئۇنىـڭ تىلىـگەن مەنپەئىتىنىــڭ بەزىســىنى بېرىمىــز، ئۇنىڭغــا ئــاخىرەتتە ھــېچ نېســىۋە يوقتۇر.» [سۈرە شۇرا 20 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا بىزلەرگە ھەقنى ھەق، باتىلنى باتىـل كۆرسىتىپ بـارلىق مۇئــامىلىلىرىمىزدە ھالالغــا قانــائەت قىلىــپ ھارامــدىن قاچىــدىغان،

كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشنى يامان كۆرىدىغان پەزىلەت ئاتا قىلسۇن.
ئامىين!

## 42 ـ ھەدىس بەرگەن سوغىسىنى قايتۇرۇپ ئالماسلىق توغرىسىدا

عنِ ابنِ عباسٍ رضي الله عنهما: أنَّ النَّبِيَّ صلى الله عليه وسلم قال: «العَائِدُ فِي هِبَتِهِ كَالْكَلْبِ يَعُودُ فِي قَيْئِهِ» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بەرگەن سوۋغىسىنى قايتۇرۇۋالغان ئادەم خۇددى قەي قىلىپ بولۇپ، قەي قىلغان نەرسىنى قايتا يېگەن ئىتقا ئوخشايدۇ.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، نومۇرى: 6823]

ئىزاھات: سوۋغا ــ باشقا بىر كىشىگە كۆڭلىدىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىدۇر. كىمكى ئۆز قولى بىلەن ھەر قانداق بىر نەرسىنى بىراۋغا سوۋغا قىلىپ بەرگەن بولسا، ياكى «پالان نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىڭ، ئۇ مەندىن سىزگە ھەدىيە» دېگەن بولسا، ئۇ نەرسە ئالغان كىشىنىڭ مۈلكى بولىدۇ. سوۋغا قىلىپ بەرگەن ۋە ھەدىيە قىلغان نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىش جائىز بولمايدۇ. لېكىن ئۆز بالىسىغا بىر نەرسە بەرگەن بولسا، ئۇنى قايتۇرۇپ ئالالايدۇ. چۈنكى بالىسىنىڭ مۈلكى ئۆزىنىڭ مۈلكىدۇر.

بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلغان بىر ئېتىنىڭ بازاردا ئۆز باھاسىدىن ئەرزان سېتىلىۋاتقانلىقىنى

كۆرۈپ، ئۇنى سېتىۋالماقچى بولغانىدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى توسۇپ مۇنداق دېگەن: «پۇل بىلەن بولسىمۇ ئۇنى قايتۇرۇپ ئالمىغىن، چۈنكى سوۋغىسىنى قايتۇرۇپ ئالغۇچى خۇددى قۇسۇقىنى قايتا يېگەنگە ئوخشايدۇ.» بىراۋغا بېرىپ بولغان نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىش مانا مۇشۇنداق ناچار قىلىق ۋە پەسكەشلىك بولۇپ، مۆمىن ـ مۇسۇلمانغا ياراشمايدۇ. چۈنكى ئۇ سوۋغات ئالغۇچىنى مەسخىرە قىلغاندەك بىر ئىش بولۇپ، ھەم سوۋغات ئالغۇچىنى رەنجىتىدۇ ھەم سوۋغات بەرگۈچىنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇنداق ناچار قىلىقنىڭ نەقەدەر پاسكىنا، قەبىھ بىر ئىش بولغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن مۇسۇلمانلارنى سەسكەندۈرۈش ئۈچۈن، بەرگەن سوۋغا ـ سالام ۋە ھەدىيە ـ سەدىقىلەرنى قايتۇرۇپ ئالغان كىشىنى قۇسۇقىنى قايتا يالاپ يەيدىغان ئىتقا ئوخشىتىدۇ. مۇسۇلمان دېگەن غورۇرلۇق، ئۇستۇن تەبىئەتلىك، ئېسىل سۈپەتلىك، ئالىي جاناب بولۇشى، بۇنداق رەزىل ئىشلارغا چۈشمەسلىكى كېرەك.

سوۋغات ۋە ھەدىيە مەڭگۈلۈك بولىدۇ. ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ۋاقىتلىق بەرگەن نەرسە ئارىيەت بولۇپ، ھەدىيە ياكى سوۋغا بولمايدۇ. سوۋغا بېرىلگەن كىشىنىڭ ئۆز مۈلكىگە ئايلىنىدۇ. قانداق خالىسا شۇنداق ئىشلىتىدۇ. سوۋغىنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى پايدىلىنىش ھالال بولغان نەرسە بولۇشى لازىم. ۋەخپە ۋە باشقا سەدىقىلەرمۇ سوۋغىنىڭ ھۆكمىگە كىرىدۇ. ئەڭ ئەۋزەل سەدىقە مەنپەئەتى ئومۇمىي ۋە داۋاملىق بولغان «سەدىقە جارىيە» دۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم بالىسى ئۆلسە بارلىق ئەملى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، پەقەت ئۈچ ئىشنىڭ ساۋابى ئۈزۈلمەيدۇ، ئۇلار: سەدىقە جارىيە، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان سالىھ بالا.» سەدىقە جارىيە ــ مەسچىت، مەكتەپ، يول، كۆۋرۈك، دوختۇرخانا ۋە شۇنىڭدەك ئومۇمي مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسىغا ئىشلىتىلىدىغان ئورۇنلارغا سەرپ قىلىنغان نەرسىدۇر.

ئاللاھ يولىدا بىر نەرسە سەدىقە قىلىدىغان كىشى، قىلىدىغان سەدىقىسىنى ئاللاھ ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ بېرىدىكەن، قولىدىكى نەرسىنىڭ ياخشىسىنى ۋە ئەۋزىلىنى بېرىشى كېرەك. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن رىزىقلارنىڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار؛ سىلەرگە بېرىلسە كۆزۈڭلارنى يۇماستىن ئالالمايدىغان ناچارلىرىنى ئىلغاپ سەدىقە قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ بىھاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر.» [بەقەرە سۈرىسى 267]

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەدىقە قىلمىغۇچە ھەرگىز ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيسىلەر.»[1] بۇ ئايەت نازىل بولغاندا، ھەزرىتى ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «يا رەسۇلەللاھ! مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مېلىم «بەيرەھا» (باغنىڭ ئىسمى)، ئۇنى ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلدىم، ئۇنى ئۆزلىرى خالىغان ئىشقا سەرپ

---

[1] سۈرە ئالى ئىمران 92 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلغـايلا» دېـدى. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم: «ياخشـى! ناھـايىتى ياخشـى! بـۇ پايـدا كەلتۈرىـدىغان مالـدۇر، ئـۇنى ئـۇرۇق - تۇغقانلىرىڭغـا بۆلـۈپ بەرگىـن» دېـدى. شـۇنىڭ بىـلەن ھەزرىتـى ئەبـۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ باغنى يېقىن تۇغقىنى بولغـان ھەسسان ئىبنـى سـابىت بىـلەن ئـۇبەي ئىبنـى كەئـب رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇماغـا ئۈلەشـتۈرۈپ بەردى.

ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنـى ئـۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـا شـېكەرنى بەك ياخشـى كـۆرەتتى. بىـر كـۈنى يۇقىرىـدىكى ئـايەتنى ئوقۇغانـدىن كېيىن، ئەڭ ياخشـى كۆرىـدىغان نەرسـىنى سـەدىقە قىلمـاقچى بولـۇپ، ئەللىـك مىـڭ تەڭگىلىـك شـېكەر سـېتىۋېلىپ ھەممىنـى ئـاللاھ يولىـدا سـەدىقە قىلغـان. سـەدىقىنىڭ يـولى مانـا مۇشـۇ. ئەممـا خـۇدايىمنى ئالدىغانـدەك ئـۆزى ئىشـلەتكىلى راۋا كۆرمەيـدىغان، ئەگەر ئـۆزىگە بېرىلسـە ئالمايـدىغان ناچـار، كونـا نەرسـىلەرنى سـەدىقە قىلماسـلىق، ئـاز بولسـىمۇ ئـۆزى ياخشـى كۆرىـدىغان ۋە ئالغـان ئـادەممۇ مەنپەئەتلىنەلەيـدىغان نەرسىلەرنى سـەدىقە قىلىـش لازىـم. چـۈنكى ئـاللاھ تەئالانىـڭ سـەدىقىگە ھـاجىتى يـوق، ئۇنىـڭ پايدىسـى سـەدىقە بەرگـۈچىنىـڭ ئـۆزىگە بولىـدۇ. شـۇنىڭدەك سـەدىقە جەمئىيەتتىكـى بـاي ـ كەمبەغەللەرنىـڭ ئارىسـىدىكى قېرىنداشـلىق رىشتىسـىنى مۇسـتەھكەملەيدىغان بىـر ۋاسـىتە. ئەگەر ناچـار، ئىشـتىن چىققـان نەرسـىلەرنى سـەدىقە قىلغانـدا، ئـۇلار ئوتتۇرىـدا قېرىنداشلىق ئەمەس، بەلكـى دۈشـمەنلىك پەيـدا بولىـدۇ. بـۇ ئىسلامنىڭ سـوۋغا ـ سـالام، ھەدىـيە ۋە سـەدىقە قىلىشـقا چاقىرىشـتىكى ھېكمىـتىگە زىت كېلىدۇ.

سەدىقە، ھەدىيە ۋە سوۋغا قاتارلىق نەرسىلەرنى قىلىشنىڭ يەنە بىر پرىنسىپى بەرگەن نەرسىگە مىننەت قىلماسلىق ۋە سەدىقە بېرىلگەن كىشىدىن ياخشىلىق كۈتمەسلىك كېرەك. چۈنكى بۇ ئىشلار كىشى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدىغان ئىشلار بولۇپ، ھېچكىم ئۇنى قىلىشقا زورلىمايدۇ. بىر نەرسىنى بېرىپ بولۇپ، ئارقىسىدىن مىننەت قىلغاندىن بەرمىگەن ياخشى. چۈنكى بۇنىڭدا مىننەت قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمايدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈش كېيىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ بىھاجەتتۇر، ھەلىمدۇر. ئى مۆمىنلەر! مىننەت ۋە ئەزىيەت قىلىش ئارقىلىق سەدىقىلىرىڭلارنى بىكار قىلىۋەتمەڭلار.» [سۈرە بەقەرە 263 ـ 264 ـ ئايەتلەر]

دېمەك، سەدىقە قىلغاندىن كېيىن مىننەت قىلىش سەدىقە ئالغۇچىغا ئەزىيەت قىلغانلىق بولۇپ، سەدىقىنىڭ ساۋابىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ.

ئى رەببىمىز! بىزنى ھەر تۈرلۈك ناچار قىلىقلاردىن ساقلاپ ئالىيجاناب كىشىلەردىن قىلغىن. ئامىين!

## 43 ـ ھەدىس  دېھقانچىلىق قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

عن أنس بنِ مالكٍ رضي الله عنه أَنَّ رسولَ الله صلى الله عليه و سلم قالَ: «مَا مِنْ مُسْلِمٍ يَغْرِسُ غَرْسًا أَوْ يَزْرَعُ زَرْعاً فَيَأْكُلُ مِنْهُ طَيْرٌ أَوْ إِنْسَانٌ أَوْ بَهِيمَةٌ إِلاَّ كَانَ لَهُ بِهِ صَدَقَةٌ» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قايسى بىر مۇسۇلمان بىرەر دەرەخ تىكسە ياكى زىرائەت تېرىسا، ئۇنىڭدىن ئۇچار قۇشلار ياكى ئىنسانلار ياكى ھايۋانلار يېسە، ئۇ تىككەن كىشىگە سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ھەدىسنىڭ بۇخارىدىكى نومۇرى: 2320، مۇسلىمدىكى نومۇرى: 4055]

ئىزاھات: ئىسلام كىشىلەرنى ھەر دائىم پايدىلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا، بىكار تەلەپ بولماسلىققا چاقىرىدۇ. چۈنكى ياخشى ئىشلارنى قىلغان كىشى ئۇنىڭدىن ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى مەنپەئەت ئالىدۇ، باشقا كىشىلەرگىمۇ ئۇنىڭ پايدىسى يېتىدۇ، ئۇ بۇنىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ. ھۇرۇنلۇق، بىكار تەلەپلىك، تەييارتاپلىق ئىنساننى روھىي، جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن كاردىن چىقىرىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىن بولسا باشقىلارغا موھتاج ۋە قۇل قىلىدۇ. دانالار مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانغا جىم تۇرۇش ياراشمايدۇ، مۇسۇلمان دېگەن ھەر دائىم ھەرىكەت قىلىپ

تۇرۇشى كېرەك، ئەگەر مۇسۇلمان باغلىنىپ قالسا سەكرىشى لازىم.» ئاتىلىرىمىزمۇ «بىكار تۇرغىچە ـ بىكارغا ئىشلە» دېگەن. ئىش ـ ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان ئادەمنىڭ تەن سالامەتلىكىمۇ ياخشى بولىدۇ، ئالدىراپ كېسەل بولمايدۇ. ھۇرۇنلۇق قىلىپ بىكار ئولتۇرغانسېرى ھەرخىل كېسەللەر چاپلىشىپ، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىنمۇ چىقالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە بىزلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا تەرغىب قىلىدۇ. ھاپىز ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىي بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىستە دەرەخ تىكىش ۋە زىرائەت تېرىشنىڭ پەزىلىتى، شۇ ئارقىلىق زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە تەرغىب قىلىش باردۇر.»

ياخشىلىقنىڭ ئەڭ چوڭى داۋاملىق بولغىنى ۋە سەدىقىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى پايدىسى ئومۇمىي بولغىنىدۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەر ـ ئاياللاردىن مۆمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ).» [سۈرە نىسا 124 ـ ئايەت]

ئىسلام مۇسۇلمانلارنى پۈتكۈل ياخشىلىقلارغا بۇيرۇيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ دىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان، بەدەن بىلەن ئادا قىلىنىدىغان ۋە ئىقتىساد بىلەن ئادا قىلىنىدىغان ئىبادەتلەرنى بەلگىلىدى. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز

كەلتۈرۈشـۈڭلارنىڭ ئـۆزىلا ياخشـى ئەمەلـگە ياتمايـدۇ. بەلكـى ئاللاھقـا، ئـاخىرەت كـۈنىگە، پەرىشـتىلەرگە، كىتابقـا (يەنـى ئـاللاھ نازىـل قىلغـان كىتابلارغــا)، پەيغەمــبەرلەرگە ئىمــان كەلتــۈرۈش، ئــاللاھنى ســۆيۈش يۈزىســدىن خــش ـ ئەقرىباالارغــا، يېــتىملەرگە، مىســكىنلەرگە، ئىبنــى ســەبىللەرگە (يەنــى پــۇل ـ مېلــدىن ئاالاقىســى ئۈزۈلــۈپ قالغــان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىششىـگە پـۇل ـ مـال يــاردەم بېــرىش، نامــاز ئوقــۇش، زاكــات بېــرىش، ئەھــدىگە ۋاپــا قىلــىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە ئـاللاھ يولـدا قىلىنغـان ئۇرۇشـقا بەرداشـلىق بېــرىش ياخشــى ئەمەلــگە كىرىــدۇ. ئەنە شــۇلار ئىمانــدا راســتچىل ئــادەملەردۇر، ئەنە شــۇلار تەقــۋادار ئــادەملەردۇر.» [سـۈرە بەقەرە 177 ـ ئايەت]

ئىسلامنى توغرا چۈشەنگەن كىشى بىلىدۇكى، ئىسلامدا بۇيرۇلمىغان ھېچقانـداق ياخشـىلىق يوقتـۇر. ئـۇ مائارىـپ، سـەھىيە، ئىقتىسـاد، سـودا ـ سانائەت، قاتناش، دېھقـانچىلىق ۋە باشـقا بـارلىق ساھەلەردە ئەڭ ياخشـى ئىشلارنى قىلىشـقا بۇيرۇيـدۇ. ئىسـلام ئىشلەپچىقىرىشـنى راۋاجلانـدۇرۇشـتا ئىنســانلارنىڭ بېشــىدا قــورال كۆتــۈرۈپ زوراۋانلىــق قىلــىش ئــارقىلىق ئەمەس، بەلكـى ئۇنىڭغـا قىلغـان ئىشـىنىڭ دۇنيـا ۋە ئـاخىرەتتە ئـۆزىگە كەلتۈرىـــدىغان پايـــدا ـ مەنپەئەتلىرىنـــى كۆرســـتىش ۋە ئۇنىڭغـــا قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق تەرغىب قىلغان.

دەرەخ تىكــش ۋە زىــرائەت تېــرىش ياخشــىلىقلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلــى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يەر جانلىنىدۇ، مېۋە، ئاشلىق ۋە ئـوت ـ چـۆپلەر مـول

بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ھەم ئىنسانلار ھەم ھايۋانلار مەنپەئەتلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دەرەخ تىككۈچى، زىرائەت تېرىغۇچى مەزكۇر نەرسىلەردىن پايدىلانغانلىقى سىرتىدا سەدىقە قىلغانلىقنىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «بىر مۇسۇلمان بىرەر دەرەخ تىكىپ قويغان بولسا، ئۇ دەرەختىن يېيىلگەن نەرسە سەدىقە بولىدۇ، ئوغرىلانغان نەرسە سەدىقە بولىدۇ، ھېچ بولمىغاندا بىرەر كىشى ئۇنىڭ ئاستىدا سايىدىسا سەدىقە بولىدۇ. بۇ ساۋابلار دەرەخ تىككۈچىگە تا قىيامەت كۈنىگىچىلىك يېتىپ تۇرىدۇ.» [ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

رىۋايەت قىلىنىشىچە: كىسرا زەيتۇن دەرىخى تىكىۋاتقان بىر قېرى بوۋاينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: ‹سىز قېرى بوۋاي تۇرۇپ نېمىشقا ئۆزۈڭىزدا مېۋە بېرىدىغان دەرەخ تىكىسىز؟› دەپ سوراپتۇ. ‹ئاتىلىرىمىز تىكىپ قويغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى بىز يېدۇق، بىزمۇ كېيىنكىلەر يېسۇن دەپ تىكىمىز› دەپتۇ بوۋاي جاۋاب بېرىپ. بوۋاينىڭ جاۋابىغا مەمنۇن بولغان پادىشاھ ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال سوۋغا قىلىپتۇ. بوۋاي ماللارنى قولىغا ئېلىۋېتىپ: ‹كۆرمەمسىز! دەرىخىم نېمىدېگەن تېز مېۋە بەردى› دەپتىكەن، پادىشاھ ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن نەرسە سوۋغا قىلىپتۇ. بۇنىڭغا خۇشال بولغان بوۋاي: ‹دەرەخ دېگەن بىر يىلدا بىر قېتىم مېۋە بېرەتتى، مېنىڭ دەرىخىم بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئىككى قېتىم مېۋە بەردى› دەپتۇ. پادىشاھ يەنە سوۋغا بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىر بۇ قېرى دەللە پادىشاھنىڭ بارلىق ماللىرىنى ئېلىپ بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ پادىشاھنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاممىغا مەنپەئەتلىك ئىشلارغا بەك تەرغىب قىلاتتى. ئۇ ئىنسان ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ساۋابى يېتىپ تۇرىدىغان ئىشلارنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «يەتتە تۈرلۈك ئىش بار، ئۇنىڭ ساۋابى بەندە ئۆلۈپ قەبرىگە كىرگەندىن كېيىنمۇ ئۈزۈلمەي يېتىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىشلار: 1 ـ ئىلىم ئۆگىتىش، 2 ـ ئۆستەڭ چېپىش، 3 ـ قۇدۇق كولاش، 4 ـ خورما دەرىخى (يەنى مېۋىلىك دەرەخ) تىكىش، 5 ـ مەسچىت سېلىش، 6 ـ قۇرئان ۋەخپە قىلىش، 7 ـ ئۆلگەندىن كېيىن ئارقىسىدىن مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى ئەۋلاد قالدۇرۇش.»

خەيرلىك ئىش قىلغان كىشى ھەم ئۆزى پايدىلىنىدۇ، ھەم باشقىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئارقىلىق ساۋابىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان قولىدىن كېلىدىغان ياخشىلىقلارنى كېچىكتۈرمەستىن قىلىۋېلىشى لازىم. ئاتىلىرىمىز:

«بۈگۈننى غەنىيمەت بىل، ئەتىنى خىيال ئەتمە،

ئۈنمىگەن تىرەكۇ، قىيغۇسىز پىيال ئەتمە» دېگەن.

ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بېدىشلىك ۋە بېدىشسىز باغلارنى بەرپا قىلدى. مېۋىلىرى، دانلىرى (رەڭگى، تەمى، ھەجمى ۋە پۇرىقى) بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى، زىرائەتلەرنى، (رەڭگى ۋە شەكلى) بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان، (تەمى) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتتى. مېۋىسى پىشقاندا، ئۇلاردىن يەڭلار، مېۋە (نىڭ ھوسۇلىنى) يىغقان كۈندە ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار،

ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ.» [سۈرە ئەنئام 141 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا ھەر دائىم ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى نېسىپ قىلىپ، قىلغان ياخشىلىقلىرىمىزنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلسۇن. ئامىن!

## 44 ـ ھەدىس ھەقىقىي زاھىدلىق توغرىسىدا

عن أبي هريرة رضي الله عنه عنِ النَّبيِّ صلى الله عليه وسلم قال: «اِشْتَرَى رَجُلٌ مِنْ رَجُلٍ عِقَاراً لَهُ، فَوَجَدَ الَّذِي اشْتَرَى الْعِقَارَ فِي عِقَارِهِ جَرَّةً فِيهَا ذَهَبٌ. فَقَالَ لَهُ الَّذِي اشْتَرَى العِقَارَ ‹خُذْ ذَهَبَكَ مِنِّي، إِنَّمَا اشْتَرَيْتُ مِنْكَ الأَرْضَ وَلَمْ ابْتَعْ الذَّهَبَ› وقالَ الَّذِي لَهُ الأَرْضُ ‹إِنَّمَا بِعْتُكَ الأَرْضَ ومَا فِيهَا› فَتحَاكَمَا إِلَى رَجُلٍ، فَقَالَ الَّذِي تَحَاكَمَا إِلَيْهِ ‹أَلَكُمَا وَلَدٌ؟› قَالَ أَحَدُهُمَا "لِي غُلاَمٌ" وقَالَ الآخَرُ "لِي جَارِيَةٌ" قال "أَنْكِحُوا الْغُلاَمَ الْجَارِيَةَ وَأَنْفِقُوا عَلَى أَنْفُسِهِمَا مِنْهُ، وَتَصَدَّقَا.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم بىراۋدىن بىر يەر سېتىۋالدى. يەرنى سېتىۋالغۇچى ھېلىقى يەردىن ئالتۇن بىلەن توشقان بىر كوزا تېپىۋالدى. ئۇ ئالتۇننى يەرنىڭ ئىگىسىگە ئېلىپ بېرىپ: «ئالتۇنىڭىزنى ئېلىڭ، مەن سىزدىن يەرنى سېتىۋالغان، ئالتۇننى ئەمەس» دېدى. يەرنىڭ ئىگىسى: «مەن سىزگە يەرنى ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلىرى بىلەن ساتقان» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باشقا بىر كىشىدىن ھۆكۈم تەلەپ قىلدى. ئىككىسى ئارىسىدا ھۆكۈم قىلماقچى بولغان كىشى «سىلەرنىڭ بالاڭلار بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇلارنىڭ بىرى «مېنىڭ بىر ئوغلۇم بار» دېدى، يەنە بىرى «مېنىڭ بىر قىزىم بار» دېدى. ئاندىن ھاكىم بولغان كىشى

‹ئوغۇل بىلەن قىزنى نىكاھلاپ قويۇڭلار، بۇ پۇلنى شۇلارغا خەجلەپ بېرىڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار› دېدى.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 3397]

ئىزاھات: جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە ھەقىقىي زاھىتلىقنى جانلىق مىسال بىلەن چۈشەندۈردى. مۇسۇلمان دېگەن مانا مۇشۇنداق ئالىيجاناب، مۇشۇنداق پەرھىزكار ۋە زاھىت بولۇشى لازىم. زاھىدلىق ــ تەركى دۇنيا بولۇپ، ئىشلىمەي كىشىلەرنىڭ بەرگىنىنى يەپ ياشاش ئەمەس، زاھىدلىق مانا مۇشۇ ھەدىستىكى كىشىلەردەك نەپسىنى يېڭىپ، پۇل ـ مالغا بېرىلىپ كەتمەسلىكتۇر.

بۇ ھەدىستە مىسال قىلىنغان ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى نېمىدېگەن ئالىيجاناب كىشىلەر، ھە؟ ئالغۇچى سېتىۋالغان يەرنىڭ ئاستىدىن ئالتۇن تېپىۋالدۇ ـ دە، ئۇنى ئىشلىتىشتىن ھەزەر قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ «مەن بۇ يەرنىڭلا پۇلىنى بېرىپ سېتىۋالغان، ئالتۇنىنىڭ پۇلىنى بەرمىگەن تۇرسام، بۇ ماڭا قانداق ھالال بولىدۇ؟ بەلكى بۇ ئالتۇنىنىڭ قىممىتى مەن يەرگە بەرگەن پۇلدىن نەچچە ھەسسە كۆپتۇر» دەپ ئويلاپ، ئالتۇننى يەرنىڭ ئىگىسىگە ئاپىرىپ بېرىشكە قارار قىلىدۇ. بىز بولساقچۇ؟ نېمىلا بولسا خۇدايىم بەردى دەپ ھېچكىمگە ئۇقتۇرماي چۆنتەككە سالىمىز.

يەرنى ساتقۇچى كىشىنىڭ ئەخلاقىغا قاراڭ! ئۇمۇ ئالتۇننى ئالغىلى ئۇنىمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئويلايدۇ: «بۇ ئالتۇننى مەن كۆمۈپ قويغان ئەمەس، ئۇنىڭ بارلىقىدىنمۇ خەۋىرىم يوق ئىدى، مەن يەرنى ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەر بىلەن ساتقان تۇرسام، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەر ھازىر مېنىڭ مۈلكۈم ئەمەس، ئەمدى ئۇنىڭدىن تېپىلغان نەرسىنى ئالسام قانداق ھالال بولىدۇ؟ ئەگەر مېنىڭ ھەققىم بولغان بولسا، ئۇنى يىللاردىن بېرى مەن تاپقان بولاتتىم، دېمەك، بۇ ئالتۇننى ئاللاھ تەئالا مۇشۇ كىشىگە نېمەت قىلىپ بېرىپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا ئۇچراپتۇ، مۇشۇ كىشىگە ھالال بولسۇن» دەپ ئالتۇنغا قولىنىمۇ سۇرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قازىنىڭ قېشىغا بارىدۇ. قازى ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئادالەت بىلەن كېلىشتۈرۈپ قويىدۇ.

كاشكى بىزمۇ شۇنداق ئىپپەتلىك، ئالىيجاناب بولالىساق، راستچىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلساق، ئامانەتنى ئۆز لايىقىدا ساقلىساق، نەپسىمىزگە ھاكىم بولۇپ، شەرىپىمىزنى ۋە يۈز ـ ئابرۇيىمىزنى ئازراق پۇل ـ مال ئۈچۈن كىرلەتمىسەك، باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئۆزىمىزنىڭ قىلىۋالمىساق، ئىشەنچلىك، پەرھىزكار، ئاللاھتىن قورقىدىغان، ئاچكۆزلۈك قىلمايدىغان، ئۆز قولىمىز بىلەن ئىشلەپ ھالال يەيدىغان، تاپقىنىمىزغا قانائەت قىلىپ كىشىلەرنىڭ رىزقىغا كۆز تىكمەيدىغان بولساق، ھۇزۇر ئىچىدە بەخت ـ سائادەتلىك ياشىغان بولاتتۇق. ئېلىشىمىزدا ـ بېرىشىمىزدە ئىشەنچلىك بولساق، پايدىمىز قاتمۇقات ئاشقان بولاتتى. ئاللاھ تەئالانىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ياخشى ئادەم بولاتتۇق.

ئەپسۇسكى دۇنياپەرەس بولۇپ كەتتۇق. پۇل ـ مال بولسىلا بولدى دەيدىغان، ھالال ـ ھارامنى ئىلغىمايدىغان، «نەدىن بولسا مال جۇغلىسامىلا بولدى» دەپ، دىنىنى، ئىپپەت ـ نومۇسىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويىدىغان، كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقمايدىغان بولۇپ كەتتۇق. بولۇپمۇ ساقالنى ئۇزۇن قويۇۋالغان، قولىدىن تەسبىھ، ئېغىزىدىن بىسمىللا چۈشمەيدىغان، مولla سۈپىتىگە كىرىۋالغان زالىملارنىڭ يالغانچىلىقى، ھارامخورلۇقى ئىسلام ئۈچۈن بىر نومۇستۇر. كىشىلەر ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى ۋە تۇرقىغا قاراپ، ياخشى ئادەم دەپ ئويلاپ مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىپ ئامانەت قويىدۇ. ئەمما ئۇ شەرمەندىلەر دىنىي قىياپەتكە كىرىۋېلىپ كىشىلەرنى ئالدايدۇ، ساختىلىق قىلىدۇ، يالغان سۆزلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن دىن دۈشمەنلىرى ۋە ئىمانى ئاجىز بەزى مۇسۇلمانلار پۈتۈن ئالىملارنى بىر تاياقتا ھەيدەپ: «موللا پۇلنى دوست تۇتماس، قولغا كىرسە بوش تۇتماس» دەپ مەسخىرە قىلىدۇ.

مەن بۇ يەردە پۈتۈن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا شۇنى ئېلان قىلىمەنكى، دىنىي تۈسكە كىرىۋالغان ئالۋاستىلارنىڭ شەرمەندىلىكى ئېغىر بولسىمۇ، ئەسلى خاتا كىشىلەرنىڭ تۇرقىغا قاراپ مۇئامىلە قىلغانلاردا. ئاتىلىرىمىز: «ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دەپ بىكار ئېيتمىغان. سودا ـ سېتىق، پۇل ـ مال مۇئامىلىسىدە قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسى ھېچكىمگە ئىشەنمەسلىكتۇر. مۇئامىلە قىلىشتا قانداق ئادەم بولۇشتىن قەتئىينەزەر ھەممە نەرسىنى يېزىش، ئىمزالاش ۋە ئۇنىڭغا باشقىلارنى گۇۋاھچى قىلىش لازىم. ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن ھەر قانداق نەرسىنى ھۆججەت يېزىپ بېكىتىش كېرەك.

بۇ ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمرى. ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە پۇل مۇئامىلە قىلغاندا ئۆزىمىز يېزىشنى، يازالمىساق، خەت يازالايدىغان كىشىنى تېپىپ يازدۇرۇشنى، كىشىلەرنى گۇۋاھچى قىلىشنى، ئەگەر ئۇ مۇمكىن بولمىسا گۆرۈ ئېلىشنى بۇيرۇيدۇ. سۈرە بەقەرەنىڭ 284 ـ 285 ـ ئايەتلىرىنى ياخشى چۈشىنىپ ئوقۇڭلار.

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

پۇل ـ مال ھاياتتا بىردىنبىر كېرەكلىك نەرسە. بولۇپمۇ ھەممە نەرسە ماددىيلىشىپ كەتكەن، ئىنسانلاردا ئىنساپ، مەرھەمەت قالمىغان بۈگۈنكى زاماندا پۇل ـ مال تېخىمۇ كېرەك بولۇپ قالدى. لېكىن پۇل ـ مالنى دەپ ئىپپەت ـ نومۇسىمىزنى، دىنىمىزنى، كىشىلىك غورۇرىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلساق بولامدۇ؟! شۇڭلاشقا سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا مەيلى ساتقۇچى مەيلى سېتىۋالغۇچى بولمايلى راستچىل بولايلى، كىشىنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن ساقلىنايلى، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايلى، بىر ـ بىرىمىزنى ئالدىمايلى، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزىمىزنىڭ مەنپەئىتى، زىيىنىنى ئۆزىمىزنىڭ زىيىنى دەپ بىلەيلى. ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق بىلەن تاپقان مال ـ دۇنيا ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ ئەسقاتمايدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۆزىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھلاردىن خالىسا ئۆتىدۇ، ئەمما كىشىنىڭ ھەققىدىن ھەق ئىگىسى ئۆزى ئۆتمىگىچە قەتئىي ئۆتمەيدۇ. بۇ دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلماي ئۆلۈپ كەتكەنلەر، قىيامەت كۈنى بېرىدىغان پۇل ـ مېلى يوق، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ھېسابلاپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئەگەر ياخشى ئەمەللىرى كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى تۆلەشكە يەتمىسە، ھەق ئىگىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئەگەر تەقۋادار بولمىساق، مال ـ دۇنيانى دەپ ھالال ـ ھارامنى ئىلغىمىساق، ئۇ چاغدا ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە ئەيىبلىگەن ئەھلى كىتابلار بىلەن ئارىمىزدا نىمە پەرق قالىدۇ؟ ئەگەر پەرق قالمىسا، بىز ئۆزىمىزنى نىمىگە ئاساسەن «مەن مۇسۇلمان» دەيمىز؟ ئاللاھ تەئالا ئەھلى كىتاب (يەھۇد ـ ناسارا) لارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەھلى كىتابتىن بەزىلىرى باركى، ئۇنىڭدا كۆپ مال ئامانەت قويساڭمۇ ساڭا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇلاردىن يەنە بەزى كىشىلەرمۇ باركى، ئۇنىڭدا بىر دىنار ئامانەت قويساڭمۇ ئۇنىڭ بېشىدا تۇرمىغۇچە ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار: «ئۇممىيلەرنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ (يەنى بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغانلارنىڭ ماللىرى بىزگە ھارام ئەمەس)» دېدى. ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ.» [سۈرە ئالى ئىمران 75ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا بىزگە مەرھەمەت قىلىپ ئەقىل ئاتا قىلدى، پەيغەمبەر ئەۋەتىش ۋە ئۇنىڭغا كىتاب نازىل قىلىش ئارقىلىق ھەق بىلەن ناھەقنى، توغرا بىلەن خاتانى چۈشەندۈردى، بىزنى مۇشۇ ئۇلۇغ دىنغا تەۋە بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتۈردى. ئەمدى بىز ئەقلىمىزنى ھەق يولدا ئىشلەتمىسەك، قۇرئان، ھەدىسنىڭ روھىغا ئەمەل قىلمىساق قانداق مۇسۇلمان بولالايمىز؟!

ئـى ئۇلـۇغ پەرۋەردىگـارىم! بىزنـى ھەق يولـدىن ئـايرىمىغىن، ھـالال رىزىــق بىــلەن ياشاشــنى نېســىپ قىلىــپ، كىشــىنىڭ ھەققىنـــى يەپ سېلىشتىن ساقلىغىن. ئامىين!

## 45 ـ ھەدىس ئاللاھ تەئالا ئەڭ يامان كۆرىدىغان ئادەم توغرىسىدا

عن عائشةَ رضي الله عنها قالتْ: قالَ رَسُولُ الله صلى الله عليه و سلم: «أَبْغَضُ الرِّجَالِ إِلَى اللهِ الأَلَدُّ الْخَصِمُ» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ ئەڭ يامان كۆرىدىغان ئادەم دەۋاسىدا قاتتىق ئادەمدۇر.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 4407]

ئىزاھات: بىراۋنىڭ ئۈستىدە ھەققى بولغان كىشى، زۇلۇم ۋە دۈشمەنلىكتىن باشقا قايسى بىر ئۇسۇل بىلەن ھەققىنى تولۇق ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۈستىدە ھەق بولغان كىشىنىڭ رازى بولۇش ـ بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ھىيلە ئىشلىتىپ بولسىمۇ ھەققىنى ئالالايدۇ. كېرەك بولسا سوتقا ئەرز قىلىپ ھەققىنى تەلەپ قىلالايدۇ. لېكىن ھەق ئىگىسىنىڭ يالغان سۆزلىمەسلىكى، خىيانەت قىلماسلىقى، ئۆزىنىڭ بولمىغان نەرسىنى مېنىڭ دەپ دەۋا قىلماسلىقى، يوقلاڭ نەرسىلەر ئۈچۈن دەۋالاشماسلىقى، ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىغان، زالىم ھاكىمغا ئەرز قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى بۇ ئىشلاردا ھەق ئىگىسى ئالىدىغان ھەققىدىن كۆپرەك زىيانغا ئۇچرايدۇ. دەۋالىشىپ جېدەل ـ ماجىرا قىلىش بەزىدە تەلەپتە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدۇ ـ دە، زۇلۇم قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار.»[1] رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىستە: «ئەگەر ئىنسانلارغا دەۋا قىلغان نەرسىسىنىڭ ھەممىسى ئېلىپ بېرىلسە، بەزى ئادەملەر كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى، قانلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن دەۋا قىلغۇچىغا ھۆججەت، ئىنكار قىلغۇچىغا قەسەم ۋاجىپ بولىدۇ.» دېگەن.

قازى ـ ھاكىملارنىڭ ئىچىدىمۇ خۇدادىن قورقمايدىغان، ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىغان، دەۋاگەرلەردىن پارا ئالىدىغان، يالغان گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىدىغان، بىلىپ تۇرۇپ راست گەپنى قوبۇل قىلمايدىغان نائەھلىيلەرمۇ بار. شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلار ھەممە نەرسىدىن ئاۋۋال تەقۋانى چىڭ تۇتۇپ، كىشىنىڭ ھەققىنى بىلىپ ياكى بىلمەي يەپ سېلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىشى كېرەك. كىشىلەردە ھەققى بار كىشىنىڭ ئۆز ھەققىنى ئېلىش ھوقۇقى بولسىمۇ، دەۋاسىدا قاتتىق بولماسلىقى، زۇلۇمدىن ساقلىنىشى لازىم. ئۇستىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بولغان كىشىلەرمۇ، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى بەرمەي تۇرۇۋالماستىن، ئۆز كەمچىلىكىنى تونۇپ ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرىشى، ئەگەر قايتۇرۇپ بېرىشكە قۇربى يەتمىسە، ھەق ئىگىسىگە چىرايلىقچە ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ ئۆزرىخاھلىق قىلىشى، ئاللاھ تەئالادىن ئۇستىدىكى ھەقلەرنى تۆلەشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ

[1] بەقەرە سۈرىسى188 – ئايەت.

بېرىشنى تىلەپ دۇئا قىلىشى لازىم. ئەگەر شۇنداق قىلسا ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا چوقۇم بىر چىقىش يولى يارىتىپ بېرىدۇ ياكى ھەق ئىگىسىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ، ئۇستىدىكى ھەقنى ئۆتىۋېتىدۇ.

ئەھنەف ئىبنى قەيس مۇنداق دەيدۇ: «ئەقىللىق كىشى ئوتتۇرىدىكى مۇھەببەت ۋە دوستلۇق بۇزۇلمسۇن ئۈچۈن، ھەققىدىن بىرئاز قويۇپ بېرىدۇ ياكى ھەممىنى ئۆتىۋېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىسلام قېرىنداشلىقىنى كىشىلەردىن ئالىدىغان ھەققىدىن ئەۋزەل بىلىدۇ. سوتقا بېرىشتىن ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى، سوتتا رەقىبىنى يېڭىش ھەۋىسى بېسىپ چۈشۈپ، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك ۋە زۇلۇم قىلىپ سېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى بىلىدۇ. ئۇستىدە ھەق بولغان كىشى نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ ھەققە تېنىۋېلىشى، كۆچلۈكرەك كىشى بولسا، مەھكىمىدە ھەق ئىگىسىنى جىنايەتچى قىلىپ كۆرسىتىشى مۇمكىن. چۈنكى مال ـ دۇنيا مۇھەببىتى ئىنساننى يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشاش قىلىپ قويىدۇ. بىر شائىر شۇنداق دېگەن:
و المالُ يجعلُ مِن إنسانه سبُعَا     و كنتَ تحسبه قبل الغِنى ملَكاً

تەرجىمىسى: سەن بايلىقتىن ئىلگىرى پەرىشتە ھېسابلايدىغان ئادەمنى مال ـ دۇنيا يىرتقۇچ ھايۋان قىلىپ قويىدۇ.

دەۋاسىدا قاتتىق ئادەم ناھەق سۆزلەيدۇ، دىنىي قېرىنداشلىرىغا زۇلۇم قىلىشتىن، ئۇلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشتىن، مال ـ مۈلكىنى تارتىۋېلىشتىن، ھاكىمغا پارا بېرىپ ئالداشتىن، گۇۋاھچىلارنى سېتىۋېلىشتىن قورقمايدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر ئىنسان، سىلەر مېنىڭ ئالدىمغا دەۋالىشىپ كېلىسىلەر، بەزىلىرىڭلار دەلىل كەلتۈرۈشتە گەپكە ئۇستا بولۇشۇڭلار مۇمكىن، مەن ئاڭلىغىنىم بويىچە ھۆكۈم قىلىمەن، ئەگەر مەن بىرىڭلارغا قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ھەققىدىن بىر نەرسە ھۆكۈم قىلسام، ئۇنى ئالمىسۇن، چۈنكى ئۇنىڭغا دوزاخ ئوتىدىن بىر پارچە بەرگەن بولىمەن.»

يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە ھەر قانچە ئادالەتلىك قازى ۋە سوتچىمۇ دەۋاگەرلەرنىڭ سۆزىگە قاراپ ھۆكۈم چىقارغانلىقى ئۈچۈن خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ سېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى، دەۋالاشقۇچى ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ قازىنىڭ ئالدىدا راست گەپ ۋە توغرا گۇۋاھلىق بېرىشى ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، يالغان سۆز ۋە يالغان گۇۋاھچىلار ئارقىلىق كىشىنىڭ ھەققىنى ئېلىشنىڭ ھاراملىقىنى، بۇ دۇنيادا قازىنى ئالدىغان بىلەن قىيامەت كۈنى ئاللاھنى ئالداش ۋە ھېچ نەرسىنى يوشۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان، ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن ئىچكى سىرلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىدىغانلىقىنى، ئەسلىتىدۇ.

كۈنىمىزدە كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئىمان ئاجىزلىشىپ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان، دەۋالىشىپ قالسا ئېغىزىنى بۇزىدىغان، شەيتاننىڭ ۋە يامان نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ھەددىدىن ئاشىدىغان، تۆھمەت چاپلاش، يالغان سۆزلەشتىن قورقمايدىغان، ھەممە نەرسىگە يالغاندىن قەسەم

قىلىۋېرىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلارغا يېڭىلىگەندىن كۆرە كاپىر بولۇش ئاسانراق تۇيۇلىدۇ. ئۇستىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئېتىراپ قىلىش ئېغىر كېسەللىكنىڭ ئاغرىقىدىنمۇ قاتتىق كېلىدۇ. ھەقسىز تۇرۇپ ئۆزىنى ھەقلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن پارا بېرىپ گۇۋاھچىلارنى سېتىۋالىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئىنسانلار ئاللاھ تەئالاغا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ئىنسانلاردۇر.

دېمەك، ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئاللاھ تەئالا يامان كۆرىدىغان ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالدى. ئاللاھ تەئالا يامان كۆرگەن ئادەمگە ھەرگىز ياردەم بەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلار خارلىقتىن قۇتۇلالمايمىز. ئەگەر بىز تېزدىن ئۆزىمىزنى تۈزىتىپ ئاللاھ تەئالا دوست تۇتىدىغان كىشىلەردىن بولمىساق بۇ دۇنيادىكى خارلىقىمىز يەتمەيدۇ، ئاخىرەتكە بارغاندا تېخىمۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىمىز.

ئى رەھىملىك ئۇلۇغ ئاللاھ! بىزگە بالا ـ چاقىلىرىمىزغا ئىنساپ، تەۋپىق، ھىدايەت ئاتا قىلىپ، سېنى رازى قىلىدىغان ھەققىي مۇسۇلمانلاردىن بولۇشنى نېسىپ قىلغىن. بىزنى شەيتاننىڭ ۋە يامان نەپسىمىزنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ سېنىڭ غەزىپىڭگە ئۇچراپ كېتىشتىن ساقلىغىن. ئامىين!

## 46 ـ ھەدىس  ئاچچىقنى بېسىۋېلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

عن أبي هريرة رضي الله عنه أنَّ النبيَّ صلى الله عليه و سلم قال: «لَيْسَ الشَّدِيدُ بِالصُّرَعَةِ، إِنَّمَا الشَّدِيدُ الَّذِي يَمْلِكُ نَفْسَهُ عِنْدَ الْغَضَبِ.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇشتلاشتا رەقىبىنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتىۋالغان باتۇر.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇخارىدىكى نومۇرى: 5972، مۇسلىمدىكى نومۇرى: 6595]

ئىزاھات: بەزى ئىنسانلار ئاچچىقى كەلگەندە كۆزى ھېچنېمىنى كۆرمەيدۇ. مېھرى ـ مۇھەببەت، مەرھەمەت، شەپقەت دېگەن نەرسە ئۇنىڭ مېڭىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ئۇ خۇددى ۋەھشىي ھايۋانغا ئوخشاپ قالىدۇ. بۇنداق ئادەم جىسمانىي جەھەتتە ھەر قانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەڭ ئاجىز ئادەمدۇر. ئەركەك بولسا ئاچچىقى كەلگەندە نەپسىنى يېڭەلىسە، ئاچچىقنى بېسىۋالالىسا ئاندىن كۈچلۈك ۋە باتۇر ئادەم بولىدۇ.

ئەڭ ئەۋزەل ئىمان ــ نەپس بىلەن جىھاد قىلىش، زۇلۇم قىلماسلىق، يامانلىق قىلغان ئادەمنى كەچۈرۈش، ئالاقىسىنى ئۈزگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشتۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بىر ئادەم كېلىپ: «يا رەسۇلۇللاھ! ماڭا نەسىھەت قىلسىلا» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «غەزەپلەنمىگىن» دېدى. ھېلىقى ئادەم يۇقىرىدىكى تەلەپنى بىر نەچچە قېتىم قويىدى. رەسۇلۇللاھ ھەر قېتىمدا «غەزەپلەنمىگىن» دېدى. رەسۇلۇللاھنىڭ غەزەپلەنمىگىن دېگىنى، غەزىپىڭگە يېڭىلمە، ئاچچىقىڭنى بېسىۋالغىن دېگەنلىكىدۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە «ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالغان كىشىگە ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى ۋاجىپ بولىدى» دېگەن.

لوقمان ھېكىم ئوغلىغا مۇنداق نەسىھەت قىلغان: «ئېغىر بېسىقلىق پەقەت ئاچچىقى كەلگەندە، شىجائەت جەڭدە، دوست ئۇنىڭغا موھتاج بولغاندا مەلۇم بولىدۇ. غەزەپلەنگەندە بىر نەرسە دېگەن كىشى ئاچچىقى يانغاندا چوقۇم پۇشايمان قىلىدۇ. ئۆچ ئېلىشقا كۈچى يېتىپ تۇرۇقلۇق ئېغىر بېسىقلىق قىلىش ۋە ئەپۇ قىلىش پەزىلەتتۇر.»

ھەزرىتى جەئفەر سادىقنىڭ يېنىدا ئەخلاقى ناچار، تېز ئاچچىقى كېلىدىغان، ئۇرۇشقاق بىر ئادەم بار ئىدى. كىشىلەر جەئفەردىن: «بۇ ئادەمنىڭ قىلىقىغا چىداپ تۇرامسىز؟» دەپ سوراشقاندا، ئۇ: «ھەئە، ئۇنىڭدىن ئېغىر بېسىقلىق قىلىشنى ئۆگىنىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە ھەزرىتى جەئفەر سادىقنىڭ بىر قۇلى بار ئىدى. بىر كۈنى قۇلى ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىۋاتقاندا قولىدىن ئۈزۈق چۈشۈپ كېتىپ ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ قاتتىق ئۇرۇلدى. ئۇ ئاچچىقلانغان ھالدا قۇلىغا قارىۋېدى، قۇلى قۇرئاندىكى «ئاچچىقنى

يۇتقۇچىلار» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى، جەئفەر: «ئاچچىقىمنى يۇتتۇم» دېدى. قۇل: «كىشىلەرنى ئەپۇ قىلغۇچىلار» دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋىدى، جەئفەر: «ئەپۇ قىلدىم» دېدى. ئاندىن قۇل: «ئاللاھ ئېھسان قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋىدى، جەئفەر: «ئاللاھ يولىدا سېنى ئازاد قىلدىم» دېدى.

ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە ئېغىر بېسىق بولۇش، كىشىلەرگە يۇمشاق، سىلىق ۋە چىرايلىق مۇئامىلە قىلىش، دۈشمەنلەردىن كەلگەن جەۋر ـ جاپا ۋە ئەزىيەتكە سەۋرچانلىق بىلەن بەرداشلىق بېرىش، ئۆچ ئېلىشقا ئالدىرىماسلىققا بۇيرۇپ ۋە مۇنداق قىلىشنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى پايدىلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق يامان ئىشلارغا تاقابىل تۇرغىن، شۇنداق قىلساڭ سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ.» [سۈرە فۇسسىلەت 34 ـ 35 ـ ئايەتلەر]

غەزەپلىنىش ئىنسان تەبىئىتىدە بار نەرسە بولۇپ، ئەيىبلىنىدىغان نەرسە ئەمەس. بۇ يەردە تەلەپ قىلىنىدىغىنى ئاددىي ئىشلارغا غەزەپلىنىپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغان ۋە ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىپ قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى بۇزىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلاشتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سوۈرۈشتە قىلسا، بەلكى ئۇنچىلىك ئاچچىقلىنىدىغان ئىش بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇنىڭ بىلەن جېدەل ـ ماجىرانىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۆزئارا دوستلۇق، ئىناقلىقنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

سەۋر قىلىش، ئېغىر بېسىق بولۇش ــ ئەسكىلىك قىلغان ئادەمدىن ئۆچىنى ئېلىشقا كۈچى يەتمىگەنلىكى ياكى ئۇنىڭدىن قورققانلىقى ئۈچۈن بولسا، ئۇ ئاجىزلىق بولۇپ مەدھىيلەشكە لايىق ئەمەس.

ئەگەر كىشى تەكەببۇرلۇقتىن «ئەسكى بىلەن ئۆزۈمنى تەڭ قىلامدىمەن» دەپ ئېغىر بېسىقلىق قىلسا، ئۇمۇ ئالىي خىسلەتكە كىرمەيدۇ.

ئەگەر كىشى يامانلىق قىلغان ئادەمگە جامائەت ئالدىدا بىر نەرسە دېمەي سەۋرچانلىق قىلىپ كەچۈرۈۋاتقان بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭدىن قاتتىق ئۆچ ئېلىشنى پىلانلاپ ئاچچىقنى يۇتسا، ئۇ ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق بولىدۇ.

ئەگەر ئەپۇ قىلىش ۋە سەۋرچانلىق كىشىنىڭ تەبىئىي خاراكتېرى بولسا، ئۇمۇ بۇ ھەدىستە سۆزلەنگەن ئاچچىقنى بېسىۋالغان كىشىنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تەبىئىتى شۇنداق.

ئەمما ئاچچىقى يامان، تەلۋە، ئۇرۇشقاق، يامانلىق قىلغان ئادەمنى ئۇرۇپ كۆكۈم ـ تالقان قىلىۋەتسە دەردى چىقمايدىغان، كۈچلۈك، قورقۇمسىز ئادەم ئاللاھ تەئالا ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت

قىلغانلىقى ئۈچۈن يالقۇنلاپ تۇرغان ئاچچىقنى يۇتۇۋېتىسە، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ يامانلىق قىلغان ئادەمنى كەچۈرۈۋېتىسە، ئاندىن ئۇ پەزىلەتلىك كىشى بولۇپ، ھەقىقى باتۇر دەپ سۈپەتلىنىشكە ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ كاتتا مۇكاپاتىغا ئېرىشىشكە لايىق كىشى بولىدۇ. ئۇنداق قىلغان كىشى نەپسىنى ۋە شەيتاننى يەڭگەن، ھايۋانىي سۈپەتنى تاشلاپ ئىنسانىيەت شەرىپىگە يۈكسەلگەن كىشىدۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە مۇكەررەمەدە دەۋەت ئېلىپ بارغاندا قەۋمى ئۇنىڭغا قارشى چىققان، ئۇنى يالغانچىلىق، جادۇگەرلىك ۋە ساراڭلىق بىلەن ئەيىبلىگەن، ناماز ئوقۇۋاتقاندا تۆگىنىڭ ئىشكەمبىلىرىنى بېشىغا تاشلىغان، يولدا ماڭسا تاش ئېتىپ مۇبارەك پۇتلىرىنى قانىتىۋەتكەن، ئۆيىنىڭ ئالدىغا تىكەنلەرنى تاشلىغان. بىر نەچچە قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۆلتۈرۈشكە تەشەببۇس قىلغان. ھىجرەت كېچىسى ــ ئەگەر ئاللاھ تەئالا ساقلاپ قالمىغان بولسا ــ رەسۇلۇللاھنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتى. چۈنكى رەسۇلۇللاھنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن قەبىلىنىڭ كۈچلۈك ياشلىرى ئۇنىڭ ئۆيىنى قورشىۋالغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا دەپ تۈگەتكۈسىز زۇلۇم ۋە جەۋر ـ جاپالارنى سالغان ئىدى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنمۇ رەسۇلۇللاھقا قارشى بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇش ئاچقان ئىدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى فەتھى قىلغاندا، يۇقىرىدىكى زالىم كاپىرلارنىڭ ھەممىسى قولغا چۈشكەن، رەسۇلۇللاھ ئۇلاردىن قانداق ئۆچ ئالسا، ئۇلارنى قانداق جازالىسا كۈچى يېتىدىغان، بىر بۇيرۇق بىلەن پۈتۈن كاپىرلارنىڭ

كالىلىسنى ئالالايدىغان ھوقۇق ۋە كۈچنى قولىغا ئالغانىدا، بارلىق كاپىر بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ رەسۇلۇللاھقا ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا قىلغان زۇلۇملىرىنى ئەسلەپ، ئەمدى بىزنى قانداق جازالايدىكى؟ بىشىمىزغا قانداق كۈنلەر چۈشەركى؟ دەپ خەۋپ ـ ئەندىشىگە پاتقانىدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا خىتاب قىلىپ: «مېنى سىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ، دەپ ئويلايسىلەر؟» دېدى. كاپىرلار: «ئالىيجاناب بۇرادىرىمىزنىڭ ئوغلى ئالىيجاناب بۇرادەرسەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كېتىڭلار! ھەممىڭلار ئازاد. مەن بۈگۈن سىلەرگە پەقەت قېرىندىشىم يۈسۈفنىڭ دېگىنىنى دەيمەن: ‹بۈگۈن سىلەر ئەيىبلەشكە ئۇچرىمايسىلەر، ئاللاھ سىلەرنى كەچۈرسۇن، ئاللاھ ئەڭ مەرھەمەتلىكتۇر›.» دېدى. مانا بۇ ھەقىقى مەردلىك، ھەقىقى ئالىيجانابلىق، ھەقىقى قەھرىمانلىق ۋە ئاچچىقنى يۇتقانلىقتۇر.

ئۆزىنى تۇتالماسلىق، ئاچچىقنى باسالماسلىق تۈپەيلى ئەرلەر خوتۇنلىرىنى تالاق قىلىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە باللار پەرىشان بولىدۇ، بىرى ئۆگەي ئانا قولىدا زارلانسا، بىرى ئۆگەي دادا قولىدا ئېزىلىدۇ. بەزىلەر ئاچچىقىم بار دەپ، ھە دېسىلا خوتۇنىنى ئۈچ تالاق قىلىپ قويۇپ، قايتا يارىشىشقا يول تېپىش ئۈچۈن ھەر تۈلۈك ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلار ئېرىدىن كىچىككىنە كۆڭلى ئاغرىسا، سۆزۈمنى بەر دەپ ئېرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىدۇ، ئۇ ئاچچىقى كەلگەندە ئاجراشقاندىن كېيىن قانداق ئەھۋاللارغا قالىدىغانلىقىنى ئويلىيالمايدۇ. بەزى ئاتا ـ ئانىلار قىزلىرى ياماناپ كەلسە، ئىشنىڭ

تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقماستىنلا قىزىنى ئاجراشتۇرۇۋالدۇ. بۇنداق ئالدىراپ ئاجراشقان قىزلارنىڭ كۆپ قىسمى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەرسىز، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قولىغا قاراپ خورلۇق ئىچىدە ياشاشقا مەھكۇم بولىدۇ.

شۇنىڭدەك يوقىلاڭ ئىشلارغا غەزەپلىنىپ كىشىلەر بىلەن جېدەل ـ ماجىرا چىقىرىدىغان ئادەمنى قولۇم ـ قوشنىلىرى ۋە ئىش ھەمراھلىرىمۇ ياقتۇرمايدۇ. ئۇ ئاچچىقىنىڭ يامانلىقى بىلەن ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالىدۇ. ئەگەر سودىگەر بولسا، دۇكىنىغا ھېچكىم كەلمەيدۇ. ئىش ئىگىسى بولسا، ئىشچىلار قېچىپ كېتىدۇ. ئىش تاپماقچى بولسا، ئۇرۇشقاق دەپ ھېچكىم ئىشقا ئالمايدۇ، بېشىغا كۈن چۈشسە ھېچكىم ياردەم بەرمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەمئىيەتتە چەتكە قېقىلىپ ئۆزى يالغۇز ياشاشقا مەھكۇم بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئىنسان ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ، ئاچچىقىغا مەغلۇپ بولغۇلۇق ئەمەس.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاللاھ تەئالا ئىنسانغا غەزەپلىنىش تۇيغۇسى بەرگەن، غەزەپلىنىشنىڭمۇ كېرەكلىك ئورۇنلىرى بار. دىنىڭ ئاياغ ـ ئاستى قىلىنسا، غەزەپلىنىشىڭ كېرەك. ئاللاھ تەئالانىڭ ھەققى زايە قىلىنغانلىقىنى، چەكلىگەن ئىشلىرىنىڭ ئىشلەنگەنلىكىنى كۆرسەڭ، ياخشى سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلىشىڭ، ئەگەر نەسىھەت كار قىلمىسا ئەھۋالغا قاراپ كۈچ ئىشلىتىشىڭ كېرەك. ئائىلەڭ، قىزلىرىڭ ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرىڭنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسى تاجاۋۇزغا ئۇچرىسا غەزەپلىنىشىڭ كېرەك. بىر مۇسۇلمان بۇرادىرىڭ

زۇلۇمغا ئۇچرىسا، ۋەتىنىنىڭ دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىسا، غەزەپلىنىپ مۇداپىئە قىلىشىڭ كېرەك. يەنى ئاللاھ ئۈچۈن غەزەپلىنىسەن، ئاللاھ ئۈچۈن ئاچچىق بولسىمۇ ھەقىقەتنى ئېيتىسەن. ئەمما مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭغا قارشى ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ يوليورۇقى بىلەن ئىش قىلىسەن: «يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن. ساڭا ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن. ئەگەر خىش ـ ئەقرىبالىرىڭ ساڭا ئاسىيلىق قىلسا: ‹مەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن ھەقىقەتەن ئادا ـ جۇدامەن› دېگىن.» [سۈرە شۇئەرا 214 ـ 216 ـ ئايەتلەر]

ئاللاھ تەئالا نەپسى شەيتانغا مەغلۇپ بولۇپ، دوستنى قورقۇتۇپ، دۈشمەنگە خۇشامەت قىلىدىغانلاردىن قىلمىسۇن. ئامىين!

## 47 ـ ھەدىس يالغان قەسەم قىلىشنىڭ گۇناھى توغرىسىدا

عن ثابتِ بنِ الضحَّاك رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «مَنْ حَلَفَ عَلَى يَمِينٍ بِمِلَّةٍ غَيْرِ الإِسْلاَمِ كَاذِباً فَهُوَ كَمَا قَالَ، وَمَنْ قَتَلَ نَفْسَهُ بِشَيْءٍ عُذِّبَ بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ، وَلَيْسَ عَلَى رَجُلٍ نَذْرٌ فِيمَا لاَ يَمْلِكُ» وزاد البخاري «وَلَعْنُ الْمُؤْمِنِ كَقَتْلِهِ و مَنْ رَمَى مُؤْمِنًا بِكُفْرٍ فَهُوَ كَقَتْلِهِ» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى سابىت ئىبنى زەھھاك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى يالغاندىن ئىسلام دىنىنىڭ غەيرىي بىلەن قەسەم ئىچسە، ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولىدۇ. كىمكى ئۆزىنى بىرەر نەرسە ئارقىلىق ئۆلتۈرۈۋالسا قىيامەت كۈنى شۇ نەرسە بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ. كىشىنىڭ ئۆزى ئىگە بولمىغان نەرسىنى نەزىر قىلىشى لازىم ئەمەس.» بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە «مۆمىن ئادەمگە لەنەت قىلىش ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە باراۋەردۇر. كىمكى بىر مۆمىننى كاپىر دەپ تىللىسا، ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە باراۋەر بولىدۇ.» دېگەن جۈملە ئىلاۋە قىلىنغان. [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ھەدىسنىڭ بۇخارىدىكى نومۇرى: 5963، مۇسلىمدىكى نومۇرى: 262]

ئىزاھات: بەزى ئادەملەر ئىبغىزدىن نىمە چىقىۋاتقانلىقىنى ۋە گەپنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نىمە بولىدىغانلىقىنى ئويلىماي قەسەم

قىلىۋېرىدۇ. ئىسلامدا ئىنسانلار ئۆز ھەققىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قەسەم قىلىشنى يولغا قويغان. لېكىن قەسەم قىلىشتىن باشقا چارە قالمىغاندا ئاندىن قەسەم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. قەسەم قىلغاندا ئىيتىلىدىغان سۆز «والله، بالله، تالله» (يەنى ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەن) دېگەن سۆزدىن ئىبارەت. چۈنكى «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەن» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «مۇشۇ مېنىڭ سۆزۈمنىڭ راستلىقىغا ئاللاھ گۇۋاھ» دېگەن بولىدۇ. غايىبنى پەقەت ئاللاھ تەئالاغىنا بىلگەنلىكى ئۈچۈن، باشقا نەرسە بىلەن قەسەم قىلىش شۇ نەرسىنى ئاللاھ تەئالاغا ئوخشاش كۆرگەنلىك بولۇپ، ئۇ شېرىكتۇر.

بەزىلەر قەسەم قىلغاندا، «ئۇنداق بولۇپ كېتەي، مۇنداق بولۇپ كېتەي» دەپ قەسەم قىلىدۇ. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىشتۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە بىزنى ئەنە شۇنداق قەسەم قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. بىر ئادەم قەستەن يالغاندىن قەسەم قىلىپ، كاپىر ياكى يەھۇدىي ياكى خرىستىئان ياكى ئىسلامدىن باشقا ھەر قانداق بىر دىن ياكى مەزھەپنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلسا، دېگىنىدەك بولۇپ كېتىدۇ. يەنى ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنداق ئادەم دەرھال تەۋبە قىلىپ ئىمانىنى يېڭىلىشى كېرەك.

يالغان قەسەم قىلىش چوڭ گۇناھتۇر. چۈنكى يالغان قەسەم قىلغان كىشى بىرىنچىدىن ئىنسانلارنى ئالدىدى، ئىككىنچىدىن ئاللاھ تەئالانى يالغانچىلىقىغا گۇۋاھچى قىلىش ئارقىلىق، ئاللاھ تەئالانىڭ ئەزىمەت ۋە جالالىتىگە قاتتىق بىھۆرمەتلىك قىلدى، ئۈچىنچىدىن ئۇ يالغان

سۆزلىدى. بۇلارنىڭ ھەر بىرى گۇناھى كەبىرە دەپ ئاتالغان چوڭ گۇناھلاردىن بولۇپ، يالغان قەسەم قىلغان ئادەم ئۈچ تۈرلۈك چوڭ گۇناھنى بىراقلا ئىشلىگەن بولىدۇ. ئۇ زۇلۇم ئۈستىگە زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. بۇمۇ ئاز كەلگەندەك باشقا دىنلاردا بولۇپ كېتىش سۆزىنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلغان كىشى ئۆزىنى پۈتۈنلەي ھالاكەتكە تاشلىغان بولىدۇ.

بىزدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان: «قۇرئان ئۇرسۇن، نان ئۇرسۇن، تۇزغا دەسسەپ بېرەي» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى گۇناھ ۋە خاتا ئىشلاردۇر. مۇسۇلمان مۇمكىن قەدەر قەسەم قىلماسلىقى كېرەك. ئەگەر قەسەم قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا، «ئالالاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن» ياكى «ئالالاھ بىلەن قەسەم قىلىمەن» دېيىشى لازىم.

ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بىرى ئۆزى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشتۇر. ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرگەن ئادەم، مۇشۇ دۇنيادا ئۆزىنى نېمە بىلەن ئۆلتۈرگەن بولسا، قىيامەت كۈنى شۇ نەرسە بىلەن ئازابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۆزىنى پىچاق بىلەن ئۆلتۈرگەن بولسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ قولىغا بىر پىچاق تۇتقۇزۇلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرگۈزىدۇ، ئاندىن تىرىلدۈرۈلىدۇ، يەنە ئۆزىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئەگەر زەھەر ئىچىپ ئۆلگەن بولسا، قىيامەت كۈنى قولىغا زەھەر بېرىلىپ ئىچىشكە مەجبۇرلىنىدۇ، ئۇ زەھەرنى ئىچىپ ئۆلىدۇ، قايتا تىرىلىدۇ، يەنە ئىچىدۇ، يەنە ئۆلىدۇ. مەڭگۈلۈك مۇشۇنداق ئازابلىنىدۇ.

ئىنسان ئۆز بەدىنىنىڭ ئىگىسى ئەمەس، ئۇنىڭ ئىگىسى ئۇنى ياراتقان ئاللاھ تەئالادۇر. ھېچبىر كىشىنىڭ ئۆز مۈلكى بولمىغان نەرسىنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىش ھەققى يوق. ئىرادىسى ئاجىز ئادەم قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، بېشىغا كەلگەن بەزى مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلالمايدۇ. قاچان بېشىغا بىرەر خاپىلىق كەلسە، سەۋر ـ تاقەت قىلالماي، بارلىق كۈچى بىلەن ئۇنىڭدىن تېزدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەگەر قۇتۇلۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزسە دەرھال ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ كۆڭلىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن پۈتۈن خاپىلىقلاردىن بىراقلا قۇتۇلۇپ كېتىمەن دەپ ئويلايدۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى مەڭگۈلۈك قۇتۇلالمايدىغان دوزاخقا تاشلايدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىستە: «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. بۇنداق يامان ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇشنىڭ سەۋەبى ئىمانىنىڭ قاتتىق ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى ۋە ياخشىلىق ـ يامانلىقنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشەنمىگەنلىكىدىندۇر. شۇڭا بۇ جىنايەت ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا ئىسلام ئەللىرىگە نىسبەتەن كۆپ يۈز بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەركىنلىك ئىسمى ئاستىدا ھەر تۈرلۈك رەزىللىك ۋە ئەخلاقسىزلىقلارنى قىلىپ، بېشىغا بىر پالاكەت كەلسە چىدىيالماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

خارلىقتىكى ھاياتتىن شەرەپلىك ئۆلۈم ياخشى. شەرەپلىك ئۆلۈم — دىنىنى، جېنىنى، مېلىنى، ئائىلىسىنى ۋە ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈشتۇر. بۇ جېنىنى، مېلىنى ئاللاھ يولىدا پىدا قىلىش بولۇپ

«شېھىد»لىكتۇر. شېھىدلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى مۇكاپاتى جەننەتتىكى ئەڭ ئالىي ماقامدۇر. بىر جەڭدە مۇسۇلمانلاردىن بىرى قورالىنى كۆتۈرگىنىچە دۈشمەن سېپىنى بۆسۈپ كىرىپ كېتىۋېدى، ئۇنى كۆرگەنلەر: «ئۇ ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىدى» دېيىشتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سىلەر قۇرئاننى خاتا تەپسىر قىلىسىلەر، ئەنسارلار جىھادقا سەل قاراپ، ئاللاھ يولىدا مىلى ۋە جېنى بىلەن جىھاد قىلمىغان ئىدى، ئاللاھ تەئالا: «ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مېلىڭلارنى سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ.» [سۈرە بەقەرە 195 ـ ئايەت] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىغانلىق جىھادنى تەرك ئېتىشتۇر، جىھادنى تەرك ئەتكەن مىللەت خارلىنىدۇ» دېدى.

دېمەك، مۇسۇلمانلارنىڭ خارلىنىشىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى ناھەق تۆكۈلۈشىنىڭ سەۋەبى، مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنياغا بېرىلىپ كېتىپ جىھادنى تەرك ئەتكەنلىكى، «جان بېقىش ۋاجىپ» دەپ دۈشمەنگە سېتىلغانلىقى، شەرەپلىك ئۆلۈمدىن خارلىقتا ياشاشنى ئەلا بىلگەنلىكىدۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە بىزنى ئاگاھلاندۇرغان نەرسىنىڭ يەنە بىرى كۈچى يەتمەيدىغان نەرسىنى نەزىر قىلماسلىق. ئەگەر بىر ئىشنى قىلمەن ياكى بىر نەرسە سەدىقە قىلىمەن دەپ نەزىر قىلغان بولسا، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. بۇ

يەردىكى نەزىر قىلىش دېگەن ــ «مەن ئاللاھ تەئالا ئۈچۈن مىلىك رەكەت ناماز ئوقۇيمەن ياكى قۇرئان تامام قىلىمەن ياكى پالان ئىشىم ھەل بولسا ياكى كېسلىم ساقايسا، بىر قوي سويۇپ سەدىقە قىلىمەن» دېگەنگە ئوخشاش ۋەدە قىلىش بولۇپ، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىش ۋە دېگەن ئىشنى ئىجرا قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئۆز ئىگىدارچىلىقىدا بولمىغان نەرسىنى سەدىقە قىلىمەن دەپ نەزىر قىلماسلىق كېرەك.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە يەنە مۆمىننى لەنەتلەشنى ئۇنى ئۆلتۈرگەن بىلەن ئوخشاش قىلىپ كۆرسەتتى. چۈنكى مۇسۇلماننى ئۆلتۈرگەن ئادەم ئۇنىڭ جېنىغا ۋە قېنىغا چېقىلغان بولىدۇ، ئۇنى لەنەتلەپ ھاقارەتلىگەن، سەت گەپلەر بىلەن تىللىغان ئادەم ئۇنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا ۋە غۇرۇرىغا چېقىلغان بولىدۇ. بۇلار جازالىنىشتا پەرقلىق بولسىمۇ، گۇناھلىقتا ئوخشاش چوڭ گۇناھتۇر. يەنە بىر تەرەپتىن مۇسۇلماننى سەت گەپلەر بىلەن ھاقارەتلەش، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش ـ جېدەلگە، ئاخىرىدا بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشكە سەۋەب بولىدىغان ئىش ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش جىنايەتتۇر. شۇڭلاشقا مۇسۇلماننى لەنەتلىگەن كىشى ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش گۇناھكار بولىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى بىلىمىزكى، ئىسلام مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى دوستلۇق، قېرىنداشلىقنى بۇزىدىغان چوڭ ـ كىچىك ھەر تۈرلۈك ئىشنى چەكلەيدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ پاراۋانلىقى، بەخت ـ سائادىتى پەقەت مۇستەھكەم قېرىنداشلىق بىلەن بولىدۇ.

ئەي ئۇلــۇغ پەرۋەردىگـــارىمىز! بىزنـــى ھەقنـــى چۈشـــىنىدىغان، بىلگــىنىگە ئەمەل قىلىــدىغان ھەقىقــى مـۆمىنلەردىن قىلىــپ، دۇنيــا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشتۈرگىن. ئامين!

## 48 ـ ھەدىس ئۆلۈم تىلىمەسلىك توغرىسىدا

عن أنسِ بنِ مالكٍ رضي الله عنه قال: قال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «لاَ يَتَمَنَّيَنَّ أَحَدُكُمُ الْمَوْتَ لِضُرٍّ نَزَلَ بِهِ، فَإِنْ كَانَ لاَبُدَّ مُتَمَنِّياً فَلْيَقُلْ: "أَللَّهُمَّ أَحْيِنِي مَا كَانَتِ الْحَيَاةُ خَيْرًا لِي، وَتَوَفَّنِي إِذَا كَانَتِ الْوَفَاةُ خَيْرًا لِي"» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن ھېچ كىم بېشىغا بىر خاپىلىق چۈشكەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن. ئەگەر ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشتىن باشقا چارىسى قالمىسا: ‹ئى پەرۋەردىگارىم! ئەگەر مەن ئۈچۈن ھايات خەيرلىك بولسا، مېنى ياشاتقىن، ئەگەر مەن ئۈچۈن ئۆلۈم خەيرلىك بولسا، مېنى ۋاپات قىلدۇرغىن› دېسۇن.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 6765]

ئىزاھات: سەۋر قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان مۇكاپات ناھايىتى بۈيۈكتۇر. ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئايەتلەردە سەۋر قىلغۇچىلارنى ماختاپ مەدھىيىلىگەن. مەسىلەن ئالايلۇق، ئاللاھ تەئالا سەۋرلىك مۆمىنلەرنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «سەۋر قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلارغا بىرەر

مۇسىبەت كەلگەن چاغدا ئۇلار ‹بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز› دەيدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر.» [سۈرە بەقەرە 156 ـ 157 ـ ئايەتلەر]

ئاللاھ تەئالا يەنە قەسەم قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر.» [سۈرە ئەسر]

ئىبنى قەييۇم جەۋزى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى «ئۇددەتۇسسابىرىن» دېگەن كىتابىدا، سەۋر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ــ سەۋر ــ ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدە بولغان ئەڭ پەزىلەتلىك ئەخلاقلاردىن بولۇپ، ئۇ ئىنساننى ناچار ـ يامان قىلىقلارنى قىلىشتىن توسىدۇ. ئۇ ئىنسانىنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىدىغان ۋە ئىشىنى تۈزەيدىغان مەنىۋى كۈچتۇر.»

سەۋر ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، ئۇلار ئىبادەتكە سەۋر قىلىش، گۇناھ ـ مەسىيەتنى تەرك ئېتىشكە سەۋر قىلىش ۋە بالا ـ مۇسىبەتكە سەۋر قىلىش.

ئىبادەتكە سەۋر قىلغۇچىلار: ئاللاھنىڭ ئەمرى ـ پەرمانلىرىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ، سەھەردە تۇرۇپ ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، پېقىر ـ مىسكىنلەرگە ياردەم قىلىدۇ، يازنىڭ ئىسسىقىغا چىداپ روزا تۇتىدۇ، مېھمانغا ئىززەت ـ ئىكرام قىلىدۇ، جېنىنى تىكىپ جىھاد

قىلىدۇ، سوغۇق قىشتا سوغۇق سۇدا تاھارەت ئالىدۇ، كۈننىڭ كۆيدۈرگۈچى ئاپتىپى ئاستىدا مەسجىدكە بارىدۇ، دىنى ئۈچۈن ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ۋە ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتا ھېچ قانداق قىيىنچىلىقتىن قورقمايدۇ، دىنى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن شەخسىي مەنپەئەتلىرىنى قۇربان قىلىدۇ، جېنى ۋە ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئىككىلەنمەستىن پىدا قىلىدۇ، مەنسەپ ـ مەرتىۋىسىنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن، ئەمەلىدىن قوغلىنىشتىن ۋە ھاكىمنىڭ ئەزىيىتىدىن قورقمايدۇ.

گۇناھ ـ مەسىيەتكە سەۋر قىلغۇچىلار: ئۇلار نەپسىنىڭ، كۆڭلىنىڭ ئارقىسىغا كىرمەيدۇ، نەپسى ھەر تۈرلۈك گۇناھلارنى قىلىشنى ئارزۇ قىلسىمۇ، شەيتان ھەر تۈرلۈك نەيرەڭلىرىنى ئىشقا سېلىپ گۇناھ ـ مەسىيەتلەرگە تەرغىب ۋە تەكلىپ قىلسىمۇ، سەۋر قىلىپ گۇناھ ـ مەسىيەتلىك ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تەئالاغا ھېچنەرسىنى شېرىك قىلمايدۇ، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەيدۇ، زىنا قىلمايدۇ، جازانىخورلۇق قىلمايدۇ، رىياكارلىق قىلمايدۇ، يېتىمنىڭ ھەققىنى يېمەيدۇ، باشقىلارنىڭ مۈلكىگە چېقىلمايدۇ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. يالغان سۆزلىمەيدۇ، كىشىلەرنى ئالدىمايدۇ، پۈتۈن گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ئالدىغا كەلسە، ئۇنىڭ ئەھۋالى، زامان، ماكان ۋە پۇرسەت تولۇق تېپىلسا، ئۇ ئىشلارنى قىلىشقا ھېچقانداق توسالغۇ قالمىسا، ئۇ پەقەت ئاللاھ تەئالانىڭ ئازابىدىن قورقۇپ گۇناھ ئىشلارنى قىلمايدۇ.

ھۆكۈمالار: «گۇناھ ـ مەسىيەتنى تەرك ئېتىشكە سەۋر قىلىش، تائەت ـ ئىبادەتكە سەۋر قىلىشتىن قىيىن» دېگەن ئىكەن. بولۇپمۇ زامانىمىزدا بۇ تېخىمۇ قىيىن بولماقتا. كۈنىمىزدە پۈتۈن ئەخلاقسىزلىق، ھەر تۈرلۈك بۇزۇقچىلىق، گېزىت ـ ژۇرناللاردا، تېلېۋىزورلاردا ۋە كوچىلاردا مەدەنىيەت نامى بىلەن ئومۇملاشماقتا. زىنا ـ پاھىشە ئاشكارا بولۇپ، ئۇنىڭغا يۈزلەنگەنلەر مەدەنىيەتلىك، ئۇنىڭدىن قاچقانلار مەدەنىيەتسىز، قالاق ھېسابلانماقتا. مانا مۇشۇنداق زاماندا مۆمىن ـ مۇسۇلمان ياشلارنىڭ گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى تەرك ئېتىشكە سەۋر قىلىشى تېخىمۇ قىيىن، تېخىمۇ مۈشكۈلدۇر. لېكىن ياشلىرىمىز قەتئىي ئىرادە بىلەن، زاماننىڭ بۇزۇقچىلىقىغا، نەپسىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ تاپا ـ تەنىلىرىگە سەۋر قىلىپ گۇناھلاردىن ئۆزىنى ساقلىسا، ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇنىڭغا بېرىدىغان مۇكاپاتى ۋە ئەجرى شۇنچىلىك كاتتا ۋە چوڭ بولىدۇ. ياشلىق ۋاقتى گۇناھ ـ مەسىيەت كۆپ بولىدىغان مەزگىلدۇر. شۇڭلاشقا ياشلارنىڭ گۇناھ ـ مەسىيەتنى تەرك ئېتىشى، ناماز، روزا ۋە باشقا ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشى كۆپ سەۋر قىلىشقا تېگىشلىك قىيىن ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن ياشلىقتا قىلغان ئىبادەتنىڭ ساۋابى قېرىغاندا قىلغان ئىبادەتتىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ. ئۆلىمالار ئاللاھ تەئالانىڭ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن ھەقىقىي قورقۇڭلار، پەقەت مۆمىن ھالىتىڭلاردا ئۆلۈڭلار.»[1] دېگەن كالامىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق

[1]سۈرە ئالى ئىمران 102 – ئايەت.

دەيدۇ: «كىمكى گۇناھنى تەرك ئەتسە، مەسىيەتتىن قولنى تارتسا، شۈبھىلىك نەرسىلەردىن ساقلانسا ۋە كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئىبادەت قىلسا، ئۇ كىشى ئاللاھتىن ھەقىقى قورققان بولىدۇ.»

بالا ـ مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىش مۆمىندىن باشقا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا پەقەت مۆمىنلەرلا سەۋر ـ تاقەت قىلالايدۇ. ئۇلار بىرەر مۇسىبەت كەلسە، «ھەممە ئىش ئاللاھ تەئالانىڭ قولىدا، ئۇ خالىغىنىنى قىلىدۇ. بۇ ئىش بىزگە بالا ـ مۇسىبەتتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئارقىسىدا بەلكى بىز بىلمەيدىغان ياخشىلىقلار بار» دەپ، ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، سەۋر ـ تاقەت قىلىدۇ. ئۇ مۆمىن شۇنى ياخشى بىلىدۇكى، بۇ دۇنيادا ياخشىلىقمۇ ئىمتىھان، بالا ـ مۇسىبەتمۇ ئىمتىھان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۆمىننىڭ ئەھۋالى، ئەگەر ياخشىلىق كۆرسە ئاللاھ تەئالاغا شۈكرى قىلىش، ئەگەر خاپىلىق كەلسە سەۋر قىلىپ ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىگە رازى بولۇشتۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىننىڭ ئىشىغا ھەيرانمەن، ئۇنىڭ ئىشى ھەممىسى ياخشىلىقتۇر، بۇ ياخشىلىق مۆمىندىن باشقا ھېچكىمگە نېسىپ بولمايدۇ. ئەگەر بىر خۇشاللىق كەلسە شۈكۈر قىلسا ئۇنىڭغا ياخشىلىق بولىدۇ، ئەگەر بىرىشىغا بىر خاپىلىق كەلسە سەۋر قىلسا ئۇنىڭغا ياخشىلىق بولىدۇ.» [ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان]

بىر كۈنى ھەزرىتى ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۇتىدىن جاراھەتلەنگەن بولۇپ، پۇتىنى كېسىۋەتمىسە بولمايدىغان بولۇپ

قالغان. شۇنىڭ بىلەن دوختۇر ئۇنىڭ پۇتىنى كېسىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەست قىلىدىغان دورا بەرمەكچى بولغاندا، ئۇ ئاللاھنىڭ زىكرىدىن غاپىل بولۇپ قالىمەن دەپ دورىنى ئىچكىلى ئۇنىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن دوختۇر ئۇنى بىھوش قىلماستىن پۇتىنى كەسكەن. پۇتى كېسىلگەندىن كېيىن ئۇ ئاللاھقا شۈكۈر قىلىپ تۇرۇشىغا، ئۇنىڭ بىر ئوغلىنىڭ ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرى كەلگەن. ھەزرىتى ئۇرۋە ئۇنىڭغىمۇ شۈكۈر قىلىپ ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىپ مۇنداق دېگەن: «بىر پۇتۇم كېسىلگەن بولسا، باشقا ئەزالىرىم ساق، بىر بالامدىن ئايرىلغان بولسام باشقا بالىلىرىم بار.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىمان تۆت نەرسىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان: 1 ـ يەقىين (چىن ئىشىنىش)، 2 ـ سەۋر قىلىش، 3 ـ جىھاد 4 ـ ئادالەت.» رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «سەۋر قىلىش ئىمانغا نىسبەتەن بەدەندىكى باشقا ئوخشايدۇ» دېگەن.

ھەقىقى مۆمىن شۇدۇركى، ئەگەر بىرەر مۇسىبەت كەلسە ئالا ـ تووۋا قىچقىرىپ، ياقىلىرىنى يىرتىپ، چاچ ـ ساقاللىرىنى يۇلۇپ، باشلىرىنى تامغا ئۇرۇپ، ئاللاھ تەئالا ھەققىدە بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلمايدۇ. كۆڭلىنىڭ بۇزۇلۇشى، كۆزىنىڭ ياش تۆكۈشى ئەيىبلىنىدىغان ئىش ئەمەس. ئەمما قازا ۋە قەدەرگە نارازى بولۇپ، جار سېلىپ يىغلاش، «مەن خۇدايىمغا نېمە قىلغان؟» دېگەنگە ئوخشاش نالايىق سۆزلەرنى قىلىش گۇناھتۇر.

مۆمىن بېشىغا ھەرقانچە ئېغىر قىيىنچىلىق ۋە كۆتۈرگۈسىز بالا ـ مۇسىبەت كەلسىمۇ، ئۆلۈم تىلىمەسلىكى لازىم. بەلكى سەۋر قىلىش ۋە ئاللاھ تەئالاغا دۇئا قىلىش كېرەك. ئەگەر ئۆلۈم تىلىمىسە بولمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە ئۆگەتكەن مۇنۇ دۇئانى قىلىش لازىم «ئى پەرۋەردىگارىم! ئەگەر مەن ئۈچۈن ھايات خەيرلىك بولسا، مېنى ياشاتقىن، ئەگەر مەن ئۈچۈن ئۆلۈم خەيرلىك بولسا، مېنى ۋاپات قىلدۇرغىن.»

بۇ دۇنيادا ھېچقانداق نەرسە بىر خىل شەكىلدە داۋام قىلمايدۇ. ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئىنساننىڭ بېشىغا بىر كۈن ياخشىلىق كەلسە بىر كۈن مۇسىبەت كېلىدۇ. بايلار كەمبەغەل، كەمبەغەللەر باي بولىدۇ. بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

إذا ما أتاك الدهر يوما بنكبة  فأفرغ لها صبرا ووسّع لها صدرا

فان تصاريف الزمان عجيبة    فيوما ترى يسرا ويوما ترى عسرا

تەرجىمىسى: زامان بېشىڭغا بىر خاپىلىق ئېلىپ كەلسە، ئۇنىڭغا سەۋر قىل ۋە كۆكسۈڭنى كەڭ تۇت. چۈنكى زاماننىڭ ئىشى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك، بىر كۈن ئاسانلىق كۆرىسەن، بىر كۈن قىيىنچىلىق.

ئەگەر ئىنسان ئۆزىگە رىزىق بېرەلىگەن بولسا ياكى پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالىغان بولسا ئىدى، دۇنيا خاراب بولمىغان ۋە يوقالمىغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ يوقىلىشىغا ھۆكۈم قىلىۋەتكەن ۋە ئىنسانلارنى ئۆلىدىغان قىلغان. بۇنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ھەر جان ئىگىسى

ئۆلــۈمنى تېتىيــدۇ.» «پەقەت ســەۋر قىلغانلارغــا مۇكاپــاتى ھېسابســىز بېرىلىدۇ.»[1] ئاللاھ تەئالا ھېقىقى مۆمىن بەنـدىلىرىنى سـۈپەتلەپ مۇنـداق دەيدۇ: «مـۆمىنلەر شـۇنداق كىشـىلەركى، ئـاللاھ يـاد ئېتىلسـە يـۈرەكلىرى تىترەيدۇ، بېشىغا كەلگەنلەرگە سەۋر قىلىـدۇ، نامـازنى ئـادا قىلىـدۇ ۋە بىـز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ئـاللاھ يولىغـا) خەجلەيـدۇ.» [سۈرە ھەج 35 ـ ئايەت]

ئــاللاھ تەئــالا بىزلەرنــى قــازا ـ قەدەرگە رازى بولــۇپ، بــالا ـ مۇســىبەتلەرگە ســەۋر قىلىــدىغان، تــائەت ـ ئىبــادەتكە سۇســلۇق قىلمايدىغان، گۇناھ ـ مەسىيەتتىن ئـۆزىنى يىـراق تۇتىـدىغان چىـدامىلىق، سەۋرچان مۆمىنلەردىن قىلسۇن. ئامىين!

[1]سۈرە زۇمەر 10 – ئايەت.

## 49 ـ ۋە 50 ـ ھەدىس رەسۇلۇللاھنىڭ گۈزەل ئەخلاقى توغرىسىدا

عن عبد الله بنِ عَمْرو بن الْعَاص رضي الله عنهما قال: "لَمْ يَكُنْ رَسُولُ الله صلى الله عليه وسلم فَاحِشًا وَلاَ مُتَفَحِّشًا، وَكَانَ يَقُولُ: «إِنَّ مِنْ خِيَارِكُمْ أَحْسَنُكُمْ أَخْلاَقًا.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەت قىلىقلىق ئەمەس ئىدى. ئۇ دائىم ‹سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار، ئەخلاقلىق بولغىنىڭلاردۇر› دەيتتى.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 3483]

عَنْ عائِشَةَ رضي الله عنها قالت: «مَارَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه و سلم مُسْتَجْمِعًا قَطُّ ضَاحِكًا حَتَّى أَرَى مِنْهُ لَهَوَاتِهِ، إِنَّمَا كَانَ يَبْتَسِمُ.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھېچقىل تىلى كۆرۈنگۈدەك قاتتىق كۈلگەنلىكىنى قەتئىي كۆرمىدىم، ئۇ پەقەت تەبەسسۇم قىلاتتى.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 5950]

ئىزاھــات: جانــابى رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمنىڭ تەرجىمىھــالىنى ئوقۇيــدىغان بولســاق، ئۇنىــڭ قانچىلىــك گــۈزەل ئەخلاقلىق بىـر زات ئىكەنلىكىنـى، ئۇنىـڭ ئىنسـانلار ئىچىـدىن تاللانغـان ئەڭ ئۇلۇغ كىشى ئىكەنلىكىنـى بىلىمىـز. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەم ھەق ئىــش قىلىــدىغان، راســت ســۆزلەيدىغان زات بولــۇپ، كىشــىلەرنى ئەيىبلىمەيتتــى، گەپ توشــۇمايتتى، غەيــۋەت قىلمــايتتى، خىيانەت قىلمايتتى، يالغـان سـۆزلىمەيتتى. ئـۇ بولمىغـۇر سـەت قىلىقلىـق، بېخىــل، قورقۇنچــاق، ھــۇرۇن ۋە قوپــال ئەمەس ئىــدى. بەلكــى ئــۇ ئــۆزى يۇمشــاق قەلبلىــك، كىچىــك پېئىــل، مــۇتەۋازى، شــاپائەتچان، جەســۇر، قەيســەر، ئەپۇچــان، كەچۈرۈمچــان زات ئىــدى. ئــۇ خاتــالىق ئۆتكــۈزۈپ قويغان كىشىنى سوراقتا تارتمـايتتى. ئـاللاھ تەئالانىـڭ ئەمـرى ـ پەرمانىغـا خىلاپلىــق قىلىشــتىن باشــقا ئىشــتا كىشــىلەرنى جازالىمــايتتى. خەلقنىــڭ ھىــدايەت تېپىشــىغا ناھــايىتى ھېرىســمەن، مــۆمىنلەرگە رەھىــم ـ شەپقەتلىك، گۈزەل سۆزلۈك، خۇش پېئىل، يـاردەمنى سـۆيىدىغان، سىلە ـ رەھىــم قىلىــدىغان، يوقســۇللارغا يــاردەم قىلىــدىغان، ھەر دائىــم ھەق تەرەپتە تۇرىدىغان ئۇلۇغ زات ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيتتـى: «قىيـامەت كـۈنى ماڭا ئەڭ يېقىن بولىدىغىنىڭلار ئەڭ گـۈزەل ئەخلاقلىـق بـولغىنىڭلاردۇر.» ئــۇ بەزى ســاھابىلىرىگە نەســىھەت قىلىــپ: «قەيەردە بولســاڭ ئــاللاھتىن قــورقىن، يامــانلىقنى ياخشــىلىق بىــلەن يــۇغىن ۋە كىشــىلەرگە ياخشــى ئەخــلاق بىــلەن مۇئــامىلە قىلغىــن» دەيتتــى. رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم كــۆپ يىغلايتتــى، ئــاز كــۈلەتتى ۋە «ئەگەر مېنىــڭ بىلگىنىمنـى بىلـگەن بولسـاڭلار، ھەقىـقەتەن ئـاز كـۈلەتتىڭلار ۋە كـۆپ

يىغلايتتىڭلار» دەيتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۈلۈشى تەبەسسۇم ئىدى، ھېچقاچان چىشى كۆرۈنگۈدەك قاھ ـ قاھلاپ كۈلمەيتتى. پايدىسىز، بىھۇدە گەپ ـ سۆز قىلمايتتى، دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىگە باقمايتتى. ئاللاھ تەئالا ئۇ زاتنى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن تاللاپ ياخشى ئەخلاقلىق قىلغان ئىدى. ئاللاھ تەئالا بىزنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ.› ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»[1] ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.» [سۈرە ئەھزاب 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئەگەر بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭغان بولساق، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىمىزدە ئۇنىڭ يوليورۇقىغا ئەمەل قىلغان بولساق، ئەلۋەتتە قەلبلىرىمىز بىرلىشەتتى، ئارىمىزدىكى ئىسلامىي قېرىنداشلىقىمىز مۇستەھكەم بولۇپ، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشەتتۇق. غەيرىي مۇسۇلمانلار بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ئىسلامنىڭ ھەقلىقىغا دەلىل قىلاتتى. ئىسلام دىنىنىڭ بىزدىكى ئىزلىرىنى كۆرگەنلەر بۇ مۇقەددەس دىنغا ئۆزلىرىنى ئاتاتتى. ئەمما مىڭ بىر

---

[1] سۈرە ئال ئىمران: 31ـ ئايەت.

ئەپسۇسكى، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىنى كۆرگەنلەر ئىسلام دىنىغا سەلبىي كۆز بىلەن قارايدۇ.

ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ يامان ئادەم كىشىلەر ئۇنىڭ شەررىدىن قورقىدىغان، گۇناھ ـ مەسىيەتتىن باشقا ئىش قىلمايدىغان، تىلى ئاچچىق، باغرى قاتتىق، مۇئامىلىسى يامان، سۆھبىتى زىيان، قىلىقى دۈشمەنلىك، سۆزى ئۆچمەنلىك، ئۇلۇغلارنى تىللايدىغان، ياخشىلىق قىلمايدىغان بەت ئەخلاق كىشىدۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمدىن «كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان نەرسە نىمە؟» دەپ سورىغاندا، «ئاللاھتىن قورقۇش ۋە ياخشى ئەخلاق» دەپ جاۋاب بەرگەن. «ئىنساننى دوزاخقا كىرگۈزىدىغان نەرسە نىمە؟» دەپ سورىغان كىشىگە، «ئېغىز ۋە ئەۋرەت» دەپ جاۋاب بەرگەن. چۈنكى تىل يامان سۆز ئارقىلىق كىشىلەرگە ئازار بەرسە، ئەۋرەت زىنا ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىپپىتىنى دەپسەندە قىلىدۇ. قىيامەت كۈنى تارازۇ ـ مىزاندا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ئەمەللەرنىڭ بىرى گۈزەل ئەخلاقتۇر. بارلىق ئىشلىرىدا رەسۇلۇللاھنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان كىشى گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئۆزىنى بېزىگەن بولىدۇ. ئۇنداق كىشىنىڭ مۇئامىلىسى توغرا، سۆزى راست، سۆھبىتى پايدىلىق بولىدۇ. شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بارلىق ياخشى ئىشلارنى ئۆز ھاياتىدا ئەمەلىي قىلىش ئارقىلىق ئۆگەتكەن.

ئاللاھ تەئالا بىزلەرنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلانغىلى نېسىپ قىلسۇن. ئامىن!

## 51 ـ ھەدىس سېخىيلىقنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

عن أبي هُرَيرةَ رضي الله عنه قال: قال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «مَا مِنْ يَوْمٍ يُصْبِحُ الْعِبَادُ فِيهِ إِلاَّ مَلَكَانِ يَنْزِلاَنِ، فَيَقُولُ أَحَدُهُمَا ‹اَللّٰهُمَّ أَعْطِ مُنْفِقًا خَلَفًا›، وَيَقُولُ الآخَرُ: ‹اَللّٰهُمَّ أَعْطِ مُمْسِكًا تَلَفًا›» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بەندىلەرگە ھەر كۈنى ئىككى پەرىشتە چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بىرى: ‹ئى پەرۋەردىگارىم! سېخى ئادەمگە ئۇنىڭ خەيرى ـ ئېھسان قىلىپ بەرگىنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگىن› دەيدۇ. يەنە بىرى: ‹ئى پەرۋەردىگارىم! بېخىلنىڭ مېلىنى ھالاك قىلغىن› دەيدۇ.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 2289]

ئىزاھات: بىلىش كېرەككى، ئاللاھ تەئالا ئىسراپخورلارنى ياقتۇرمايدۇ. كىشىلەرگە ھېچقانداق پايدا يەتكۈزمەيدىغان دەرىجىدە مال ـ دۇنيانى دوست تۇتقۇچىنىمۇ ياقتۇرمايدۇ. ئەڭ ياخشى ئىش نورمال بولۇشتۇر. يەنى مال ـ مۈلكنى بۇزۇپ چاچماسلىق ۋە ئاجىز، بىچارىلەرگە مەنپەئەت بەرمەيدىغان ھالدا بېخىل بولماسلىق لازىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىدىن مەلۇم بولىدۇكى، ھەر كۈنى پەرىشتىلەر ئىنسانلارغا دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار مال ـ مۈلكنى ئاللاھ تەئالا يولىدا سەرپ قىلغان ۋە ئاللاھنىڭ

رازىلىقىنى ئىزدەپ موھتاجلارغا ياردەم قولىنى سۇنغان كىشىلەرگە ئاللاھتىن بەرىكەت ۋە ھالال رىزىق تىلەيدۇ. ئەمما مېلىنى ھەق يولىدا چىقىم قىلمىغان بېخىل، پىخسىق ئىنسانلارغا بولسا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ مېلىنىڭ ھالاك بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. مال ـ مۈلكىنى ئۆزى ۋە ئەۋلادىنىڭ خىراجىتىگە ئىشلەتكەندىن كېيىن، يوقسۇل، مىسكىن، ئاجىز، يېتىم ـ يېسىرلارغا ياردەم بېرىشكە، مەسچىت، مەدرىسە، دوختۇرخانا، يول، كۆۋرۈككە ئوخشاش مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتلىنىدىغان ئورۇنلىرىغا سەرپ قىلسا، ئاللاھ تەئالا ئۇ كىشىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، مال ـ مۈلكىگە بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ. ئەمما مال ـ مۈلكىنى ئۆزىگىمۇ، ئائىلىسىگىمۇ چىقىم قىلمايدىغان، باشقا يوللارغىمۇ سەرپ قىلمايدىغان بېخىل كىشى بولسا، ئۇنىڭ دۇنيا يىغىش يولىدا تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىدىن باشقا نەرسىسى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ توپلىغان مېلىدىن ئۆزىمۇ پايدىلانمايدۇ ۋە باشقىلارغىمۇ نەپ يەتكۈزمەيدۇ. ئۇ مېلىم كېمىيىپ كېتەمدىكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن بېخىللىق قىلىدۇ. ھالبۇكى ئاللاھ تەئالا يولىدا مېلىنى سەرپ قىلىش ھەرگىز مالنى كېمەيتمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇنى بەرىكەتلىك ۋە كەڭ قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەدىقە قىلىش مالنى كېمەيتمەيدۇ» دېگەن. ئاللاھ تەئالا قانداق قىلغاندا مالنىڭ بەرىكەتلىك بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر كىشىلەرنىڭ پۇل ـ مېلى ئىچىدە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بەرەر پۇل ـ مال بەرسەڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئۆسمەيدۇ (يەنى كىشىلەر بەرگىنىمدىن جىقراق قايتۇرسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بېرىلگەن

سـوۋغىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ساۋابى بولمايدۇ). ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن سەدىقەڭلارغا ھەسسىلەپ ساۋاپ بېرىلىدۇ.» [سۈرە رۇم 39 ـ ئايەت]

سەدىقە بالانى توسىدۇ. مەسىلەن: سالىھ، كەمبەغەل كىشى بىر كېسەلدىن بىرنەرسە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاللاھتىن شىپالىق تىلەپ دۇئا قىلسا، ئاللاھ تەئالا ئۇ مىسكىن، بىچارىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ كېسەلگە شىپالىق بېرىشى مۇمكىن. نامرات، موھتاجلارنىڭ دۇئاسى دوختۇرنىڭ دورىسىدىن پايدىلىقراق بولۇشى مۇمكىن. بىر ھەدىس شەرىپتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كېسىلىڭلارغا سەدىقە بىلەن دورا قىلىڭلار، چۈنكى سەدىقە سىلەردىن كېسەللەرنى كەتكۈزىدۇ ۋە ھادىسىلەرنى توسىدۇ» دېگەن.

سەندىن ھاجىتىنى سوراپ كەلگەن كىشىگە ئۇنىڭ باي ـ كەمبەغەل، ياش ـ قېرىلىقىغا قارىماستىن قولۇڭدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىشىڭ كېرەك. چۈنكى سەن ئۇنىڭ ھېقىقى ئەھۋالىنى بىلمەيسەن. ئەمما بىر نەرسە تىلەپ كەلگەن كىشىنىڭ تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىۋالغانلىقىنى بىلسەڭ، ئۇنىڭغا ئۆز لايىقىدا رەت قايتۇرساڭ بولىدۇ. بىرەر ھاجەتمەن ئىشىكىڭگە كەلسە، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا كۈچۈڭ يېتىدىغان بولسا، ئاز بولسىمۇ ئۇنىڭغا بىرنەرسە بەرگىن. ئەگەر بېرىدىغان نەرسەڭ بولمىسا، چىرايلىقچە ئۆزرە ئېيتقىن، ئالدىڭغا كەلگەن سائىلنى قۇرۇق ياندۇرمىغىن. ئۇلارغا قاتتىق سۆز ۋە قوپال مۇئامىلە قىلمىغىن. ئاتىلىرىمىزمۇ «تاتلىق نېنىڭ بولمىسا، تاتلىق

سۆزلۈك يوقمۇ؟» دەپ بىكار ئېيتمىغان. چۈنكى ھاجەتمەنىنىڭ كۆڭلى سۇنۇق بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ سۇنغان كۆڭلىنى رەنجىتمەسلىك كېرەك. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ تەئالانىڭ: «ئى بەندەم! خەير ـ ساخاۋەت قىلغىن، مەنمۇ ساڭا خەيرى ـ ساخاۋەت قىلىمەن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىنسان ئۆچۈن ئەڭ ياخشى سەدىقە ئۆز ھىمايىسى ئاستىدىكى بالا ـ چاقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ئۈچۈن خىراجەت قىلغان نەرسىدۇر. بۇنىڭدا ئىسراپ قىلماسلىق ۋە سىقىۋالماسلىق، نورمال بولۇش كېرەك. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (يەنى ئاللاھ تەئالا ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇرا ھال خىراجەت قىلىدۇ.» [سۈرە فۇرقان 67 ـ ئايەت]

ئۆزىگە ۋە ئەۋلادلىرىغا خىراجەت قىلىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ھالال ـ ھارام دېمەستىن زوق ئۈچۈن پۇل ـ مال سەرپ قىلىش ئاقىلنىڭ ئىشى ئەمەس. چۈنكى كەلگۈسى ئاللاھنىڭ قولىدا، بۈگۈن باي بولغان بىلەن ئەتە نېمە بولىدىغانلىقىنى بىر ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. ئەقىللىق كىشى ئەتىسى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدىغان كىشىدۇر.

بەزى كىشىلەر ئازراق باي بولسا دۇنياغا پاتماي قالىدۇ. بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ئاشكارا ئىشلەۋاتقان گۇناھ ـ مەسىيەتلىرىنى توسمايدۇ. بالىلىرى ئالىي ماركىلىق ماشىنىلار بىلەن ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ، ئەل ـ

ئاغىنىلىرى بىلەن ھەر تۈرلۈك يامان ئىشلارنى قىلسا، نامەھرەم قىزلار بىلەن تانىسا ئويناپ، زىنا ـ پاھىشە ئىشلارنى قىلىپ يۈرسە كارى بولمايدۇ. بۇنداق بېشى بوش بالىلار ئاخىرىدا قىمار، ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە پۇل بۇزۇپ، ئاخىرىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بايلىقىنى نامراتلىققا ئايلاندۇرىدۇ. بالىلىرىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە پۇل يەتكۈزۈپ بولالماي قان يىغلايدىغان، پۇل يەتكۈزۈپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بالىلىرىدىن تاياق يەيدىغان ئاتا ـ ئانىلار جەمئىيەتتە ئاز ئەمەس. چۈنكى ئۇلار باشتا بالىلىرىنى ئويۇن ـ تاماشىغا قويۇۋەتكەن، ئۇلارنىڭ سادىر قىلىۋاتقان يامان ئىشلىرىغا كۆز يۇمۇپ كۆرمەسكە سالغان. ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىغا چاڭگاللاپ پۇللارنى تۇتقۇزۇپ قويمىغان بولسا، ئەۋلادلىرىنى جەمئىيەت داشقاللىرى بولغان يامان بالىلارغا قوشمىغان بولسا، ئۇلاردىن ئەڭ كىچىك بىر گۇناھ سادىر بولسا، دەرھال بالىلارغا بۇ ئىشنىڭ خاتالىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئاگاھلاندۇرغان بولسا، ئەگەر سۆز كار قىلمىسا قاتتىق قوللۇق بىلەن بالىلىرىنى كونترول قىلغان بولسا ھەم بالىلىرى ئۇنداق يامان يولغا كىرىپ قالمىغان بولاتتى ھەم ئاتا ـ ئانىلار پۇل ـ مېلىدىن ئايرىلىپ قالغانىنىڭ ئۈستىگە بالىلىرىدىن تاياق يېمەيتتى.

ئاللاھ تەئالا مال ـ دۇنيا بېرىپ باي بولغان كىشى، پۇل ـ مېلىنى بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش يولىدا سەرپ قىلسا، بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى قامداپ، كىيىم ـ كېچەك ۋە مەكتەپ، يول چىقىملىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرسا، بالىلىرىغا خىراجەت قىلىشتا

چېكىدىن ئاشۇرۇپ ئىسراپ قىلمىسا، بەك سىقۋېلىپ ئۇلارنى خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا خىجالەتكە قويمىسا، ئۇلارنىڭ قانداق بالىلار بىلەن ئاغىنىدارچىلىق قىلىدىغانلىقىنى كۆزىتىپ، يامانلارغا يولاتمىسا، باشقا يېتىم ـ يېسىر، نامرات ـ موھتاجلارنىمۇ ئۇنتۇماي يار ـ يۆلەكتە بولسا، ئاللاھ بەرگەن بايلىقىدىن ئاللاھ يولىدا خىراجەت قىلىشقا بېخىللىق قىلمىسا، ئاللاھ تەئالا ئۇ كىشىنىڭ مۇكاپاتىنى ھەم مۇشۇ دۇنيادا ھەم ئاخىرەتتە بېرىدۇ. بۇ دۇنيادا ئوقۇغان، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق يېتىشىپ چىققان ئەۋلادلىرىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇنداق ياخشى ئەۋلادلار ئاتا ـ ئانىسىغا ئۆلگەندىن كېيىنمۇ دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ. قىيامەت كۈنىدىكى مۇكاپاتى كۆزى كۆرمىگەن، قۇلىقى ئاڭلىمىغان ۋە كۆڭلىگە كەلمىگەن دەرىجىدە نازۇ ـ نېمەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقان جەننەت بولىدۇ.

ئەمما بېخىل ـ پىخسىق بولسا، مال ـ مۈلكىدىن يا ئۆزى، يا بالا ـ چاقىسى مەنپەئەت ئالمايدۇ ياكى جەمئىيەتكە پايدىسى بولمايدۇ. بېخىل يالاڭ ئاياق ماڭىدۇ، قورۇق، قاتتىق نان يەيدۇ، كونا، يىرتىق كىيىملەرنى كىيىدۇ، ئاغرىپ قالسا، ئىككى تەڭگىگە دورا ئالغىلى چىدىماي، بىرىنىڭ سەدىقە قىلىشىنى ياكى بىكارغا بېرىشىنى كۈتۈپ ياتىدۇ. ۋەھالەنكى ئەگەر خالىسا، يىپەك گىلەملەردە ئولتۇرۇش، كىمخاب تونلارنى كىيىش ۋە ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك تاماقلارنى يېيىشكە قۇربى يېتىدۇ. ئۆزىگە بېخىللىق قىلغان ئادەمنىڭ باشقىلارغا بېخىللىقى نەچچە ھەسسە قاتتىق بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېخىللىقنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق

دەيدۇ: «سىلەردىن بۇرۇنقى ئۈممەتلەر بېخىللىق سەۋەبى بىلەن ھالاك بولغان، ئۇلار بېخىللىققا بۇيرۇلسا بېخىللىق قىلدى، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈشكە بۇيرۇلسا ئۈزدى، گۇناھ قىلىشقا بۇيرۇلسا گۇناھ ـ مەسىيەتلەرگە چۆكتى.»

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «مۆمىندە بېخىللىق ۋە بەت ئەخلاقتىن ئىبارەت ئىككى خىسلەت جۇغلاشمايدۇ» دېگەن.

ئاللاھ تەئالا مال ـ دۇنيانى قانداق ئىشلىتىش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى سەبىلگە خەير ـ ساخاۋەتتىن ھەققىنى بەرگىن، (پۇل ـ مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن. ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغان ئىدى. ئەگەر سەن پەرۋەردىگارىڭدىن كۈتۈۋاتقان مەرھەمەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارغا خەير ـ ساخاۋەت قىلماقچى بولساڭ (يەنى قولۇڭدا ئۇلارغا بېرىدىغان نەرسە بولمىسا)، ئۇلارغا چىرايلىق گەپ قىلغىن. قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن)، قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىۋېتىپمۇ ئەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن.» [سۈرە ئىسرا 26 ـ 29 ـ ئايەتلەر]

ئاللاھ تەئالا بىزنى سېخىيلاردىن قىلسۇن! بېخىللىقتىن ساقلىسۇن. ئامىين!

## 52 ـ 53 ـ ھەدىس سەدىقە قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

عن أبي موسى الأشعري رضي الله عنه: عنِ النبي صلى الله عليه وسلم قالَ: «اَلْخَازِنُ الْمُسْلِمُ الأَمِينُ الَّذِي يُعْطِي مَا أُمِرَ بِهِ كَامِلاً مُوَفَّرًا طَيِّباً بِهِ نَفْسُهُ، فَيَدْفَعُهُ إِلَى الَّذِي أَمَرَ لَهُ بِهِ أَحَدُ الْمُتَصَدِّقِينَ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بېرىشكە بۇيرۇلغان نەرسىنى كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن (قىلچىمۇ ھەسەت قىلماستىن) تولۇق بېرىدىغان، كىمگە بېرىشكە بۇيرۇلسا شۇنىڭغا بېرىدىغان ئىشەنچلىك مۇسۇلمان ئامبارچى سەدىقە بەرگۈچىلەرنىڭ بىرىدۇر.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى:1419]

عن عائشةَ رَضِيَ الله عَنْهَا قالت: قال النبي صلى الله علايه وسلم: «إِذَا أَنْفَقَتِ الْمَرْأَةُ مِنْ طَعَامِ بَيْتِهَا غَيْرَ مُفْسِدَةٍ كَانَ لَهَا أَجْرُهَا بِمَا أَنْفَقَتْ وَلِزَوْجِهَا بِمَا كَسَبَ وَلِلْخَازِنِ مِثْلُ ذَلِكَ لاَ يَنْقُصُ بَعْضُهُمْ مِنْ أَجْرِ بَعْضٍ شَيْئًا.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشى ئۆيىدىكى ئاش ـناننى بۇزۇپ چاچماستىن سەرپ قىلسا، ئۇنىڭغا سەرپ قىلغانلىقىنىڭ ساۋابى بولىدۇ، ئېرىگە ئاش ـ ناننى

تاپقاننىڭ ساۋابى بولىدۇ، خىزمەتچىگە ئۇنى ساقلاپ بەرگەننىڭ ساۋابى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ساۋابى ئايرىم ـ ئايرىم بولۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان. نومۇرى: 2041]

ئىزاھات: مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە كىشىلەر ياخشىلىق قىلىشقا ئالدىرايدۇ ۋە ياخشىلىق يوللىرىنى ئىزدەپ قىلىدۇ. دائىم خەيرى ـ ئېھسان قىلىشنى ئويلايدىغان كىشىگە ئاللاھ تەئالا ھەر تۈرلۈك پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇنداق كىشى كۆپ بېرىشكە توغرا كەلسە ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئاز بېرىشنى ھەقىر كۆرمەيدۇ. ئۇ ھەر ھالەتتە نامرات، مىسكىن، موھتاجلارغا ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىلا سېخى بولۇپ قالماستىن ئائىلى، بالا ـ چاقىلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىنىمۇ شۇنداق ئېسىل ئەخلاق بىلەن تەربىيىلەيدۇ. ئائىلىنىڭ ئۆيدىكى يېمەك ـ ئىچمەك ۋە باشقا نەرسىلەردىن قولۇم ـ قوشنا ۋە يېتىم ـ يېسىرلارغا سەدىقە قىلغانلىقىغا نارازى بولمايدۇ. ئۇ خىزمەتچىسىنىڭ موھتاجلارغا بېرىشكە تېگىشلىك نەرسىنى ئىچى تارلىق قىلماستىن ئوچۇق چىراي بىلەن ئاپىرىپ بېرىشنى ياقتۇرىدۇ. خىزمەتچىسىمۇ ئىشەنچلىك بولۇپ، بۇيرۇلغان ئىشنى ئۆز لايىقىدا ئورۇنلايدۇ ۋە كىشىلەرگە ئاپىرىپ بېرىدىغان نەرسىگە خىيانەت قىلماستىن ساق ئاپىرىپ بېرىدۇ. بۇنداق خىزمەتچى گەرچە ئۆز مېلىدىن سەدىقە قىلمىسىمۇ، سەدىقە قىلغۇچىلاردىن ھېسابلىنىدۇ ۋە مۇكاپاتىنى ئالىدۇ.

ئايال كىشى ئۆيدىكى نەرسىلەرنى بۇزۇپ چاچمىغان، بېخىللىق قىلىپ سىقىۋالمىغان ۋە ئىسراپ قىلمىغان ھالدا سەدىقە قىلسا ۋە ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلسا، سەدىقە قىلغانىنىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ. ئېرى بولسا ئىشلەپ تاپقانىنىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ. يەنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇغۇچى سەدىقە قىلغۇچىدۇر ۋە بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغۇچىمۇ سەدىقە قىلغۇچى بولىدۇ.

دىيانەتلىك ياخشى ئايال مۇلايىم سۆزلىرى ۋە قوزغاتقۇچ ھېسسىياتى ئارقىلىق ئېرىنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشىگە ۋە كۆپ ئەجرى ـ مۇكاپات ئېلىشىغا ياردەمچى بولىدۇ. ئۇ ئېرى ياقتۇرمايدىغان ئىشنى قىلمايدۇ، ئېرى خۇشال بولىدىغان ئىشنى تاشلىمايدۇ، بەزىدە ئېرىگە قوشنىلىرىنىڭ، موھتاجلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى خاتىرلىتىپ، ئۇلارغا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ياردەم قولىنى سۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ھەزرىتى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆيدە ئېرى يوق ۋاقىتلاردىمۇ كەلگەن موھتاجلارغا تاپقىنىنى سەدىقە قىلاتتى. لېكىن ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىغا ھەر كۈنى كېلىۋالىدىغان مىسكىندىن ئېرىنىڭ كۆڭلىشى ۋە نارازى بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. بىر كۈنى ئەر ـ خوتۇن بىرگە ئولتۇرغىنىدا، بىر مىسكىن ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ھەزرىتى ئەسما ئېرىگە، «ئاۋۇ بىزنىڭ ئۆيمىزدىن باشقا يەردە سايە تاپالمىغاندەك كېلىۋالغان مىسكىننى ھەيدىۋېتىڭ» دېدى. ئېرى ھەزرىتى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «سايىگىمۇ بېخىللىق قىلامسىز، ئۇنىڭ تامنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇشىنىمۇ كۆپ كۆرەمسىز؟ سىزنىڭ ئۇنىڭغا

بىر نەرسە بېرىشكىز كېرەك ئىدى» دېدى. ھەزرىتى ئەسما: «ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرىشىمنى خالامسىز؟» دېگەن ئىدى، ھەزرىتى زۇبەير: «ھەئە» دېدى. ھەزرىتى ئەسما: «مېنىڭ خالىغىنىممۇ شۇ ئىدى» دېدى. ھەزرىتى زۇبەير ئايالىنىڭ ياخشىلىق قىلغانلىقى ۋە ئېرىگە ئىتائەتچانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى.

ئايال كىشى سەدىقە قىلىشتا ئېرىنىڭ ئەھۋالىغا رىئايە قىلىشى لازىم. ئۆيدە بار نەرسىنىڭ ھەممىنى كىشىلەرگە بېرىۋەتمەسلىكى، ئېرى ئۈچۈن قىممەتلىك بولغان نەرسىنى سەدىقە قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئۇنداق قىلىش ئېرىنى غەزەپلەندۈرىدۇ ۋە ئۇنى بۇنداق ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن توسۇپ قويۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. سەدىقىنىڭ چوڭ ياكى كۆپ بولۇشى لازىم ئەمەس، بەلكى قۇربى يەتكەن نەرسە بولسا بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «يېرىم خورما سەدىقە قىلىش ئارقىلىق بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىڭلار» دېگەن. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى بىز ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلي بولسىمۇ ئۇنى ھازىر قىلىمىز. (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز.» [سۈرە ئەنبىيا 47 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى مانا مۇشۇنداق بەختلىك ۋە سېخى ئائىلىلەردىن بولغىلى نېسىپ قىلسۇن. ئامىين!

## 54 ـ 55 ـ ھەدىس سەدىقىنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

عن أبي موسى رضي الله عنه أَنَّ النَّبِيَّ صلى الله عليه وسلم قال: «عَلَى كُلِّ مُسْلِمٍ صَدَقَةٌ» قيل: أَرَأَيْتَ إِنْ لَمْ يَجِدْ؟ قال: «يَعْتَمِلُ بِيَدَيْهِ فَيَنْفَعُ نَفْسَهُ وَيَتَصَدَّقُ»، قال: قِيلَ: أَرَأَيْتَ إِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ؟ قال: «يُعِينَ ذَا الْحَاجَةِ الْمَلْهُوفِ»، قال: قِيلَ لَهُ أَرَأَيْتَ إِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ؟ قال: «يَأْمُرُ بِالْمَعْرُوفِ أَوِ الْخَيْرِ» قال: أَرَأَيْتَ إِنْ لَمْ يَفْعَلْ؟ قال: «يُمْسِكُ عَنِ الشَّرِّ فَإِنَّهَا لَهُ صَدَقَةٌ» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھەر بىر مۇسۇلمان سەدىقە قىلىشى لازىم» ساھابىلەر ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر سەدىقە قىلىدىغان نەرسە تاپالمىسىچۇ؟› دېدى. رەسۇلۇللاھ: «كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق ئۆزىگىمۇ پايدا يەتكۈزسۇن، سەدىقىمۇ قىلسۇن» دېدى. ساھابىلەر ‹ئىشلەشكە قادىر بولالمىسىچۇ؟› دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «ئاجىز، بىچارىلەرگە يار ـ يۆلەك بولسۇن» دېدى. ئەبۇ مۇسا ئېيتتى: ساھابىلەر ‹ئۇنىمۇ قىلالمىسىچۇ؟› دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «ياخشىلىققا دەۋەت قىلسۇن» دېدى. ئەبۇ مۇسا ‹ئۇنىمۇ قىلالمىسىچۇ؟› دېيۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «يامان ئىشلاردىن قول يىغسۇن، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

[ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 2286]

عن أبي أُمامةَ رضي الله عنه قال: قال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «يَا ابْنَ آدَمَ! إِنَّكَ أَنْ تَبْذُلِ الْفَضْلَ خَيْرٌ لَكَ، وَأَنْ تُمْسِكْهُ شَرٌّ لَكَ، وَلاَ تُلاَمُ عَلَى كَفَافٍ، وَابْدَأْ بِمَنْ تَعُولُ، وَالْيَدُ الْعُلْيَا خَيْرٌ مِنَ الْيَدِ السُّفْلَى» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئى ئادەم بالىسى! ئۆز ئېھتىياجىڭدىن ئاشقاننى سەدىقە قىلساڭ سەن ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر سەدىقە قىلماي تۇتۇۋالساڭ ئۇ سەن ئۈچۈن يامانلىقتۇر، يەتكۈدەك ئىشلەتكەن نەرسەڭدە مالامەت قىلىنمايسەن، سەدىقە قىلىشتا قول ئاستىڭدىكى كىشىلەردىن باشلىغىن، يۇقىرى قول (بەرگەن قول) تۆۋەن قولدىن (ئالغان قولدىن) ياخشىدۇر.» [ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسنىڭ بىر قىسمىنى رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسنىڭ مۇسلىمدىكى نومۇرى: 2341]

ئىزاھات: ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى چەكسىز بولۇپ، ئۇنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. «ئەگەر ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر.»[1] ئاللاھ تەئالا نېمەتكە شۈكرى قىلغانلارغا نېمىتىنى

[1] سۈرە نەھل 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار: ‹نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، ئۇنى تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر نانكورلۇق قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ› دەپ ئۇقتۇرغان ئىدى.» [سۈرە ئىبراھىم 7 ـ ئايەت]

نېمەتكە شۈكرى قىلىش، بېرىلگەن نېمەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىش ۋە ئۇنى ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىش بىلەن بولىدۇ. نېمەتنى ئاللاھتىن دەپ بىلمەسلىك ۋە ئۇلارنى گۇناھ ـ مەسىيەتلەرگە ئىشلىتىش بولسا، ناشۈكۈرلۈك بولۇپ، ياخشىلىققا يامانلىق قىلغانلىق، شۈكرى قىلىشنىڭ ئورنىغا نانكورلۇق قىلغانلىقتۇر. ئۇنداق كىشى قاتتىق ھېساب ئېلىنىشقا ۋە نېمەتلەردىن مەھرۇم قېلىشقا ھەقلىقتۇر. ئاللاھ تەئالانىڭ ئەڭ چوڭ نېمەتلىرى سالامەتلىك، مال ـ مۈلۈك ۋە ئىلىم نېمىتىدۇر. بۇ نېمەتلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ سەدىقىسى بار. بەندە بۇ نېمەتلەر ئارقىلىق ئۇنى بەرگەن ئىگىسىگە ئىتائەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. چۈنكى ئاللاھ تەئالا پۈتۈن مۈلۈكنىڭ ئىگىسى، ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، خالىغان كىشىدىن تارتىپ ئالىدۇ، خالىغان كىشىنى ئەزىز قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى خار قىلىدۇ.

بەندىنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى، بەرگەن سەدىقىلىرى ئاللاھ تەئالاغا پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرى، نانكورلۇقلىرى ئاللاھ تەئالاغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. قىلغان ياخشى ـ يامان ئىش ـ ئەمەللەرنىڭ پايدا ـ زىيىنى پەقەتلا ئىنساننىڭ ئۆزىگە

بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئىنسانىنى، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ياراتقۇچىسى بولغان پەرۋەردىگارىنى تونۇپ، ئۇنىڭغا قۇللۇق قىلىشى ئۈچۈن ياراتقان، ئۇلاردىن رىزىق ياكى تائام بېرىشنى تىلىمەيدۇ، ئاللاھ تەئالانىڭ بەندىلەردىن تىلەيدىغىنى پەقەت ياخشى ئىشلاردا ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش، يامانلىقلاردىن قول ئۈزۈشتۇر. بەندىنىڭ بۇ ئىشىنى سەدىقە ھېسابلاپ ئۇنى «نامە ئەمال» دەپتىرىگە ياخشى ئەمەللەر قاتارىغا يازىدۇ.

ياردەم قىلىش كۆپىنچە پۇل ـ مال ئارقىلىق بولىدۇ. چۈنكى زاكات، سەدىقە، كاپارەت، ھەج، يوقسۇللارغا ياردەم بېرىش، جىھادقا ياردەم بېرىش، مەسچىت، مەكتەپ، دوختۇرخانا، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل، ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش، كىتاب باستۇرۇش، دىنىنى، ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن پۇل چىقىم قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تەئالا بەرگەن پۇل ـ مال نېمىتىگە شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ. ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلىنغان ھەر بىر تەڭگە پۇل، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ ئېغىزىغا قويغان ھەر بىر لوقما تائام، ھەرگىز زايە بولۇپ كەتمەيدۇ، بەلكى نامە ـ ئەمال دەپتىرىگە يېزىلىپ قىيامەت كۈنى ھاجىتىڭىز چۈشكەندە ئالدىڭىزغا كېلىدۇ.

ئەگەر قولىڭىزدا ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغۇدەك نەرسىڭىز بولمىسا، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىشلەڭ. ئىشلەش ئارقىلىق ھەم ئۆزىڭىزنىڭ ۋە ئائىلىڭىزنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداپ، كىشىلەرگە موھتاج بولمايسىز ھەمدە ئېھتىياجىڭىزدىن ئاشقىنىنى ئۆزىڭىزدىن تۆۋەن ئاجىز ـ

بىچـارىلەرگە يـاردەم قىلىـش ئـارقىلىق جەنـنەتكە ئېرىشىسـىز. ئەگەر ئىشلىمەي باشقىلارنىڭ بەرگەن سەدىقىسى بىلەن ياشىسىڭىز يۈزىڭىز تـۆۋەن بولىـدۇ، خەلقـى ئـالەم ئالدىـدا خارلىققا قالىسـىز. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ: «بەرگەن قـول ئالغـان قولـدىن ياخشىراق» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى مانا مۇشۇ.

ھاجەتمەنلەرنىڭ ھـاجىتىنى راۋا قىلىـش، زۇلۇمغـا ئۇچرىغۇچىغـا يـاردەم قىلىـش، قارىغۇنىـڭ قولىـدىن يېتىلەپ بارىـدىغان يېرىگە يەتكـۈزۈپ قويـۇش، قـۇلىقى ئېغىرلارغـا سـۆزنى چۈشـەندۈرۈش، يېتىمنىـڭ بېشـىنى سـىلاش، تـۇل خوتـۇن، ئـاجىز بىچـارىلەرگە يـار ـ يـۆلەك بولـۇش قاتـارلىق ئىشـلارنى قىلىـش ئـاللاھ تەئـالا بەرگەن سـالامەتلىك نېمىـتىگە شـۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ.

كىشـىلەرگە ۋەز ـ نەسـىھەت قىلىـش، ياخشـى ئىشـلارغا چـاقىرىش، يامـان ئىشـلاردىن توسـۇش، كىشـىلەرگە ئـاللاھ تەئالانىـڭ ئەمـرى ـ پەرمـانلىرىنى چۈشـەندۈرۈش، بىلمىگەنـلەرگە ئـۆگىتىش، سـورىغانلارغا جـاۋاب بېـرىش، غـاپىللارنى ئاگاھلانـدۇرۇش، ھەم ئـۆزى شـەرىئەت ئەھكاملىرىغــا تولــۇق ئەمەل قىلىــش ئــارقىلىق بــارلىق ئــش ـ ھەرىكەتلىرىدە كىشىلەرگە ياخشى ئۈلگە بولـۇش قاتـارلىق ئىشلار بولسا، ئـاللاھ تەئالانىـڭ بەرگەن ئىلىـم ـ بىلىـم نېمىـتىگە شـۈكۈر قىلغـانلىق بولىدۇ.

ئەگەر كىشـى ئىشلەشـكە قـادىر بولالمىسـا، كىشـىلەرگە يـاردەم قىلغۇدەك نەرسىگە ئىگە بولالمىسا، باشقىلارنى ياخشـى ئىشـلارنى قىلىشـقا

رىغبەتلەندۈرۈشى، مال ـ مۈلۈك ئىگىلىرىنى پېقىر ـ مىسكىنلەرگە ياردەم قىلىشقا چاقىرىشى لازىم. كىشىلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش پەقەت دىنى ئالىملارنىڭلا ۋەزىپىسى ئەمەس، ياخشى ـ يامانىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

يۇقىرىدىكى ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى قىلىشقا قادىر بولالمىغان كىشى، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشتىن، گۇناھ ـ مەسىيەتلەردىن قول ئۈزسە، مەيلى تىلى مەيلى قولى ئارقىلىق بولمىسۇن كىشىلەرگە ئازار بەرمىسە، سەدىقە قىلغاندەك ساۋاب ئالىدۇ.

دېمەك، كىشىنىڭ بۇ ھاياتتا بىر رولى بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئىنسان بۇ دۇنياغا بىكار يارىتىلغان ئەمەس. ياشىغان ـ ياشىمىغىنىنىڭ ھېچقانداق بىر پەرقى يوق كۈن ئۆتكۈزگەن ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئىنسان قىلىپ يارىتىلىشىنىڭ غايىسىنى بىلمەيدىغان مەخلۇقلاردۇر. سوفى ئاللاھ يار قىيامەت كۈنى ئاللاھ تەئالانىڭ نېمىدەپ سورايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

تەنۇ ـ تېرەڭدە تاتلىق جان ياراتتىم،
باھائىم قىلمىدىم ئىنسان ياراتتىم.
تېمام ئەزالىرىڭنى سالىم ئەتتىم،
ئېرىغ زاتىم بىلۈرگە ئالىم ئەتتىم.
سۇغاردىم ئابى نېمەتتىن چىشىڭنى،
قىېنى ئايغىل ماڭا قىلغان ئىشىڭنى.

ئىنسان بۇ چەكلىك ئۆمرىدە قولىدىن كېلىشىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەتكە پايدىلىق بولۇشى لازىم. ئەكسىچە ئىشلىمەي جەمئىيەتكە يۈك بولۇپ ياشاش مۇسۇلمان ئۈچۈن كۆتۈرگۈسىز نومۇستۇر. شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ يەردە ئىشلەشكە، ھەر بىر كىشىنى قولىدىن قانداق بىر ئىش كەلسە شۇنى قىلىشقا، بىكار تىلەپ بولماسلىققا، جەمئىيەتكە ھېچقانداق تۆھپە قوشالمىسا، زىيان ئۇرماسلىققا چاقىرىدۇ.

ئاللاھ تەئالا بىزلەرنى جەمئىيەتكە پايدىسىز يۈك بولۇپ ياشاشتىن ساقلىسۇن، ئاز بولسىمۇ دىن ـ مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەتكىلى نېسىپ قىلسۇن. ئامىين!

## 56 ـ ھەدىس  قانائەتلىك بولۇش توغرىسىدا

عن أبي هريرة رضي الله عنه، عَنِ النَّبِيِّ صلى الله عليه وسلم قال: «لَيْسَ الْغِنَى عَنْ كَثْرَةِ الْعَرَضِ، ولكنَّ الْغِنَى غِنَى النَّفْسِ.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبى ھـۇرەيرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىـدۇكى، جانـابى رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مۇنـداق دېــگەن: «مالنىــڭ كۆپلــۈكى بــايلىق ئەمەس، لــېكىن ھەقىقــي بــايلىق كۆڭۈلنىــڭ بايلىقىــدۇر.» [بۇخــارى ۋە مۇســلىم رىــۋايەت قىلغـــان. ھەدىسنىڭ بۇخارىدىكى نومۇرى: 6299، مۇسلىمدىكى نومۇرى: 2373]

ئىزاھات: پۇل ـ مال ھاياتلىق ئۈچـۈن ئەڭ كېرەكلىـك نەرسـە. لـېكىن ئــۇ مۇسـۇلماننىڭ غايىســى ۋە مەقسـىتى بولماسـلىقى لازىـم. مۇسـۇلمان كىشى مال ـ دۇنيانى غـايە قىلمايـدۇ. بەلكـى ئـۇنى ئـالىي نىشـانغا يېتىش ئۈچۈن بىر ۋاسىتە قىلىدۇ. مال ـ دۇنيـانى ئـۆزىگە غـايە قىلغـانلار ھەرگىـز تويمايدۇ، مال ـ دۇنياسى كـۆپ بولغانسېرى تېخىمـۇ كـۆپ بولسـا بـولاتتى دەپ كېچە ـ كۈندۈز دۇنيا قوغلايدۇ. پـۇل ـ مـال يىغىشـتا ھـالال ـ ھـارامنى ئىلغىمايـدۇ. كىشـىلەرنىڭ ھەققىنـى يەۋېلىشـتىن قورقمايـدۇ. ئۇنــداق ئادەمدە تەمەخورلۇق ۋە ئاچ كۆزلۈكنىڭ چېكى بولمايدۇ.

ئەمما پۇل ـ مالنى ھايـاتلىق ۋاسىتىسـى دەپ قارىغـان مۇسـۇلمان، ئـۆز كـۈچىگە تايىنىـپ ئىشـلەپ، ھـالال يـول بىـلەن ئىقتىسـاد يىغىـدۇ. ھـارام نەرسە يەپ سېلىشتىن ھەزەر قىلىدۇ. ئۆز مەنپەئىتـى ئۈچـۈن كىشـىلەرگە

زىيان ئۇرمايدۇ. باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېمەيدۇ. بەلكى ئۇ ئىشلەپ تاپقان رىزقىغا ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن قانائەت قىلىدۇ. قولىدىن كېلىشىچە نامرات ـ بىچارىلەرگە ياردەم قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلى خاتىرجەم، ھەممە ئادەم بىلەن دوست ئىناق ئۆتىدۇ. ھاياتلىقنىڭ تەمىنى مانا مۇشۇنداق ئادەم تېتىيدۇ. ئۇ ئاللاھنىڭ بەرگىنىگە شۈكرى قىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ رىزقىغا بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ ھەقىقىي بايلىق كۆڭۈل بايلىقى دېگىنىنىڭ مەنىسى مانا مۇشۇ.

ئاللاھ تەئالا ئاچكۆزلۈك ۋە تەمەخورلۇق كېسىلىگە دۇچار بولۇشتىن ساقلاپ، نامرات بولسىمۇ قورسىقى كەڭ، كۆزى توق ياشىغىلى نېسىپ قىلسۇن. ئامىين!

## 57 ـ ھەدىس خەيرى ـ ئېھسان قىلىنىشقا تېگىشلىك كىشى توغرىسىدا

وعنه رضي الله عنه: أنَّ رسولَ اللهِ صلى الله عليه و سلم قال: «لَيْسَ الْمِسْكِينُ الَّذِي يَطُوفُ عَلَى النَّاسِ تَرُدُّهُ اللُّقْمَةُ واللُّقْمَتَانِ، والتَّمْرَةُ والتَّمْرَتَانِ، ولكنِ الْمِسْكِينُ الَّذِي لاَ يَجِدُ غِنًى يُغْنِيهِ ولا يُفْطَنُ لَهُ فَيُتَصَدَّقُ عَلَيْهِ، وَلا يَقُومُ فَيَسْأَلُ النَّاسَ.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مىسكىن كىشىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ بىر ـ ئىككى لوقما تائام، بىر ـ ئىككى خورما تىلەيدىغان كىشى ئەمەس. لېكىن ھەقىقىي مىسكىن ھاجىتىنى قامدىيالىغۇدەك بايلىق تاپالمىغان، سەدىقە بېرىلىشى ئۈچۈن ھالىنى بىلىندۈرمىگەن ۋە كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىمايدىغان كىشىدۇر.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 1461]

ئىزاھات: ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمايدۇ ۋە بىر ئىنسان ھەر دائىم ئوخشاش ھايات كەچۈرەلمەيدۇ. بەزى كىشىلەر يوقسۇزلۇق، پېقىرلىققا دۇچار بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلار سەۋر ـ تاقەت قىلىشنى تاشلاپ، تىلەمچىلىكنى باشلاپ، ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن بىر نەرسە سوراپ، سەدىقە بىلەن ھايات كەچۈرۈشنى ئادەت قىلىۋالسا،

بۇنداق كىشى ھەقىقىي پېقىر مىسكىن ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ باشتا ھاجىتىنى راۋا قىلىش، تۇرمۇشىنى قامداش يۈزىسىدىن كىشىلەردىن ياردەم سورىغان بولسىمۇ، بارا ـ بارا تىلەمچىلىكنى كەسىپكە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، كىشىلەرنىڭ بويىنىغا مىنىپ، پۇل توپلاشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، ھەرقانچە باي بولسىمۇ، يىرتىق چاپىنىنى تاشلىماي تىرىكتاپلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ. ھېقىقى مىسكىن، پېقىر كىشى بولسا، ئەمەلىيەتتە قولىدا ھېچ نەرسىسى يوق، كىشىلەردىن تىلەشنى ئۆزى ئۈچۈن نومۇس دەپ بىلىدىغان، ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشىدىن قىيىنچىلىق ئەھۋالى مەلۇم بولمايدىغان كىشىلەردۇر. ئۇنداق ئىپپەتلىك زاتلارنى كىشىلەر باي دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار ياردەم قىلىنىشقا ئەڭ موھتاج كىشىلەردۇر. ئۇلار ئاچ بولسىمۇ قانائەت قىلىپ، كىشىلەرگە چاندۇرماسلىققا تىرىشىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان، (تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەير ـ ئېھسان قىلىنىشى كېرەك. ئەھۋالنى ئۇقمايدىغانلار، ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ. مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر.» [سۈرە بەقەرە 273 ـ ئايەت]

مانا شۇنداق كىشىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇلارغا ياردەم قىلىش ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دېمەكچى بولغىنى كىشىلەرنى ئىپپەتلىك، ئالىي

سۈپەتلىك بولۇشقا چاقىرىش ۋە يۈزىنى چۆشۈرۈپ كىشلەردىن نەرسە سوراشتىن توسۇشتىن ئىبارەت.

## 58 ـ ھەدىس ئىشلەشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

وعنه رضي الله عنه أَنَّ رَسُولَ الله صلى الله عليه وسلم قال: «لأَنْ يَحْتَطِبَ أَحَدُكُمْ حُزْمَةً عَلَى ظَهْرِهِ خَيْرٌ لَهُ مِنْ أَن يَسْأَلَ أَحَدًا فَيُعْطِيهِ أَوْ يَمْنَعُهُ.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ بىر باغلام ئوتۇن تېرىپ، يۈدۈپ كېلىپ جان باققىنى مەيلى بەرسۇن ياكى بەرمىسۇن، كىشىدىن تىلەپ جان باققىنىدىن ياخشى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 2334]

ئىزاھات: جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز مۇسۇلمانلارنىڭ شۇنداق ئالىي سۈپەت، ئىپپەتلىك، غۇرۇرلۇق، ئېسىل كىشىلەر بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئىنسان قانداق ئىش بولمىسۇن ئىشلەپ يېيىشى كېرەك. ئىشنىڭ چوڭ-كىچىكمۇ ئوخشاش. ھەر قانچە ئاددىي ئىش بولسىمۇ ئىشلەش، باشقىلاردىن تىلىگەندىن ياخشى. ئىشنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئىشچىلارنى كەمسىتىش ئىنتايىن ناچار ئەخلاق ۋە مۇسۇلمانلىققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قىلىقلاردۇر.

مانـــا رەســـۇلۇللاھ ســـەللەللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم بـــۇ ھەدىســـتە كىشلەرنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئـاددىي دەپ قارىلىـدىغان ئىشلاردىن بىرىنـى مىســـال قىلىـــپ: «ئۇتـــۇن توشـــۇپ جـــان بـــېقىش كىشـــىلەرگە قـــول سـۇنغاندىن ياخشـى» دەيـدۇ. دېـمەك، كىشـىلەرگە قـولىنى سـۇنۇپ بىـر نەرســـە سورىســـا يـــا بېرىـــدۇ يـــاكى بەرمەيـــدۇ. مۇشـــۇنداق بېـــرىش ـ بەرمەسلىكى ئېھتىماللىق بولغان كىشلەرگە ئۆزىنى خـار قىلىـپ، يـۈزىنى چۈشـۈرۈپ قـول سـۇنۇش ئەڭ پەسـكەش، نومـۇس قىلىشـقا تېگىشـلىك ئىشتۇر. بەزىلەر تۆۋەن ئىشلارنى قىلىشـتىن نومـۇس قىلىـدۇ. ھەقىقەتـتە نومۇس قىلىشقا تېگىشـلىك نەرسـە بىكـار تەلەپلىـك ۋە جەمئىـيەتكە يـۈك بولـۇپ ياشاشـتۇر. مۇسـۇلمان دېـگەن ئۈسـتۈن تەبىئەتلىـك، ئـالىي سـۈپەتلىك، جاپـا ـ مۇشـەققەتكە چىـداملىق، بالايىئـاپەتكە سـەۋرلىك بولـۇش، ھېقىقـى مۈلـۈك ئىگىسـى بولغـان ئاللاھقـا يـالۋۇرۇش، پۈتـۈن ھاجىتىنى ئۇنىڭدىن سوراش، كۈچىنىـڭ يېتىشـىچە تىرىشـىپ ئىشـلەش، بىكـار تەلەپ، لايىغەزەل بولماسـلىق، ۋاقتىنـى بىكـار ئۆتكـۈزمەسـلىك، ھەر قـانچە ئـاددىي ـ تـۆۋەن ئـىش بولسـىمۇ كىچىـك كۆرمەسـتىن قىلىـش، باشقىلارغا قـول سۇنۇشـتىن، ھـاجىتىنى تىـلەپ كىشـىلەرگە يالۋۇرۇشـتىن بارغـا قانـائەت قىلىشـنى ئەۋزەل كـۆرۈش لازىـم. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بىر كۈنى بىر ساھابە كېلىـپ سالام بېرىـدۇ. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ئۇنىـڭ بىـلەن قـول ئېلىشـىپ كۆرۈشـكىنىدە، ئۇنىـــڭ قوللىرىنـــىڭ قاپىرىـــپ كەتكەنلىكىنـــى ھـــېس قىلىپ: «قولۇڭغا نېمە بولدى؟» دەپ سورايدۇ. ھېلىقى ساھابە ئىشـلەپ قولىنىـــڭ شـــۇنداق قاپىرىـــپ كەتكەنلىكىنـــى ئېيتقانـــدا، رەســـۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قولىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ: «بۇ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياخشى كۆرىدىغان قول» دەيدۇ. ئەپسۇسكى بازارلار، مەسچىت ئالدىلىرى تىلەمچىلەر بىلەن تولۇپ تاشماقتا. تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىۋالغانلارغا قارىتا رەسۇلۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسگە دىققەت قىلىڭ.

## 59 ـ ھەدىس تىلەمچىلىكتىن ساقلىنىش توغرىسىدا

عن عبدِ الله بنِ عمر بنِ الخطاب رضي الله عنه، أَنَّ النَّبِيَّ صلى الله علايه وسلم قال: «لاَ تَزَالُ الْمَسْأَلَةُ بِأَحَدِكُمْ حَتَّى يَلْقَى اللَّهَ وَلَيْسَ فِي وَجْهِهِ مُزْعَةُ لَحْمٍ.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئاللاھقا ئۇچراشقۇچىلىك تىلەمچىلىك قىلىۋەرسە، قىيامەت كۈنى يۈزىدە گۆش دىدارى بولمىغان ھالدا ھازىر بولىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان. نومۇرى: 2349]

ئىزاھات: بۇ دۇنيادا كىشىلەرگە قولىنى سوزۇپ تىلەمچىلىك قىلىشتىن نومۇس قىلمىغان، پۇل ـ مال ئۈچۈن يۈزىنى چۈشۈرۈپ، تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىۋالغان كىشىنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالى بولسا، يۈزىدە پەقەت گۆش دىدارى بولمىغان، قورۇق ئۇستىخان ھالدا تىرىلىدۇ. خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا ئاشۇنداق رەسۋا بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «بەرگەن قول ئالغان قولدىن ياخشى، خەير ـ ئېھسان قىلىشتا قول ئاستىڭدىكىلەردىن باشلا، ئەڭ ياخشى سەدىقە بايلىقتىن بەرگەن سەدىقىدۇر. ئىپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلغان كىشىنى ئاللاھ ئىپپەتلىك قىلىدۇ، كىشىلەرگە قول سۇنۇشتىن بىھاجەت بولۇشنى

تەلەپ قىلغـان كىشـىنى ئـاللاھ بـاي قىلـىدۇ. پـۇل تـوپلاش ئۈچـۈن تىلەمچىلىك قىلغان كىشى مەيلى كـۆپ يـاكى ئـاز توپلىسۇن جەھەنـنەم چـوغلىرىنى توپلىغـان بولـىدۇ. كىشـى تىلەمچىلـىك قىلىۋەرسـە قىيـامەت كۈنى يۈزىدە گۆش دىدارى بولمىغان ھالدا كېلىدۇ.»

بىـر كـۈنى رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ يېنىغـا ئىككى كىشـى سـەدىقە سـوراپ كەلـدى. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسەللەم ئۇلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەنـدىن كېيىن ئۇلارنىـڭ ئىشلەش ئىقتىـدارى بـارلىقىنى بايقىـدى ـ دە، مۇنـداق دېـدى: «ئەگەر خالىساڭلار سىـلەرگە تىلـىگەن نەرسـەڭلارنى بېـرىمەن، لـېكىن ئۇنىڭـدا بـاي ۋە ئىشـلىيەلەيدىغان كۈچلـۈك كىشـىنىڭ نېسىۋىسـى يـوق (يەنـى مەن بېرىدىغان سەدىقە سىلەرنىڭ نېسىۋەڭلار ئەمەس).» دېدى.

رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مۇنـداق دەيـدۇ: «كىمكـى بېشـىغا يوقسـۇزلۇق چۈشمەسـتىن يـاكى بېقىشـقا قـۇربى يەتمەيـدىغان ئەۋلادلـىرى بولماسـتىن، كىشـىلەردىن نەرسـە تىلىسـە، قىيـامەت كـۈنى يۈزىدە گۆش دىـدارى بولمىغـان ھالـدا كېلىـدۇ.» رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى يوقسـۇزلۇققا يـاكى بېقىـپ بولالمايـدىغان ئەۋلادقـا دۇچـار بولماسـتىن تىلەمچىلىكنىـڭ ئىشـىكىنى ئاچسـا، ئـاللاھ ئۇيلىمىغـان يەردىـن ئۇنىڭغـا يوقسـۇزلۇقنىڭ ئىشـىكىنى ئاچىدۇ.»

ئەي نامراتلىقتـا گىرىپتـار بولغـان كىشـىلەر! يـالغۇز ئـاللاھ تەئالاغـا تايىنىڭلار، قۇربىڭلارنىـڭ يېتىشـىچە ئىشلەشـكە تىرىشـىڭلار، كىشـىلەرگە

قول تەڭلەپ تىلەمچىلىك قىلىشتىن، مۇسۇلمانلىق شەرىپىڭلارنى ئاياغ ئاستى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

لاَ تَسْأَلَنَّ بُنَيَّ آدَمَ حَاجَةً          وَ سَلِ الَّذِي أَبْوَابُهُ لاَ تُحْجَبُ
فَاللهُ يَغْضَبُ إِنْ تَرَكْتَ سُؤَالَهُ وَ بُنَيَّ آدَمَ حِينَ يُسْأَلُ يَغْضَبُ

تەرجىمىسى: ئەي ئوغلۇم! كىشىلەردىن ھاجىتىڭنى سورىما، دەرۋازىسى ئېتىلمەيدىغان زات ئاللاھتىن سورا. چۈنكى ئاللاھ سورىمىساڭ غەزەپلىنىدۇ، ئادەم بولسا، سورىساڭ غەزەپلىنىدۇ.

ئاللاھ تەئالا ئىشلەشكە ئەمر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. ئاللاھنىڭ بەرگەن رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.» [سۈرە مۇلك 15 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا بىزنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە موھتاج قىلمىسۇن. بىزگە قانائەت، سەۋرچانلىق ئاتا قىلىپ، كىشىلەرگە قول سۇنۇشتىن ساقلىسۇن. ھۇرۇنلۇقتىن، بىكار تەلەپلىكتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، ئىپپەتلىك، ئىززەتلىك ئالىيجاناب مۇسۇلمانلاردىن قىلسۇن. ئامىن!

## 60 ـ ھەدىس  تۇل خوتۇنغا ياردەم قىلىش توغرىسىدا

عن أبي هريرة رضي الله عنه قال، قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «اَلسَّاعِي عَلَى الأَرْمِلَةِ والْمِسْكِينِ كَالْمُجَاهِدِ فِي سَبِيلِ اللهِ، أَوِ الْقَائِمِ اللَّيْلَ الصَّائِمِ النَّهَارَ.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «تۇل خوتۇن ۋە مىسكىنگە ياردەم قىلىشقا تىرىشقان كىشى، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان ياكى كېچىنى ئىبادەت، كۈندۈزنى روزا بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشىگە ئوخشايدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇخارىدىكى نومۇرى: 5226]

ئىزاھات: ئىنسانىنىڭ بۇ ھاياتتىكى قەدىر ـ قىممىتى دىنى ياكى دۇنيالىقى ئۈچۈن قىلغان ئىش ـ ئەمەللىرىگە قاراپ بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پەزىلەتلىك ئەمەل دىنىنى ھىمايە قىلىش ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىش يولىدا ئاللاھ ئۈچۈن جېنى ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلىشتۇر. جىھاد پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇپ، ئۇلاردىن كېيىنكى ئىنسانلار جىھاد قىلىش جەھەتتە بەش تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلار: تىلى ۋە قەلىمى ئارقىلىق جىھاد قىلىدىغان ئالىم؛ كۈچى ۋە ھوقۇقى بىلەن جىھاد قىلىدىغان پادىشاھ؛ ئىمانى ۋە قورالى بىلەن جىھاد قىلىدىغان ئەسكەر؛ مېلى ۋە ھەمراھلىرى بىلەن جىھاد قىلىدىغان باي؛ كېچىنى ئىبادەت ۋە كۈندۈزنى روزا بىلەن

ئۆتكۈزىدىغان، ئىچى ـ تېشى ئوخشاش بولغان ئابىدتۇر. ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ۋە ئاجىز، بىچارە، باققۇچىسى يوق ئاياللارغا، غېرىب، مىسكىنلەرگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان كىشى بولسا، ئاللاھ تەئالانىڭ دەرگاھىدا يۇقىرىدىكى بەش خىل كىشىنىڭ ساۋابىغا نائىل بولىدۇ.

بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن ناھايىتى كۈچلۈك، ساغلام ۋە پائال كۆرۈنىدىغان بىر يىگىت ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىكى ساھابىلەر: «كاشكى بۇ يىگىت ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان بولسىچۇ» دېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەگەر كىچىك باللىرىنى بېقىش ئۈچۈن چىققان بولسا، ئاللاھ يولىدا بولىدۇ. ئەگەر ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىسىنى بېقىش ئۈچۈن چىققان بولسا ئاللاھ يولىدا بولىدۇ. ئەگەر ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن چىققان بولسا ئاللاھ يولىدا بولىدۇ، ئەگەر ئۇ رىياكارلىق ۋە ئۆزىگە تەمەننا تارتىپ چىققان بولسا شەيتاننىڭ يولىدا بولىدۇ» دېدى.

كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ياردەمگە ئەڭ موھتاج بولغان كىشى باقىدىغان ئېرى ياكى ئاتا ـ ئانىسى يوق تۇل خوتۇندۇر. ھاياتتا ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللار ئاجىز ۋە ھاجەتلىرى كۆپ بولىدۇ. ئىشلەشكە قادىر بىر ئەر كىشىنىڭ ياردىمى بولمىسا ئاياللار ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى ئۆزى قامداپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارغا ياردەم بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن:

«ئۈچ قىزى ياكى ئۈچ قىز قېرىندىشى ياكى ئىككى قىزى ياكى ئىككى قىز قېرىندىشى بولغان كىشى، ئۇلارغا ياخشى يار ـ يۆلەك بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئۇلار ھەققىدىكى ئەمرىنى تۇتسا، جەننەتكە كىرىدۇ.» يەنە بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ئۇلارنى ئوبدان تەربىيىلىسە، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسا ۋە ئۇلارنى ياتلىق قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىشىنىڭ باشقىلارغا موھتاج بولماسلىق ئۈچۈن ئۆزىگە سەرپ قىلغان نەرسىسى سەدىقىدۇر؛ ئايالىغا، بالىسىغا ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە سەرپ قىلغان نەرسىسى سەدىقىدۇر.»

ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان مىسكىنگە كەلسەك، ئۇ قېرىپ قالغانلىقى ياكى كىچىك بولغانلىقى ياكى كېسەل ياكى قايسى بىر سەۋەب بىلەن ئىشلەپ تۇرمۇشىنى قامدىيالمايدىغان، ئاچ ـ يالىڭاچ كىشىلەردۇر. ئۇنداق كىشىلەرگە ئاجىزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش، كۈچى بارلارغا ئىش تېپىپ بېرىش كىچىكلەرنى ئوقۇتۇپ تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قولىدىن تۇتۇش لازىم. مانا بۇ ئىسلامىي قېرىنداشلىقنىڭ تەقەززاسى. بىز ھېقىقى مۇسۇلمان بولىدىغان بولساق، «مەن مۇسۇلمان» دېگەن سۆزىمىزدە راستچىل بولساق، جەمئىيىتىمىزدىكى تۇل خوتۇن، يېتىم ـ يېسىرلارغا ئىگە چىقىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن قولىمىزدىن كېلىشىچە خەۋەر ئېلىشىمىز لازىم.

ئەپسۇسكى كۈنىمىزدە مال ـ دۇنيا كۆپىيىپ بايلار كۆپەيگەن ئىدى، تېخى نەچچە ئون يىل ئالدىدىكى ئەھۋاللارنى تېزلا ئۇنتۇپ، نامرات،

مىسكىن، تۇل خوتۇن، يېتىم ـ يېسىرلارغا غەمخورلۇق قىلىشنىڭ ئورنىغا ھە دەپ بەس ـ بەستە ھەشەمەتلىك ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى سالدىغان، مېھماندارچىلىقتا بىر نەچچە داستىخان سېلىپ ئىسراپ قىلىدىغان، يۈز ـ ئابرۇي ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى چىقىرىۋېلىپ نامرات بىچارىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى تەسلەشتۈرىدىغان، پەقەتلا ھاجىم ئاتىلىش ياكى مۇنچە قېتىم ھەج قىلغان دېگەن نامغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن پۇل بۇزۇپ بىر نەچچە قېتىم ھەج قىلىدىغان بولۇپ كەتتۇق. «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ» دېگەندەك، بىر ئادەمنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى پۇل بىلەن ئۆلچەيدىغان، پۇلى بار بايلار ياخشى، يۇرتنىڭ چوڭلىرى بولۇپ تەزىم قىلىنىدىغان، نامرات ـ كەمبەغەللەر كۆزگە ئىلىنماي كەمسىتىلىدىغان، نەزىر ـ چىراغ، ھېيت ـ ئايەملەردە بايلارنى باشقا ھۇجرىغا، كەمبەغەللەرنى باشقا ھۇجرىغا باشلايدىغان، توي ـ تۆكۈن، مېھماندارچىلىققا يېقىندىكى كەمبەغەل قوشنا، نامرات ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى تاشلاپ قويۇپ، يىراقتىكى بايلارنى چاقىرىدىغان ئادەتلەر ئەۋج ئالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام ئەڭ قاتتىق قارشى تۇرىدىغان يامان ئادەت ۋە كاپىرلارنىڭ ئىشى ئىدى. مۇشۇنداق يامان ئىللەتلەرنى ئۆزىمىزگە ئۆزلەشتۈرۈۋالغان بىزلەر قايسى يۈزىمىز بىلەن مەن مۇسۇلمان دەپ ئېيتالايمىز؟ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز ھەممىسى دىنىمىزغا خىلاپ تۇرسا، قانداقمۇ ئۇيالماستىن ئاللاھ تەئالادىن ياردەم تىلەيمىز؟ بىز دىنىمىزنىڭ، ۋەتىنىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلاشنىڭ ئورنىغا دۇنيا قوغلىشىپ يۈرسەك، نۇسرەت قەيەردىن كېلىدۇ؟

ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

كېلىشلار دىنىمىزغا قايتايلى، ئاللاھ تەئالانىڭ كۆرسەتمىسى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يوليورۇقىغا ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمەل قىلىپ ھەقىقي مۆمىن بولايلى. بايلىرىمىز ماللىرىمىزدىكى يوقسۇل قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەققى بولغان زاكاتنى تولۇق بېرىپ، قولىمىزدىن كېلىشىچە جەمئىيىتىمىزدىكى موھتاجلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالايلى. نامرات ـ يوقسۇللار سەۋرچان بولۇپ، ئاللاھ تەئالانىڭ بەرگىنىگە قانائەت قىلايلى. ئالىم ـ مەخسۇملار ئالدى بىلەن دىنىمىزغا چىن ئەمەل قىلىپ، ئاندىن كىشىلەرنى ھەق يولغا باشلايلى. بۇ دۇنيا بىر ئىمتىھان ـ سىناق دۇنياسى. ئاخىرەت بولسا بۇ دۇنيادا قىلغان ئىشىمىزنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدىغان جاي. مەڭگۈلۈك ھايات ئاخىرەتكە بارغاندا باشلايدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ئۈچ ـ بەش كۈنلۈك ئۆتكۈنچى ھاياتىغا ئالدىنىپ ئۆزىمىزنى مەڭگۈلۈك ھالاكەتكە تاشلىمايلى. ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئېسىمىزدىن چىقارمايلى: «ئۇلارغا ئېيتقىنكى، خالىغان ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ. يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا نەرسىلەرنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن سىلەرگە خەۋەر بېرىدۇ (يەنى قىلمىشىڭلارغا قاراپ جازا ياكى مۇكاپات بېرىدۇ).» [سۈرە تەۋبە 105 ـ ئايەت]

ئـى ئۇلـۇغ پەرۋەردىگـارىم! بىـزگە ھەق يولغـا قايتىشـنى ۋە بىزنـى سـېنىڭ رازىلىقىڭغـا ئېرىشـتۈرىدىغان ياخشـى ئەمەللەرنـى قىلىشـنى نېسىپ قىلغىـن. بىزنـى ھەر تۈرلـۈك يامـان ئـادەت ۋە ناچـار قىلىقلاردىـن پاكلىغىن. ئامىين!

## 61 ـ ھەدىس  دىنىنى تەسلەشتۈرمەسلىك توغرىسىدا

عن أنسِ بنِ مالكٍ رضي الله عنه عنِ النَّبِيِّ صلى الله عليه و سلم قال: «يَسِّرُوا وَلاَ تُعَسِّرُوا وَبَشِّرُوا وَلاَ تُنَفِّرُوا.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاسانلاشتۇرۇڭلار، تەسلەشتۈرمەڭلار، خۇشخەۋەر بېرىڭلار، قاچۇرۇۋەتمەڭلار.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 69]

ئىزاھات: جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى ۋە مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى يەمەن خەلقىگە ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكىنىدە، يۇقىرىدىكى مۇبارەك سۆزى بىلەن ئۇلارغا تەۋسىيە قىلغان.

ئاللاھ تەئالا پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ باش تاجى بولغان ئۇلۇغ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھەممە ئالەمگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن ۋە بارلىق ساماۋى دىنلارنىڭ ئەڭ مۇكەممىلى، ئەڭ ئەۋزىلى بولغان ئىسلام دىنىنى نازىل قىلغاندا، ئەمەل ـ ئىبادەتلەردە بولسۇن، قانۇن ـ تۈزۈملەردە بولسۇن ئىنتايىن ئاسان ۋە ھەر قانداق كىشى ئورۇندىيالايدىغان شەكىلدە ئاسان قىلىپ نازىل قىلغان. ئاللاھ تەئالا ئىسلام دىنىنى ئاسان قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ

مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ.»[1] «سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۈشكۈللۈكنى قىلمىدى.»[2] «ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.»[3]

ئاللاھ تەئالا بەندىلىرىگە چەكسىز مېھرىبان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز رەھمىتىنى نامايان قىلىپ، بەندىلىرىنىڭ قىلغان كىچىككىنە ئىبادەت ۋە ياخشىلىقلىرىغا ھەسسىلەپ ئەجرى ـ مۇكاپات بېرىدۇ. ئۆتكۈزگەن خاتالىق ۋە گۇناھ ـ مەسىيەتلىرىنى خالىسا كەچۈرۈم قىلىدۇ، خالىسا بىر گۇناھقا بىر جازا بېرىدۇ.

ئىسلامدا بۇيرۇلغان ئەھكاملارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ھەم ئاز ۋە ھەم ناھايىتى ئاسان بولغانلىقىنى ئۇچۇق ـ ئاشكارا كۆرىمىز. مەسىلەن، ئالايلۇق، بىر كۈندە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇش بۇيرۇلغان. بەش ۋاقىت نامازنى جۇغلىسا يېرىم سائەتتىن كۆپ ۋاقىت ئالمايدۇ. 24 سائەتلىك بىر كۈندە ئاللاھ تەئالاغا ئىبادەت قىلىدىغان ۋاقىت پەقەت يېرىم سائەت. روزا بىر يىلدا پەقەت بىر ئايلا تۇتۇلىدۇ. زاكات بولسا پۇل ـ مېلى كۆپ بولغان بايلارغا بىر يىلدا بىر قېتىم پەقەت مېلىنىڭ 2.5% پىرسەنتىنى يوقسۇللارغا بېرىشتۇر. ھەج مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ـ كېلىشكە قۇربى يېتىدىغان كىشىگە ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم بۇيرۇلغان. بۇ ئىبادەتلەرنىڭ مۆمىنلەرگە مۇشۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە نۇرغۇنلىغان

[1] سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ھەج 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە بەقەرە 286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پايدىلىرى بار. ئىسلامدا چەكلەنگەن نەرسىلەر پەقەت ئىنسانلارنىڭ ھازىرى ۋە ئىستىقبالى ئۈچۈن زىيانلىق نەرسىلەر بولۇپ، ھالال قىلىنغان نەرسىلەرگە نىسبەتەن ھارام قىلىنغان نەرسىلەر يوق دېيەرلىك دەرىجىدە ئازدۇر. ئاللاھ تەئالا ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئى بەندىلىرىم! بۇ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار، مەن ئۇنى سىلەر ئۈچۈن خاتىرىلەپ قويىمەن، ئاندىن ئۇنىڭ مۇكاپات ـ جازاسىنى سىلەرگە تولۇق بېرىمەن، كىمكى ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشسە ئاللاھقا شۈكۈر قىلسۇن، كىمكى مۇكاپاتقا ئېرىشەلمىسە پەقەت ئۆزىنىلا مالامەت قىلسۇن.»

ئىسلامدا مۇساپىر ۋە كېسەل كىشىلەرگە جۈمە ئوقۇش پەرز قىلىنمىدى، رامزاندا روزا تۇتماسلىققا رۇخسەت قىلىندى. مۇساپىرلارغا تېخىمۇ ئاسان بولسۇن ئۈچۈن تۆت رەكئەتلىك ناماز ئىككى رەكئەتكە چۈشۈرۈلدى. تاھارەت ئېلىش ئىمكانى بولمىغانلارغا تەيەممۇم قىلىش بۇيرۇلدى. قىيىن ئەھۋالدا قالغان كىشىگە ھارام نەرسىنى ئىستېمال قىلىش ھالال قىلىندى. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، ئاللاھتىن غەيرىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى. كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ

ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.» [سۈرە بەقەرە 173 ـ ئايەت]

مۇقەددەس دىنىمىز ھەقىقەتەن ئاسان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنسان قىلالمايدىغان ھېچقانداق نەرسە يوقتۇر. ئەمدى بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇنداق ئىككى خىل ئىنسانلار بۇ ئۇلۇغ دىنىنى خارلىماقتا:

ئۇلارنىڭ بەزىسى مۇتەئەسسىپ ئالىملاردىن بولۇپ، ئۇلار مۇنبەرگە چىقسا قىلىدىغان سۆزلىرى، ۋەز ـ نەسىھەتلىرى پەقەت كىشىلەرنى قورقۇتۇش، ھە دېسىلا مۇسۇلمانلارنى كاپىر قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇلار «ئارا بىلەن، جوزىدا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش، شىم ـ كەستۇم كىيىش، چاچ قويۇش ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەنلىك، كاپىر بولغانلىق» دەپ جار سالىدۇ. بەزىلەر كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا قانداق ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىشىنى ۋە ئۇنى قانداق ھەل قىلىشنى ئويلىماستىن، ئادەتتىكى ئىشلارنى ھارام قىلىپ، بەرگەن پەتىۋالىرى بىلەن تەقۋادار مۇسۇلمانلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماقتا. بۇ يەردە سەئۇدى ئەرەبىستاندا ھازىر بولۇۋاتقان بىر ئەھۋالنى ئېيتىپ ئۆتۈش بىلەن مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇشنى خالايمەن: سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق باش مۇپتىسى مەرھۇم ئابدۇللاھ ئىبنى باز باشلىق بىر نەچچە ئالىم «ئاياللارنىڭ ماشىنا ھەيدىشى ھارام» دەپ پەتىۋا بەرگەن. مانا بۇ پەتىۋا بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى بارلىق ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىدا چەت ئەللىك شوپۇر ئىشلىتىش قېچىپ

بولمايدىغان ئېھتىياج بولۇپ قالغان. ھەر قانچە تەقۋا ئائىلىدىمۇ ئايالنى ياكى قىزنى مەكتەپكە، ئىشقا ۋە باشقا ئېھتىياجى چۈشىدىغان ئورۇنلارغا يات شوپۇرلار ئاپىرىدىغان ئەھۋال ئادەتتىكى ئىشقا ئايلانغان. بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ھەر تۈرلۈك بۇزۇقچىلىقلارنى بۇ يەردە زىكىر قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن يېقىندا سەئۇدى ئەرەبىستان ئۆلىمالار ھەيئىتىدىكى داڭلىق ئالىملاردىن بىرى «ئايال كىشىنىڭ يات ئەر كىشى ھەيدىگەن ماشىنىدا يالغۇز ئولتۇرۇشى ھارام» دەپ پەتىۋا چىقاردى.

بۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن پەتىۋالار ئارىسىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ھەيرانلىقتا قالغان مۇسۇلمانلاردىن بىرى گېزىتكە «ھۆرمەتلىك شەيخ! بىزنى ھەيرانلىقتا قالدۇردىڭىز» دېگەن سەرلەۋھە ئاستىدا بىر ماقالە ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھۆرمەتلىك شەيخ! ئاياللارنىڭ ماشىنا ھەيدىشى ھارام بولسا، يات شوپۇرلار ھەيدىگەن ماشىنىغا ئولتۇرۇشى تېخى ھارام بولسا، بىزنىڭ قىزلىرىمىزنى مەكتەپكە، ئاياللىرىمىزنى ئىشقا ئاپىرىپ قويۇش ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئىشىغا بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى بىرلا ۋاقىتتا قىلىشىمىز مۇمكىن بولمىسا، بىز قانداق قىلىمىز؟ بىزنى ھەيرانلىقتا چۈشۈرۈپ قويدىڭىز.» مانا بۇ دىنىنى تەسلەشتۈرگەنلىك. بۇنداق پەتىۋالارنى چىقارغۇچىلار بۇ ھەرىكىتى بىلەن دىنغا خىزمەت قىلدىم، كىشىلەرنى ھەق يولغا چاقىردىم دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار كىشىلەرنى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرىدۇ، دىنغا ھەقسىزلىق قىلىدۇ. بەزىلەر كىشىلەرنى گۇناھ ـ مەسىيەتتىن توسىمەن دەپ، قۇرئان، ھەدىستە بولمىغان نەرسىلەر بىلەن خەلقنى

قورقۇتۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ھالبۇكى ئۇلار بۇ قىلمىشى بىلەن كىشىلەرنى دىندىن قاچۇرىدۇ.

يەنە بىر تۈرلۈك كىشىلەر بولسا، ئۆزىنى مەن مۇسۇلمان دەپ ئاتايدىغان، ئەمما ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمرى ـ پەرمانلىرىنى تۇتمايدىغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشمەيدىغان، تائەت ـ ئىبادەتلەرگە سەل قارايدىغان، ھالال ـ ھارامنى پەرق ئەتمەيدىغان، گۇناھ ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتمايدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار كۆنىمىزدە مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار نەپسى ـ شەيتانغا قۇل بولغان كىشىلەر بولۇپ، بېشىغا كۈن چۈشسە ۋاي خۇدايىم دەپ دادلىنىپ، ئاخۇنۇملارنى چاقىرتىپ خەتمە ئوقۇتىدۇ. ئەمما راھەت ـ پاراغەتلىك كۈنلىرىدە، بۇ نېمەتلەرنى ماڭا ئاللاھ تەئالا ئاتا قىلدى، ئاللاھ تەئالانىڭ پەزلى ـ كەرىمى بىلەن بۇ ئەھۋالغا ئېرىشتىم دەپ ئويلاپمۇ قويمايدۇ. بۇنداق ئىنسانلار ناچار قىلىقلىرى ۋە بۇزۇق ئەخلاقلىرى بىلەن غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا ئىسلامنى خورلايدۇ. چۈنكى باشقىلار ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ ئىسلامغا ھەر تۈرلۈك تاپا ـ تەنىلەرنى قىلىدۇ. غەربلىكلەردىن بىرى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىدە ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، دىنىي قېرىنداشلىرىم بولغان مۇسۇلمانلارنى كۆرۈپ كېلەي دەپ ئىسلام مەملىكەتلىرىدىن بىرىگە كەپتۇ. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن: «مۇسۇلمانلارنى كۆرۈشتىن ئىلگىرى مېنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغان ئاللاھقا شۈكۈر، چۈنكى مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى مۇسۇلمانلارنىڭ

بۇ ھالىنى كۆرگەن بولسام، ھەرگىز مۇسۇلمان بولمايدىكەنمەن» دېگەن ئىكەن.

يۇقىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلامدا خاتالاشقان كىشىلەردۇر. چۈنكى ئۇلار دىنىنى ئۆزلىرى خالىغان تەرەپكە بۇراپ، ساپ ھەقىقەت بولغان مۇقەددەس دىنىمىزنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ قويغان كىشىلەردۇر.

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

ئىسلام دىنى ھەر كىم خالىغانچە ھەر تەرەپكە تارتسا بولۇۋېرىدىغان، ئاساسى يوق بىر نەرسە ئەمەس. ئىسلام دىنى ئاللاھ كالامىدىن ئىبارەت مۇستەھكەم ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئۆزگەرمەس، كونىرىماس پرىنسىپلىرى بولغان ئۇلۇغ دىندۇر. بۇ دىندا ھەممە نەرسە ئوچۇق بايان قىلىنغان بولۇپ، بىرلىرىنىڭ بىر نەرسە قوشۇشىغا ياكى كېمەيتىشىگە ھاجەت يوقتۇر ۋە ھېچكىمنىڭ ئۇنداق قىلىش ھوقۇقىمۇ يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دىن ئالىملىرى كىشىلەرگە پەقەت ھەقىقەتنى كەم ـ زىيادە قىلماستىن ئېيتىشى، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ كۆڭلىگە قاراپ دىنىنى بۇرمىلىماسلىقى لازىم. كىشىلەرگە دىنىنى يەتكۈزۈشتە قوپال مۇئامىلە قىلماسلىق، قوپال سۆز قىلماسلىق، قارشى پىكىردىكىلەرنى تىللىماسلىق ۋە ئەيىبلىمەسلىك كېرەك. مۇسۇلمان ئالىملار خۇشپېئىل، چىقىشقاق، چىرايلىق، يۇمشاق ۋە تاتلىق سۆز قىلىدىغان، سەۋرلىك بولۇپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشى، كىشىلەرگە مەسىلە سۆزلىگەندە مۇمكىن قەدەر ئۇلارغا ئاسان بولىدىغان

ۋە كۆڭلىگە ياقىدىغان مەسىلىلەرنى ئېيتىپ بېرىشى، ئاللاھ تەئالانىڭ غەزىپىدىن سۆزلەشتىن بۇرۇن چەكسىز رەھمىتىدىن سۆزلىشى، كىشىلەرگە ئاخىرەتتىكى ئەجرى مۇكاپاتتىن ئىلگىرى ئىسلامنىڭ بۇ دۇنيادا كىشىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان بەخت ـ سائادەتنى، جەھەننەم ئازابىدىن ئىلگىرى جەننەت نېمەتلىرىنى، گۇناھلاردىن ئىلگىرى ساۋابلىق ئىشلارنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «خۇشخەۋەر بېرىڭلار، قاچۇرۇۋەتمەڭلار» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى مانا مۇشۇ.

بەزى كىشىلەر تاقىتىدىن تاشقىرى نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلىمەن دەپ ئۆزىنى قىينايدۇ. بۇنداق قىلىشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ئۇستىۈڭدە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەققى بار، بەدىنىڭنىڭ ھەققى بار، ئائىلەڭنىڭ ھەققى بار، پۈتۈن ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغىن» دېگەن. يەنە بىر ھەدىستە «ئاللاھ ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئەمەل ئاز بولسىمۇ داۋاملىق قىلىنغان ئەمەلدۇر» دېگەن. ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ يولىدا تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار، ئاللاھ (دىنىغا ياردەم بېرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن) سىلەرنى تاللىدى. سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى). بۇ ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر، ئاللاھ سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى. قۇرئاندىمۇ شۇنداق ئاتىدى. ئاللاھ پەيغەمبەرنى سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا ۋە سىلەرنى

كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا تاللىدى، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، ئاللاھقا يېپىشىڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ئىگە! نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار.» [سۈرە ھەج 78 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالادىن دىلى يۇمشاق، تىلى تاتلىق دەۋەتچىلەر بولۇشنى تىلەيمىز. ئاللاھ تەئالا دىلى قاتتىق، تىلى ئاچچىق قوپال ئىنسانلاردىن قىلمىسۇن. ئامىين!

## 62 ـ ھەدىس  ئەڭ ياخشى ئادەم توغرىسىدا

عن أبي سعيد الخُدْري رضي الله عنه قال: قال رجل: «أَيُّ النَّاسِ أَفْضَلُ يَا رَسُولَ اللهِ!» قال: «مُؤْمِنٌ يُجَاهِدُ بِنَفْسِهِ وَمَالِهِ فِي سَبِيلِ اللهِ» قال: «ثُمَّ مَنْ؟» قال: «رَجُلٌ مُعْتَزِلٌ فِي شِعْبٍ مِنَ الشِّعَابِ يَعْبُدُ رَبَّهُ وَيَدَعُ النَّاسَ مِنْ شَرِّهِ» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم: «يا رەسۇلۇللاھ! ئەڭ ياخشى ئادەم كىم؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹جېنى ۋە مېلى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ئادەم› دېدى. ئۇ: ‹ئۇنىدىن قالسىچۇ؟› دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ‹بىر تاغنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغان ۋە كىشىلەرگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىگەن ھالدا ياشايدىغان ئادەم› دېگەن.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 4843]

ئىزاھات: ئىماندىن قالسا ئاللاھ تەئالاغا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان ئەمەل ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىنغان نامازدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا جېنى، مېلى، ئىلمى، پىكرى ۋە تىلى ئارقىلىق ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر. جىھاد تىل، قەلەم ۋە قورال بىلەن قىلىنىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئىسلامنى جىھاد ئارقىلىق ئەزىز قىلىدۇ، دوستلىرىغا غەلىبە ئاتا قىلىدۇ ۋە كاپىرلارنى

ھالاك قىلىدۇ. مۇجاھىدلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى مۇكاپاتى ئەزىز ۋە شەرەپلىك بولۇش، دىنىنى، جېنىنى، ئائىلىسىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى، مال ـ مۈلكىنى، تىلىنى، مىللىتىنى ۋە ۋەتىنىنى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن ھىمايە قىلىشتۇر. قايسى بىر مىللەت جىھاد قىلىشنى تەرك ئېتىدىكەن خارلىققا قالىدۇ. مۇجاھىدلارنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتى بولسا جەننەتتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ. (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر. ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟! قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر.» [سۈرە تەۋبە111 ـ ئايەت]

بۈگۈن جەننەت قىلىچنىڭ ئاستىدا بولغان بولسا، ھازىر باشقۇرۇلىدىغان بومبا، يىراق مۇساپىلىك ۋە قىسقا مۇساپىلىك راكېتالار، تانكىلار ۋە ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ئاستىدا بولۇپ قالدى. قانداقلا بولمىسۇن ئۆلۈم بىردۇر، بۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك ھايات يوق.

شائىر مۇنداق دەيدۇ:

و مَنْ لم يَمُتْ بِالسَّيْفِ مات بغيره * تَعَدَّدَتِ الأسبابُ و الموتُ و احدُ

تەرجىمىسى: قىلىچ بىلەن ئۆلمىگەن كىشى باشقا نەرسە بىلەن ئۆلىدۇ. سەۋەب ھەر تۈرلۈك بولسىمۇ ئۆلۈم بىردۇر.

ئەجدادىمىز جىھاد بىلەن دۇنيانى سورىغان، مەڭگۈ ئۆچمەس مەدەنىيەتلەر قۇرغان، دۇنيادا مۇستەقىل دۆلەتلەر، خەلىپىلىكلەر بەرپا قىلغان. چۈنكى ئۇلار شەرەپ بىلەن ئۆلۈشنى خورلۇقتا ياشاشتىن ئەۋزەل بىلگەن، ئاللاھنىڭ دىنىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۇنى ئەزىز قىلىش ئۈچۈن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشنى ۋە ئۆلتۈرۈلۈشنى شەرەپ دەپ بىلگەن. ئۇلار جىھاد بىلەن ئادالەتنى تىكلەپ، مۇستەبىت زالىملارنى يوقاتقان، ئىنسانلارغا ھەقىقىي ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىتقان ئىدى.

ئەگەر مۇسۇلمانلار دۇنيادا ئىززەتلىك بولۇپ بەخت ـ سائادەتلىك ھايات كەچۈرمەكچى بولسا، ئەۋلادلىرىنى باتۇر، قەھرىمان ۋە ئەسكىرى روھ بىلەن تەربىيىلىشى، ئۇلارنىڭ قەلبىگە دىن، ۋەتەن مۇھەببىتىنى سىڭدۈرۈشى، دىنى، ۋەتىنى ئۈچۈن جېنىنى، مېلىنى ۋە بارلىق كۈچىنى پىدا قىلىپ قۇربان بولۇشنى ئۆگىتىشى كېرەك. بايلار ماللىرىنى ئاللاھ تەئالا يولىدا سەرپ قىلىشى، كەمبەغەل بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ بېخىللىق قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى قورقۇنچاقلىق ۋە بېخىللىق ئۆز ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىغانلىقتۇر. ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆز قولۇڭلار بىلەن ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار...» [سۈرە بەقەرە 195 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

قاچانكى مۇسۇلمانلار جىھادنى تاشلاپ دۇنياپەرەس بولۇپ كەتتى، ئۇلارنىڭ بېشىغا ياتلارنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا ئاياغ ئاستى

قىلىنىش، بارلىق ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىشتىن ئىبارەت تۆگىمەس بالايىئاپەت يۈزلەندى. ئىسلام تارىخىدا مۇسۇلمانلار ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ۋە ئۇرۇشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، ئەمما ھېچبىر زامان بۈگۈنكىدەك خورلانغان ۋە ھوقۇقلىرى دەپسەندە قىلىنغان ئەمەس. بۇ دۇنيادا ئاجىز، كۈچسىزلەرگە ھايات يوق. ئەگەر ئىنسانچە ياشايمەن دەيدىكەنمىز ھەر جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشىمىز لازىم. بۇ بولۇتسىز ئاسماندىكى قۇياشتەك ئوچۇق بىر ھەقىقەت. شۇڭا ئاللاھ تەئالا مۇسۇلمانلارنى كۈچ توپلاشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «دۈشمەنلىرىڭلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار...»[1] لېكىن بىز ئاللاھ تەئالانىڭ بۇ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلدۇق، دىنىمىزنى قوغداشنىڭ ئورنىغا بايلىقىمىزنى قوغداپ قالماقچى بولدۇق، ھۆرىيەت ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن شەرەپلىك ئۆلۈمدىن قورقۇپ، قۇللۇق ئاستىدا خورلىنىپ ياشاشنى ئەۋزەل كۆردۇق، نەتىجىدە ئاللاھ تەئالا خۇددى تۆۋەندىكى ئايەتتە ئېيتقان پالاكەت بېشىمىزغا كېلىپ، ۋەتىنىمىز، مال ـ مۈلكىمىز ۋە كىشىلىك ھوقۇقلىرىمىزدىن مەھرۇم بولدۇق. «ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئاناڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، كاسات بولۇپ قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا، ئۇ ھالدا سىلەر

[1] سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگراسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ.» [سۈرە تەۋبە 24 ـ ئايەت]

يېقىن تارىخىمىزغا ۋە ھازىرقى ھالىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزدا يامبۇلىرىنى تىزسا قەشقەردىن يېڭىسارغىچە كېلىدىغان، ئون چارەك گۈرۈچنىڭ ئېشىنى پۇل قالاپ پۇشۇرۇشقا بەسلىشىدىغان داڭلىق بايلار بولۇپ تۇرۇقلۇق 1933 ـ يىلىدىكى جىھادقا پۇل ـ مېلىنى چىقىم قىلغىلى ئۇنىمىغان ئىكەن. كېيىن ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولدى؟ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىندى، ئاندىن ئۆزلىرى ئۆلتۈرۈلدى، بالا ـ چاقىلىرى بولسا، پومېشچىكنىڭ بالىسى دەپ يىللارچە خار ـ زار قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىشقا چىدىمىغان ماللىرى يا ئۆزلىرىگە ياكى بالىلىرىغا ئەسقاتماقتا يوق، باشلىرىغا كۆتۈرگۈسىز بالايىئاپەت بولدى.

تارىخ تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان نەرسە. تارىختىن ئىبرەت ئالمىغان مىللەت نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ دۇنيادا كاپىرلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا خورلانغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشمىغان مۇسۇلماننىڭ ئاخىرەتتە ھەم نىجاتلىق تېپىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى جىھاد ئاللاھنىڭ ئەمرى. ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تەرك ئەتكەن كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خارلىققا قالىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن تار (خاتىرجەمسىز) بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز

كور قوپۇرىمىز. ئۇ: ‹ئى پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ، ۋەھالەنكى (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟› دەيدۇ. ئاللاھ ئېيتىدۇ: ‹شۇنىڭدەك، ساڭا روشەن ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن›.»
[سۈرە تاھا 124 ـ 126 ـ ئايەتلەر]

ئەڭ ئەۋزەل جىھاد زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھەقىقەتنى سۆزلەشتۇر. ئۆلىمالارنىڭ ئەمەلدارلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ خاتالىقلارغا سۈكۈت قىلىشى بۈرۈنقى ئۇممەتلەرنى ھالاك قىلغان ئىشلاردىندۇر. شۇڭلاشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالار ئەمرى مەرۇپ ـ نەھيى مۇنكەرنى قولدىن بەرمەسلىكى، سادىق سۆزلىرى ۋە ياخشى ئەمەللىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان ھەق يولغا باشلىشى، ھېكمەتلىك سۆزلىرى بىلەن كىشىلەرنى ياخشىلىققا رىغبەتلەندۈرۈشى، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىقنى بۇزىدىغان ھەر قانداق بىر ئەھۋال كۆرۈلسە دەرھال تۈزىتىشى، كىشىلەرگە بۆلۈنۈشنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشەندۈرۈشى لازىم.

ئەگەر كىشىلەر دىندىن يۈز ئۆرۈسە، دۇنياغا يۈزلەنسە، ئىمانى ئاجىزلاشقان، ۋەز ـ نەسىھەت پايدا بەرمەيدىغان بولۇپ، «بىزگە نەسىھەت قىلىساڭمۇ ـ قىلمىساڭمۇ بەرىبىر ئوخشاش، بىز ساڭا قۇلاق سالمايمىز» دەيدىغان ھالغا كەلسە، ئۇ چاغدا دىندار مۇسۇلمان بىر

تەرەپكە چېكىنىپ، ئاللاھ تەئالاغا ئىبادەت قىلىپ، كىشىلەرنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىدىن يىراق تۇرۇشى لازىم.

ئاخىر زاماندا ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، جاھالەت ئومۇملىشىدۇ، كىشىلەر جاھىل ـ بىلىمسىزلەرنى ئۆزلىرىگە باشلىق سايلايدۇ، ناماز تەرك ئېتىلىدۇ، زاكات مەنئى قىلىنىدۇ، ئامانەت يوقىلىدۇ، ھاراق ئىچىش، پاھىشە ئومۇملىشىدۇ. ئۇنداق چاغدا دىنىنى چىڭ تۇتقان كىشى خۇددى يالقۇنلاپ تۇرغان چوغنى تۇتقاندەك بولىدۇ. مۇشۇنداق زاماندا ياشىغان ھەقىقىي مۇسۇلمان ئاللاھ تەئالا يولىدا قولى، تىلى بىلەن جىھاد قىلىشتىن ئاجىز كەلسە، كىشىلەردىن يىراقلىشىپ ئاللاھ تەئالاغا ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولسا بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ.» [سۈرە مائىدە 105 ـ ئايەت]

ئى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھەق يولدىن ئايرىمىغىن، دۇنيانىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىغا ئالدىنىپ دىنىمىزنى تەرك ئېتىشتىن بىزنى ساقلىغىن. بىزنى ئەڭ ئۇلۇغ غايىسى شېھىدلىك بولغان مۆمىنلەردىن قىلغىن. ئامىن!

## 63 ـ ھەدىس ساھابىلەرنىڭ تارتقان قىيىنچىلىقى توغرىسىدا

عن سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقَّاصٍ رضي الله عنه، يَقُولُ: «وَاللّٰهِ إِنِّي لأَوَّلُ رَجُلٍ مِنَ الْعَرَبِ رَمَىٰ بِسَهْمٍ فِي سَبِيلِ اللّٰهِ. وَلَقَدْ كُنَّا نَغْزُو مَعَ رَسُولِ اللّٰهِ، مَا لَنَا طَعَامٌ نَأْكُلُهُ إِلاَّ وَرَقُ الْحُبْلَةِ، وَهٰذَا السَّمُرُ. حَتَّىٰ إِنَّ أَحَدَنَا لَيَضَعُ كَمَا تَضَعُ الشَّاةُ.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە ئاللاھ يولىدا بىرىنچى قېتىم ئوق ئاتقان ئادەممەن، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە غازات قىلاتتۇق، يېمەك ئۈچۈن ھۇبلە ۋە سومۇر دەرىخىنىڭ غازىڭىدىن باشقا تائام يوق ئىدى. ھەتتاكى بىزدىن بىرى تاھارەت سۇندۇرسا، خۇددى قوي مايامقىلىغاندەك تاھارەت سۇندۇراتتى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 7382]

ئىزاھات: بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ھەزرىتى سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئانا تەرەپتىن تاغىسى، دەسلەپ مۇسۇلمان بولغان 40 كىشىنىڭ بىرى، جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بېرىلگەن 10 كىشىنىڭ بىرى، ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېيىن خەلىپە سايلاشقا تەيىنلەنگەن ئالتە مەسلىھەتچىنىڭ بىرى. ئۇ شىجائەتلىك، قەيسەر

قومانــدان، پارىســنى فەتھــى قىلغــان، كــۆپ شــەھەرنىڭ لايىھىســىنى سىزغان، ئاللاھ تەئالا يولىدا بىرىنچى قېتىم ئـوق ئاتقـان، بىرىنچـى قېتىم كاپىرلارنى ئۆلتۈرگەن زات. ئۇ تەن قۇرۇلۇشـى كىچىـك، ئۆتكـۈر كۆزلـۈك ساھابىدۇر. ئۇھـۇد ئۇرۇشـىدا مىڭغـا يـېقىن ئـوق ئاتقـان. رەسـۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «ئوقـۇڭنى ئـات! ئاتـا ـ ئانـام ساڭا پىـدا بولسـۇن» دېـگەن. ئـۇ ھەر بىـر ئـوقنى ئاتقانـدا: «ئـى رەببىـم! بـۇ سىنىڭ ئوقۇڭ، ئـۇنى دۈشـمەنگە ئـۆزۈڭ تەگكۈزگەيسـەن» دەپ ئاتـاتتى. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم: «ئـى رەببىـم! ئۇنىـڭ ئاتقـان ئـوقنى زايە قىلمىغــن، ئۇنىـڭ دۇئاسـىنى ئىجابەت قىلغــن» دەيتتــى. جانـابى رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ بـۇ دۇئاسـىدىن كېيىن، ھەزرىتى سەئد ئاللاھ تەئالادىن نېمە تىلىسە بېرەتتى.

ھەزرىتى سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ بـۇ ھەدىسـتە بىــزگە ســاھابە كىراملارنىــڭ ھاياتىنىــڭ قانــداق تــار ۋە قىــيىن بولغــانلىقىنى، قوللىرىنىــڭ قانــداق قىســقا بولغــانلىقىنى، ئــۇرۇش قىلىۋاتقان ۋاقىتتا چۆل دەرەخلىرىنىـڭ يوپۇرماقلىرىـدىن باشـقا يەيـدىغان تائـام تاپالمىغــانلىقىنى بايــان قىلىــدۇ. ئۇلارنىــڭ مــاددىي ھايــاتى تەسۋىرلەشكە سۆز تېپىپ بولۇش مۇمكىن بولمايـدىغان دەرىجىـدە ناچـار، ئاچارچىلىق ئىچىدە تۇرۇقلۇق دۈشـمەنگە قارشـى كىچىـك بولـۇپ، ئـۇلار بىــلەن ئۇرۇشــقىلى كەلگەنــلەرگە يەرنــى چىشــلىتەتتى. چــۈنكى ئــۇلار ماددىي ھاياتتا كەمبەغەل، نامرات، يوقسۇل، ناچـار ئىـدى. لېكىن ئىمـانى كىچىــك بولــۇپ چىــن قەلبىــدىن ئــورۇن ئالغــان، ئــاللاھ تەئالانىــڭ رازىلىقىغـا ئېرىشىشـتىن باشـقا ئارزۇسـى يـوق، ئـاللاھ تەئالانىـڭ ئـاللاھ

يولىدا ئۇرۇشقان مۆمىنلەرگە قىلغان ۋەدىسىگە چىن ئىشەنگەن بولۇپ، باشقىلار بىر كۈن بولسىمۇ كۆپرەك ياشىشىنى ئارزۇ قىلغاندا، ئۇلار بۇرۇنراق ئۆلۈپ، ئاللاھ تەئالاغا تېزرەك ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئۇلار بەزى غازاتلىرىدا يەيدىغان ئوزۇقلىرى تۈگەپ 15 كۈنگىچە دېڭىزنىڭ دولقۇنىدا قىرغاققا چىقىپ قالغان بېلىقلار بىلەن، بەزىدە ھەپتىلەپ پەقەت چېكەتكە يەپ ياشىغان ئىدى. ھالبۇكى ئۇلار ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ۋە كۈچلۈك دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشاتتى. كۈچلۈك ئىرادىسى، سادىق، چىن ئىمانى ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى بارلىق قىيىنچىلىقلار ۋە ئاچلىقلارنى يېڭىپ كېتەتتى. چۈنكى ئۇلار قورسىقىنى، شەھۋانىي تۇيغۇلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تەئالانىڭ مۇقەددەس دىنىنى مۇداپىئە قىلىش ۋە ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇلۇغ شانىنى يەر شارىنىڭ ھەر تەرىپىدە يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلاتتى. شۇڭلاشقا بۇلارنىڭ ئالدىنى ھېچقانداق قىيىنچىلىق توسالمايتتى ۋە بۇلارنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق كۈچلۈك بىر دۈشمەن پۇت تىرەپ تۇرالمايتتى.

شانلىق تارىخ ياراتقان ۋە ئىش ئىزلىرى تارىخ سەھىپىلىرىگە ئالتۇن ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان بۇ ئەزىمەتلەرنىڭ يەيدىغىنى قۇرۇق نان، بەزىدە خورما بىلەن سۇ ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيىدە ئايلاپ ئوت كۆيمەيتتى، قازان قاينىمايتتى. پەقەت خورما ۋە سۇ بىلەن ھايات ئۆتكۈزەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنسارلىرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ

ساھابىلىرى ھەممىسى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلاتتى، كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئىپپىتىدىن، ئىچكى ھالىنى بىلمىگەنلەر ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلاتتى. ئەمما ھەقىقەتتە ئاچلىقتىن ئۇلارنىڭ قورساقلىرى دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالغان، قىشنىڭ سوغۇقى، يازنىڭ ئىسسىقى ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنى قۇرۇتۇۋەتكەن ئىدى. سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دېگىنىدەك ئۇلاردىن چىققان گەندە قوينىڭ قۇرۇپ قالغان مايىقىغا ئوخشايتتى. چۈنكى چىققان نەرسە، كىرگەن نەرسىنىڭ مىقدارىدا بولىدۇ ـ دە. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ قىلىچى ئۆتكۈر، نەيزىلىرى كەسكىن بولۇپ، كاپىرلارنىڭ گەدەن ۋە كۆكسىلىرىگە قاتتىق تېگەتتى. ئۇلار ئاجىزلىق، قورقۇش، ھۇرۇنلۇق، چۈشكۈنلۈك دېگەن نەرسىلەرنى بىلمەيتتى.

ئەمما مال ـ دۇنياغا بېرىلگەنلەر، قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ سەمرىگەنلەر، «ئەتىدىكى دۈمبىدىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى» دەپ، ئاخىرەتنىڭ ئورنىغا دۇنيا ھاياتىنى تاللىغانلارنىڭ ھاجىتى تۈگىمىدى، كۆزى تويمىدى، باللىرىنىڭ كۆپ، ئىقتىسادىنىڭ ئازلىقىدىن شىكايەتلىرى كېمەيمىدى. دۇنيا كۆپەيگەنسېرى، ئىنسانلار باي بولغانسېرى غەپلەت باستى. ئاللاھ تەئالانى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېلىپ كەلگەن دىنىنى ئۇنتۇدى. خەلىپىلىك پادىشاھلىققا، زاكات باجغا، ئامانەت غەنىيمەتكە ئايلىنىپ كەتتى، ھەقلەر زايە بولدى، ناھەقچىلىك ئەۋج ئالدى. مۇسۇلمانلار ھاراق ئىچىشكە، يىپەك ۋە ئالتۇن كىيىشكە باشلىدى، ئويۇن تاماشىلارغا ئالدىراپ تائەت ـ ئىبادەتنى ئۇنتۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بېشىغا

بالا كەلدى، قالايمىقانچىلىق ئومۇملاشتى، ئىتتىپاق بۇزۇلدى. باشلىقلار مەنسىپىنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن قورقىدىغان، پۇقرالار ئەقىدىسى يولىدا قۇربان بېرىشتىن قورقىدىغان، بايلار مال ـ دۇنياسىنىڭ ئازلاپ قېلىشىدىن قورقىدىغان بولدى. «قورققان يەردە جىن بار» دېگەندەك، قورققانسېرى، ھەق ـ ھوقۇقلىرىدىن ئۆتۈنۈپ بەرگەنسېرى كاپىرلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئېزىلىدىغان بولدى.

ئاللاھ تەئالا بىزگە زۇلۇم قىلمىدى، بىز ئۆزىمىز ـ ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلدۇق. ئاللاھ تەئالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن قورقماي، زالىملارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن قورقتۇق. دىنىمىزنى قوغداش، تارتىپ ئېلىنغان ھەقلىرىمىزنى تەلەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا سىڭگەن ناننى يەپ، بىر بۇلۇڭدا جان بېقىشنى ئەۋزەل كۆردۇق. مانا ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ بىر كىشىلىك جېنىنىمۇ باقالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق.

ئى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ قەلبىمىزنى ئىسلاھ قىلغىن. شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ۋە نەپسىمىزنىڭ تويماس ئارزۇلىرىدىن ساقلاپ، ھەق يول بىلەن مېڭىپ سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىشنى نېسىپ قىلغىن. ئامىن!

## 64 ـ ھەدىس ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا

عن أبي هريرة رضي الله عنه قال، قال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «ثَلاَثَةٌ لاَ يُكَلِّمُهُمُ اللهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ ولاَ يَنْظُرُ إِلَيْهِمْ ولاَ يُزَكِّيهِمْ ولَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ: رَجُلٌ عَلَى فَضْلِ مَاءٍ بِالْفَلاَةِ يَمْنَعُهُ مِنِ ابْنِ السَّبِيلِ، ورَجُلٌ بَايَعَ رَجُلاً بِسِلْعَةٍ بَعْدَ الْعَصْرِ فَحَلَفَ بِاللهِ لأَخَذَهَا بِكَذَا وَكَذَا فَصَدَّقَهُ وَهُوَ عَلَى غَيْرِ ذَلِكَ، ورَجُلٌ بَايَعَ إِمَامًا لا يُبَايِعُهُ إِلاَّ لِدُنْيَا، فَإِنْ أَعْطَاهُ مِنْهَا وَفَّى، وإِنْ لَمْ يُعْطِهِ مِنْهَا لَمْ يَفِ.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: « ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۈچ تۈرلۈك ئادەمگە سۆزلىمەيدۇ، ئۇلارغا قارىمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ ۋە ئۇلارغا قاتتىق ئازاب باردۇر. بىرىنچىسى ــ يول ئۈستىدە ئېشىپ قالغان سۈيى تۇرۇپمۇ ئۇنى مۇساپىرغا بەرمىگەن ئادەم؛ ئىككىنچىسى ــ ناماز ئەسىرىدىن كېيىن ماللىرىنى بازارغا سېلىپ «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇ مالنى مۇنچە پۇلغا ئالغان» دەپ، يالغان قەسەم بىلەن ساتقان ئادەم. ئۈچىنچىسى ــ باشلىققا دۇنيا ئۈچۈن بەيئەت قىلىپ، باشلىق ئۇنىڭغا بىر نەرسە بەرسە ئەھدىگە ۋاپا قىلىدىغان، بەرمىسە سۆزىدىن

يېيىشۋالىدىغان ئادەمدۇر.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 257]

ئىزاھات: بۇ ھەدىستە سۆزلەنگەن ئازاب ئاللاھ تەئالانىڭ ئازابلىرى ئىچىدە ئەڭ قاتتىق ئازاب بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تەئالا ئۇلارغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ. ئۇلارغا سۆز قىلمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. پەقەت مۇنۇ سۆزى بىلەن ئۇلارغا كايىدۇ:

«سىلەرگە ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىپ، ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدىغان ئادەم ۋەز ـ نەسىھەت ئالالىغۇدەك ۋاقىت بەرمىدىمۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر) كەلدىغۇ، ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى بولمايدۇ.»[1] بۇ نېمىدېگەن قاتتىق، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئازاب! بۇ ئازاب ئۇلار ئۈچۈن ھەرگىز زۇلۇم ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ تەئالا ھېچكىمگە قىلچىلىك زۇلۇم قىلمايدۇ؛ ھېچكىمنى يامان قىلمىشلىرىدىن ئارتۇق جازالىمايدۇ. ئاللاھ تەئالا بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈن ھەر ئادەمگە قىلغان ئەمىلىگە يارىشا جازا بېرىلىدۇ، بۈگۈن زۇلۇم يوقتۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.»[2] «بۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) بەندىلەرنىڭ (ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىنىڭ) ئۆلچىنىدىغانلىقى ھەقتۇر. ياخشى ئەمەللىرى ئېغىر چىققانلار نىجات تاپقۇچىلاردۇر. ياخشى ئەمەللىرى

---

[1]سۈرە فاتىر 37 – ئايەت.

[2]سۈرە غافىر 17 ـ ئايەت.

يېنىــك چىققــانلار بىزنىـــڭ ئـــايەتلىرىمىزنى ئىنكـــار قىلغـــانلىقلىرى تۈپەيلىــدىن ئــۆزلىرىگە زىيــان ســالغۇچىلاردۇر.» [ســۈرە ئەئــراف 8 ـ 9 ـ ئايەتلەر]

بــۇ ھەدىســتە ئاشــۇنداق قــاتتىق ئــازاب بىــلەن تەھــدىت قىلىنغــان كىشـــىلەر بولســـا بېخىـــل، ســـاختىپەز ۋە دىنىنغـــا ۋاپـــا قىلمايـــدىغان كىشىلەردۇر.

بېخىللىق ئەڭ نىجىس ئادەت بولۇپ، بېخىـل ئـادەم ئـاللاھ تەئالانىـڭ رەھمىتىدىن، جەننەتـتىن يىـراق ۋە دوزاخقـا يـېقىن بولـدۇ. ئـاللاھ تەئـالا بېخىل ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئــاللاھ مــۇتەكەببىرلەر ۋە ئــۆزلىرىنى چــوڭ تۇتقــۇچىلارنى دوســت تۇتمايدۇ. ئـۇلار بېخىللىـق قىلىـدىغان ۋە كىشـىلەرنى بېخىللىـق قىلىشـقا بۇيرۇيــدىغانلاردۇر. كىمكــى ئاللاھنىــڭ يولىــدا نەپــقە قىلىشــتىن بــاش تارتىـدىكەن، ئاللاھقـا ھـېچ زىيـان يەتكۈزۈلمەيـدۇ. چـۈنكى ئـاللاھ تەئـالا بىھــاجەتتۇر، مەدھىــيىگە لايىقتــۇر.»[1] «بېخىللىــق قىلىــپ (ئاللاھنىــڭ ســاۋابىدىن) ئــۆزىنى بىھــاجەت ھېســابلىغان، كەلىــمە تەۋھىــدنى ئىنكــار قىلغــان ئــادەمگە كەلســەك، بىــز ئۇنىڭغــا يامــان يــولنى مۇيەسســەر قىلىــپ بېرىمىــز. ئــۇ دوزاخقــا تاشــلانغان چاغــدا، ئۇنىــڭ مېلــى ھــېچ نەرســىگە ئەسقاتمايدۇ.»[2] «ســىلەر شــۇنداق كىشــىلەر ســىلەركى، ئاللاھنىــڭ يولىــدا پــۇل ـ مــال ســەرپ قىلىشــقا چاقىرىلىســىلەر، ئــاراڭلاردا بەزىــلەر بېخىللىــق

[1]سۈرە ھەدىد 24 – ئايەت.

[2]سۈرە لەيل 8 – 11 – ئايەتلەر.

قىلىدۇ. كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ مال ـ مۈلكۈڭلاردىن بىھاجەتتۇر، سىلەر بولساڭلار ئاللاھقا موھتاجسىلەر، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ.» [سۈرە مۇھەممەد 38 ـ ئايەت]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «بېخىللىق قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، سىلەردىن بۇرۇنقى ئۈممەتلەر بېخىللىق بىلەن ھالاك بولغان. چۈنكى ئۇلار بېخىللىق قىلىشقا چاقىرىلسا بېخىللىق قىلاتتى؛ سىلە ـ رەھىم قىلماسلىققا چاقىرىلسا سىلە ـ رەھىم قىلمايتتى؛ گۇناھ ـ مەسىيەتلەرگە چاقىرىلسا گۇناھلارغا چۆمۈپ كېتەتتى.» بېخىللارنىڭ ئەڭ يامىنى، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەسكىسى سۇسىز چۆلدە ئۆز ئېھتىياجىدىن ئاشقۇدەك سۈيى بولۇپ تۇرۇقلۇق، سۇغا موھتاج بولغان مۇساپىرغا سۇ بەرمىگەن ئادەمدۇر. چۆلدىكى ئادەم بەلكى سۈيىنىڭ تۈگەپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىشى مۇمكىن. شۇنداق تۇرۇقلۇق موھتاجغا سۇ بەرمىگەنلىكىگە شۇنچە ئېغىر ئازابقا دۇچار بولىدىغان تۇرسا، شەھەر كەنتلەردە كۆل، قۇدۇق ۋە ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيىنى توسۇۋېلىپ، موھتاجلارغا بەرمىگەن زالىملار قانداق ئازابقا گىرىپتار بولار؟!

ھەدىستە تەھدىت قىلىنغان ئۈچ كىشىنىڭ ئىككىنچىسى ساختىپەز سودىگەردۇر. ئۇ كىشىلەرنى ئالداپ «مەن بۇ مالنى مۇنچە پۇلغا ئالغان»

ياكى «سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بۇ مالنى مۇنچە پۇلغا بەرمىگەن ئىدىم» دەپ، يالغـان قەسـەم قىلىـپ سـاتىدىغان سـودىگەرلەردۇر. بـۇلار خېرىـدارنى ئالدايدىغان ساختىپەز، ئالدامچى، يالغانچىلاردۇر. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ئـۇلار ھەققـدە: «بىزنـى ئالـدىغانلار بىـزدىن ئەمەس» دېگەن. ھىيلىگەرلىـك قىلىشـمۇ مۇشـۇ ھەدىسـنىڭ ھۆكـۈمىگە كىرىـدۇ. بۇنــداق يالغــان قەســەم بىــلەن كىشــىلەرنى ئالــدىغانلار ھەقىقەتــتە ئـاخىرەتنى دۇنيـالىقى ئۈچـۈن سـاتقانلاردۇر. كىشـىلەرنى ئالـداپ تاپقـان پۇل ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ ئەسقاتمايدۇ. شۇڭلاشقا ناچـار مـالنى ياخشـى كۆرستىپ كۆز بويامچىلىق قىلىدىغانلار، بەزى ساددا، باھـا تالىششـنى بىلمەيـدىغان كىشـىلەرنى ئالـداپ، مـالنى ئـۆز باھاسـىدىن قىمـمەت سـاتىدىغانلار، مالنىـڭ ئەيىبىنـى يوشـۇرۇپ سـېتىپ، كېـيىن يانـدۇرۇپ بەرگىلـى ئۇنىمايـدىغانلار ئـاللاھ تەئالانىـڭ ئازابىـدىن قورقـۇڭلار. شـۇنى ئوبـدان بىلىڭلاركـى، بـۇ قىلمىشـىڭلارنىڭ جازاسـىنى مۇشـۇ دۇنيـادىلا كۆرىسىلەر، سىلەر كۆرمىسەڭلار بـالا ـ چاقـاڭلار كۆرىـدۇ. چۈنكى نـى ـ نــى بايلارنىــڭ بــالا ـ چاقىلىرىنىــڭ نــامراتلىقتىن خــار ـ زار بولــۇپ، تىلەمچىلىك قىلىپ ھايات كەچۈرگىنىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق.

ئۆلىمالار رەسۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ بـۇ ھەدىسـتە يالغـان قەسـەمنى ئەسـرىدىن كېيىن دەپ قەيـت قىلىشـىنىڭ سـەۋەبىنى مۇنـداق ئىزاھلايـدۇ: يالغـان قەسـەم قىلىـش مەيلـى ئەسـرىدىن كېـيىن مەيلى ئىلگىرى ھارامدۇر. ئەسرىدىن كېيىن قىلغـان يالغـان قەسـەمنىڭ ئـازابى نەچـچە ھەسسـە ئـارتۇق بولىـدۇ. چـۈنكى ئـۇ چاغـدا كۈنـدۈزدە چۈشـىدىغان پەرىشـتىلەر بىــلەن كېچىــدە چۈشـىدىغان پەرىشـتىلەر

ئۇچرىشىدىغان، ئىنسانلار ئىشتىن يېنىپ ئۆيلىرىگە قايتىدىغان ۋاقىت بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۆيلىرىگە ئالدىراپ باھا تالىشىپ ئولتۇرمايلا ئۇچرىغاننى ئېلىپ ماڭىدۇ. مۇشۇ ئەھۋالنى غەنىيمەت بىلگەن ساختىپەز ئەتىگە قالسا بۇزۇلۇپ قالىدىغان ئەيىبلىك، ناچار ماللارنى ھەر تۈرلۈك يالغان سۆزلەر بىلەن كىشىلەرنى ئالداپ ساتىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ چاغدىكى يالغان قەسەمنىڭ ئازابى ئەنە شۇنداق قاتتىق بولىدۇ.

بۇ ھەدىستە سودىگەرلەر تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇ پۈتۈن ئالدامچى ساختىپەزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئالدامچىلىقنىڭ يولى، تۈرى ۋە ئۇسۇلى خىلمۇ خىل بولىدۇ. ھەر قانداق بىر كىشى يالغان قەسەم قىلىش ئارقىلىق باشلىقلارنى سۆزىگە ئىشەندۈرۈپ ئالدايدىكەن مۇشۇ ھەدىستە سۆزلەنگەن ئازابقا دۇچار بولىدۇ. لېكىن ئالدامچىلىق سودا ـ تىجارەتتە كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ يەردە سودىگەرلەرنى تىلغا ئالغان. كۈنىمىزدە بۇ ئەھۋال شۇنچىلىك ئېغىرلىشىپ كەتتىكى، راستچىل كىشى بىلەن يالغانچىنى، ئىشەنچلىك كىشى بىلەن خائىننى، سەمىيمى كىشى بىلەن قەسەمخور ئالدامچىنى ئايرىغىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچى كىشى سۆزىدە تۇرمايدىغان ۋاپاسىز ئادەم. ئۇ سۆزى چىرايلىق، كۆرۈنۈشى مۆلايىم، مۇئامىلىسى سىلىق، لېكىن دىلى زەھەر، كۆڭلى قارا، نىيىتى يامان ئادەم بولۇپ، كىشىلەردىن بىر نەرسە ئالىدىغان چاغدا ئېغىزىدىن بال ئېقىتىدۇ. ئازراق پايدا تېگىشىگە كۆزى

يەتسە يىلاندەك تولغىنىپ قىلمىغىنى قالمايدۇ. ساختا سۆزلىرى بىلەن خۇشامەت قىلىپ، گويا سەن ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما پايدا كۆرمىگەن، سەندىن مەنپەئەت ئالالمىغان چاغدا بولسا، ئىچى تېشىغىلا ئۆرۈلۈپ زەھىرىنى چاچىدۇ. سېنى پەقەت تونۇمايدىغاندەك دۈشمەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇرۇن ساڭا بەرگەن ۋەدىلىرى، قىلغان ھەسەلدەك سۆزلىرىدىن ئەسەر قالمايدۇ. خۇددى يىرتقۇچلاردەك ساڭا ئېتىلىدۇ. سېنىڭ دوستلۇقۇڭنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ، بۇرۇن قىلغان ياخشىلىقلىرىڭنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئاللاھ تەئالا ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۈچ تۈرلۈك ئادەم قىيامەت كۈنى مېنىڭ دۈشمىنىم بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرىنچى خىلى، مېنىڭ نامىم بىلەن قەسەم قىلىپ ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان ئادەم. ئىككىنچى خىلى، ھۆر ئادەمنى سېتىپ پۇلىنى يېگەن ئادەم. ئۈچىنچى خىلى، بىر ئادەمنى ياللاپ ئىشلىتىپ ئىش ھەققىنى بەرمىگەن ئادەم.» ئازراق ئويلايدىغان بولساق، بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن ئۈچ خىل ئادەمنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدامچى ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى سۆزى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئالدايدۇ. ئىككىنچىسى ئۇنىڭغا ئىشەنگەن دوستىنى ئالدايدۇ ياكى سەپەردە ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ھەمراھ بولغان كىشىنى ئالداپ، قۇل دەپ سېتىپ پۇلىنى يەيدۇ. ئۈچىنچىسى ئىشچىلارنى ئالداپ ئىشنى قىلدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئىش ھەققىنى بەرمەيدۇ ياكى كەم بېرىدۇ.

ئەپسۇسكى، ئىسلام جەمئىيىتىمىز ئاشۇنداق ناچار سۈپەتلىك ئىنسانلاردىن خالى ئەمەس. مەن مۇسۇلمان دەپ تۇرۇپ، مۇشۇنداق ناچار قىلىقلارنى قىلىدىغانلار جەمئىيەتتە كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىكەن، ئاللاھنىڭ ياردىمى، دۈشمەنلىك ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىش قۇرۇق گەپ بولىدۇ. شۇڭا ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىمىزنى ئوڭلاپ ئەخلاقىمىزنى تۈزىتىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئاللاھ تەئالا ئۆزىنى تۈزەتمىگەن جامائەتكە نۇسرەت ئاتا قىلمايدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.» [سۈرە رەئد 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئاللاھ تەئالا ئۆزىمىزنى تۈزىتىپ، ناچار قىلىقلارنى تاشلاپ، گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن ئەخلاقلانغىلى نېسىپ قىلسۇن. ئامىين!

## 65 ـ ھەدىس قۇشلاردىن شۇملىنىشقا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

عن أبي هريرة رضي الله عنه عنِ النَّبِيِّ صلى الله عليه وسلم قال: «لاَ عَدْوَى وَ لاَ طِيَرَةَ وَ لاَ هَامَةَ وَ لاَ صَفَرَ.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاغرىق كۆچىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش يوق، قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىدىن شۇملىنىش يوق، ھۇ قۇشتىن شۇملىنىش يوق، يىلاندىن شۇملىنىش يوق.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 5625]

ئىزاھات: ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەرەبلەر ھەر تۈرلۈك خۇراپاتلارنى دىن دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئىسلامدا باتىل ئەقىدىلەر ۋە ھەر تۈرلۈك خۇراپىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر قەتئىي چەكلەندى. بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان نەرسىلەر ئەنە شۇ خۇراپاتلاردىندۇر. ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانلاردا سەيشەنبە كۈنى نەس كۈن، ئۇ كۈندە ئىش باشلاشقا بولمايدۇ. سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا قارغا تووۇلىسا يولغا چىقماسلىق كېرەك دېيىدىغان خۇراپىي ئەقىدىلەر ھازىرمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. ھالبۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنداق ئېتىقادلارنى ئىسلامنىڭ دەسلىپىدىلا يوقىتىۋەتكەن ئىدى.

بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆت نەرسىدىن مەنئى قىلىدۇ:

1 ـ كېسەل كۆچىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش. ئاللاھ تەئالا كېسەل بولۇشنى مەلۇم سەۋەبلەرگە باغلاپ قويسىمۇ، ھەقىقەتتە كېسەل بەرگۈچى ئاللاھ تەئالانىڭ ئۆزى بولۇپ، سەۋەبلەرنىڭ قولىدىن ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ. چۈنكى سەۋەبنى ياراتقان ئاللاھ، ئۇنى خالىغان چاغدا تەسىرسىز قىلىۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا مۇسۇلمان كېسەلنى بەرگۈچى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭغا شىپالىق بەرگۈچىمۇ ئاللاھ دەپ ئېتىقاد قىلىش، ئەينى ۋاقىتىدا قولىدىن كېلىدىغان سەۋەبلەرنىڭ ھەممىنى قىلىش كېرەك. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ يەردە توسقىنى كېسەل ئۆزلۈكىدىن كۆچۈپ ساق ئادەمنى كېسەل قىلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىشتۇر. بۇنىڭدىن كېسەل يۇقمايدۇ ياكى يۇقۇملۇق كېسەل يوق دېگەنلىك چىقمايدۇ. چۈنكى ئىمام بۇخارى رىۋايىتىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىدىكى تۆت نەرسىدىن توسقاندىن كېيىن: «ماخاۋ كېسىلىدىن خۇددى يولۋاستىن قاچقاندەك قاچقىن» دېگەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «بىر يەردە تائۇن كېسىلى بار دەپ ئاڭلىساڭلار، ئۇ يەرگە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەر تۇرغان يەردە تائۇن كېسىلى يۈز بەرسە، ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەڭلار» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزى بىلەن بىزگە يۇقۇملۇق كېسەللەردىن يىراق تۇرۇشنى، يۇقۇملۇق كېسەلگە دۇچار

بولغان كىشىنىڭ ساق ئادەملەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلارغا كېسەل يۇقتۇرماسلىقنى، كېسەل بولۇش ـ بولماسلىق ئاللاھ تەئالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىشنى ئۇقتۇرىدۇ. تېببىي ئىلمدە باشقىلارغا يۇقۇشى ئىسپاتلانغان كېسەللەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ھەدىسنىڭ ھۆكۈمىگە كىرىدۇ.

2 ـ قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىدىن شۇملىنىش. بۇ ئىمانى زەئىپ ۋە بىلىمسىزلەرنىڭ ئىشى بولۇپ، ئۇلار بىر ئىشنى قىلماقچى بولۇپ تالاغا چىققاندا قايسى بىر ئۇچارلىق ئوڭ تەرەپكە ئۇچسا، ئۇنى ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت دەپ بىلىدۇ، ئەگەر ئۇچارلىق سول تەرەپكە ئۇچسا، ئۇنى شۇملۇقنىڭ ئالامىتى دەپ قىلماقچى بولغان ئىشىدىن ۋاز كېچىدۇ. بىزنىڭ يۇرتىمىزدىمۇ بىر يەرگە بارماقچى بولۇپ ئۆيدىن چىققاندا قارغا تولىسا، شۇملۇقنىڭ ئالامىتى دەپ بىلىپ يولغا ماڭمايدىغان ئىشلار بار. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ يەردە ئىسلامدا مۇنداق ئاساسى يوق خۇراپاتلارغا ئىشىنىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قۇشنىڭ ئۇچۇشىدىن شۇملانغان كىشى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ» دېگەن. ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «قۇشنىڭ ئۇچۇشىدىن شۇملىنىپ ئىشىدىن قايتقان ئام ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ» دېگەن.

كۈنىمىزدە پال باقتۇرىدىغان، كوچىلاردا ئۇششاق تاشلارنى، قارتلارنى، يېسى پۇرچاق ئۇرۇقلىرىنى تىزىپ قويۇپ كىشىلەرنىڭ

كېلەچىكىنــــى بىلــــدىغانلىقىنى ئېيتىــــپ بېرەلەيــــدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغان يالغانچى دەججاللار كۆپىيىپ كەتتى. بەزىـلەر تېخـى «پـالغىمۇ ئىشــەنمە ـ پالســىزمۇ يــۈرمە» دەپــتىكەن دەپ، پــال باقتۇرۇشــنىڭ زۆرۈرلــۈكىنى تەكىتلەيــدۇ. ئــاللاھ تەئــالا قۇرئــان كەرىمــدە پــال باقتۇرۇشنىڭ ھاراق ۋە قىمارغا ئوخشاشـلا ھـارام ئىكەنلىكىنـى بىلـدۈرۈپ مۇنداق دەيـدۇ: «ئـى مـۆمىنلەر! ھـاراق ئـېچىش، قىمـار ئوينـاش، بۇتلارغـا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پـال سـېلىش شـەيتاننىڭ ئىشـى، پاسـكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشـىڭلار ئۈچـۈن شـەيتاننىڭ ئىشـىدىن يىـراق بولۇڭلار.»[1] «ئەزلام (يەنـى پـال ئـوقلىرى) بىـلەن پـال سېلىشـىڭلار ھـارام قىلىندى.» [سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

3 ـ ھۇقۇشــتىن شــۇملىنىش. جــاھىلىيەت دەۋرىــدىكى ئەرەبــلەر ھۇقۇشـتىن شـۇملىناتتى. ھۇۋقـۇش ئەگەر بىراۋنىـڭ ئۆگزىسـىگە قونسـا، ئۇ ئۆي ئەھلىدىن بىرسى ئۆلىدۇ ياكى ئۇ ئۆي يېقىلىدۇ، دەپ قورقاتتى.

بەزىــلەر ھۇقۇشــنى ئۆلتــۈرۈلگەن كىشــىنىڭ قەبرىســىدىن چىقىــپ كېلىــدۇ، ئۇنىــڭ سايرىشــى ئىنتىقــام تەلەپ قىلغــانلىقى، قاتىــل ئۆلتۈرۈلگۈچىلىــك ئــۇ ســايرايدۇ دەپ ئېتىقــاد قىلىــدۇ. يەنە بەزىــلەر ئۆلۈكنىــڭ ئۇســتىخانلىرى ھۇقۇشــقا ئايلىنىــپ كېلىــپ ئۆلۈكنىــڭ ئائىلىسـىگە سـايرايدۇ. ئۇنىـڭ سـايرىغىنى سـەدىقە تەلەپ قىلغىنـى يـاكى ئۆلۈكنىــڭ ئەھۋالــدىن ئائىلىســىدىكىلەرنى خەۋەرلەنــدۈرگىنى دەپ ئېتىقـاد قىلىـدۇ. بۇنىڭـدىن باشـقا ھەر قانـداق ھايۋانـدىن شـۇملىنىش

[1] سۈرە مائىدە 90 – ئايەت.

ياكى ئۇلارنى ئىنتىقام ئالىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش ھەممىسى خۇراپات بولۇپ، پاك ئىسلام ئەقىدىسىگە زىت كېلىدۇ.

4 ـ يىلاندىن شۇملىنىش. جاھىلىيەت ئەرەبلىرى يەرنىڭ تېگىدە ياشايدىغان بىر خىل يىلان بار، ئۇنداق يىلان بار يەردىن ئۆتۈپ قالغان ئادەمنى چېقىپ ئۆلتۈرىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. بۇ يەردە چەكلەنگىنى يىلان چاقىدۇ دېگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى يىلان ئۆلتۈرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىشتىن مەنئى قىلغان. چۈنكى ئۆلۈم ئاللاھ تەئالانىڭ قولىدىدۇر. بەزى ئالىملار ھەدىستىكى «سەپەر» سۆزىنى سەپەر ئېيىدىن شۇملىنىش دەپ چۈشەندۈرگەن. چۈنكى جاھىلىيەت ئەرەبلىرى سەپەر ئېيى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئۈچ ئاينىڭ ئاخىرىدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئۇرۇش ۋە قان تۆكۈش كۆپ بولىدۇ دەپ شۇملىناتتى. لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىمۇ بەزى يالغان ھەدىسلەرگە ئەگىشىپ، سەپەر ئېيىنى شۇم ئاي دەپ قاراپ، ئۇ ئايدا توي قىلمايدىغان، سەپەر قىلمايدىغان، سەپەر دەپ يېزىشنى يامان كۆرگەنلىكتىن زەپەر دەپ يازىدىغانلارمۇ بار. بىزدە سەيشەنبە كۈنىنى نەس كۈنى دەپ بىلىدىغان ئېتىقاد بار. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى خۇراپات ۋە باتىل ئەقىدىلەردۇر. جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە مانا مۇشۇنداق خۇراپات، باتىل ئېتىقادلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىپ بىز مۇسۇلمانلارنى ئەقىدىمىزنى پاكلاشقا چاقىرىدۇ.

غايىبنى پەقەت ئاللاھ تەئالا ئۆزى بىلىدۇ. كىشىگە ئەتە نېمە بولىدىغانلىقىنى، كىشىنىڭ قانداق ياخشى ـ يامان ئىشلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئالدىن ئالا بىلمەيدۇ. شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ تەئالاغا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلىپ، ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشى، ئەگەر بېشىغا ياخشىلىق كەلسە شۈكۈر قىلىشى، ئەگەر بىرەر خاپىلىققا يولۇقسا سەۋر قىلىشى، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەممە ئىشنى ئاللاھ تەئالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولۇشىغا چىن ئىشىنىشى لازىم. ئەقىدىمىز دۇرۇس بولمىسا قىلغان ياخشى ئىشلىرىمىز ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىمىز بىكارغا كېتىدۇ. سوفى ئاللاھ يار مۇنداق دەيدۇ:

«ئەقىدە بىلمىگەن شەيتانغا ئەلدۇر،

ئەگەر مىڭ يىل ئەمەل دەپ قىلسا يەلدۇر.»

ئاللاھ تەئالا بىزگە توغرا ئەقىدە ۋە چىن ئىخلاس ئاتا قىلىپ، ھەر تۈرلۈك باتىل ئەقىدە ۋە خۇراپاتلارغا ئىشىنىپ ھەق يولدىن ئېزىپ كېتىشتىن ساقلىسۇن. ئامىين!

## 66 ـ ھەدىس مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش توغرىسىدا

عن عبدِ اللهِ بنِ عمرَ بنِ الخطابِ رضي الله عنه قال: سَمِعْتُ رَسُولَ الله صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «كُلُّكُمْ رَاعٍ وَكُلُّكُمْ مَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ، فَالإِمَامُ رَاعٍ وَهُوَ مَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ، وَالرَّجُلُ رَاعٍ فِي أَهْلِهِ وَهُوَ مَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ، وَالْمَرْأَةُ رَاعِيَةٌ فِي بَيْتِ زَوْجِهَا وَهِيَ مَسْئُولَةٌ عَنْ رَعِيَّتِهَا، وَالْخَادِمُ رَاعٍ فِي مَالِ سَيِّدِهِ وَهُوَ مَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ، وَالرَّجُلُ رَاعٍ فِي مَالِ أَبِيهِ وَهُوَ مَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ، فَكُلُّكُمْ رَاعٍ وَمَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «ھەممىڭلار پادىچى ھېسابلىنىسىلەر، ھەممىڭلار ئۆز پادىسىدىن مەسئۇلسىلەر: باشلىق پادىچىغا ئوخشاشتۇر، ئۇ قول ئاستىدىكىلەردىن مەسئۇلدۇر. ئائىلە باشلىقى بولغان كىشى ئائىلىسىدە پادىچىغا ئوخشاشتۇر، ئۇ قول ئاستىدىكىلەردىن مەسئۇلدۇر، ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىدە پادىچىغا ئوخشاشتۇر، ئۇ قول ئاستىدىكىلەردىن مەسئۇلدۇر. خىزمەتچى خوجايىنىنىڭ مېلىدا پادىچىغا ئوخشاشتۇر، ئۇ قولىدىكى مالدىن مەسئۇلدۇر. بالا ئاتىسىنىڭ مېلىدا پادىچىغا ئوخشاشتۇر ۋە ئۇنىڭدىن مەسئۇلدۇر. يەنى ھەممىڭلار پادىچىسىلەر ۋە ھەممىڭلار قول

ئاستىدىكىلەردىن سورىلىسىلەر.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 882]

ئىزاھات: ئىنسانىنىڭ بۇ دۇنيا ھاياتىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ چوڭ ۋە مۇھىم ئىشى ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىدىن تولۇق چىقىشتۇر. ئىنسانلارنىڭ مەسئۇلىيىتى جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە مەرتىۋىسىگە قاراپ ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە مەسئۇلىيىتى ئەڭ ئېغىر بولغانلار پەيغەمبەرلەردۇر. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىنى كىشىلەرگە تولۇق يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، ئاللاھنىڭ تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن.»[1] بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس.

بۇ بەزىدە قاتتىق قوللۇق قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد! ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن (يەنى ئۆزۈڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن)، سەن پەقەت ئۆزۈڭگىلا جاۋابكارسەن. مۆمىنلەرنى جىھادقا قىزىقتۇرغىن.»[2] «ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلغىن، ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن.»[3]

[1]سۈرە مائىدە 67 ـ ئايەت.
[2]سۈرە نىسا 84 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3]سۈرە تەۋبە 73 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بەزىدە يۇمشاقلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى.»[1] «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن.» [سۈرە نەھل125 ـ ئايەت]

پەيغەمبەرلەردىن قالسا ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالار ۋە شەرئەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئۈستىگە ئەمرى ـ مەرۇپ، نەھيى ـ مۇنكەر، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ۋە بارلىق كۈچى بىلەن جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەردىن كىتابنى كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىشكە ۋە يوشۇرماسلىققا ئەھدە ئالدى.»[2] «مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا ئىلىم تەلەپ قىلىشقا چىقمىدى؟» [سۈرە تەۋبە 122 ـ ئايەت]

[1] سۈرە ئالى ئىمران 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئالى ئىمران 187 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەگەر ئۇلار ئۆز ۋەزىپىلىرىنى تولۇق ئادا قىلمىسا، دەۋەتلىرىدە ئىخلاس قىلمىسا، سىياسەتكە قاراپ ئىش كۆرۈپ ھەق گەپ قىلىشتىن ئۆزىنى تارتسا ياكى ھەقىقەتنى يوشۇرسا ياكى يالغان سۆزلەپ شەرىئەتنى بۇرمىلىسا، ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئەگەر ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغان بولسا ئاللاھ تەئالانىڭ نەزىرىدە ئالىي دەرىجىلەرگە ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «بىز كىتابتا كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ (يەنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)؛ لەنەت قىلغۇچىلارمۇ (يەنى پەرىشتە ۋە مۆمىنلەرمۇ) ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ.» [سۈرە بەقەرە 159 ـ ئايەت]

پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالاردىن قالسا، باشقا ئىنسانلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۆز مەرتىۋىلىرىگە قاراپ ئېغىر ـ يېنىك، چوڭ ـ كىچىك بولىدۇ. جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە ئىنسانلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تەرتىپ بىلەن مۇنداق بايان قىلىدۇ:

1 ـ باشلىق بولغان كىشى. بۇ ــ يۇقىرىسى پادىشاھ ــ رەئىسلەردىن باشلاپ تۆۋىنى ئائىلە باشلىقلىرىغىچە بولغان كىشىلەردۇر. خەلىپە، دۆلەت رەئىسى، پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەر ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىشى، پۈتۈن خەلقنى ئوخشاش كۆرۈشى، خەلقنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشى، خەلققە زوراۋانلىق قىلماسلىقى،

ئــۇلارنى كــۆچى يەتمەيــدىغان ئىشــلارغا سالماســلىقى، ئــۇلاردىن كۆتۈرەلمەيدىغان ئـالۋان ـ سـېلىق ۋە بـاج ئالماسـلىقى لازىـم. يەنـى ئـۇلار پۈتۈن خەلقنىڭ ئىشلىرىدىن مەسئۇل بولىدۇ.

2 ـ ئــائىلە باشــلىقى بولغــان كىشــى. بــۇ كىشــىنىڭ مەســئۇلىيىتى ئائىلىســىدىكى بــارلىق كىشــىلەردىن بولىــدۇ. ئاتــا ـ ئانىســىغا ياخشــىلىق قىلىــش، ئايــالى ۋە بــالا ـ چاقىلىرىنىــڭ تۇرمۇشــىنى قامــداش، ئــۇلارنى ياخشى تەربىيلەش، ئوقۇتـۇش، ھـۈنەر ـ سانائەت ئـۆگىتىش، ئەۋلادىنـى يامان ئىشلاردىن توسۇش، گـۈزەل ئەخلاق بىـلەن يېتىشتۈرۈش قاتـارلىق ئىشــلارنىڭ ھەممىسـى ئـائىلە باشــلىقىنىڭ مەسـئۇلىيىتى. ئـاللاھ تەئـالا مۇنداق دەيدۇ: «ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن. ئۆزۈڭمـۇ ئـۇنى ئـادا قىلىشقا چىـداملىق بـولغىن، سـەندىن بىـز رىزىـق تەلەپ قىلمـايمىز، سـاڭا بىــز رىزىــق بېرىمىــز، ياخشــى ئــاقىۋەت تەقۋادارلارغــا خاســتۇر.»[1] «ئــى مـۆمىنلەر! ئـۆزۈڭلارنى ۋە بـالا ـ چاقـاڭلارنى ئىنسـان ۋە تاشـلار يېقىلغـۇ بولىــدىغان، رەھــىم قىلمايــدىغان قــاتتىق قــول پەرىشــتىلەر مــۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار.» [سۈرە تەھرىم 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئاتىنىــڭ ئۈســتىگە باللىرىغــا ئــۆزى يېگەنــدىن يېگۈزۈشــى، ئــۆزى كىيگەنــدىن كىيگۈزۈشــى، ئۇلارغــا ياخشــى ئىســىم قويۇشــى، بــالاغەتكە يەتكەندە ئۆيلەپ قويۇشـى، قىـز ـ ئوغـۇللىرىنى خالىمىغان كىشى بىـلەن ئۆيلىنىشــكە مەجبــۇر قىلماســلىقى، بەلكــى ئۇلارغــا ئۆمۈرلــۈك جــۈپتىنى تاللاشــتا نــېمىلەرگە دىققەت قىلىشــنى ئۆگىتىشــى ۋە يــول كۆرســىتىشــى

[1] سۈرە تاھا 132 – ئايەت.

لازىم. بەزى ئاتا ـ ئانىلار قىزلىرىنى بايلارغا ۋە ئالىي نەسەبلىك كىشىلەرگە بېرىمىز دەپ، قىزىنىڭ كۆڭلىگە رىئايە قىلماي تويىنى كېچىكتۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپىنچە قىزلار جەمئىيەتتە قېرى قىز نامىنى ئالىدۇ. بەزىلەر كىچىككىنە قىزىنى بايلىقنى دەپ بوۋىسىدەك ئادەملەرگە بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بالىلىرىغا زۇلۇم قىلغانلىق، ئۆستىدىكى بالىلىرىنىڭ ھەققىنى ئۆز لايىقىدا ئادا قىلمىغانلىق بولىدۇ. مەيلى ئوغۇلنى ئۆيلەندۈرۈشتە بولسۇن، مەيلى قىزنى ياتلىق قىلىشتا بولسۇن دىيانەتلىك، ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان، ھەق ـ ناھەقنى بىلىدىغان بولۇشىنى ئەڭ بىرىنچى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. مۇشۇ ئۆلچەمگە چۈشىدىغان، ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى نورمال قامدىيالىغۇدەك كىرىمى بار كىشى بولسا، ئىككىلەنمەستىن بالىلارنىڭ تويىنى قىلىپ قويۇش كېرەك.

يەنە بىر مۇھىم مەسىلە، بىردىن كۆپ خوتۇنى بار كىشىلەر، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە يېتىپ ـ قوپۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە خوتۇنلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى، بىرىنى بىرىدىن پەرقلەندۈرمەسلىكى لازىم. شۇنىڭدەك، بالىلار ئارىسىدىمۇ ھەممىسىنى ئوخشاش كۆرۈشى، بىرىنى بىرىدىن ئارتۇق بىلمەسلىكى، بىر نەرسە بېرىشتە ھەممىسىگە ئوخشاش بېرىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا بالىلار ئوتتۇرىسىدا ھەسەت قىلىش ۋە دۈشمەنلىك پەيدا بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرى ھەققىدە جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان ئەڭ چوڭ مەسىلە، ئۇلارغا دىنىي تەربىيە بېرىش مەسىلىسىدۇر. چۈنكى بالىلار چوڭ بولغاندا كىچىكىدە ئۆگەنگەن ئىشنى قىلىدۇ. شۇڭلاشقا

ناماز ئوقۇش ۋە باشقا ياخشى، پەزىلەتلىك ئىشلاردا ئاتا ـ ئانا بالىلىرىغا ياخشى ئۈلگە بولۇشى، ئاندىن ئۇلارنى ناماز ئوقۇشقا ۋە ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ ئۇنىڭغا كۆندۈرۈشى كېرەك. شۇڭا جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بالاڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە نامازغا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇمىسا ئۇرۇڭلار، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياتقىنى ئايرىۋېتىڭلار» دەپ كۆرسەتكەن.

3 ـ ئايال كىشى. ئۇ ئېرى ھازىر بولسا ئۇنى خۇرسەن قىلىشى، ئېرى بىر يەرگە كەتسە ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى، ئېرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ۋە بالىسىنى ساقلىشى، گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى، ئېرىگە ھەمدەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلماسلىقى، ئېرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ياخشى كۈتۈشى، قېيىن ئانىسىغا يامان كۆز بىلەن قارىماسلىقى، ئېرىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە يېقىنلىرى ئالدىدا خىجالەتكە قويماسلىقى، ئۆيگە مېھمان كەلسە قولىدىن كېلىشىچە چىرايلىق ئۇزىتىشى، ئەۋلادىنى، بولۇپمۇ قىزىنى ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئايال كىشى مانا مۇشۇنداق ئىشلارنى ئۆز لايىقىدا قىلسا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەر ـ خوتۇن مېھرى ـ مۇھەببەت بىلەن بەختلىك ۋە ھۇزۇرلۇق تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئۆيدە ئۇرۇش ـ جېدەل، ھۇزۇرسىزلىق بولۇپ، كۆپىنچە ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ۋە ئەۋلادلارنىڭ يېتىم قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۆينى جەننەتكە ياكى چىدىغۇسىز دوزاخقا ئايلاندۇرۇش ئايال كىشىنىڭ قولىدا.

4 ـ خىزمەتچى. خىزمەتچىمۇ خوجايىنىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن مەسئۇلدۇر. مائاش ئېلىپ ئىشلەيدىغان خىزمەتچى ـ كادىرلارنىڭ ھەممىسى ئىشلىرىنى توغرا قىلدىمۇ ياكى ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ ئىش ئىگىسىگە زىيان ئۇردىمۇ؟ قولىغا تاپشۇرۇلغان مال ـ مۈلۈكنى قانداق ئىشلەتتى؟ دېگەندەك بارلىق تەسەررۇپاتلاردىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا مەسئۇل بولىدۇ.

5 ـ ئەۋلادلار. ئەۋلادلار ئاتا ـ ئانىلىرىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغداش، ئۇنى ئىسراپ قىلىپ بۇزۇپ چاچماسلىق، ئاتا ـ ئانىسى ئاللاھ تەئالاغا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلارنى قىلسا، ئۇلارغا ياخشى نەسىھەت قىلىش، ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ قالسا ئۇلارنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلاش، قەرزى بولسا تۆلەش، ئۇلار ھەققىدە دۇئا قىلىپ تۇرۇش، مىراسلىرىنى ئادالەت بىلەن ئۆلەشتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى بالىلارنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتلەردۇر.

كىمكى ئاتا ـ ئانىسىدىن مىراس ئالغان مال ـ مۈلۈكنى گۇناھ ـ مەسىيەتلەرگە ئىشلەتسە، ياكى ھالال ئىشلاردىمۇ ھەددىدىن ئارتۇق ئىسراپ قىلسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا مەسئۇل بولىدۇ.

ئاللاھ تەئالا بىز مۇسۇلمانلارنى ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى تونۇپ، ھەر دائىم مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىش قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن. ھەر ئادەم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇسا ۋە ئۇنى لايىقىدا ئادا قىلسا، جەمئىيەتتە يامان ئىشلار ئاز بولىدۇ. پۈتۈن ئىنسانلار بەخت ـ سائادەت

ئىچىدە راھەت ياشايدۇ. ئاللاھ تەئالادىن كۆڭلىمىزگە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئاتا قىلىشنى تىلەيمىز. ئامىين!

## 67 ـ ھەدىس زىنادىن ساقلىنىش توغرىسىدا

عن ابن مسعود رضي الله عنه قال: قال رسولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: «يَامَعْشَرَ الشَّبَابِ مَنِ اسْتَطَاعَ مِنْكُمُ الْبَاءَةَ فَلْيَتَزَوَّجْ، فَإِنَّهُ أَغَضُّ لِلْبَصَرِ وَأَحْصَنُ لِلْفَرْجِ، وَ مَنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَعَلَيْهِ بِالصَّوْمِ، فَإِنَّهُ لَهُ وِجَاءٌ» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئى ياشلار! سىلەردىن ئۆيلىنىشكە قادىر بولغانلار ئۆيلەنسۇن، ئۆيلىنىش كۆزنى نا مەھرەمدىن، ئەۋرەتنى زىنادىن ساقلىغۇچىدۇر. ئۆيلىنىشكە قۇدرىتى يەتمىگەنلەر روزا تۇتسۇن، روزا ئۇنىڭ ئۈچۈن ھىمايە بولىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ھەدىسنىڭ بۇخارىدىكى نومۇرى: 4946، مۇسلىمدىكى نومۇرى: 3352]

ئىزاھات: ئاللاھ تەئالا جەمئىيەتتىكى ھەر تۈرلۈك ناچار قىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن زىنا ـ پاھىشىنى ھارام قىلغان. چۈنكى زىنا ـ پاھىشە ئومۇملاشقان جەمئىيەتتە ئائىلىلەر بۇزۇلىدۇ. ئائىلە ساغلام بولمىسا تۇغۇلغان بالىلار ئىگە ـ چاقىسىز، تەربىيىسىز چوڭ بولىدۇ. ئۇنداق تەربىيىسىز، بەت ئەخلاقلار جەمئىيەتتە ھېچ قانداق ئىنسانغا ئامانلىق بەرمەيدۇ. ئىنسانلار ئائىلىسىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا ۋە مال ـ

مۈلكىگە ئىگە بولالمايدۇ. شۇڭلاشقا ئىسلامدا زىنا ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇنى ئىشلىگۈچى قىيامەت كۈنى ئەڭ ئېغىر ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئىسلام زىنا قىلماسلىقلا ئەمەس، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماسلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى زىنا ـ پاھىشىدىن ساقلىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى ۋە چارىسى توي قىلىشتۇر.

ياش ئوغۇل ـ قىزلار توي قىلىش بىلەن كۆڭلى ئارام ئالىدۇ، يالغۇزلۇق نەپسى بېسىقىدۇ، قەلبى راھەتلىنىدۇ. ئاللاھ تەئالا پەرزەنت ئاتا قىلسا، ئۆيى ئاۋات بولىدۇ، ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مېھرى ـ مۇھەببەت تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ. ئوغۇل ئۆيلىنىش ئارقىلىق يېڭى ئائىلىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. ئۆينى ئىدارە قىلىش ۋە ئائىلە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئارقىلىق مەنسەپ تۇتالايدىغان، بىرەر ئىدارىگە باشلىق بولسا باشقۇرۇپ كېتەلەيدىغان، پىشىپ يېتىلگەن بىر ئەر جەمئىيەتكە قوشۇلىدۇ. ئەمما خوتۇن ـ بالىسى يوق ئادەمنىڭ قەلبىدە مېھرى ـ شەپقەت، باشقىلارغا مەرھەمەت قىلىش دېگەن نەرسە بولمايدۇ. ئۇنداق ئادەمنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش، مال ـ دۇنيا يىغىشتىن باشقا غېمى بولمايدۇ. ئۇ كىچىككىدە ئائىلىسىگە يۆلەك بولغان بولسا، چوڭ بولغاندىن كېيىن قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ئەبگار، ئۆلۈپ كەتسە دۇئا قىلغۇچىسى يوق غېرىب بولىدۇ.

جانابى رەسۇلۇللاھ دائىم ئۆيلىنىشكە رىغبەتلەندۈرەتتى. ئۇ «نىكاھلىنىش مېنىڭ سۈننىتىم، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە مەندىن ئەمەس» دەيتتى. بىر كۈنى ئۈچ كىشى پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ئىبادەتلىرى ھەققىدە سوراشتى. ئانىلىرىمىز ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرىدىن خەۋەر بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىرى: «مەن يىل بويى روزا تۇتىمەن» دېدى. يەنە بىرى: «مەن كېچە بويىچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇيمەن» دېدى. ئۈچىنچىسى: «مەن قەتئىي ئۆيلەنمەيمەن» دېدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مەن بەزىدە روزا تۇتىمەن، بەزىدە تۇتمايمەن، كېچىدە ھەم ئۇخلايمەن ھەم ناماز ئوقۇيمەن، ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىمەن، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە ئۇ مەندىن ئەمەس» دېدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىكاھلىنىشتىن مەقسەت: ئىپپەت ـ نومۇسنى ھارامدىن، كۆزنى نامەھرەمدىن، ئەۋرىتىنى زىنادىن ساقلاش ۋە ئەۋلاد تەربىيىلەش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. رەسۇلۇللاھ بىر ھەدىستە: «نىكاھلىنىڭلار، كۆپىيىڭلار، مەن سىلەر بىلەن پەخىرلىنىمەن» دېگەن.

ئۆلىمالار يۇقىرىدىكى ھەدىستە ئېيتىلغان «ئۆيلىنىشكە قادىر بولسا» دېگەن سۆزنى «جىسمانىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن قادىر بولسا» دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇنىڭدىن مۇنداق ھۆكۈم چىقىدۇ: ھەر جەھەتتىن ئۆيلىنىشكە ئىقتىدارى بار كىشىلەر كېچىكتۈرمەستىن ئۆيلىنىشى كېرەك. چۈنكى ئۆيلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنى ھەر تۈرلۈك يامان قىلىقلاردىن ۋە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن ساقلىيالايدۇ. ئەمما ھەر قانداق بىر سەۋەب بىلەن نىكاھلىنىش ئىقتىدارى بولمىغان

كىشىنىڭ ئۆيلىنىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى ئادا قىلالمايدۇ، بۇ بولسا ئاياللارغا زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ.

ئەمما جىسمانىي جەھەتتىن ئىقتىدارلىق بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە نامرات بولغانلار، بىر ئائىلىنى ئىدارە قىلىشقا يەتكۈدەك ئىقتىسادقا ئىگە بولغۇچە روزا تۇتۇشى كېرەك. چۈنكى روزا تۇتقان كىشى بىرىنچىدىن، ئىبادەت ھېسسىياتى ئىچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك ھاۋايى ـ ھەۋەسلەردىن يىراق بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، روزا ئۇنىڭ شەھۋانىي كۈچىنى تۆۋەنلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نەپسىنىڭ ئىستەكلىرىگە سەۋر ـ تاقەت قىلىشى ئاسان بولىدۇ. ئۇ كىشى دائىم روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئاللاھ تەئالاغا يېقىن بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ، مۈشكۈللىرىنى ھەل قىلىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار دۇنياپەرەسلىك قىلىپ، شۆھرەت ۋە ئابرۇيىنىلا ئويلىماستىن، ئوغۇل ـ قىز ئەۋلادلىرىنىڭ كېلەچىكىنى ئويلىشى، ئوغۇل ـ قىزلىرى ئۆيلىنىش يېشىغا توشقاندىن كېيىن مۇمكىن قەدەر تېز ئۆيلەندۈرۈشى لازىم. ھەر تۈرلۈك ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلارنى چىقىرىۋېلىپ، توي، مېھر، تويلۇق ئىشلىرىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئۆيلىنىشىگە توسالغۇ بولۇشى گۇناھتۇر. چۈنكى ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆز پەرزەنتلىرىگە زۇلۇم قىلغانلىق، يەنە بىر تەرەپتىن ياشلارنىڭ ھەر خىل گۇناھ ـ مەسىيەتلەرگە چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولغانلىق بولۇپ، ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىدا مەسئۇلىيىتى ئېغىر بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «تويىنىڭ ئاسان

بولۇشى، ئايالنىڭ مېھرىنىڭ ئاز بولۇشى، ئايالنىڭ بەرىكەتلىك ئىكەنلىكىدىندۇر.»

يەنە بىر مەسىلە: قىزلارنى ئۆزى ياقتۇرمىغان كىشىلەر بىلەن مەجبۇرى ئۆيلەندۈرمەسلىك، ئوغۇللارنىمۇ خالىمىغان قىز ـ ئاياللار بىلەن ئۆيلەندۈرمەسلىك كېرەك. چۈنكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ زورلىشى ئاستىدا قۇرۇلغان ئائىلە كۆپىنچە ۋاقىتتا بەختلىك بولالماي ئايرىلىپ كېتىدۇ. ئەنسار ساھابىلەردىن بىرىنىڭ قىزى خەنسادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ چوكان چېغىدا ئاتىسى ئۇنى ئەرگە بەرگەن، خەنسا ئېرىنى ياقتۇرماي رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ نىكاھىنى قايتۇرۇۋەتكەن، يەنى ئۇنى ئاجراشتۇرۇۋەتكەن.

ئاللاھ تەئالا بىزگە ھەق يولدا مېڭىشنى، ئىسلامي ئەخلاق بىلەن ياشاشنى نېسىپ قىلسۇن. ھەر تۈرلۈك گۇناھ ـ مەسىيەت ۋە پاھىشە ئىشلاردىن يىراق قىلىپ، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتلىك قىلسۇن. ئامىن!

## 68 ـ ھەدىس  نىكاھلىنىدىغان ئاياللارنى توغرا تاللاش توغرىسىدا

عن أبي هريرَةَ رضي الله عنه، أَنَّ رَسُولَ اللهِ صلّى الله عليه و سلّم قال: «تُنْكَحُ الْمَرْأَةُ لأَرْبَعٍ: لِمَالِهَا ولِحَسَبِهَا ولِجَمَالِهَا ولِدِينِهَا، فَاظْفَرْ بِذَاتِ الدِّينِ تَرِبَتْ يَدَاكَ» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشى تۆت نەرسە ئۈچۈن نىكاھقا ئېلىنىدۇ: مېلى ئۈچۈن، نەسەبى ئۈچۈن، گۈزەللىكى ئۈچۈن ۋە دىنى ئۈچۈن، ھەممىدىن دىندارنى ئارتۇق بىلگىن.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇخارىدىكى نومۇرى: 4970، مۇسلىمدىكى نومۇرى: 3590]

ئىزاھات: نىكاھلىنىش ــ ئوغۇل ـ قىز ئىككىسىنىڭ ئۆمرى بويىچە بىرگە ئائىلە قۇرۇپ ياشىشى دېگەنلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز جورىسىنى ياخشى تاللىشى كېرەك. ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى تاللىشى ۋە ئۇنىڭغا كۆڭلىنىڭ مايىل بولۇشى ھەر خىل بولىدۇ. ئەرلەر ئايال تاللاشتا ئومۇمەن تۆۋەندىكى تۆت خىسلەتنىڭ بىرىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. ئۇلار، ئاياللارنىڭ باي بولۇشى، ئېسىل نەسەبلىك بولۇشى، گۈزەل بولۇشى، ۋە دىندار بولۇشى. پۈتۈن بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق تېپىلىدىغان ئايال ئەر ئۈچۈن تېپىلغۇسىز نېمەتتۇر. ئەمما دىندار بولۇپ، باشقا ئۈچ ئالاھىدىلىكى بولمىسا، ئۇنىڭ دىندارلىقى ھەممە

ئالاھىدىلىكىنى بىسىپ چۈشىدۇ. باشقا ئۈچ ئالاھىدىلىك تولۇق تېپىلىپ دىندار بولمىسا، ئۇ خوتۇننى ئالغان ئەرنىڭ ئەھۋالىغا ۋاي.

چۈنكى مالدار بايلارنىڭ قىزى كىبىرلىك، ھېچكىمنى ياراتمايدىغان، ئۆزىنى ھاكىممۇتلەق چاغلايدىغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئېرى ئىقتىساد جەھەتتە تۆۋەن بولسا، ئېرىنىڭ گەردىنىگە مىنىدۇ ـ دە، خالىغان ئىشنى قىلدۇرىدۇ، ئەگەر ئۆي ئىشلىرىغا ئازراق ياردەم قىلسا، ئۇنىڭ مىننىتى ئېرىنىڭ پېشانىسىدىن كەتمەيدۇ. ھەر دائىم ئېرىنى نامراتلىقى، ئاجىزلىقى بىلەن ئەيىبلەيدۇ، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان دەپ تىللايدۇ. ئېسىل نەسەبلىك خېنىملار دىندار بولمىسا، ھېچ كىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايدۇ. ئۆزىنى گويا ئاسماندىكى كۈن، باشقىلارنى ئۇنىڭ بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرۇش لاياقىتى بولمىغان ئاددىي مەخلۇقلار دەپ قارايدۇ. ئېرىنى كۆزىگە ئىلماي «سەندەك ئادەمدىن كۈرمىگى بار، مېنىڭدەك ئېسىلزادە، شەرەپلىك كىشى يوق» دەپ ئاھانەت قىلىدۇ، ئېرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ياراتماي كۆڭلىنى ئاغرىتىدۇ.

گۈزەللەر بولسا، گۈزەللىكى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا پەخىرلىنىپ، ئۆزىنى خەلقى ـ ئالەمگە نامايان قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەگەر ئۇ دىندار بولمىسا، پىتنىنىڭ ئوتىنى ياققۇچى بولۇپ، ھەر ئىشىكتىن چىقىدۇ، ھەر دېرىزىدىن قارايدۇ، كەلگەن ـ كەتكەن بارلىق ئىنسانلارغا يۈزىنى كۆرستىشكە، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ماختىنىشقا ئامراق بولىدۇ. ئۆز ئېرىنىڭ ئۆيدە ئولتۇرغانىنى تۈرمىدە ئولتۇرغانلىق دەپ ھېسابلايدۇ.

كوچىغا چىقسا نامەھرەمدىن ئۆزىنى تارتمايدۇ. بۇنداق خوتۇنلار ھەققىدە سۇفى ئاللاھ يار مۇنداق دەيدۇ:

ئۇشۇل خاتۇنكى، نامەھرەم نەزەردۇر،
ئەگەر شەمسۇ قەمەردۇر، ماچە خەردۇر.
ئەگەر چەندىكى بۇزرۇك زادەدۇر ئول،
يىقىن بىل تۆرت ئاياغلىق مادەدۇر ئول،
ئەگەرچە ئالىمدۇر، رۇخسارە ئالما،
ئۇزۇلمەس سالمىنى بوينۇمغا سالما.

دىندار، ئىپپەتلىك ئايال بولسا، سالىھ خوتۇن، ئىرى ئۇچۇن ئۆمۈرلۈك يولداش بولۇپ، ئىرى خۇرسەن بولسا، بىرگە خۇرسەن بولىدۇ. ئىرى غەمكىن بولسا كۆڭلىنى ئالىدۇ. مۇشكۈللۈككە دۇچ كەلسە ياخشى مەسلىھەت بېرىدۇ. ئېرىنىڭ بېشىغا خاپىلىق كەلسە تەسەللى قىلىدۇ. ئېرى بىر يەرگە كەتسە ئىپپەت ـ نومۇسىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى ساقلايدۇ. ئېرى تالادا ئىش ۋە باشقا قىيىنچىلىقلار سەۋەبى بىلەن چارچىغان ھالدا ئۆيگە كەلسە ئۇنىڭ ھالىنى سوراپ كۆڭلىنى ئېچىشقا، تاشقىرىدىكى ھارغىنلىق ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى يوقىتىشقا تىرىشىدۇ. ئېرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئىسراپ قىلىپ بۇزۇپ ـ چاچمايدۇ. ئېرىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ بەر دەپ تەلەپ قىلمايدۇ. نامرات بولۇپ قالسا يۈزىنى ئۆرۈپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيگە كەتمەيدۇ. ياخشى كۈندىمۇ، يامان كۈندىمۇ ئېرىنىڭ كۆڭلىنى

ئاغرىتمايدۇ. ئۇ ئاللاھ تەئالانىڭ قازا ۋە قەدەرگە رازى بولىدىغان، نېمەتكە شۈكرى قىلىدىغان، قىيىنچىلىققا سەۋر قىلىدىغان، ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقىنى ئىستەيدىغان ئايال بولغاچقا، ئېرىنىڭ ھېقىقى دوستى، سۆھبەتدىشى، دەرد ـ ئەلەملىرىگە ئورتاق، كۆڭۈلچەك، مېھرىبان، سۆيۈملۈك يولدىشى بولىدۇ.

دىندار، سالىھ ئايال ئېرىگە ئىتائەتمەن بولىدۇ، تامىقىنى ئېتىدۇ، كىرىنى يۇيىدۇ، ئۆزى، باللىرى ۋە ئېرىنىڭ ئۆيىدىكى ئىشلىرىنى ياخشى، رەتلىك قىلىدۇ. ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز تالاغا چىقمايدۇ. ئەۋلادلىرىنى بولۇشىغا تاشلاپ قويمايدۇ. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ھېكمەتلىك ئۇستاز، سالىھ خوتۇن، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى بىلىپ ئادا قىلغۇچى، مەسئۇلىيەتچان، شەپقەتلىك ئانا بولىدۇ. شۇڭلاشقا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىدىكى ھەدىستە «ھەممىسىدىن دىندار بولغىنىنى ئارتۇق بىلگىن» دېگەن. ئاللاھ تەئالا قۇرئاندا قۇل بولسىمۇ دىندارنى ئېلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇسۇلمانلار! مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار. ھۆر مۇشرىك ئايال ھۆسن ـ جامالى ۋە مېلى بىلەن سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن دېدەك، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر.» [سۈرە بەقەرە 221 ـ ئايەت]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى خوتۇننى ئىززەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئالسا، ئاللاھ ئۇنى خار قىلىدۇ. كىمكى خوتۇننى مېلى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئالسا، ئاللاھ ئۇنى

نامرات قىلىدۇ. كىمكى خوتۇننى ئېسىل نەسەبلىك بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئالسا، ئاللاھ ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى چۈشۈرىدۇ. كىمكى كۆزىنى ناماھرەمگە قاراشتىن، جان يېرىنى زىنادىن ساقلاش ياكى سىلە ـ رەھىم قىلىش يۈزىسىدىن دىندار ئايالنى ئالسا، ئاللاھ ئايالنى ئەرگە، ئەرنى ئايالغا بەرىكەتلىك قىلىدۇ.»

ئىسلام نامرات، مىسكىن، ھېچنەرسىسى يوق خوتۇنلارنىلا ئېلىڭلار دەپ بۇيرۇمايدۇ. بەلكى ئۇ چىرايلىق، شەرەپلىك، تۇغىدىغان قىزلارنى ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ساھابە كىراملاردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆيلەنگەنلىكىنى خەۋەر بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىزمۇ، چوكانمۇ؟» دەپ سورىغان. ھېلىقى كىشى «چوكان» دېگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىز ئالساڭ بولمامدۇ؟ بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ئوينىشاتتىڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى كۈلدۈرەتتىڭلار» دېگەن ئىدى. چۈنكى ھۆسنى جاماللىق، ياش، خۇشپېئىل، سۆيۈملۈك ئايالى بولغان ئەر كىشى تالادىكى خوتۇنلارغا قارىمايدۇ. كۆڭلىنى ئۆزىنىڭ ھالال ئايالى بىلەنلا قاندۇرىدۇ. بۇ يەردە دېمەكچى بولغان مەسىلە ئاياللارنىڭ دىندار بولۇشىنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇشتۇر.

ئاللاھ تەئالا قىز ـ ئوغۇل پەرزەنتلىرىمىزنى دىندار، سالىھ ۋە ياخشى ئەخلاقلىق قىلىپ يېتىشتۈرگىلى نېسىپ قىلسۇن. ئۆيلەنمەكچى بولغان ياشلىرىمىزغا دىندار، سالىھ قىزلار ئاتا قىلسۇن. ئامىين!

## 69 ـ ھەدىس  ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا

عن أبي هريرة رضي الله عنه قال، قالَ رسولُ اللّٰه صلى الله عليه وسلم: «اِسْتَوْصُوا بِالنِّسَاءِ خَيْرًا، فَإِنَّ الْمَرْأَةَ خُلِقَتْ مِنْ ضِلْعٍ، وَإِنَّ أَعْوَجَ شَيْءٍ فِي الضِّلَعِ أَعْلاَهُ، فَإِنْ ذَهَبْتَ تُقِيمُهُ كَسَرْتَهُ، وَإِنْ تَرَكْتَهُ لَمْ يَزَلْ أَعْوَجَ فَاسْتَوْصُوا بِالنِّسَاءِ خَيْرًا» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار، چۈنكى ئاياللار قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، قوۋۇرغىنىڭ ئەڭ قىڭغىر يېرى باش تەرىپىدۇر. ئەگەر ئۇنى رۇسلىماقچى بولساڭ سۇندۇرۇپ قويىسەن، ئەگەر ئۆز ھالىغا قويساڭ قىڭغىر تۇرۇۋېرىدۇ. شۇڭا ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار.»

ئىزاھات: جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە ئائىلە تۇرمۇشىدا ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ، ئاياللارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى ئەگرى قوۋۇرغىغا ئوخشىتىدۇ. ئەر ـ ئاياللار تۇرمۇش قۇرۇپ، بىرگە ياشىماقچى بولغان ئىكەن، بىر ـ بىرىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى ياخشى چۈشىنىشى ۋە بىر ـ بىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشى لازىم. ئاياللار ئومۇمەن ئاجىز، كۆڭۈلچەك، نازۇك، تېز ھاياجانلىنىدىغان، كىچىككىنە نەرسىگە خوش

بولىدىغان، راستىقا ئىشەنمەي يالغانغا ئىشىنىدىغان، ھەر قانداق ئىشقا قارشىلىق كۆرسىتىدىغان، كىچىك بالىغا ئوخشاش ئۆزگىرىشچان خاراكتېرلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۇيۇق خاراكتېرى بەزىدە ئۇنى كىچىككىنە ئىشقا ئاغرىنىپ جېدەل چىقىرىدىغان قىلىپ قويىدۇ.

بەزى ئەرلەر ھۇرۇن، مۇئامىلىسى قوپال، ئاچچىقى يامان، ئاسانلىقچە رازى بولمايدىغان، ئايالى شۇنچە خىزمەت قىلىپ تۇرسىمۇ، ھېچ ئىش قىلمىدىڭ دەپ ئۇرىدىغان، بىر نەرسە تەلەپ قىلسا ئىسراپخور دەپ تىللايدىغان بەت ئەخلاق بولىدۇ. بۇنداق ئەرلەر ئاياللىرىنى تاقىتىدىن تاشقىرى ئىشلىتىپ قىينايدۇ ۋە ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىدۇ. شۇڭلاشقا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە «ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار» دېگەن سۆزنى ئىككى قېتىم تەكرارلىغان.

ئىنسان دېگەننى ئۆزى خالىغاندەك قىلىپ ياسىۋالغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئەرلەر ئاياللارنىڭ بەزى ئۆزگىرىشچان، ئەگرى خاراكتېرىگە سەۋر قىلىپ، كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا تۇرمۇشنى كۆڭۈللۈك ۋە ھۇزۇرلۇق داۋاملاشتۇرالمايدۇ. بىزدە «تاغ يۆتكەلدى دېسە ئىشەن، ئادەمنىڭ خۇيى ئۆزگەردى دېسە ئىشەنمە» دەيدىغان ماقال بار. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مانا مۇشۇ ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ: «ئاياللار قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان» دېدى. يارىتىلىپ بولغان نەرسىنى ئۆزگەرتكىلى، ئوڭشىغىلى بولمايدۇ. دېمەك، ئاياللارنىڭ خۇي ـ پەيلىنى ئۆزگەرتمەن، ئۆزۈم خالىغاندەك

قىلىمەن دېيىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ قوۋۇرغىنىڭ ئەڭ ئەگرى ئۇچىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇنى رۇسلاپ تۈزلەيمەن دېسەڭ سۇندۇرۇپ قويىسەن. يەنى ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمايسەن. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ خاراكتېرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇۋي ئىچىدىكى بەزى ئىشلىرىغا كۆز يۇمۇپ، سەۋرلىك ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلماي، ئۇنىڭ ھەر بىر ئىشىنى ئەيىبلەپ ھېساب ئالغىلى تۇرساڭ، ئۇ ھېچ ئىش قىلالمايدىغان پالەچكە ئايلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى ماختاپ قويساڭ، ئۇ خوش بولۇپ، ساڭا ئەرزىيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بىر ھەدىستە ئايالالرنى تېز سۇنۇپ كېتىدىغان شىشىگە ئوخشاتقان. ھەقىقەتەن ئايالالر ناھايىتى تېز خاپا بولىدۇ، ئاسانلا كۆڭلى سۇنىدۇ، بىر ئېغىز سۆزدىن رەنجىيدۇ. ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلمەيلا خاپا بولۇپ يىغلاشقا باشلايدۇ.

جەمئىيەتتە ئايالالرغا زۇلۇم قىلىدىغان ئىش كۆپ بولغاچقا جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇش ئالدىدا «ئايالالر ۋە قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەر ھەققىدە ئالالھتىن قورقۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلغان.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى بولغىنىڭلار ئائىلىسىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە

قىلىــــدىغىنىڭلاردۇر، مەن ئائىلىســــىگە ياخشــــى مۇئــــامىلە قىلىشــــتا سىلەرنىڭ ياخشىراقىڭلاردۇرمەن.»

رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم يەنە مۇنــداق دېــگەن: «ئىمــانى كامىــل بولغــان مــۆمىنلەر، ئەخلاقــى ياخشــى بولغــانلاردۇر، سىلەرنىڭ ئــاراڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشى ئاياللىرىغــا ياخشــى مۇئــامىلە قىلىدىغان كىشىدۇر.»

ئايــاللارمۇ ئەرلىرىنىــڭ مــېجەز ـ خــۇلقىنى ياخشــى چۈشىنىشــى، مــۇمكىن قەدەر ئېرىنىــڭ ئــاچچىقى كېلىــدىغان ئىشــلارنى قىلماســلىقى، ئېرىنىــڭ قــۇربى يەتمەيــدىغان نەرســىلەرنى تەلەپ قىلماســلىقى، ئېــرىگە قوپال سـۆزلەر بىـلەن جاۋاب قىلماسلىقى، ئېـرى غەزەپلەنگەنـدە، ئـۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئۇتقا بېنزىن چاچماسلىقى لازىم. ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئىش قىلسا، بەختلىك ئۆتەلەيدۇ.

ئــاللاھ تەئــالا ئايالىغــا ياخشــى مۇئــامىلە قىلىــدىغان، ئۇلارغــا زۇلــۇم قىلمايــدىغان، ئۇلارنىــڭ كەمچىلىكلىرىنــى كەچۈرىــدىغان، مېھــرى ـ شــەپقەتلىك ئەرلەرگە رەھمــم قىلســۇن. ئېــرىگە ئىتــائەت قىلىــدىغان، ئــاچچىقى كەلســە ئېرىنىــڭ ياقىســىغا ئېســىلمايدىغان، يــوقلاڭ ئىشــقا «خېتىمنــى بەر» دەپ يامــانلاپ ئولتۇرۇۋالمايــدىغان ئاياللارغــا رەھــم قىلسۇن. ئامىين!

## 70 ـ ھەدىس  ئاياللار ئېرىنى ياخشى كۈتۈۋېلىشى توغرىسىدا

وعنه رضي الله عنه قال، قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «إِذَا دَعَا الرَّجُلُ امْرَأَتَهُ إِلَى فِرَاشِهِ فَأَبَتْ فَبَاتَ غَضْبَانَ عَلَيْهَا، لَعَنَتْهَا الْمَلاَئِكَةُ حَتَّى تُصْبِحَ» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەر كىشى خوتۇنىنى تۆشەككە چاقىرسا، خوتۇنى كەلگىلى ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن، خوتۇنىدىن خاپا بولغان ھالدا يېتىپ قالسا، پەرىشتىلەر تاڭ ئاتقۇچە ئۇ خوتۇنغا لەنەت ئوقۇيدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 3167]

ئىزاھات: جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 68 ـ ھەدىستە ياخشى جۈر تاللاشنى تەۋسىيە قىلدى. 69 ـ ھەدىستە ئەرلەرگە ئاياللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. مانا بۇ ھەدىستە ئاياللارنىڭ ئەرلىرىنى ياخشى كۈتۈۋېلىشىنى، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئەر ـ ئاياللارنىڭ تۇرمۇش قۇرۇپ بىر ئۆيدە ياشىشىنىڭ ئاساسى ئەر ـ خوتۇن بىر ـ بىرىنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇشتۇر. قالغان ئىشلار ئۇنىڭغا تەۋە. كىم نېمە دېسە دېسۇن بۇ بىر ھەقىقەت. شۇڭلاشقا

ئۆيلەنمەكچى بولغان يىگىتلەر كۆڭلىنى ئاچالمايدىغان قېرى ئاياللار بىلەن توي قىلىشنى خالىمايدۇ. قىز ـ چوكانلارمۇ ئىستەكلىرىنى قاندۇرالمايدىغان بوۋايلارغا، ئىقتىدارسىز كىشىلەرگە تېگىشنى خالىمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدىن ئەسلى مەقسەت ھاسىل بولمايدۇ.

تۇرمۇشنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك ئۆتۈشى، ئائىلىدە ھۇزۇر ۋە مۇھەببەتنىڭ داۋاملىشىشى ئاياللارنىڭ قولىدا. ئاياللار تالاغا چىقسا ياسىنىپ چىقىدىغان، ئۆيدە ئولتۇرسا پۇت ـ قوللىرى كىر، چاچلىرى چۇۋۇق، كىيىملىرىنىڭ قارىغۇچىلىكى يوق ئولتۇرسا، ئېرى ئۇنىڭدىن يىرگىنىپ قارىغۇسى كەلمەيدۇ. ئۆيدە كۆڭلى سۇ ئىچمىگەندىن كېيىن كوچىلاردا ياسىنىپ يۈرگەن خوتۇنلارغا قارايدۇ. بولۇپمۇ ئېرىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلسا، ئېرىنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي سوغۇپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋاللار ئاخىرىدا بىر ـ بىرىدىن نەپرەتلىنىشكە، ھەتتا ئاجرىششقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئېرى تۆشەككە چاقىرسا، بويۇنتاۋلىق قىلىپ ئۇنىمىغان ئايال، ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ. ئەگەر ھەيز كۆرۈپ قالغان ياكى ئاغرىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇنىماسلىقى ئاسىيلىق بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بىر ئايال كېلىپ: «يا رەسۇلۇللاھ! ئەر كىشىنىڭ خوتۇنى ئۈستىدىكى ھەققى نېمە؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەرنىڭ خوتۇنى ئۈستىدىكى ھەققى: ئېرى تۆشەككە چاقىرسا رەت قىلماسلىقى، ئېرىنىڭ

رۇخسىتىسىز نەپلە روزا تۇتماسلىقىدۇر. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، تاكى ئېرىنى رازى قىلغۇچىلىق رەھمەت ۋە ئازاب پەرىشتىلىرى ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقىنى ئەرنىڭ رازىلىقىغا باغلىدى. يەنى ئېرى رازى بولغان ئايالدىن ئاللاھ تەئالا رازى بولىدۇ. ئېرى نارازى بولغان ئايالدىن ئاللاھ تەئالامۇ رازى بولمايدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېرىنى نارازى قىلغان ئايالنىڭ ئوقۇغان نامازلىرى ۋە قىلغان ئىبادەتلىرى قوبۇل بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، «ئېرىنى نارازى قىلغان ئايال، تاكى ئېرىنى رازى قىلغۇچىلىق نامازلىرى ۋە ياخشى ئىشلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېدى.

ئاياللارنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشىدىن مەقسەت، زالىم ئەرلەرنىڭ ئىستىبداتلىق قىلىپ ئاياللارنى ئېزىشىگە يول ئېچىپ بېرىش ئەمەس. بۇنىڭدىن مەقسەت ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋە بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئارقىلىق ئۆز ئارا مۇھەببەتنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە بەخت ـ سائادەتلىك ئائىلە قۇرۇشتۇر. چۈنكى ئائىلە جەمئىيەتنىڭ كىچىك شۆبىلىرىدۇر. ئائىلىلەر بەخت ـ سائادەتلىك بولسا، ئۇنىڭدىن چىققان ساغلام ئىنسانلاردىن تەركىب تاپقان جەمئىيەتتە تىنچ ـ ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك بولىدۇ. ئائىلە بۇزۇلسا، جەمئىيەتتە ھەر تۈرلۈك مۈشكۈللۈكلەر، يامان ئىللەتلەر

مەيدانغا كېلىپ خەلق خاتىرجەم ياشىيالمايدۇ. شۇڭلاشقا ئىسلام ئائىلىگە ناھايىتى بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئاللاھ تەئالا ئەرلەرگە ئىنساپ، ئاياللارغا تەۋپىق ـ ھىدايەت ۋە ئەقىل بېرىپ، ئائىلىق ھالدا ياخشى تۇرمۇش كەچۈرگىلى نېسىپ قىلسۇن. ئامىن!

# 71 ـ ھەدىس كىشىلەرنىڭ يامان گۇمان قىلىشىغا يول ئاچماسلىق توغرىسىدا

عن أُمِّ الْمُؤْمِنِينَ صَفِية بِنْتِ حُيَىْ رضي الله عنها قالت: «كانَ النَّبِيُّ صلى الله عليه وسلم مُعْتَكِفًا فَأَتَيْتُهُ أَزُورُهُ لَيْلاً فَحَدَّثْتُهُ، ثُمَّ قُمْتُ لأَنْقَلِبَ فَقَامَ مَعِي لِيُقَلِّبَنِي تعنى: لِيَرُدَّنِى، فَمَرَّ رَجُلاَنِ مِنَ الأَنْصَارِ، فَلَمَّا رَأَيَا النَّبِيَّ صلى الله عليه وسلم أَسْرَعَا، فَقَالَ النَّبِيُّ صلى الله عليه وسلم: «عَلَى رِسْلِكُمَا إِنَّهَا صَفِيَّةُ بِنْتِ حُيَىْ» فقالا: «سُبْحَانَ اللهِ يَا رسولَ اللهِ.» فقال: «إِنَّ الشَّيْطَانَ يَجْرِى مِنِ الاِنْسَانِ مَجْرَى الدَّمِ، وَإِنِّي خَشِيتُ أَنْ يَقْذِفَ فِى قُلُوبِكُمَا شَرًّا أَوْ قال شَيْئًا» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى سەفىيە بىنتى ھۇيەي رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېتىكاپ قىلغان ئىدى، مەن بىر كۈنى كەچتە ئۇنى يوقلاپ كەلدىم. سۆھبەتلەشتۇق، ئاندىن مەن قايتىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇردۇم. رەسۇلۇللاھمۇ مېنى ئۇزىتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. مەسجىدنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئەنسارلاردىن ئىككى كىشى ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇلار رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ تېز مېڭىشىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا «توختاڭلار! بۇ ھويەينىڭ قىزى سەفىيە» دېدى. ئۇلار: ‹سۇبھانەللاھ، يا رەسۇلۇللاھ› دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: «شەيتان ئىنساننىڭ قان تومۇرىدىن ماڭىدۇ،

مەن شــەيتاننىڭ كۆڭلــۈڭلەرگە بىــر نەرســە كەلتۈرۈشــىدىن ئەندىشــە قىلــدىم» دېــدى. [بۇخــارى ۋە مۇســلىم رىــۋايەت قىلغــان. بــۇ ھەدىــس مۇسلىمدىن ئېلىنغان، نومۇرى: 5633]

ئىزاھــات: جانــابى رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ھايــاتى بــويىچە ئۈممىتىنىــڭ غېمىنــى يەپ، دەردىنــى تارتىــپ، پۈتــۈن دۇئالىرىــدا «ئۈممىتىم، ئۈممىتىم» دەپ ئــۆتكەن ھــىدايەت مەشــئىلى ئىــدى. ھۆۋەيــدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمنىڭ ئــۈممىتىگە مېھرىبــانلىقىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

چىقىپ مۇنبەرگە بىر كۈن «ئۈممىتى» دەپ يىغلىدى ئەھمەد،

ئۇل ئەردەك ئىككى ئالەم ئۈممىتىگە با كەرەم بولماس.

ئــاللاھ تەئــالا قۇرئــان كەرىمــدە رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمنىڭ ئۈممىتىنىــڭ قانچىلىــك دەردىنــى تارتىــدىغانلىقىنى بايــان قىلىــپ مۇنــداق دەيــدۇ: «شۈبھىســىزكى، ســىلەرگە ئــۆز ئــاراڭلاردىن شــۇنداق بىــر پەيغەمــبەر كەلــدىكى، ســىلەرنىڭ كــۈلپەت چېكىشــىڭلار ئۇنىڭغــا بەك ئېغىــر كېلىــدۇ. ئــۇ ســىلەرگە بەك ھېرىســتۇر، مــۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.» [سۈرە تەۋبە 28 ـ ئايەت]

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام ھەر بىــر ســۆزى ۋە قىلغــان ئىشــى بىــلەن ئــۈممىتىگە تەلىــم بېرەتتــى ۋە ئــۈممىتىگە دۇنيــا ۋە ئاخىرەتلىــك بەخــت ـ ســائادەت يــولىنى كۆرســەتەتتى. بــۇ ھەدىســتە بىــزگە ئايالىغــا ياخشــى مۇئامىلە قىلىش، يامــان گۇمــان قىلىشــقا، تــۆھمەتكە ھېچقانــداق يوچــۇق قويماســلىق، جاسۇســلۇق قىلىشــتىن ســاقلىنىش قاتــارلىق گــۈزەل

ئەخلاقلارنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە، شەيتاننىڭ شەررىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىككى ئەنسار ساھابىنى توختىتىشىدا ئىككى چوڭ ھېكمەت بار:

بىرى، ئۆزىنى ھەر تۈرلۈك تۆھمەت ۋە يامان گۇمانلاردىن ساقلاش. چۈنكى مەدىنىدە مۇناپىقلار، كاپىرلار ۋە يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەشەددىي دۈشمەن ئىدى. «سۇ ئۇخلىسا ئۇخلايدۇ، دۈشمەن ئۇخلىمايدۇ» دېگەندەك، مەزكۇر دۈشمەنلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۈشمەنلىك قىلىش، ئۇنىڭ ھەققىدە ھەر تۈرلۈك پىتنە ـ ئىغۋالارنى تارقىتىشتا ئەڭ ئاكتىپ رول ئوينايتتى. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەققىدە نېمە گەپلەرنى قىلمىدى؟

بۇ ھەدىستىكى ۋەقەدە ۋاقىت كەچ بولۇپ، قاراڭغۇلۇق باسقان ۋاقىت ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايالى ھەزرىتى سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن مەسجىدنىڭ ئىشىكى ئالدىدا خوشلىشىۋاتقان پەيتتە ئىككى ساھابە مەسچىت ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدى. ئۇلار ئەلۋەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققىدە يامان گۇمان قىلماس ئىدى. لېكىن شەيتاننىڭ شەررىدىن، ۋەسۋەسىلىرىدىن ساقلىنىش قېيىن ئىش. ئۇلار ئۆزلىرى بىرەر گۇمانغا چۈشمىگەن تەقدىردىمۇ باشقا بىرىگە رەسۇلۇللاھنىڭ بىر ئايال بىلەن گەپلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق دېسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمگە دۈشمەنلىك قىلىشىنىڭ يوللىرىنى تاپالماي يۈرگەن دۈشمەنلەرگە بۇ گەپ بازارغا سېلىش ئۈچۈن تېپىلغۇسىز مال بولاتتى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى توختىتىپ قېشىدىكى ئايالنىڭ يات نامەھرەم ئايال ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۆز ئايالى سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىكەنلىكىنى ئىزاھلىدى. مانا بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋەزىيەتكە قانداق رىئايە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر خىل يامان گەپ، پىتنە ـ ئىغۋالار تارقىلىپ بولغاندىن كېيىن، «مەن ئۇنداق قىلمىغانىدىم، مەن يات ئايال بىلەن پاراڭلاشمىغان ئىدىم، ئۆز ئايالىم بىلەن گەپلەشكەن ئىدىم» دېگەندىن، باشتا پىتنىگە يول قويماسلىق ئەڭ ياخشىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېتىۋاتقانلارنى توختىتىشتىكى ئىككىنچى ھېكمەت: مەزكۇر ساھابىلەرنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇش. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرغان ئايالنىڭ كىملىكىنى بىلمىگەندە، ئىككى تۈرلۈك گۇناھقا چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى كۈچلۈكتۇر. بىرى، ئۇلار شەيتانغا يېڭىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىم بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندۇ؟ دېگەن گۇمانغا چۈشۈپ قېلىش بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تۆھمەت چاپلاش گۇناھى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت چاپلىغانلىق باشقا گۇناھقا ئوخشىمايدۇ. ئىمام شافىئى: «ئەگەر ھېلىقى ئىككى ساھابە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققىدە قىلچىلىك بىر يامان گۇمان قىلغان بولسا ئىدى، ئىماندىن ئاجراپ كېتەتتى» دەيدۇ. يەنە بىرى، ئۆزلىرى يامان گۇمان قىلمىسىمۇ، باشقىلارنىڭ يېنىدا

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ بىــر ئايــال بىــلەن سۆزلىشــۋاتقانلىقىنى كــۆردۈق دېــيىش ئــارقىلىق، دۈشــمەنلەرنىڭ رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ھەققىــدە ھەر خىــل يامــان ئىنغــۋالارنى تارقىتىشــىغا سەۋەب بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار پىتنىگە سەۋەب بولغانلىق گۇناھىغا گىرىپتــار بــولاتتى. شۇڭلاشــقا رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ئۇلارنى گۇناھكار بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قالدى.

بۇ ھەدىســتىن بىــز مۇســۇلمانلار شــۇنداق دەرس ئېلىشــىمىز لازىمكــى، ھەر قانــداق ســۆز ـ ھەرىكەتلىرىمىــزدە ئېھتىياتچــان بولــۇش، ئىپــپەت ـ نومۇســىمىزنى كىرلەتمەســلىك، باشــقىلارنىڭ ھەققىمىــزدە يامــان گۇمــان قىلىشــى ئۈچــۈن پۇرســەت يارىتىــپ بەرمەســلىك، بــارلىق ئىــش ـ ئەمەللىرىمىزدە گۇمانلىق ئىشلاردىن يىراق بولۇش كېرەك.

ئىنســانلارنىڭ يــۈزىنى چۈشــۈرىدىغان ئەڭ يامــان ئىــش زىنــا ـ پاھىشــىدۇر. بولۇپمــۇ ھــازىرقى ئەخلاقســىزلىق ئەۋج ئالغــان، ئىنســاپ، ئــادالەت ئــاز قالغــان زامانــدا، يــات ئايــال بىــلەن يــالغۇز يەردە بولۇشــتىن ئۆزىنى ساقلاش كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بىر ئــادەم يــات ئايــال بىــلەن يــالغۇز قالســا، شــەيتان ئۇلارنىــڭ ئارىســىغا كىرىــدۇ» دېگەندەك، شەيتان ۋە نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپ ئــار ـ نومۇسقا قىلىش ئېھتىمالى كۈچلۈك. ئەگەر شەيتانغا ئالدانماي، نەپسىنى يەڭگەن ھــالەتتىمۇ، باشــقىلارنىڭ يامــان گۇمــان قىلىشــىدىن ســاقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. ھەر خىل يامان ســۆز ـ چۆچەكلەر تارىلىــپ بولغانــدىن كېــيىن، ئــۇ ســۆزلەرنىڭ تــوغرا ئەمەســلىكىگە كىشــلەرنى ئىشــەندۈرۈش تېخىمــۇ

تەس. سـۈنغان چىنىنـى قاداتسـا دەز بولـۇپ قالغانـدەك، چاپلانغـان تـۆھمەتنى يوقاتسـىمۇ ئىـزى قالـىدۇ. شـۇنىڭ ئۈچـۈن ئەڭ باشـتا ئـۆزىنى ساقلاش يـۈزىنى چۈشـۈرىدىغان ئىشلارغا ئۇچرىماسـلىقنىڭ ئەڭ ياخشـى يولى.

نەچچە ئون يىللىق ئائىلىلەر مانا مۇشـۇنداق يامـان گـۇمـان ۋە يالغـان تۆھمەتلەرنـىڭ قۇربـانى بولـۇپ بۇزۇلـۇپ كېتىـدۇ، بـالىلار يېتىم بولـىدۇ، ئايـاللار تـۇل بولـىدۇ، ئىنـاق تۇغقـانلار بىـر ـ بىـرىگە دۈشـمەن بولـىدۇ. چۈنكى ھەر قانچە پاھىشۋاز ئەر كىشـىمۇ، كىشـىلەرنىڭ ئېغىزىغـا چىقىـپ قالغـان ئايـال بىـلەن بىـر ئۆيـدە ياشاشـنى قوبـۇل قىلمايـدۇ. ئائىلىنىـڭ مەڭگۈلۈك داۋاملىشىشى ئۈچۈن ئەر ـ خوتۇنلارنىـڭ ئارىسـىدا ھېچقانـداق گۇمـانلىق ئىشـلار سـادىر بولماسـلىقى كېـرەك. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم بـۇ ھەدىسـتە بىـزگە يەنە ئەر ـ خوتۇنلارنـىڭ بىـر ـ بىـرىگە ئىـززەت ـ ھـۆرمەت قىلىشـىنىڭ زۆرۈرلـۈكىنى تەلىـم بېرىـدۇ. ئـۇ ئـۆزىنى يـوقلاپ كەلـگەن ئايـالىنى ھـۆرمەتلەپ، ئالاھىـدە مەسـجىدنىڭ دەرۋازىسـىغىچە چىقىـپ ئۇزىتىـپ قويـدى. ئەر ـ خوتـۇنلار بىـر ـ بىرىنـى مۇشـۇنداق ھـۆرمەتلەپ قەدىرلىسـە، ئائىلىـدە مېھـرى ـ مـۇھەببەت مۇستەھكەملىنىپ، بەھۇزۇر تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ.

ئـاللاھ تەئـالا بىزلەرنـى ھەر تۈرلـۈك يامـان گـۇمـان ۋە يالغـان تۆھمەتلەردىن ساقلىسۇن. ئامىين!

## 72 ـ ھەدىس  ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

عن عائشةَ رضي الله عنها قالت: «مَا غِرْتُ عَلَى أَحَدٍ مِن نِسَآءِ النَّبِيِّ صلى الله عليه وسلم مَا غِرْتُ عَلَى خَدِيجَةَ رضي الله عنها وَمَا رَأَيْتُهَا، ولكِنْ كَانَ النَّبِيُّ صلى الله عليه وسلم يُكْثِرُ ذِكْرَهَا، ورُبَّمَا ذَبَحَ الشَّاةَ ثُمَّ يُقَطِّعُهَا أَعْضَاءً، ثُمَّ يَبْعَثُهَا فِي صَدَائِقِ خَدِيجَةَ، فَرُبَّمَا قُلْتُ لَهُ كَأَنْ لَمْ يَكُنْ فِي الدُّنْيَا امْرَأَةٌ إلاَّ خَدِيجَةَ، فَيَقُولُ: ‹إِنَّهَا كَانَتْ، وكَانَتْ وكَانَ لِي مِنْهَا الْوَلَدُ›.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى كۆنلىگەندەك ھېچكىمنى كۆنلىمىدىم. ھالبۇكى، مەن ئۇنى كۆرمىگەن ئىدىم. لېكىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كۆپ ياد ئېتەتتى، بەزىدە قوي سويۇپ، پارچىلاپ خەدىچىنىڭ دوستلىرىغا ئەۋەتەتتى. مەن بىر قېتىم گويا دۇنيادا خەدىچىدىن باشقا ئايال يوقتەك قىلىلا دېدىم. رەسۇلۇللاھ: ‹ئۇ دېگەن مۇنداق، مۇنداق سۈپەتلىك ئايال ئىدى، مەن ئۇنىڭدىن بالا يۈزى كۆرگەن› دېدى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان. نومۇرى: 3731]

ئىزاھات: جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلەنگەن ئىدى. ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەككە مۇكەررەمەدىكى، بەلكى ئەرەب مەملىكەتلىرىدىكى ئەڭ ئېسىل نەسەبلىك، ئەڭ چىرايلىق، ئەقلى ئۆتكۈر، مال ـ دۇنياسى كۆپ، ناھايىتى ھوشيار، پاك ئايال ئىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا مەككە خەلقى ئىچىدە ساداقىتى ۋە ئىشەنچلىكى بىلەن تونۇلغان، گۈزەل ئەخلاقلىق، مەككە خەلقىنىڭ ئەڭ شەرەپلىك ئائىلىسىنىڭ بالىسى، پاك، مۇبارەك بىر يىگىت بولغان جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چەت ئەل تىجارىتى ئۈچۈن كىرالاپ ئىشلەتكەن ۋە سودىسى قاتمۇقات ئاشقان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى مۇئامىلىسى، راستچىللىقى، گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئالىي سۈپەتلىرىنى كۆرگەن ھەزرىتى خەدىچە، ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوبۇل قىلىشى بىلەن بۇ ئىككى مۇبارەك زات توي قىلىپ بىر ئۆيگە كىردى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 25 ياش ۋە ھەزرىتى خەدىچە 40 ياش ئىدى.

ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەڭ ياخشى ياردەمچى بولۇپ، مال ـ مۈلكى ۋە ئۆتكۈر ئەقلى بىلەن ئۇنى ھىمايە قىلغان، بولۇپمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن دۈشمەنلىرى ئۈچۈن يېڭىلمەس قالقان بولغان ئىدى. بۇ مۇبارەك ئانىمىزغا پەرىشتىلەر سالام قىلغان ۋە ئاللاھ تەئالا جەننەتتە ئالىي دەرىجىلىك قەسىر ـ ساراي بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەن ئىدى. ئاللاھ تەئالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنىڭ ئىبراھىمدىن باشقا بارلىق باللىرىنى ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىزدىن بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىزدىن بولغان باللىرى: ئابدۇللاھ، قاسىم، زەينەب، فاتىمە، رۇقىيە ۋە ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەر بولۇپ 11 ـ يىلى ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولغان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا قاتتىق قايغۇرغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يىل «قايغۇ يىلى» دەپ ئاتالغان. چۈنكى ئۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ياردىمگە بەك موھتاج ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى قەدىرلەپ، ئۇ ھايات چاغدا ئۈستىگە خوتۇن ئالمىغان ئىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ دائىم ئۇنى ئەسلەپ ياد ئېتەتتى. ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قەدىرلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە دوستلىرىغا ياردەم قىلاتتى. بۇ يەردە ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ دىمەكچى بولغىنى مانا موشۇدۇر.

يەنە بىر رىۋايەتتە ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئاللاھ سىلىگە خەدىچىدىن ياخشىراقىنى بەردىغۇ» دېگەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «ياق، ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى بەرمىدى، پۈتۈن ئىنسانلار مېنى ئىنكار قىلغاندا ئۇ ماڭا ئىشىنىپ ئىمان ئېيتتى، ئىنسانلار مېنى ھەيدەپ چىقارغاندا ئۇ ماڭا ھەمراھ

بولـۇپ، يـار ـ يـۆلەك بولـدى، ئـاللاھ ئىبراھىمـدىن باشـقا بـالىلىرىمنى ئۇنىڭدىن بەردى» دېدى.

مانـا بـۇ يەردە رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ھەزرىتـى ئائىشـــە رەزىيەللاھـــۇ ئەنھانىـــڭ كۈندەشـــلىكىگە قارشـــى ئـــۇنى ئەيىبلىمەسـتىن، ھەزرىتـى خەدىـچە رەزىيەللاھـۇ ئەنھانىـڭ ئۇنتۇلمـاس خىزمەتلىرىنـى ئەسلىتىپ، ئۇنىـڭ پەزىلىتىنـى كـۆز ئالـدىغا كەلتـۈرۈش ئـارقىلىق جـاۋاب بەرگەن. بۇنىڭـدىن مەلـۇم بولـدۇكى، جانـابى رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ھەزرىتـى ئائىشـە رەزىيەللاھـۇ ئەنھادەك گۈزەل قىزنى ۋە باشقا يـاش ئايـاللارنى نىكاھىغـا ئېلىش بىـلەن كونـا ئايالىنىـڭ خىزمەتلىرىنـى ئۇنتـۇپ قالمىغـان. چـۈنكى پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامدەك قەدىرشۇناسـلىقنىڭ سـىمۋولى بولغـان بىـر زاتنىـڭ، ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـانى ۋە ئۇنىـڭ خىزمەتلىرىنـى ئۇنتـۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر.

دېـمەك، كىشـىلەرنىڭ قىلغـان ياخشـى ئىشـلىرى ۋە كۆرسـەتكەن خىزمەتلىرىنـى قەدىـرلەپ ئۇنتۇماسـلىق، ئـۇنى قىلغـان ياخشـىلىقىدىنمۇ چوڭراق ياخشىلىق بىـلەن مۇكاپـاتلاش، ھـېچ بولمىغانـدا بىـر ياخشـىلىققا بىـــر ياخشـــىلىق بىـــلەن جـــاۋاب قـــايتۇرۇش ئىســـلامنىڭ ئـــالىي پرىنسـىپلىرىدىن بولـۇپ، كىشـىلەرنىڭ ياخشـىلىقىنى كۆرمەسـلىك، ياخشـىلىققا ياخشـىلىق بىـلەن جـاۋاب قايتۇرماسـلىق ھەم ئىسـلامغا ھەم ئىنسانىيەتكە زىت كېلىدىغان ناچار قىلىقتۇر.

ئى مۇسۇلمان ئايال قېرىنداشلار!

ئانىمىز ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادا سىلەر ئۆچۈن ياخشى ئۈلگە باردۇر. چۈنكى ئۇ تارىختا ئەڭ بىرىنچى قېتىم مۇسۇلمان بولغان، بارلىق مال ـ مۈلكىنى ئاللاھ تەئالانى ۋە رەسۇلۇللاھنى رازى قىلىش، ئىسلام دەۋىتىنى كەڭ تارقىتىش يولىدا سەرپ قىلغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاخىرقى تىنىقىغىچە يار ـ يۆلەك بولغاندۇر. رەسۇلۇللاھ كەمبەغەل ئۇ باي ئىدى. لېكىن ئۇ پۈتۈن بايلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئىشلىتىپ تۇرۇقلۇق بىر قېتىم بولسىمۇ مىننەت قىلمىغان. سىلەرمۇ ئائىلىڭلارنىڭ ياخشى تەربىيىچىسى بولۇپ، ئەرلىرىڭلارنى خۇشال قىلىشقا تىرىشىڭلار، يوقلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ جېدەل ـ ماجىرا چىقارمىساڭلار، بولۇپمۇ ئەرلىرىڭلارنىڭ ئاللاھ تەئالا يولىدا خىزمەت قىلىشىغا يېقىندىن ياردەمچى بولۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە ئورتاق بولساڭلار، ئۇلارنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىگە سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تەسەللى بېرىش، ياخشى مەسلىھەت بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالساڭلار، ئۇلارنىڭ قۇربى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ بەر دەپ تەڭلىكىگە سالمىساڭلار، تالاغا چىققاندا پەرداز قىلىپ، ياسىنىپ، ئۆيدە بولسا ئۈستى بېشىڭلار كىر، قارىغۇچىلىكى يوق بولۇپ ئەرلىرىڭلارنى يىرگەندۈرمىسەڭلار، ئۆي ئىچىدىمۇ مۇمكىن قەدەر چىرايلىق، پاكىز كىيىنىش، خۇش پېئىل بولۇپ گۈزەل سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئەرلىرىڭلارنى رازى قىلساڭلار، ئۆي ئىچىدە ھۇزۇر، كۆڭۈل ئاراملىقى، مېھرى ـ مۇھەببەت بولىدۇ. بۇنداق ئائىلىدە ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقا ھەممىسى ھۇزۇر ئىچىدە راھەت ـ پاراغەت، خۇشال ـ خۇرام

ياشايدۇ. خۇشال تۇرمۇش ئۈچۈن پۇل ـ مالنىڭ كۆپ بولۇشى شەرت ئەمەس، كۆڭۈلنىڭ ئارامىدا ۋە ھوزۇرلۇق بولۇشى لازىم.

ئى مۇسۇلمان ئەرلەر!

سىلەر ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىدا ئائىلەڭلاردىن مەسئۇل بولىسىلەر. ئاياللىرىڭلار سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىكى ئاللاھ تەئالانىڭ ئامانەتلىرى. ئاياللىرىڭلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلاردىن ئۆتكەن كەمچىلىكلەرنى كەچۈرۈم قىلىش، ياخشى نەسىھەت قىلىش، سالىھ ئاياللارنىڭ ھېكايىلىرىنى ئوقۇپ بېرىش ئارقىلىق تۈزىتىڭلار. ئۇلارغا قوپال مۇئامىلە قىلماڭلار، ئاچچىقىم بار دەپ ئاياللارنى ئۇرىدىغان، زۇلۇم قىلىدىغان ئىشلارنى قىلماڭلار. ئەڭ ئاۋۋال ئۆزۈڭلار تەقۋادار بولۇپ، ئاللاھ تەئالاغا ئاسىيلىق قىلماڭلار، ئاندىن ئاياللىرىڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا ياخشى نەسىھەت قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار قىلغان نەسىھەتلىرىڭلارنىڭ تەسىرى بولىدۇ. ئاياللىرىڭلار ۋە بالا ـ چاقاڭلار ئۈچۈن ھەر زامان دۇئا قىلىڭلار. شۇنى بىلىڭلاركى، ئىنسان دېگەننى ئۆزى خالىغانچە ياسىۋالغىلى بولمايدۇ. بىر تەرىپى ياخشى بولسا يەنە بىر تەرىپى يارىماس بولىدۇ. شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاياللار قوۋۇرغىنىڭ ئەڭ قىڭغىر تەرىپىدىن يارىتىلغان» دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۆزۈڭلارغا ئۈلگە قىلىپ، ئاياللىرىڭلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قەدىرلەڭلار. شۇنداق قىلساڭلار ئائىلىدە ھوزۇر بولىدۇ.

ئـاللاھ تائـالا مۇسـۇلمان ئـائىلىلەرنى ھۇزۇرلـۇق، خۇشـال ـ خـۇرام، راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ياشىغىلى نېسىپ قىلسۇن. ئامىين!

## 73 ـ ھەدىس سەپەردىن قايتقاندا ئۆيگە خەۋەرسىز كىرمەسلىك توغرىسىدا

عن جابر بنِ عبدِ الله رضي الله عنهما قال: كُنَّا مَعَ رسول الله صلى الله عليه وسلم فِي غَزَاةٍ، فَلَمَّا قَدِمْنَا ذَهَبْنَا لِنَدْخُلَ فقال: «أَمْهِلُوا حَتَّى نَدْخَلَ لَيْلاً (أي عشاءً) لِكَيْ تَمْتَشِطَ الشَّعِثَةُ وتَسْتَحِدَّ الْمَغِيبَةُ» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرلىكتە بىر غازاتقا چىققان ئىدۇق، قايتقىنىمىزدا ئۇدۇل ئۆيلىرىمىزگە كىرىشكە ماڭدۇق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹ئالدىرىماڭلار، ئاخشامدا كىرەيلى، ئاياللىرىڭلار چاچلىرىنى تاراپ، سۈننەت قىلىپ تەييارلىنىۋالسۇن› دېدى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان، نومۇرى: 4920]

ئىزاھات: دىندار، ئىپپەتلىك ئايال ئۆز ئېرىدىن باشقىلار ئۈچۈن ياسانمايدۇ. ئۆيدە ئولتۇرغاندا كىر، ناچار كىيىملەرنى كىيىپ، سىرتقا چىققاندا كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان پەرداز بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىپ ۋە چىرايلىق كۆز قاماشتۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىپ چىقمايدۇ. ئائىلىنىڭ ھۇزۇر ئىچىدە بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشى ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ كۆڭۈللىرى بىر ـ بىرىدىن سۆيۈنۈپ خۇرسەن بولۇشىغا باغلىق. شۇڭلاشقا ئەر ـ خوتۇنلار دائىم بىر ـ بىرىنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ، بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ تۇرۇشى

ناھايىتى زۆرۈر. بۇ ئىشلارنىڭ ئەڭ بىشىدا كىيىم ـ كېچەك ۋە تازىلىق كېلىدۇ. ئاياللار ئۆيىدە چىرايلىق كىيىنىپ، بەدەنلىرىنى پاكىز تۇتۇپ، چىشلىرىنى چوتكىلاپ، قولتۇق ۋە ئەۋرەتلىرىنىڭ تۈكلىرىنى تازىلاپ، خۇش پۇراق ئەتىرلەرنى ئىشلىتىپ، ئېرىنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرسا، ئېرى ئىشتىن ياكى سەپەردىن ھېرىپ كەلگەندە، دەرھال ئۇنى تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئېلىپ، ھالىنى سورىسا، ئاز بولسىمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا يېمەكلىك قويۇپ ھاردۇقىنى چىقىرىشقا تىرىشسا، ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئەكسىچە ئۆيىدە ئولتۇرغاندا خىزمەتچىگە ئوخشاش پاسكىنا ـ مەينەت كىيىنىۋېلىپ، تىرناقلىرى ئۆسۈك، پۇت ـ قوللىرى كىر، چاچلىرى چۇۋۇق، ئادەمنىڭ قارىغۇسى كەلمەيدىغان قىياپەتتە بولسا، ئېرىنىڭ ئۇ ئايالدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەيدۇ. ئېرى ئىشتىن ياكى سەپەردىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلسە، ئۇنى ياخشى قارشى ئېلىپ ھالىنى سورىمىسا، تېخى تاماق پىشمىغان، يەيدىغان نەرسە يوق ئولتۇرسا، ئېرى ئىشكتىن كىرىپ بولغۇچە ئۆيدە ئۇ يوق، بۇ يوق، تاماق ئېتەلمىدىم دېگەندەك سۆزلەرنى قىلسا ئەر ئۇنداق خوتۇندىن نەپرەتلىنىدۇ. ئۇرۇش ـ جېدەل چىقىدۇ، ھۇزۇر بۇزۇلىدۇ، ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا مېھرى ـ مۇھەببەت، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام قالمايدۇ. كۆپىنچە ئاياللار ئېرىنىڭ باشقا ئاياللار بىلەن ئالاقە قىلىشىدىن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلىكىدىن دادلىنىدۇ. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق قىلىشىغا ئاياللار ئۆزلىرى سەۋەبچى بولىدۇ.

ساھابىلەردىن بىرى سەپەرگە چىقىپ كەتكەندە ئۇنىڭ نارەسىدە بالىسى ۋاپات بولىدۇ. ئۇ سەپەردىن كەلگەندە ئايالى ئۇنى ناھايىتى

ياخشى كۈتىۋېلىپ بالىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئېيتمايدۇ. ئۇ كىشى «بالىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداق» دەپ سورىغاندا، ئايالى بالىسىنىڭ بۇرۇنقىدىن ياخشى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ كېچىنى ناھايىتى خۇشال ئۆتكۈزىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەن ناشتىدىن كېيىن بالىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى بېرىدۇ. ساھابە نېمە ئۈچۈن ئاخشام راست گەپ قىلمىدىڭ دەپ غەزەپلەنگەندە، ئايالى ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن ئادەمگە شۇم خەۋەر بېرىشنى خالىمىغانلىقىنى، ۋە ھاردۇقى چىقىپ بولغاندىن كېيىن خەۋەر بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ساھابە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى يەتكۈزگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كېچىچە بىرگە بولدۇڭلارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ «ھەئە» دېگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«مۇبارەك بولسۇن، ئاللاھ سىلەرگە ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلسۇن» دەيدۇ. مانا بۇ ساھابىنىڭ ئايالى نېمىدېگەن ئەقىللىق! ئاياللار مانا مۇشۇنداق ھوشيار بولۇشى لازىم.

ئاياللار ئېرىنىڭ ياخشىلىقىنى ئاز كۆرمەسلىكى، ئۆزىدىن باي ئاياللار بىلەن بەس تالىشىپ ئاشۇلار بىلەن تەڭ بولۇشقا ئۇرۇنماسلىقى، ئاللاھ تەئالانىڭ بەرگىنىگە رازى بولۇشى، ئېرىنى گۇمانغا تاشلايدىغان كىشىلەرنى ئۆيگە كىرگۈزمەسلىكى، ئېرى مېھمان باشلاپ كەلسە، غۇدۇرىماستىن، قازان ـ قومۇشنى قوپاللىق بىلەن ئىشلىتىپ ئاۋاز چىقارماستىن، ياخشى ئۈزىتىشى، ھەر قانچە بىتاب بولسىمۇ، ئۆيدە لازىمەتلىكلەر كەم بولسىمۇ چاندۇرماسلىقى لازىم. شۇنداق قىلسا ئېرى

مېھماننىڭ ئالدىدا خىجىل بولمايدۇ ۋە ئاياللىنىڭ ئىشىدىن رازى بولۇپ، ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

ئەرلەرمۇ ئاياللىرىنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشى، ئۇلارغا ئانچە ـ مۇنچە ھەدىيە ئېلىپ كۆڭلىنى ئېلىشى، بەدەنلىرىنى پاكىز تۇتۇشى، چىشلىرىنى تازىلاپ، خۇشپۇراق ئەتىرلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق بەدەنلىرىدىكى تەر پۇراقلىرىنى يوقىتىپ تۇرۇشى، ئايالىنى سەسكەندۈرىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى لازىم.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشنى ئۆگەتكەن. ئۆيىدىكى ئاياللار ئەرلىرىنىڭ قاچان كېلىشىدىن خەۋىرى بولمىغاچقا، ئېرى ئۇشتۇمتۇت ئۆيگە كىرسە كۆڭلىگە ياقمايدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىشى مۇمكىن. مەسىلەن: بىر ئادەم سەپەرنىڭ مۇشەققەتلىرى ئىچىدە ئائىلىسىنى سېغىنىپ، ئىشتىياق بىلەن ئۆيگە كەلسە، ئايالى باشلىرى چۇۋۇق، كىيىملىرى كىر قارىغۇچىلىكى يوق ئولتۇرسا، ئېرىنىڭ ئۇ ئايالغا قارىغۇسى كەلمەيدۇ. بۇ ئەھۋاللار ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى سۇغۇتىدۇ. ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى يوقىتىدۇ. بەزىدە ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭلاشقا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىنى سەپەردىن كەلگەندە خەۋەرسىز ئۆيگە كىرىشتىن توسۇپ: «ئالدىرىماڭلار، خوتۇنلار تارىغان چاچلىرىنى تاراپ، بەدەنلىرىنى تازىلاپ، سۈننەت قىلىپ تەييارلىنىۋالسۇن، ئاندىن

كىرىڭلار» دەپ، ھەممە ئۆيلەرگە جەڭچىلەرنىڭ قايتقانلىقىنى خەۋەر قىلىشقا ئادەم ئەۋەتكەن. يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىن كەلگەن كىشىنىڭ كېچىدە خەۋەرسىز ئۆيگە كىرىشىدىن توسقان.

دېمەك، يىراقتىن كەلگەن كىشى كېلىشتىن ئاۋۋال ئائىلىسىگە تېلېفون ياكى خەت ئارقىلىق خەۋەر بېرىۋېتىپ ئاندىن كېلىشى، ئاياللارنىڭ ئەرلىرىنى ياخشى قارشى ئېلىپ ھالىنى سورىشى، ئىشتىن ياكى سەپەردىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن ئادەمگە ئالدى بىلەن ئاز بولسىمۇ يەيدىغان بىر نەرسە ئىكرام قىلىشى، قىلىشىدىغان گەپ ـ سۆز بولسا ئېرى غىزالىنىپ، ھاردۇقى چىققاندىن كېيىن قىلىشى لازىم. مانا بۇ ئەڭ ئالىي مەدەنىيەت ۋە ئائىلە ئىچىدىكى بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

ئائىلە ئىشلىرىغا بۇنچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئاياللارنىڭ شەنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئېرىنىڭ جەبىر ـ زۇلۇمىدىن ساقلايدىغان ئىسلامدىن باشقا يەنە بىر دىن ياكى قانۇن ـ تۈزۈم بارمۇ؟ ب د ت دىن ئېلان قىلىنغان خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق بايانامىسىدىمۇ ئاياللار بۇنچىلىك كۆتۈرۈلگەن ئەمەس. ئاللاھ تەئالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنى پىكىر يۈرگۈزۈپ ئوقۇغان كىشى بۇنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ. «ئى ئىمان ئېيتقان زاتلار! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ؛ ئۇلار

ئوپئوچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلمىغان ھالەتتە، سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مېھرىدىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار سەۋر قىلىڭلار، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمىغان بىر ئىشتا ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر بىر خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ئورنىغا يەنە بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىگە مېھرى قىلىپ كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە قايتۇرۇۋالماڭلار. ئۇنى يالغان قارا چاپلاپ ۋە ئوچۇق زۇلۇم قىلىپ ئالامسىلەر؟ ئۆز ئارا خىلۋەتتە بولۇشقان تۇرساڭلار ۋە ئاياللار سىلەردىن نىكاھ ئەقدىدىن ئىبارەت مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟» [سۈرە نىسا 19 ـ 21 ـ ئايەتلەر]

ئاللاھ تەئالا بىزلەرنى ئائىلە ئىچىدە ئۆز ئارا مېھرى ـ مۇھەببەت بىلەن راھەت ـ پاراغەتلىك ۋە بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگىلى نېسىپ قىلسۇن. ئامىين!

# 74 ـ ھەدىس ئۆلۈككە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ھازا تۇتۇشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرىسىدا

عن زينبَ بنتِ أبي سَلَمةَ رضي الله عنهما قالت: «دَخَلْتُ عَلَى أُمِّ حَبِيبَةَ زَوْجِ النَّبيِّ صلى الله عليه وسلم حِينَ تُوُفِّيَ أَبُوهَا أَبُو سُفْيَان بن حَرْب، فَدَعَتْ بِطِيب فِيهِ صُفْرَةٌ خُلُوق أَوْ غَيْرُهُ، فَدَهَنَتْ مِنْهُ جَارِيَةً ثُمَّ مَسَتْ بعَارِضِيهَا، ثُمَّ قَالَتْ: وَاللهِ مَالِي بِالطِّيبِ مِنْ حَاجَةٍ غَيْرَ أَنِّي سَمِعْتُ رَسُولَ الله صلى الله علايه وسلم يَقُولُ عَلَى الْمِنْبَرِ: ‹لا يَحِلُّ لِامرَأَةٍ تؤمنُ بالله واليومِ الآخرِ أنْ تُحِدَّ على ميِّتٍ فوق ثلاثٍ لَيَالٍ إلاَّ على زوجٍ أربعةَ أشهرٍ وعشرًا› قالت زَيْنَبُ: دخَلْتُ عَلَى زَيْنَبَ بِنْتِ جَحْشٍ رضي الله عنها حِينَ تُوُفِّيَ أَخُوهَا فَدَعَتْ بِطِيبٍ فمستْ منه ثم قالت: أما والله مالي بالطيب من حاجةٍ غيرَ أني سمعتُ رسولَ الله صلى الله عليه و سلم يَقُولُ عَلَى الْمِنْبَرِ: ‹لا يَحِلُّ لامرَأةٍ تؤمنُ بالله واليومِ الآخرِ أنْ تُحِدَّ على ميِّتٍ فوق ثلاثٍ لَيَالٍ إلا على زوجٍ أربعةَ أشهرٍ و عشرًا›.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ سەلەمەنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ دادىسى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب ۋاپات بولغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەن ئىدىم، ئۇ سېرىق رەڭلىك بىر خۇشبۇي نەرسىنى ئەكەلدۈرۈپ،

ئۇنىڭدىن بىر قىزچاققا سۈرۈپ قويۇپ ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىككى مەڭزىگىمۇ سۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ خۇش پۇراققا ھاجىتىم يوق ئىدى، بۇنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەتتىمكى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ: ‹ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ئايالنىڭ مېيىتكە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدىن ئارتۇق ھازا تۇتۇشى ھالال بولمايدۇ، ئەمما ئېرى ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭغا تۆت ئاي ئون كۈن ھازا تۇتسا بولىدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدى.

ئاندىن ئەبۇ سەلەمەنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «مەن زەينەب بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېرىندىشى ۋاپات بولغان چاغدا، ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەن ئىدىم، ئۇ خۇش پۇراق ئەكەلدۈرۈپ ئىشلەتتى، ئاندىن مۇنداق دېدى: ‹ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ خۇش پۇراققا ھاجىتىم يوق ئىدى، لېكىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ: ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ئايالنىڭ مېيىتكە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدىن ئارتۇق ھازا تۇتۇشى ھالال بولمايدۇ، ئەمما ئېرى ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭغا تۆت ئاي ئون كۈن ھازا تۇتسا بولىدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 5209]

ئىزاھات: ئاللاھ تەئالا شۇنداق مۆمىنە ئاياللارغا رەھىم قىلسۇنكى، ئۇلار بۇيرۇلغان ئىشلىرىنى كامىل ئادا قىلىدۇ، چەكلەنگەن ئىشلاردىن

قەتئىي يانىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ ئەمرىگە ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمەل قىلىدۇ: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ.» [سۈرە ئەھزاب 36 ـ ئايەت]

ئەنە شۇ ئۆلگىلىك ئاياللار ئىچىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرى پاك ئانىلىرىمىز ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ھەزرىتى ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دادىسى ۋاپات بولۇپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن خۇش پۇراق ئىشلەتكەن. شۇنىڭدەك، ھەزرىتى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا قېرىندىشى ئۆلۈپ كېتىپ ئۈچ كۈن توشقاندىن كېيىن، خۇش پۇراق ئىشلەتكەن. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ خۇش پۇراق ئىشلىتىشكە ھېچ ئېھتىياجى يوق ئىدى ۋە ئۇنى ياقتۇرمايتتى. لېكىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ شۇنداق قىلغان. ھالال ـ ھارامنى بىلىش، كىتابلار يېزىش، مۇنبەرلەردە سۆزلەش ناھايىتى ئاسان. مۇھىم بولغىنى ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەندە، مۇشۇ ئانىلىرىمىزغا ئوخشاش بۇيرۇلغان ئىشنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىجرا قىلىشتۇر.

بۇ ھەدىستىن شۇنى بىلىمىزكى، ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە مەيلى يېقىن مەيلى يىراق بولسۇن پەقەت ئۈچ كۈن ھازا تۇتۇش دۇرۇس

بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھازا تۇتۇش دۇرۇس ئەمەس. لېكىن ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال تۆت ئاي ئون كۈن ھازا تۇتىدۇ. بۇ بولسا مەزكۇر ئايالنىڭ ئىددەت مۇددىتى بولۇپ قۇرئان كەرىمدە بەلگىلەنگەندۇر.

ھازا تۇتۇش ــ ساددا كىيىم ـ كېچەك كىيىش، ئەتىر ۋە باشقا خۇش پۇراق نەرسىلەرنى ئىشلەتمەسلىك، زىننەت بۇيۇملىرى ئىشلەتمەسلىك ۋە ياتلىق بولۇشقا تەشەببۇس قىلماسلىقتىن ئىبارەتتۇر. بەزىلەرنىڭ قىلغىنىدەك بېلىگە ئاق پوتا باغلاش، چاچ ـ ساقىلىنى چۈشۈرمەسلىك كېرەك ئەمەس.  بەزى يەرلەردىكى ئۇيغۇرلاردا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ بىر يىل ھازا تۇتۇپ ياتلىق بولماي ئولتۇرۇشى ئادەت بولۇپ قالغاچقا، بىر يىل توشماستا ياتلىق بولماقچى بولغان ئاياللار جەمئىيەتتە ئەيىبلەشكە ئۇچرايدۇ. بۇ خاتا ئادەت بولۇپ، تۈزىتىش لازىم. چۈنكى بۇ ئادەت ھەم ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمرىگە خىلاپ ھەم كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ، ئاياللىرى قېلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئاياللىرى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم. ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئۆزلىرى توغرۇلۇق قائىدە بويىچە ئىش قىلسا، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.» [سۈرە بەقەرە 234 ـ ئايەت]

دېمەك، ئېرى ۋاپات بولغان ئايال تۆت ئاي ئون كۈن توشقاندىن كېيىن چىرايلىق كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيسە، ياتلىق بولسا بولىدۇ. بۇ ئۇ ئايالنىڭ ھەققى بولۇپ، ھېچ كىمنىڭ ئۇنى ئەيىبلەش ھوقۇقى يوق.

شـۇنىڭدەك، ئەرنىـڭ تۇغقانلىرىنىـڭ ئـۇ ئايالغـا ھۆكۈمرانلىـق قىلىـش، ئۇنى ئۆلگەن ئېرىنىڭ قېرىنداشىغا ياكى تۇغقانلىرىدىن بىرىگە ياتلىق بولۇشقا زورلاش ھوقۇقى يوق. ئۇ ئايال ھۆر بولۇپ خالىغان كىشىگە ياتلىق بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇ مىراس قىلىنىدىغان مال ئەمەس. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىمان كەلتۈرگەن زاتلار! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ.» [سۈرە نىسا 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

يەنە بىلىشكە تېگىشلىك ئىش شۇكى، ئىددەت ئىچىدىكى ئاياللار كىيىدىغان مەخسۇس كىيىم بەلگىلەنگەن ئەمەس، ئاق ياكى قارا كىيىم كىيىش كېرەك دەيدىغان بىر قائىدە يوق، پەقەتلا يېڭى تىكىلگەن، زىننەتلىك كىيىم كىيمىسلا، قانداق رەڭلىك كىيىم كىيسە بولىدۇ.

نۆۋەتتە كەلگەن ئىكەن شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتەيلىكى، ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ھەققىدە، يەتتىسى، يىگىرمىسى، پەيشەنبىسى، قىرقى، يىلى دەيدىغان نەزىر ـ چىراغلار ئىسلامدا بەلگىلەنگەن ئەمەس. ئىسلامدا مەۋجۇت بولغان نەزىر ــ كىشى خالىغان چاغدا، بىرەر نامرات، ئاجىز بىچارىلەرگە ئاز ياكى كۆپ ياردەم قىلىپ، شۇنىڭ ساۋابىنى ئۆلۈپ كەتكەن تۇغقىنى ئۈچۈن ئاتىسا بولىدۇ. ناماز ئوقۇپ، قۇرئان ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ، ھەج ـ ئۆمرە قىلىپ ساۋابىنى ئاتىسا، ئۆلۈكلەرگە پايدىسى بولىدۇ. ئەمما مۇنچە كۈن بولغاندا مۇنداق قىلىش كېرەك دېگەندەك نەزىر ـ چىراغلار، ھەر خىل ئۆرپ ـ ئادەتلەر كىشىلەرنىڭ بويىنىغا مىنىپ جان باقىدىغان، موللا قېلىپىغا كىرىۋالغان چىلبۆرىلەرنىڭ

چىقارغان يامان ئادىتى بولۇپ، ئۇ بىدئەتتۇر. مەن مۇسۇلمان دېگەن كىشى مۇنداق بىدئەت ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى لازىم.

ئاللاھ تەئالا بىزلەرگە ھەقنى تونۇپ ئەمەل قىلىدىغان ئىسلامىي ئاڭ ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرسۇن. ئامىن!

## 75 ـ ھەدىس ئېمىلداش ئايال بىلەن ئۆيلىنىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

عَن ابنِ عباسٍ رضي الله عنهما "أَنَّ النَّبِيَّ صلى الله عليه وسلم أُرِيدَ عَلَى ابْنَةِ حَمْزَةَ فقال «إِنَّهَا لاَ تَحِلُّ لِي إِنَّهَا ابْنَةُ أَخِي مِنَ الرِّضَاعَةِ، وَيَحْرُمُ مِنَ الرِّضَاعَةِ مَا يَحْرُمُ مِنَ الرَّحِمِ، وفى لفظ: مِنَ النَّسَبِ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھەمزىنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئېلىش تەلەپ قىلىنغاندا، مۇنداق دېگەن: ‹ئۇ ماڭا ھالال بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئېمىلداش بىر تۇغقىنىمنىڭ قىزى، نەسەبتىن ھارام بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئېمىلداشلىق سەۋەبى بىلەن ھارام بولىدۇ›.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 3538]

ئىزاھات: بۇ ھەدىستىكى ۋەقە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمرە قىلىپ مەككىدىن قايتقاندا، ھەزرىتى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئۇلارغا قوشۇلدى. ئۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلالمىغان ئاجىز ساھابىلەردىن بولۇپ، دادىسى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولغانلىقى ئۈچۈن ھىمايە قىلىدىغان كىشىسى يوق ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئۇرۇق -

تۇغقانلىرى ئۇنى كاپالەتكە ئېلىش ئۈچۈن تالىشىپ قالدى. ھەزرىتى ئېلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇ مېنىڭ تاغامنىڭ قىزى، ئۇنى مەن ئېلىپ كەلدىم، ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشقا مەن ھەقلىق» دېدى. ھەزرىتى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇ مېنىڭ تاغامنىڭ قىزى، ئۇنىڭ ھاماچىسى مېنىڭ قولۇمدا، ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشقا مەن ھەقلىقرەك» دېدى. ھەزرىتى زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇ مېنىڭ دىنىي قېرىندىشىمنىڭ قىزى، ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشقا مەن ھەقلىق» دېدى. ھەزرىتى ئېلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: «ئۇنى ھىمايە قىلىشقا سىز ھەممىدىن ھەقلىقرەكسىز، ئۇنى نىكاھىڭىزغا ئالسىڭىز بولمامدۇ؟» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ھالال بولمايدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۆزىنىڭ ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئېمىلداش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ھەزرىتى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كاپالىتىگە بېرىپ: «ھاماچا ئانىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ» دېگەن.

بۇ ھەدىستىن تۆۋەندىكى ئۈچ ھۆكۈم چىقىدۇ:

1 ـ قىز تەرەپنىڭ ئوغۇلغا ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلىشى. جەمئىيىتىمىزدە ئۆيلىنىشنى ئوغۇل تەرەپنىڭ تەلەپ قىلىشى ئادەت بولۇپ قالغاچقا، گويا قىز تەرەپنىڭ ئوغۇلغا تەلەپ قويۇشى ئەيىب ئىش دەپ قارىلىدۇ. ھالبۇكى دىندار، گۈزەل ئەخلاقلىق، تەقۋادار كىشىگە تەكلىپنىڭ قىز تەرەپتىن كېلىشى ئەيىبلىنىدىغان ئىش ئەمەس.

چـۈنكى قىــز تەرەپ ھەر دائىــم قىزىنىــڭ ئىســتىقبالىنى كۆزلەيــدۇ. شۇڭلاشــقا قىزىنىــڭ ئىســتىقبالى ياخشــى بولــىدىغان كىشــىگە ئــۆزى خېرىدار بولۇش ناھايىتى ياخشى ئـادەت. رەسۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسەللەم ۋە ساھابە كىراملار شۇنداق قىلاتتى. مەسىلەن: ھەزرىتـى ئـۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنىـڭ قىـزى سـەفىيەنىڭ ئېـرى بەدرى غازىتىـدا شـېھىد بولغانىدى، ئۇنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن ئـۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ قىزىنـى ھەزرىتـى ئەبـۇ بېكىـر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇغـا تەكلىـپ قىلـدى، ئـۇ جاۋاب بەرمىـدى. ئانـدىن ئـۇنى ھەزرىتـى ئوسـمان رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇغـا تەكلىــپ قىلــدى. ئــۇ ئايــالى ــ رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەسەللەمنىڭ قىزى رۇقىيە ۋاپـات بولغانـدىن كېيىن، ئۇنىـڭ سىڭلىسـى ئۇممۇ كۇلسۇمنى نىكاھىغا ئېلىشنى ئۈمىـد قىلىـپ يـۈرەتتى، شـۇڭا ئـۆمەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇنىــڭ تەكلىپىنــى قوبــۇل قىلمىــدى. بــۇ ئىــش ئــۆمەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇغــا ناھــايىتى ئېغىــر كەلــدى. كېــيىن ســەفىيەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىكاھىغا ئالدى.

بەزىلەر قىزىنى مالدار، مەنسەپ بار ئادەمگە بەرسە بەختلىك بولىدۇ دەپ ئويلايـدۇ. ھـالبۇكى پـۇل ـ مـال ۋە مەنسـەپ دىنـى سـۇس، ئەخلاقـى ناچار كىشىنىڭ قولىغا چۈشسە، ئـۇنى مـۇغەمبەر، ھاكـاۋۇر، گەدەنـكەش قىلىــپ قويــدۇ. ئۇنــداق ئــادەملەر ئــۆزىنىلا ئويلايــدۇ، باشــقىلارنىڭ كـۆڭلىنى چۈشـەنمەيدۇ، چۈشىنىشـنىمۇ خالىمايـدۇ. ئۇنـداقلارنىڭ قولىغـا چۈشــكەن قىــز ھايــاتى بــويىچە خورلــۇق ئىچىــدە ئېزىلىــدۇ. قەتئىــي بەختلىك بولالمايـدۇ. ئەممـا مەنسـىپى بولمىسـىمۇ، مـال ـ دۇنياسـى ئـاز بولسـىمۇ، دىنـدار، ئـاللاھتىن قورقىـدىغان، گـۈزەل ئەخلاقلىـق كىشـىگە

ياتلىق بولغان قىز ھەقىقىي بەختلىك بولالايدۇ. چۈنكى ئۇنداق كىشىلەر باشقىلارنى قەدىرلەيدۇ، كۆڭلىنى چۈشىنىدۇ، دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولالايدۇ. تۇرمۇشى ئاددىي بولسىمۇ كۆزى توق، كۆڭلى خاتىرجەم، ھۇزۇرلۇق ياشايدۇ. مېھرى ـ مۇھەببەت، بەخت ـ سائادەت دېگەن ئەنە شۇنداق كىشىلەردە بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تەئالا بۇ نۇقتىغا دىققىتىمىزنى تارتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇسۇلمانلار! مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغۇچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار. ھۆر، مۇشرىك ئايال (ھۆسن ـ جامالى ۋە مېلى بىلەن) سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن دېدەك ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار. ھۆر مۇشرىك ئەر (مەنسىپى ۋە مېلى بىلەن) سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن قۇل ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر.» [سۈرە بەقەرە 221 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

2 ـ بالىغا ئۇنى بېقىشتا ھاماچىنى ئانىنىڭ ئورنىدا قىلىش. بالىغا ئەڭ شەپقەتلىك كىشى ئانا، ئۇنىڭدىن قالسا ئانىنىڭ ئانىسى، ئۇنىڭدىن قالسا ئانىنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرى (ھاماچا) دۇر. ئەگەر ئانا قايسى سەۋەبتىن بالىسىنى ھىمايىسىگە ئالالمايدىغان ئەھۋال بولۇپ قالسا، شەرئەت بالىنى ئاۋۋال ئانىنىڭ ئانىسىغا، ئۇ بولمىسا ئانىنىڭ ئاچا ياكى سىڭلىسىغا بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن دادىنىڭ ئانىسى ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرىغا بېرىدۇ.

3 ـ نەسەبتىن ئۆيلىنىش ھارام بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئېملداشلىقتىن ھارام بولىدۇ. نەسەبتىن ئۆيلىنىش ھارام بولىدىغانلار تۆۋەندىكىلەر:

ئانا ۋە ئۇنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرى، ئاتىنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرى، بىر تۇغقان ئاچا ـ سىڭىللار ۋە ئۇلارنىڭ قىزلىرى، ئوغۇل بىر تۇغقاننىڭ قىزلىرى، ئۆز ۋە ئۆگەي قىزلىرى، قىز نەۋرىلىرى قاتارلىقلاردۇر. مانا مۇشۇ يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئېملداشلىقتىن ھارام بولىدۇ.

ئالىملارنىڭ ئېملداشلىق ھەققىدە كۆپ تەتقىقاتلىرى بولۇپ، بىلىشكە تېگىشلىك مەسىلە شۇكى، ئېملداشلىقنىڭ سابىت بولۇشى ئۈچۈن بالا ئىككى ياشقا توشماستا ئەمگەن بولۇشى شەرت. ئەگەر ئىككى ياشقا توشقاندىن كېيىن ئەمسە، ئېملداشلىق سابىت بولمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە ئېمىتىش مۇددىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئانىلار باللارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم.» [ سۈرە بەقەرە 233 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئاللاھ تەئالا ھەق يولدا مېڭىپ ئۆز رازىلىقىغا ئېرىشكىلى نېسىپ قىلسۇن. ئامىين!

## 76 ـ ھەدىس ئاللاھ تەئالاغا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان ئەمەللەر توغرىسىدا

عَنِ ابنِ مَسعودٍ رضي الله عنه قال: سَأَلْتُ رسولَ الله صلى الله عليه وسلم: «أَيُّ الأَعْمَالِ أَحَبُّ إِلَى اللهِ؟» قال: «اَلصَّلاَةُ عَلَى وَقْتِهَا» قُلْتُ: «ثُمَّ أَيٌّ؟» قال: «بِرُّ الوَالِدَيْنِ» قُلْتُ: «ثُمَّ أَيٌّ؟» قال: «اَلْجِهَادُ فِي سَبِيلِ اللهِ» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىش قايسى؟ دەپ سورىدىم. رەسۇلۇللاھ: ‹ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز› دېدى. ‹ئاندىن قالسىچۇ؟› دېدىم. رەسۇلۇللاھ: ‹ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش› دېدى. ‹ئاندىن قالسىچۇ؟› دېدىم. رەسۇلۇللاھ: ‹ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش› دېدى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 214]

ئىزاھات: بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئاللاھ تەئالا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەردىن ئۈچ ئىشنى تەرتىپ بويىچە بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسى ۋە ئەڭ ئەۋزىلى ئۆز ۋاقتىدا تەلەپكە لايىق ئادا قىلىنغان ناماز.

نامــاز ــ بەنــدىنىڭ ئــاللاھ تەئــالا بىــلەن بولغــان ئالاقىســى ۋە ئۇچرىشىشــىدۇر. بەنــدىنىڭ تاھــارەت ئېلىــپ جايىنامازغــا كەلگەنلىكــى ئــاللاھ تەئالاغــا چىــن دىلىــدىن چوڭقــۇر ھــۆرمەت بىلــدۈرۈش، ئــاللاھ تەئالانىــڭ ھۇزۇرىــدا قــول بــاغلاپ تــۇرۇپ، ئۇنىڭغــا مۇناجــات قىلىــش، بارلىق تىـلەك، ئـارزۇلىرىنى بىۋاسـىتە ئـاللاھ تەئالانىـڭ ئۆزىـدىن تىـلەش دېگەنلىكتــۇر. نامازنىــڭ مــاھىيىتى قــۇرۇق ھەرىكەتلەردىــن ئىبــارەت ئەمەس. نامــازدا ئىجــرا قىلىنىــدىغان ھەر بىــر ھەرىكەتنىــڭ چوڭقــۇر مەنىسى بار. تاھارەت ئېلىـپ جايىنامازغـا كەلگەنلىـك، ماددىي ۋە مەنىـۋى جەھەتتىن تازىلىنىـپ ئـاللاھ تەئالانىـڭ ھۇزۇرىغـا چىقىـش، ئـاللاھ تەئـالا بىلەن بىۋاسـىتە كۆرۈشۈشـكە ئاتلىنىشـتۇر. نامازغـا باشـلىغاندىن كېيىـن ئـاللاھ تەئالانىـڭ ئـۆزىنى قوبـۇل قىلغـانلىقىنى، ھـازىر ئـاللاھ تەئالانىـڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، سۈر باسقان ھالـدا دەرھـال قـول بــاغلاپ ئــاللاھ تەئالاغــا چوڭقــۇر تەزىــم بىــلەن ھــۆرمەت بىلدۈرىــدۇ. قۇرئانــدىن بىلــگەن ئــايەتلەرنى ئوقــۇپ، ئۆزىنىــڭ قانچىلىــك ئــاجىز ۋە گۇناھكــارلىقىنى، ئــاللاھ تەئالانىــڭ كــاتتىلىقىنى، ئۇلۇغلــۇقىنى ھــېس قىلىــپ، ھــۆرمەت بىلدۈرۈشــتە تېخىمــۇ ئىلگىــرىلەپ، قەددى ـ قــامىتىنى ئېگىــپ رۇكــۇ قىلىــدۇ. رۇكــۇدىن بــاش كۆتۈرگەنــدىن كېيىــن، ئــاللاھ تەئالانىــڭ ئالدىــدا ئۆزىنىــڭ ئــاجىز، ھــېچ نەرسىــگە ئەرزىمەيــدىغان بىــر مەخلــۇق ئىكەنلىكىنــى ئىپــادىلەش ئۈچــۈن، يەرگە پېشانىســىنى قويــۇپ بــارلىق ۋۇجــۇدى ۋە ئىچكــى ھېسســىياتلىرى بىــلەن پەرۋەردىگارىغــا چوڭقــۇر ھــۆرمەت بىلدۈرىــدۇ. ئــاللاھ تەئالاغــا ھــۆرمەت بىلدۈرۈشــتە بەنــدىنىڭ قولىــدىن كېلىــدىغان ئەڭ يــۇقىرى ئىــش ســەجدە قىلىشــتۇر.

ئىنسانىنىڭ ئاللاھ تەئالاغا ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتى سەجدە قىلغان ھالىتىدۇر.

ناماز ئەينى زاماندا ئاللاھ تەئالاغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىشتۇر. مانا مۇشۇنداق نىيمە ئىش قىلىۋاتقانلىقنى بىلىپ ۋە ھېس قىلىپ تۇرۇپ ئوقۇغان ناماز ھەقىقەتەن تەلەپكە لايىق ئادا قىلىنغان نامازدۇر. بۇ شەكىلدە ئادا قىلىنغان ناماز ئىنساننى ياخشىلىققا ئۈندەپ، قەبىھ، يامان ئىشلارنى قىلىشتىن ۋە گۇناھ ـ مەسىيەتلەردىن توسىدۇ. ئاللاھ تەئالا: «ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ» دېگەن. [سۈرە ئەنكەبۇت 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

2 ـ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش. ئىنسان تونۇپ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئۇلۇغ ھەق ئاللاھ تەئالانىڭ ھەققىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسىلا ئەڭ چوڭ ھەق ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەققىدۇر. ئاتا ـ ئانا ئىنسانىنىڭ يوقلۇق ئالىمىدىن ۋۇجۇدقا كېلىپ مەۋجۇدىيەت ئالىمىنىڭ ئايدىڭلىقىغا كۆز ئېچىشىغا سەۋەبچى بولدى ۋە ئۇ چوڭ بولۇپ ئۆز كۈچىگە تايانغۇدەك ھالەتكە كەلگۈچە ئۇنى مىڭ بىر مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلار بىلەن باقتى. ئانىسى ئۇنى ئون ئاي قورسىقىدا كۆتۈرۈپ، ئۆلۈم بىلەن بىرۇن ـ بۇرۇنغا كېلىپ تۇغىدۇ. ئۇنىدىن كېيىن ئۇنى ئىسسىق سۈتى بىلەن ئېمىتىپ، بالىسىنىڭ راھىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ راھىتىدىن كېچىدۇ. ئاتىسى بولسا ئانا ـ بالىنى ياخشى بېقىش يولىدا كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش ۋە ئۇنى ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن يىللارچە دەپ

تۇگەتكۈسىز جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا ئاتا ـ ئانا بالا ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى پىدا قىلىدۇ. ئۇلار بۇ پىداكارلىقلىرى بەدىلىگە بالىسىدىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايدۇ ۋە بالىسىنى بېقىش يولىدا تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرىدىن دادلانمايدۇ، زېرىكىپ قالمايدۇ. دۇنيادا بۇنداق بەدەلسىز ياخشىلىق قىلىدىغان ئاتا ـ ئانىدىن باشقا كىم بار؟ ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسى ئۈچۈن تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى خاتىرىلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى قورسىقىدا ئۇستىگە ئۇستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. ئى ئىنسان! ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جايىڭ مېنىڭ دەرگاھىمدۇر.»[1] «بىز ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر.» [سۈرە ئەھقاف 15 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى، ئۆزىگە يالغۇز ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، ياكى ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھ دېمىگىن

[1] سۈرە لۇقمان 14ـ ئايەت.

(يەنــى مــالاللىقنى بىلدۈرىــدىغان شــۇنچىلىك سـۆزنىمۇ قىلمىغــن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھـۆرمەت بىـلەن يۇمشاق سـۆز قىلغىـن، ئۇلارغـا كامـالى مېھرىبـانلىقتىن ناھـايىتى كەمـتەر مۇئامىلــدە بـولغىن ۋە: ‹ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنـى كىچىكلىكىمـدە تەربىيىلىگەنـدەك ئۇلارغـا مەرھەمەت قىلغىن› دېگىن.» [سۈرە ئىسرا 23 ـ 24 ـ ئايەتلەر]

مانا بۇ ئايەتتە ئاللاھ تەئـالا ئاتـا ـ ئانىغـا قانـداق ياخشـىلىق قىلىشـنى تەپسىلىي بايـان قىلىـدۇ. ئـاللاھ تەئالاغـا ئىبـادەت قىلىـش، ئۇنىـڭ ئاتـا قىلغان سانسىز نازۇ ـ نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىـش بولغـان ئىـكەن، ئاتـا ـ ئانىغـا ياخشـىلىق قىلىـش، ئۇلارنىـڭ بىزنـى بېقىـپ تەربىـيىلەش يولىـدا تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە رەھـمەت ئېيتىـپ قىلغـان ياخشـىلىقلىرىغا شۈكرى قىلىشتۇر. شۇڭا بۇ ئايەتتە ئاتا ـ ئانىغا ياخشـىلىق قىلىـش ئـاللاھ تەئالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنغان.

ئاتـا ـ ئانىنىـڭ بـالىلار ئۈسـتىدىكى ھەققـى بەك چـوڭ بولـۇپ، ئـۇنى ئــادا قىلىــپ بولــۇش مــۇمكىن ئەمەس. بىــر ئــادەم ھەزرىتــى ئــۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: «مېنىڭ قېرىـپ كەتـكەن ئانـام بـار، ئــۇنى كۆتــۈرۈپ تۇرمىســام تاھــارەت ســۇندۇرالمايدۇ، مەن ھەر كــۈنى ئانــامنى بىــر نەچــچە قېــتىم كۆتــۈرۈپ تاھــارەت قىلــدۇرىمەن، ئۇنىــڭ ئۈستۈمدىكى ھەققىنى ئادا قىلـدىمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ھەزرىتـى ئـۆمەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ: «يــاق، چــۈنكى ئانــاڭ ســېنىڭ ياشىشــىڭنى ئۈمىــد قىلغــان ھالــدا ســېنى ئاشــۇنداق باققــان، ھــالبۇكى ســەن ئۇنىڭــدىن

ئايرىلىشىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا شۇنداق قىلىۋاتىسەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى لازىم ئەمەس. مۇسۇلمان بولمىغان ئاتا ـ ئانىلارغىمۇ ياخشىلىق قىلىش لازىم. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن.» [سۈرە لوقمان 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ھەزرىتى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا مېنىڭ مۇشرىك ئانام يېنىمغا كەلگەن ئىدى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: ‹ئانام مەندىن ياخشىلىق كۈتۈپ كەپتۇ، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلسام بولامدۇ؟› دەپ سورىدىم. رەسۇلۇللاھ: ‹بولىدۇ، ئانىڭىزغا ياخشىلىق قىلىڭ› دېدى.»

3 ـ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش. جىھاد قىلىش يۇقىرىسى دىن دۈشمەنلىرى بىلەن قوراللىق ئۇرۇش قىلىش، تۆۋىنى ئاللاھ تەئالا رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان بارلىق ئىش ـ ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەۋزەل جىھاد ــ مېلى ۋە جېنى بىلەن ئاللاھ تەئالا يولىدا دىنىنى ۋە ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن قوراللىق ئۇرۇش قىلىشتۇر. لېكىن بۇنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرى ۋە ۋاقىت ـ زامانى باردۇر.

ھەدىستە نامازنى ئـۆز ۋاقتىـدا ئـادا قىلىـش، ئاتـا ـ ئانىغـا ياخشـىلىق قىلىش ۋە ئاللاھ تەئالا يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئىبارەت ئـۈچ ئـىش تىلغـا ئېلىنغـان بولـۇپ، ئىسلامدا بۇيرۇلغـان بـارلىق ئەمەل ـ ئىبـادەتلەرنى ئـۆز ئىچىــگە ئالىــدۇ. نامــاز بولســا، زاكـــات، روزا، ھەج ۋە باشـــقا بـــارلىق ئىبادەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىـدۇ. ئاتـا ـ ئانىغـا ياخشـىلىق قىلىـش بولسـا، بـارلىق ئـۇرۇق ـ تۇغقـان ۋە باشـقىلار بىلـەن ياخشـى مۇئـامىلە قىلىـش ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىـدۇ. جىھـاد بولسـا، دىنـى، ئـۈممىتى ۋە ۋەتىنـى ئۈچـۈن قىلىـدىغان بـارلىق خىزمەتلەرنـى ۋە پىـداكارلىقلارنى ئـۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىــدىكى ئىشــلارنىڭ تىلغــا ئېلىــنىش تەرتىپىــۇ ئالاھىــدە ھېكمەتكە ئىـگە. چـۈنكى ئىمـان ئېيتىـپ مۇسـۇلمان بولغـان كىشـىنىڭ ئەڭ ئــاۋۋال قىلىــدىغان ئىشــى ئــاللاھ تەئالاغــا ئىبــادەت قىلىشــتۇر. ئىبادەتلەرنىــڭ ئەڭ بېشــىدا ھەر كــۈنى بەش ۋاقىــت نامــاز ئوقــۇش كېلىـدۇ. نامـاز ۋە باشـقا ئىبـادەتلەرنى ئـادا قىلغـان كىشـىنىڭ ئەخلاقـى گۈزەل بولۇشى ۋە كىشىلەر بىلـەن قىلىـدىغان مۇئامىلىسـى ياخشىلىنىشـى كېـرەك. ئانــدىن چىــن قەلبىــدىن ئىشــەنگەن مــۇقەددەس دىنىنــى ۋە ســۆيۈملۈك ۋەتىنىنــى دۈشــمەنلەرنىڭ ھەر تۈرلــۈك تاجاۋۇزلىرىــدىن قوغدىشـى، مـۇداپىئە قىلىشـى، كېـرەك بولغانـدا مېلىنـى، جېنىنـى پىـدا قىلىشـتىن چېكىنمەسـلىكى لازىـم. شـۇنداق قىلغانـدا ئانـدىن ھەقىقـى مۇســـۇلمان بولـــۇپ، ئـــاللاھ تەئالانـــىڭ رازىلىقىغـــا ۋە مۇكاپاتلىرىغـــا ئېرىشـەلەيدۇ، بولمىسـا ئۇنىـڭ مەن مۇسـۇلمان دېگىنـى ئەمەلىيىتـى يـوق قۇرۇق دەۋا بولۇپ قالىدۇ، خالاس.

ئـاللاھ تەئـالا بىزنـى ھەقىقـي مۇسـۇلمان بولـۇپ ياشـاپ، دۇنيـا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئېرىشتۈرسۇن. ئامىين!

## 77 ـ ھەدىس ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا

عن أبي هريرةَ رضي الله عنه قال: جَاءَ رَجُلٌ إِلَى رَسُولِ صلى الله عليه وسلم: فقال: «يَا رَسُولَ اللهِ! مَنْ أَحَقُّ النَّاسِ بِحُسْنِ صَحَابَتِي؟» قَالَ: «أُمُّكَ» قَالَ: «ثُمَّ مَنْ؟» قَالَ: «أُمُّكَ» قَالَ: «ثُمَّ مَنْ؟» قَالَ: «أُمُّكَ» قَالَ: «ثُمَّ مَنْ؟» قَالَ: «ثُمَّ أَبُوكَ.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمغا ئەڭ ھەقلىق كىشى كىم؟› دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: ‹ئاناڭ› دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: ‹ئاندىن قالسا كىم؟› دېدى. رەسۇلۇللاھ: ‹ئاناڭ› دېدى. ئۇ ئادەم: ‹ئاندىن قالسا كىم؟› دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: ‹ئاناڭ› دېدى. ئۇ ئادەم: ‹ئاندىن قالسا كىم؟› دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: ‹ئاندىن قالسا ئاتاڭ› دېدى. [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 6452]

ئىزاھات: ئىنسانلار كۆپ ھاللاردا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قىلغان ياخشىلىقنى ئۆز لايىقىدا قەدىرلىمەيدۇ. ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا سەل قارايدۇ. خوتۇنىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئاتا ـ ئانىسىدىن يۈز ئۆرۈيدىغان، ئۇلارنى دۆشكەلەيدىغان ئەھۋاللارمۇ جەمئىيەتتە كۆپ

ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا قۇرئان كەرىمدە بولسۇن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىدە بولسۇن، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمرى ـ پەرمانلار كۆپتۇر. بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئانىنى ئۈچ قېتىم تىلغا ئېلىشىنىڭ ھېكمىتىنى ئۆلىمالار مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: بالا ئانىنىڭ ئۇنى بېقىش، تەربىيىلەش يولىدا تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى ئۆز لايىقىدا ھېس قىلمايدۇ. چۈنكى ئانىسى ئۇنى قورسىقىدا كۆتۈرۈش، تۇغۇش، ئېمىتىش، كېچىلىرى ئۇخلىماي ئۇنىڭغا قاراش قاتارلىق مىسلىسىز جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى بالا كىچىك چاغدا تارتقاچقا، بالا ئانىسىنىڭ ئۇ ئىباھا پىداكارلىقلىرىدىن خەۋەرسىزدۇر. بالا ئەقلىگە كېلىپ بىر نەرسىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندا پەقەت دادىسىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى كۆرىدۇ. چۈنكى دادىسى ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق بارلىق ئېھتىياجلىرىنى ئېلىپ تەييارلاپ بېرىدۇ، بازارغا بارسا پۇل بېرىدۇ. مەكتەپكە بارسا، دەپتەر، قەلەم ۋە باشقا بارلىق چىقىملىرىنى قىلىپ بېرىدۇ. ئانىسى تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇشتىن ئىبارەت ئۆي خىزمەتلىرىنى قىلىدۇ. بۇ ھالەتتە بالا دادىسىنىڭ پىداكارلىقىنى كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئانىسىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى كىچىك كۆرىدۇ. بىزنى ئاتىمىزلا باقىدىكەن دەپ ئويلايدۇ. ھالبۇكى، ئانىنىڭ تارتقا جەبرى ـ جاپا، دەرد ـ ئەلەملىرى دادىنىڭ پىداكارلىقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپتۇر. بۇنى بالا ھېس قىلمايدۇ. شۇڭلاشقا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئانىنى ئۈچ قېتىم تىلغا ئالغاندىن كېيىن، ئاتىنى بىر قېتىم تىلغا ئالىدۇ.

ئىككىنچىدىن: دادا بالىغا ئانچە بەك موھتاج بولمايدۇ. كۆپىنچە دادا ئۆز ئېھتىياجىنى ئۆزى قامداپ كېتەلەيدۇ. ئەمما ئانا ئاجىز، بىچارە بولغانلىقى ئۈچۈن بالىسىنىڭ ياردىمىگە دادىسىدىن بەكرەك موھتاج. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانا ئۈچ قېتىم تىلغا ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئاللاھ تەئالامۇ قۇرئان كەرىمدە ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن، ئانىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى بالىلارنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىنسانىنى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئىنسانىنى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر.» [سۈرە ئەھقاف 15 ـ ئايەت]

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش: ئاللاھ تەئالاغا ئاسىيلىق بولمايدىغان ھالەتتە ئۇلارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش، تۇسقان ئىشىدىن يېنىش، ئۇلارنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىش، ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇش، ئۇلارنىڭ دۈشمىنىگە دوست ـ دوستىغا دۈشمەن بولماسلىق، بىر نەرسە تەلەپ قىلسا بېرىش بىلەن بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «دادام مېلىمنى تارتىۋالدى» دەپ شىكايەت قىلىپ كەلگەن كىشىگە، «سەن ۋە مېلىڭ داداڭنىڭ مۈلكى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئاللاھ تەئالا بالىلارنىڭ ئۈستىگە ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشنى پەرز قىلغاندەك، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىگە ياخشى ئىشلاردا بالىلىرىغا

ياردەم قىلىشنى، ئۇلارنى قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورلىماسلىقنى، بالىلىرىنىڭ ئىشىنى قىيىنلاشتۇرماسلىقنى ۋاجىپ قىلدى. بەزى ھەق ـ ھوقۇق بىلمەيدىغان، ئۈستىدىكى باشقىلارنىڭ ھەققى بىلەن كارى بولمايدىغان كىشىلەر بالىلىرىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، خاتالىقى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ ئۆزىنىڭ قارىشىنى پايدىلىق، باشقىلارنىڭ پايدىلىق كۆز قاراشلىرىنى زىيانلىق دەپ قارايدۇ. بۇنداق ئادەملەر بالىلىرىغا زىيان سالىدۇ، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى بەربات قىلىدۇ. ئۇنداق كىشىلەرنىڭ خاتا ئىشلىرىغا ئىتائەت قىلىش بالىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ ئەمەس. چۈنكى ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش ھەم ئۆزىگە ھەم ئاتا ـ ئانىسىغا زىيان كەلتۈرىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىغا زىيان كەلتۈرىدىغان ئىشتا ئۇلارنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش گۇناھ بولمايدۇ.

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئوغلۇم ئابدۇللاھنى خوتۇنىۇڭنى قويۇۋەتكىن دېسەم ئۇنىمىدى» دەپ شىكايەت قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇللاھقا: «ئاتاڭغا ئىتائەت قىلغىن» دېگەن. بۇ يەردە ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلىنى خوتۇنىنى قويۇۋېتىشكە بۇيرۇشىدا ئەلۋەتتە چوڭ بىر سەۋەب بار. ئەمما ھەر قانداق ئاتا ـ ئانا يوقلاڭ سەۋەبلەرنى باھانە قىلىپ بالىلىرىنى خوتۇنىنى قويۇۋېتىشكە بۇيرۇسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىپ خوتۇنىنى قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇنى ئىمام ئەھمەد رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى شۇنداق چۈشەندۈرگەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ يېنىغا بىر ئادەم كېلىپ:

«دادام خوتۇنــۇڭنى قويــۇۋەتكىن دەيــدۇ، قانــداق قىلىــمەن؟» دەپ سورىغاندا، ئىمام ئەھمەد: «ئۇنى قويۇۋەتمىگىن» دېگەن. ھېلىقى ئادەم: ئۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـۇ ئوغلىغا خوتۇنـۇڭنى قويـۇۋەتكىن دېگەنـدە، رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ئاتاڭغــا ئىتــائەت قىلغىــن دېــگەن ئەمەســمىدى؟» دېۋــدى، ئىمــام ئەھــمەد: «داداڭ ئــۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك بولغۇچىلىق قويۇۋەتمىگىن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىمام ئىبنى تەيمىيە ــ رەھمەتـۇللاھى ئەلەيھـى ــ دىـن «ئانىسـى ئـوغلىنى خوتـۇننى قويۇۋېتىشـكە ئەمرى قىلسا قانـداق قىلىـدۇ؟» دەپ سـورىغاندا، «ئـۇ كىشـىنىڭ خوتـۇننى قويۇۋېتىشـى دۇرۇس بولمايـدۇ. بەلكى ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشى لازىم، خوتـۇننى تـالاق قىلىـش ئانىغا ياخشـىلىق قىلغـانلىق ئەمەس» دەپ جـاۋاب بەرگەن. مـۆمىنە ئاياللىنىـڭ كېلىنىــى بىــلەن جېــدەل چىقىــرىش، ئوغلىنىــڭ بــالىلىرىنى ئــۇرۇش، ئوغلىنىــڭ ئۆيــدىكى ئىشــلارغا ئارىلىشــىۋېلىش ئــارقىلىق بالىســىنى ئىتائەتسـىزلىككە چۈشۈرۈشـى تـوغرا ئەمەس. ئۆلىمـالار: «ئاتـا ـ ئانىنىـڭ بـالىلىرىنى ئـۆزلىرى خالىمىغـان كىشـىلەر بىـلەن نىكاھلىنىشـقا زورلاش ھەققـى يـوق، ئەگەر بـالا بـۇ ئىشـتا ئۇلارغـا بويسۇنمىسـا ئاتـا ـ ئانىسـىنى قاقشاتقان بولمايدۇ» دەيـدۇ. دېـمەك ئاتـا ـ ئـانىلارمۇ بـالا ـ چاقىلىرىنىـڭ ھېسسىياتىغا قارشى چىقىپ ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ياندۇرماسلىقى لازىم.

بىـر ئـادەم رەسـۇلۇللاھنىڭ قېشـىغا كېلىـپ جىھادقـا چىقىـش ئۈچـۈن رۇخسـەت سـورىغاندا، رەسـۇلۇللاھ: «ئاتـا ـ ئانـاڭ ھايـاتمۇ؟» دېـگەن. ئـۇ ئــادەم: «ھايــات» دەپ جــاۋاب بەرگەنــدە، رەســۇلۇللاھ: «بېرىــپ ئۇلارغــا

ياخشىلىق قىلغىن» دېگەن. يەنى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلساڭ جىھاد قىلغانىنىڭ ساۋابىنى ئالىسەن دېگەن بولىدۇ.

يەنە بىر كىشى يەمەندىن كېلىپ، رەسۇلۇللاھتىن جىھادقا چىقىشنى تەلەپ قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ: «يەمەندە كىمىڭ بار؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم: «ئاتا ـ ئانام بار» دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇلار ساڭا رۇخسەت بەردىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم: «رۇخسەت بەرمىدى» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنداق بولسا، ئۇلارنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ ئۇلاردىن رۇخسەت سورىغىن، رۇخسەت بەرسە جىھادقا چىققىن، ئەگەر رۇخسەت بەرمىسە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغىن» دېدى.

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئۇلارنى سۆيۈش، ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش، ئۇلارغا داۋاملىق دۇئا قىلىش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش چىقىملىرىنى ئۈستىگە ئېلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ ئىشلارنى قىلىشتا ئوغۇل ـ قىز، باي ـ كەمبەغەل، كۈچلۈك ـ ئاجىز ھەر كىشىنىڭ ئۆز ئىقتىدارىغا قاراپ بولىدۇ. ھەركىم قولىدىن قانداق ياخشىلىق كەلسە شۇنى قىلىش كېرەك. ئىسلامدا ھېچكىم كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇلمايدۇ. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشتا ھەممە ئادەم ئوخشاش بولىدىغان بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇلار ھەققىدە ياخشى دۇئا قىلىشتۇر. ئاللاھ تەئالا ئاتا ـ ئانىغا دائىم دۇئا قىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «‹ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن› دېگىن.» [سۈرە ئىسرا 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئاللاھ تەئالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىم! ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۆمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە ۋە مۆمىن ئەرلەرگە، مۆمىن ئاياللارغا مەغپىرەت قىلغىن.» [سۈرە نۇھ 28 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ھەققىدە دۇئا قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىدى.» [سۈرە تەۋبە 114 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم بالىسى ئۆلسە، ئۈچ ئىشتىن باشقا بارلىق ئەمەللىرى ئۈزۈلىدۇ. ئۇ ئۈچ ئىش: سەدىقە جارىيە، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى بالا.»

ئاللاھ تەئالا ئاتا ـ ئانىلارنىمۇ باللىرى ھەققىدە دۇئا قىلىشقا تەرغىب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار: ‹ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارغا پېشۋا قىلغىن› دەيدۇ.» [سۈرە فۇرقان 74 ـ ئايەت] «ئى پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەردىن قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ساڭا

جىمـــــــى گۇنـــــــاھلاردىن تەۋبە قىلــــــدىم، مەن ھەقــــــقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن.» [سۈرە ئەھقاف 15 ـئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئاتــا ـ ئانــا بالىلىرىغــا قىلغــان دۇئــالىرىنى بالىلىرىغــا ئىشــتتۈرۈپ قىلىشى ۋە بالىلارمۇ ئاتــا ـ ئــانىلىرى ھەققــدە قىلغــان دۇئــالىرىنى ئۇلارغــا ئاڭلىتىــپ قىلىشــى ياخشــى. بۇنــداق قىلىــش ئــارقىلىق ئاتــا ـ ئانــا، بــالا ـ چاقا ئوتتۇرىسىدىكى مېھرى ـ مۇھەببەت ئاشىدۇ. ۋاپات بولغان ئاتا ـ ئــانىلار بالىلىرىنىــڭ دۇئالىرىــدىن مەنپەئەتلەنگەنــدەك، ئــۇلار ھەققــدە قىلغــان ســەدىقە ۋە باشــقا ياخشــى ئەمەللەردىنمــۇ مەنپەئەتلىنىــدۇ. بىــر ئــادەم رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمنىڭ قېشــىغا كېلىــپ: «مېنىــڭ ئانــام ئۆلــۈپ كەتتــى، ئۇنىــڭ ھەققــدە ســەدىقە قىلســام ئۇنىڭغــا پايدىســى بولامــدۇ؟» دەپ ســورىغان، رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم: «ھەئە، پايدىســى بولىــدۇ» دەپ جــاۋاب بېرىۋېــدى، ئــۇ ئــادەم: «گۇۋاھ بولۇڭ، مېنىڭ بىر بېغىم بار ئىدى، ئــۇنى ئانــام ھەققــدە ســەدىقە قىلدىم» دېدى.

ئاتا ـ ئانىنىڭ دوست ـ يارانلىرىغا ياخشىلىق قىلىشمۇ ئاتــا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلغانلىق جۈملىسىدىن بولىدۇ. چــۈنكى ئــۇلار ئــۇ ياخشىلىق بىــلەن ياخشــىلىق قىلغۇچىنىــڭ ئاتــا ـ ئانىســىنى ئەســلەپ رەھــمەت تىلەيــدۇ. ئىمــام مۇســلىم ئابــدۇللاھ ئىبنــى دىنــار رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىــر كــۈنى مەككىنىــڭ يولىــدا ئابــدۇللاھ ئىبنــى ئــۆمەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇماغــا بىــر ســەھرالىق ئەرەب ئۇچرىغــان ئىــدى، ئابــدۇللاھ دەرھــال ئۇلىغــدىن چۈشــۈپ ئۇنىڭغــا ســالام بېرىــپ ھــال ـ

ئەھــۋالىنى ســورىدى، ئــۇنى ئــۆزى مــىنگەن ئۇلاغقــا مىنــدۈردى ۋە بېشىدىكى سەللىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويىدى. مەن ئــاللاھ ســىزگە ياخشــىلىق ئاتــا قىلســۇن، ئــۇ ســەھرالىقلار ئــازراق بىــر نەرســىگىمۇ رازى بولىــدىغۇ، دېــدىم. ئابــدۇللاھ: «بــۇ ئادەمنىــڭ دادىســى دادام ئۆمەرنىــڭ دوســتى ئىــدى، مەن رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمنىڭ: ‹ياخشــىلىقنىڭ ئەڭ ياخشىســى بالىنىــڭ ئاتىســىنىڭ دوســتلىرىنىڭ، ئائىلىســىگە ياخشــىلىق قىلىشــىدۇر› دېگەنلىكىنىــى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى.»

ئــاللاھ تەئــالا ئاتــا ـ ئانىمىزغــا قــولىمىزدىن كەلــگەن ياخشــىلىقنى قىلىــدىغان، ئۇلارنىــڭ ھايــاتىنى ئۆزىمىزنىــڭ ھاياتىــدىن ئەۋزەل بىلىدىغان ياخشى ئەۋلادلاردىن بولغىلى نېسىپ قىلسۇن. ئەۋلادىمىزغا تەۋپىــق ـ ھىــدايەت بېرىــپ ئاتــا ـ ئانىســىنىڭ قەدىــر ـ قىممىتىنــى بىلىدىغان ياخشى ئەۋلادلاردىن قىلسۇن. ئامىين!

## 78 ـ ھەدىس ئاتا ـ ئانىلارنى قاقشىتىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

عَن الْمُغيرةِ بنِ شُعْبَةَ رضي الله عنه، عَنِ النَّبِيِّ صلى الله عليه وسلم قال: «إِنَّ اللهَ حَرَّمَ عَلَيْكُمْ عُقُوقَ الأُمَّهَاتِ، ووَأْدَ الْبَنَاتِ، ومَنْعًا وَهَاتِ، وَكَرِهَ لَكُمْ قِيلَ وَقَالَ، وَكَثْرَةِ السُّؤَالِ وَإِضَاعَةِ الْمَالِ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ سىلەرگە ئانىلارنى قاقشىتىشنى، قىزلارنى تىرىك كۆمۈشنى، بەرمەي ئېلىشنى ھارام قىلدى. پايدىسىز بەس ـ مۇنازىرە قىلىشلارنى، كۆپ سوئال سورىشلارنى ۋە پۇل ـ مالنى ئىسراپ قىلىشلارنى يامان كۆرىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 5838]

ئىزاھات: جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى ھارام ۋە ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى مەكرۇھ دەپ كۆرسەتتى. ھارام ئىشلارنىڭ بىرىنچىسى ئانىلارنى قاقشىتىش. بۇنىدىن ئىلگىرىكى ھەدىسلەردە ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە توختالغان ئىدۇق، بۇ ھەدىستە بولسا ئاتا ـ ئانىلارنى، بولۇپمۇ ئانىنى قاقشىتىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىمىز. ئانىلارنى قاقشىتىشنىڭ قانچىلىك يامان ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى

بىلىــش ئۈچــۈن تۆۋەنــدىكى ھەدىســنى ئوقۇســاق كۇپــايە قىــلار دەپ ئويلايمەن:

ھەزرىتــى ئابــدۇللاھ ئىبنــى ئەبــى ئەۋفــا رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ مۇنــداق رىــۋايەت قىلىــدۇ: بىــز رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمنىڭ يېنىــدا ئولتۇراتتــۇق. بىــر ئــادەم كېلىــپ: «بىــر يــاش يىگىــت ســەكراتقا چۈشــــۈپ قالــــدى، ئۇنىڭغــــا ‹لائىــــلاھە ئىللەلــــلاھ› دەڭ دېســــەك دېيەلمەيۋاتــدۇ» دېــدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹ئــۇ نامازنى ئوقۇياتتىمۇ؟› دەپ سورىدى. ھېلىقى ئــادەم: ‹ھەئە، نامــاز ئوقــۇيتتى› دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئورنىــدىن تــۇردى، بىزمۇ تــۇردۇق. رەســۇلۇللاھ ئــۇ بالىنىــڭ قېشــىغا كېلىــپ: ‹لائىــلاھە ئىللەلــلاھ دەڭ› دېــدى. ئــۇ: ‹دېــيەلمەيمەن› دېگەنــدە، رەســۇلۇللاھ: ‹نېمشــقا؟› دېدى. ‹ئۇ ئانىسىنى قاقشىتاتتى› دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: ‹ئۇنىــڭ ئانىســى تىرىكمۇ؟› دېــدى. ‹ھەئە، تىرىــك› دەپ جــاۋاب بېرىشــتى ســورۇندىكىلەر. رەســۇلۇللاھ: ‹ئــۇنى چاقىرىــپ كــېلىڭلار› دېــدى. بالىنىــڭ ئانىســىنى چاقىرىــپ كېلىشــتى. رەسۇلۇللاھ ئــۇ ئايالغــا: ‹بــۇ ســىزنىڭ بــالىڭىزمۇ؟› دېــدى. ئايــال: ‹ھەئە› دېگەنــدىن كېــيىن، رەسۇلۇللاھ: ‹ســىز ئۇنىڭــدىن رازىمــۇ؟› دېــدى. ئايــال: ‹مەن ئۇنىڭــدىن رازى ئەمەس› دېــدى. رەسۇلۇللاھ: ‹چــوڭ بىــر ئــوت يېقىلســا، ئانــدىن ســىزگە بــالىڭىزدىن رازى بولسىڭىز قويۇپ بېرىمىز، بولمىسا ئــۇنى مۇشــۇ ئوتتــا كۆيــدۈرىمىز دېســە، بــالىڭىزدىن رازى بولامســىز؟› دېــدى. ئايــال: ‹ئــۇ چاغــدا رازى بــولىمەن› دېــدى. رەسۇلۇللاھ: ‹ئۇنــداقتا ھــازىر بــالىڭىزدىن رازى بولغــانلىقىڭىزنى ئېلان قىلىــڭ› دېــدى. ئايــال: ‹ئــى ئــاللاھ! مەن ســېنى ۋە پەيغەمبىرىڭنــى

گـۇۋاھچى قىلىمەنكـى، مەن بالامـدىن ھەقىـقەتەن رازى بولـدۇم› دېـدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ بالىغا: ‹ئى ئوغـۇل! ئەشـھەدۇ ئەلـلا ئىـلاھە ئىللەللاھـۇ ۋەھــدەھۇ لاشــەرىكە لەھــۇ، ۋە ئەشــھەدۇ ئەنــنە مــۇھەممەدەن ئابــدۇھۇ ۋەرەسۇلۇھۇ› دېگىن دېدى. ئۇ بـالا كەلىـمە شـاھادەتنى ئوقـۇدى. ئانـدىن رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم: ‹بـۇ بـالىنى دوزاخ ئوتىـدىن قۇتقۇزغان ئاللاھقا شۈكۈر› دېدى.

رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم: «ئاتــا ـ ئانــىلارنى قاقشىتىشـتىن ھەزەر قىلىڭـلار، جەننەتنىـڭ خۇشـپۇرىقى مىـڭ يىللىـق يىراقلىقتا يېتىدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسـەمكى، ئاتـا ـ ئانىسـىنى قاقشـاتقۇچى، سىلە ـ رەھىمنـى ئۈزگـۈچى، قېـرى تـۇرۇپ زىنـا قىلغـۇچى، تەكەببۇرلـۇق بىــــلەن ئىشـــتىنىنى ســـۆرەپ مـــاڭغۇچى جەننەتنىـــڭ پـــۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ...» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم يەنە مۇنـداق دەيـدۇ: «ئاتـا ـ ئـانىنى قاقشىتىشـتىن باشـقا ھەر قانـداق گۇناھنىـڭ جازاسـىنى ئـاللاھ خالىســا قىيــامەت كــۈنىگە كېچىكتۈرىــدۇ، ئــاللاھ ئاتــا ـ ئانىســىنى قاقشـاتقۇچىنىڭ جازاسـىنى ئـۇ ئۆلۈشـتىن ئىلگـىرى مۇشـۇ دۇنيـادا نەق بېرىدۇ.»

دېــمەك، ئاتــا ـ ئانىلارغــا ئىتــائەت قىلىــش، ئۇلارنىــڭ كــۆڭلىنى ئاغرىتماسلىق، ئۇلارغـا قوپـال مۇئـامىلە قىلماسـلىق، ئۇلارغـا قـاتتىق ئـاۋاز بىـلەن سـۆز قىلماسـلىق، بولۇپمـۇ ياشـىنىپ قالغانـدا ئۇلارنىـڭ كـۆڭلىنى

ئاياش لازىم. چۈنكى ئىنسان قېرىغاندا بەك نازۇك، كىچىككىنە بىر ئىشقا خاپا بولىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

يەنە شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، بۈگۈنكى ياشلار بىر كۈن قېرىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۈگۈن ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتسا، ئەتە بالىلىرى ئۇلارنى قاقشىتىدۇ. شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، بالىلىرىڭلار سىلەرگە ياخشىلىق قىلىدۇ» دېگەن.

ھەدىستە كۆرسىتىلگەن ھارام ئىشنىڭ ئىككىنچىسى قىزلارنى تىرىك كۆمۈشتۇر. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن مەككىدىكى مۇشرىك ئەرەبلەر «قىزلار ئار ـ نومۇس كەلتۈرىدۇ ياكى نامراتلىق ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن باھانە بىلەن قىزلىرىنى تىرىك كۆمەتتى. قۇرئان كەرىمدە ئەرەبلەرنىڭ قىز پەرزەنتى بولسا قانچىلىك بىئارام بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە (خوتۇنىنىڭ) قىز تۇغقانلىقى خۇش خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، غەزەبلەنگەنلىكىدىن چىرايى قارىيىپ كېتىدۇ. يەتكۈزۈلگەن خەۋەرنىڭ يامانلىقىدىن ئۇ قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئاندىن نومۇسقا چىداپ قىزنى ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى توپا ئاستىغا تىرىك كۆمەمدۇ؟ شۇ ھەقتە ئويلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمى ھەقىقەتەن نېمىدېگەن قەبىھ!» [سۈرە نەھل 58 ـ 59 ـ ئايەتلەر]

بىر كۈنى ساھابە كىراملاردىن بىرى مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى قىزىنى قانداق كۆمگەنلىكىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمگە مۇنداق ھېكايە قىلىپ بەرگەن: «مېنىڭ چىرايلىق بىر قىزىم بار ئىدى، ئۇ ئالتە يېشىغا قەدەم باسقاندا ئانىسىغا: ‹قىزىڭنى چىرايلىق كىيىندۈرگىن، ئۇنى مېھمانغا ئېلىپ بارىمەن› دېدىم. ئانىسى مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى بىلەتتى. ئانىسى قىزىمنى چىرايلىق كىيىندۈرۈپ تەييارلىدى، مەن ئۇنى مېھمانغا ئاپىرىمەن دەپ ئېلىپ ماڭدىم. ئانىسى كۆز ياشلىرىنى دەريادەك ئاققۇزۇپ قالدى. كىچىك قىز بىر ئازدىن كېيىن تىرىك كۆمۈلىدىغانلىقىنى قەيەردىن بىلسۇن؟ ئۇ ناھايىتى خۇشال ئەركىلەپ ماڭدى. مەن ئۇنى كۆمىدىغان يەرگە ئېلىپ باردىم. چوڭقۇر ئورا كولىدىم، قىزىممۇ كىچىككىنە قوللىرى بىلەن ماڭا ياردەملەشتى ۋە ساقىلىمدىكى توپىلارنى تازىلايتتى. ئورا پۈتكەندىن كېيىن قىزىمنى ئورىغا چۈشۈرۈپ، ئۈستىگە توپا تاشلاشقا باشلىدىم. ئۇ دادا دەپ يىغلاپ قوللىرىنى سوناتتى، ئېتەكلىرىمگە ئېسىلاتتى، لېكىن مەن پەسەنت قىلماي ئۇنى كۆمۈۋەردىم. ئاخىرى قىزىم كىچىك قوللىرىنى ماڭا سۇنۇپ، يالۋۇرۇپ يىغلىغانچە كۆمۈلدى.»

ئىككى ئالەمگە رەھمەت بولغان جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى ۋە ھېلىقى ساھابىنى «يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. مانا بۇ قەلبىدە ئىمان بولمىغان تاش يۈرەك ئىنسانىنىڭ ۋەھشىلىكىنىڭ درامىسى. بۇ ۋەھشىيلىك جاھىلىيەت ئەرەبلىرىگىلا خاس ئەمەس، ئىسلامدىن نېسىۋىسى بولمىغان، ئاللاھ تەئالاغا چىن ئىشەنمەيدىغان بارلىق ئىنسانلارغا ئام. ئىشەنمىسىڭىز دۇنيانىڭ ئەڭ مەدەنىيەتلىك ئىنسانلىرى بولغان، خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق، خەلقئارالىق ئاياللار

ھوقـۇقى، خەلقئـارالىق بـالىلار ھوقـۇقى چىقارغـان چـوڭ دۆلەتلەرنىـڭ ئافغانىسـتاندا، پەلەسـتىندە، ئىراقتـا قانچىلىغـان نارەسـىدە قىزلارنـى بومبارDىمـان قىلىـپ ئۆلتـۈرگەنلىكى، ئەر ـ ئايـال، يـاش ـ قېـرى، چـوڭ ـ كىچىــك دېمەســتىن مــىدىرلىغانلا گەۋدىنــى ئــات! دەپ بـــۇيرۇق چۈشـۈرگەنلەرنىڭ ئاشـۇ ئەرەبلەردىــن قەيـرى كەم؟ يەر ئاسـتى ۋە يەر ئۈسـتى ئـاتوم تەجرىبىلـرى ئېلىــپ بېرىــپ، مىليـونلارچە بالىلارنىــڭ ئەيىبلىــك تۇغۇلۇشــىغا ســەۋەب بولغانلارنىــڭ ۋەھشــىيلىكىگە نــېمە دېگۈلـۈك؟ يەنە كېلىــپ بىكــاردىن بىكارغــا كىشــىلەرنىڭ زېمىنىنــى بېسىۋېلىپ، يەرلىك خەلقنى تېررورىست دەپ مىڭلاپ تـۈرمىگە تاشلاپ، ۋەھشـىيلەرچە قىينىغـان، يالىڭـاچلاپ ئىنسـانلىق غـۇرۇرىنى دەپسـەندە قىلغانلارنىچۇ؟

دېــمەك، ئىســلام بولمىغــۇچە ئىنســانلار ۋەھشــىيلىكتە يىرتقــۇچ هــايۋانلاردىن نەچــچە ھەســسە ئېشــىپ كېتــىدۇ. ئىسـلام ئەنە شـۇنداق ۋەھشــــيلىكنى مېھرىبانلىققـــا، نـــاھەقچىلىكنى ئـــادالەتكە، زۇلــــۇمنى رەھمەتــكە ئايلاندۇرالايــدىغان بــىرلا ئاملــدۇر. يەر يۈزىــدە ئىســلام ئومۇملاشـمايدىكەن نـاھەق قـان تۆكۈلـۈش توختىمايـدۇ. رەسـۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قىزلارنى تىرىـك كۆمـۈش سـىلەرگە ھـارام قىلىندى» دېگەن سۆزى بىلەن كىشىلەرنى مەرھەمەتكە چاقىرىدۇ.

«جەمئىيەتنــى ئىســلاھ قىلىــش» دېــگەن كىتابنىــڭ ئـاپتورى بــۇ ھەدىســنىڭ شــەرھىدە مۇنــداق دەيــدۇ: «مېنىــڭ نەزىرىمــدە، قىزلارنــى ئۆلتۈرــۈپ، دۇنيـا ۋە ئاخىرەتنىــڭ ئىشــلىرىنى ئــۆگەتمەي ھــايۋانلاردەك

بولۇشىغا تاشلاپ قويۇش، ئۇلارنى ئۆلتۈرگەندىن يامان ۋە ئۇلار ئۈچۈن تىرىك كۆمگەندىنمۇ زىيانلىقراقتۇر. چۈنكى دادىسى ياخشى تەربىيىلىمىگەن، بىلىمسىز جاھىل خوتۇنلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ھاياتىدا ھېچ ياخشىلىق يوق. ئۇنداق خوتۇنلار ھاياتتا يېيىش، ئىچىش ۋە باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن خىلمۇ خىل كىيىم كىيىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ.»

ھەدىستە ھارام دەپ كۆرسىتىلگەن ئىشنىڭ ئۈچىنچىسى بېخىللىق ۋە مال جۇغلاشتۇر. يەنى مالنىڭ قايسى يولدىن كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ھالال ـ ھارام ئىلغىماستىن مال جۇغلاش ۋە موھتاجلارغا ياردەم قىلماسلىق، ئاللاھ يولىدىكى خەيرلىك ئىشلارغا سەدىقە بەرمەسلىكتۇر. بېخىللىق قىلىپ سىقىۋېلىش جائىز بولمىغاندەك، ئىسراپخورلۇق قىلىپ پۇل ـ مالنى بۇزۇپ ـ چېچىش، ھارام ئىشلارغا پۇل سەرپ قىلىش، پايدىسىز يوللارغا پۇل خەجلەشمۇ دۇرۇس ئەمەس. تويي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم مۇراسىملىرىدا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، ۋىچىركا قىلدۇق دەپ ھاراق ئىچىپ تانسا ئويناش ئىشلىرىغا پۇل خەجلەش، ئىسلامدا ھېچ ئاساسى بولمىغان نەزىر  ـ چىراغلارنى چىقىرىۋېلىپ پۇل چىقىم قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامدا ھارام قىلىنغان ئىشلاردۇر. كۆنىمىزدە مۇسۇلمانلار شۇنداق بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالدىكى، پەقەتلا كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتى بىلەن مىڭلاپ پۇل چىقىم قىلىشتىن چېكىنمەيدۇ، ئىشىكىنىڭ يېنىدىكى نامرات، بىچارىلەرگە ياكى پۈتۈن ھاياتىنى ئاللاھ يولىدا بالا ئوقۇتۇش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئۇستازلارغا ۋە تالىپلارغا ياردەم قىلىڭ دېسە،

ئــازغىنە يــاردەم قىلىــش ئىبغىــر كېلىــپ بېخىلىلىــق قىلىــدۇ. بەرىســمۇ تىلەمچىــگە بەرگەنــدەك ئــازراق بىــر نەرســە چىقىرىــپ قويــۇپ قــاراپ ئولتۇرىــدۇ. مۇشــۇنداق ئىشــلارنىڭ تــۆپەيلى مۇســۇلمانلار غەيرىــي مۇســۇلمانلارنىڭ جازالىشــىدىن قورقــۇپ ئۆزىنىــڭ مۆلكىگىمــۇ ئىــگە بولالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالـدى. مـال ـ مۈلكىنى كېرەكسىز ئىشلارغا بــۇزۇپ ـ چېچىــپ، لازىــم بولغــان يەرگە بېخىلىلىــق قىلمىغــان بولســا بــۇ كۈنگە قالمىغان بولاتتى.

جانــابى رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم يۇقىرىــدىكى ھەدىستە مەكروھ دەپ كۆرسەتكەن ئۈچ ئىشنىڭ بىـرى پايدىسـىز سـۆز ـ چــۆچەكلەردۇر. بــۇ مۇســۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشــىغا ئەڭ زىيــانلىق ئىشــلار بولــۇپ، بىھــۇدە ســۆز، غەيــۋەت ـ شــىكايەت، غەرەزلىــك چاقچــاق قاتــارلىقلارنى ئــۆز ئىچىــگە ئالىــدۇ. ئىشــچى ـ خىــزمەتچىلەر گېزىــت خەۋەرلىرى، ئاخشىمى تېلېۋىزوردا كـۆرگەن كىنـولار، تـوپ مۇسـابىقىلىرى ۋە ھاكــازالار ھەققىــدە گەپ سېتىــپ ئولتــۇرۇپ ئىشقا تەسىر يەتكۈزىــدۇ. ئۆلىمــالار بىــر ـ بىرىنــى تەنقىــد قىلىــش، ســۇخەنچىلەرنىڭ توشــۇپ كەلــگەن گەپلىــرىگە ئىشــىنىپ تــالاش ـ تــارتىش پەيــدا قىلىــش بىــلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدۇ. جامائەت مەسجىدتىن چىقىپلا ئىمامنىـڭ غەيـۋىتىنى قىلىشقا، ئــۇ يەر ـ بــۇ يەرلەردىــن ئاڭلىغــان گەپلىرىنــى مــۇزاكىرە قىلىشقا باشلايدۇ. ئەنە شـۇنداق بىھـۇدە گەپ ـ سـۆزلەر بىـلەن سـائەتلەر بىكـار ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىكار ئۆتكەن ھەر بىر مىنـۇت ئىنسـان ئۈچـۈن زىيـانلىق، پايـدا بەرمەيـدىغان سـۆز پۇشـايمانلىق ئېلىـپ كېلىـدۇ. كـۆپ سـۆزلىگەن ئادەمنىــڭ خاتــالىقىمۇ كــۆپ بولىــدۇ. رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى

ۋەسەللەم: «ئىنسانلارنى يۈزىچە دوزاخقا تاشلايدىغان نەرسە ئۇلارنىڭ تىلى» دېگەن.

يەنە بىرى تولا سوئال سوراش. سوئال سوراش بىلىمنىڭ ئاچقۇچى، ئىنسان بىلمىگەننى سوراش ئارقىلىق ئۆگىنىدۇ. لېكىن تولا سوئال سوراش ئىنسان ئۈچۈن بەزىدە زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە بىر كىشى ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، قاتىلنى تېپىش قىيىن بولۇپ قالغان. ئاللاھ تەئالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىر كالا ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلگەن كىشىگە ئۇرۇڭلار، ئۇ تىرىلىپ سىلەرگە قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىدۇ، دەپ بۇيرۇدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە ئاللاھ تەئالانىڭ بۇ بۇيرۇقىنى يەتكۈزگەندە، ئۇلار بىر كالا ئۆلتۈرۈپ ئىشنى قىلغان بولسا بولاتتى. لېكىن ئۇلار قانداق كالا؟ رەڭگى قانداق؟ سۈپىتى قانداق؟ دەپ تولا سوئال سوراپ تۇرۇۋالدى. ئۇلار سورىغانسېرى ئىش تەسلەشتى، ئاخىرىدا شۇنداق بىر كالا تەلەپ قىلىندىكى ئۇنى تاپالمىغىلى تاس قالدى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىستە: «بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىڭلار، بۇيرۇلمىغان ئىشلار ھەققىدە سوئال سورىماڭلار، بەزى ئىشلار ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ئەمەس، سىلەرگە تەس بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن سۈكۈت قىلىنغاندۇر» دېگەن.

يەنە بىرى پۇل ـ مالنى زايە قىلىش. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختالدۇق. قىمار، ھاراق، ئىت تالاشتۇرۇش، خوراز سوقۇشتۇرۇش ۋە باشقا زىيانلىق يوللارغا پۇل ـ مال چىقىم قىلىشنىڭ ھەممىسى پۇل ـ مال زايە قىلىشتۇر.

قولىدا پۇلى بار چاغدا بۇنداق نا شەرئى يوللارغا خەجلىگەن كىشى كېيىن ئىقتىسادى تۈگەپ خارلىققا قالىدۇ ۋە باللىرىنى قىينايدۇ. شۇڭلاشقا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

ئاللاھ تەئالا ئاتا ـ ئانىمىزغا ياخشىلىق قىلىشنى مۇيەسسەر قىلىپ، ئۇلارنى قاقشىتىپ سېلىشتىن بىزنى ساقلىسۇن. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ناچار قىلىقلاردىن يىراق بولۇپ، توغرا يولدا مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن. ئامىين!

## 79 ـ ھەدىس باللار ئارىسىدا ئادىل بولۇش توغرىسىدا

عَن النُّعْمانِ بنِ بشيرٍ رضي الله عنهما: أَنَّ أَبَاهُ أَتَى بِهِ رَسُولَ الله صلى الله عليه وسلم فقال: «إِنِّي نَحَلْتُ ابْنِي هَذَا غُلاَمًا كَانَ لِي» فقالَ رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «أَكُلَّ وَلَدِكَ نَحَلْتَ مِثْلَ هَذَا؟» قال: «لاَ»، قال: «فَارْجِعْهُ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاتام مېنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ: ‹مەن بۇ بالامغا بىر خىزمەتچىمنى ھەدىيە قىلدىم› دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹ھەممە بالاڭغا شۇنداق ھەدىيە بەردىڭمۇ؟› دەپ سورىدى. ئاتام: ‹ياق› دەپ جاۋاب بېرىۋېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹ئۇنى قايتۇرۇۋالغىن› دېدى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 4131]

ئىزاھات: ھەزرىتى نۇئماننىڭ ئاتىسى بەشىر ــ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ــ ئەنسارلاردىن بولۇپ، بىر نەچچە ئايالدىن بالىسى بار ئىدى. بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان نۇئمان ئۇ باللارنىڭ بىرىدۇر. نۇئماننىڭ ئانىسى ئەمرە بولۇپ، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سىڭلىسىدۇر. نۇئمان ئۇ ئايالنىڭ بىرلا بالىسى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ بالىغا مەخسۇس بىر نەرسە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بەشىر نۇئمانغا بىر

خىزمەتچى بالا، بەزى رىۋايەتلەردە بىر باغ ھەدىيە قىلدى. لېكىن نۇئمانىنىڭ ئانىسى ئۇنى ھەدىيە قىلغانلىقىغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى گۇۋاھچى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بەشىر ئوغلى نۇئماننى رەسۇلۇللاھقا ئېلىپ بارغان. مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە شەپقەتنىڭ سىمۋولى جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا قوشۇلمىدى ۋە ئۇنى باللارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇدى.

ئىسلام ئاۋۋال ـ ئاخىر قاتتىق كۆڭۈل بۆلىدىغان نەرسىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارا قېرىنداش بولۇپ، دوست، ئىتتىپاق، ئىناق بولۇشىدۇر. ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىكنى ساقلاشنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل بولۇشتۇر. ئادالەت بولمىغان يەردە دۈشمەنلىك باش كۆتۈرىدۇ. ئادالەت بولمىغان جەمئىيەتتە بىرلىكتىن، ئىتتىپاقلىقتىن سۆز قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

بىر تۇغقانلار ئارىسىدا بۇنداق ئادالەتسىزلىكنىڭ بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت، دۈشمەنلىك ۋە زۇلۇمغا يول ئاچىدۇ. شۇڭلاشقا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىرلا ئوغلىغا ھەدىيە قىلىپ، قالغان باللىرىغا بىر نەرسە بەرمەسلىكتەك غەيرىي ئادىل ئىشنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «ئۇنى قايتۇرۇۋالغىن» دېگەن سۆزىدىن باللىرىنىڭ بىرىگە بىر نەرسە بېرىپ، يەنە بىرىگە

بەرمەسلىكىنىڭ جائىز ئەمەسلىكى، ئەگەر بىر نەرسە بەرمەكچى بولسا ھەممە بالىسىغا ئوخشاش بېرىشى كېرەكلىكىنى بىلىمىز.

ئۆلىمالار ھەدىيە بېرىشتە قىز ـ ئوغۇل پەرقلەندۈرمەسلىك كېرەك، دەيدۇ. ئۇلار يەنە ئەگەر ئاتا ـ ئانا باللىرىنىڭ بىرىگە ھەدىيە بەرسە، قالغان باللىرى ئۇنىڭغا رازى بولسا دۇرۇس بولىدۇ، بولمىسا بولمايدۇ، دەيدۇ. بۇ ئەگەر باللىرىنىڭ ھەممىسى چوڭ بولۇپ، رازى بولۇش ياكى نارازى بولۇش لاياقىتى بار بولسا شۇنداق بولىدۇ. لېكىن باللىرىنىڭ بەزىسى كىچىك تېخى ئەقلى پىشىپ يېتىلمىگەن بولسا ئۇلارنى رازى بولدى دەپ باشقا بالىغا بىر نەرسە بېرىشكە بولمايدۇ.

قېرىنداشلار ئارىسىدا جېدەل ـ ماجىرا چىقماسلىقى ۋە دۈشمەنلىك، ئاداۋەت پەيدا بولماسلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تەئالا مىراس قانۇنىنى بېكىتكەن. ئائىلىدىكى ھەر بىر كىشىنىڭ مىراستىن تېگىشلىك ھەققى بەلگىلەنگەن. ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ بەلگىلەنگەن ھەققىنى ئالىدۇ. نېمىشقا مېنىڭ ئاز، سېنىڭ كۆپ دەيدىغان جاڭجال بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئاللاھ تەئالا بېكىتكەن ھەق بولۇپ، ئەڭ ئادالەتلىك قانۇندۇر. ھېچ قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىقىش ياكى نارازى بولۇش ھەققى يوق. شۇڭلاشقا ئاللاھ تەئالا مىراس ئەھكاملىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىدا بەلگىلەنگەن مىراس ئەھكاملىرى) ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىدۇر. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ تەئالا ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. ئۇ ئۇ

يەرلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتۇر. كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ. ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ.»[1]

ھەممە كىشى ئاللاھ تەئالانىڭ بەلگىلەپ بەرگەن نېسىۋىسىگە رازى بولغان ئىكەن قېرىنداشلار ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدا ھېچقانداق زىددىيەت ۋە ئاداۋەت پەيدا بولمايدۇ.

ئۆلىمالار: ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا بالىلىرىنىڭ بەزىسىنى مىراستىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن، قالدۇرغان ماللىرىنى بەزى بالىلىرىغا بېرىۋېتىشى ياكى «مېلىمنى پالانىغا بېرىڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلىشى ياكى بارلىق مېلىنى ۋەخپە قىلىۋېتىشى جائىز بولمايدۇ، ئەگەر شۇنداق ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ۋەسىيتى ئىجرا قىلىنمايدۇ، دەيدۇ.

ئاللاھ تەئالا بىز مۇسۇلمانلارنى قۇرئاندا كۆرسەتكەن ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆگەتكەن توغرا يولدىن ئايرىمىسۇن. ئامىين!

---

[1] سۈرە نىسا 13 ـ 14 ـ ئايەتلەر.

## 80 ـ ھەدىس  بالىلارغا رەھىمدىل بولۇش توغرىسىدا

عن أبي هريرةَ رضي الله عنه: أَنَّ الأَقْرَعِ بْنِ حَابِس أَبْصَرَ النَّبِيَّ صلى الله عليه وسلم يُقَبِّلُ الْحَسَنَ فقالَ: «إِنَّ لِي عَشْرَةً مِنَ الْوَلَدِ مَا قَبَّلْتُ وَاحِدًا مِنْهُمْ» فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «إِنَّهُ مَنْ لاَ يَرْحَمُ لاَ يُرْحَمُ.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەقرەئ ئىبنى ھابىس رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (نەۋرىسى) ھەسەننى سۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «مېنىڭ ئون بالام بار، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ سۆيۈپ باقمىدىم» دېدى. جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «رەھىم قىلمىغان كىشىگە رەھىم قىلىنمايدۇ»[1] دېدى.

ئىزاھات: بۇ ھەدىس ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا مېھرى ـ شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئەمرى قىلىدۇ. بولۇپمۇ كىچىك بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىگە بەك موھتاج. ئۇلارغا ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرى مېھرى ـ شەپقەت كۆرسەتمىسە كىم كۆرسىتىدۇ؟ بالىلارنىڭ ساغلام خاراكتېرلىك بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 5981

مېھرىبانلىق كۆرستىشكە ئېھتىياج بار. چۈنكى كىچىكىدىن ئاتا ـ ئانىسىدىن قوپاللىق كۆرگەن باللار چوڭ بولغاندا، رەھىمسىز، زالىم، باغرى قاتتىق بولىدۇ. دۇنيادىكى داڭلىق زالىم، تاش يۈرەك، قانخور ئىنسانلارنىڭ باللىق تارىخى تەتقىق قىلىنسا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە شەپقىتىدىن مەھرۇم بولغان، باشقىلارنىڭ قولىدا ئېزىلىپ چوڭ بولغان، ئېچىنىشلىق تارىخنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

بۇ ھەدىستىن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى ئۆگىنىمىز. بالا ئاتىنىڭ رەيھان گۈلى، ئۇلارنىڭ كىچىكلىرىنى سۆيىدۇ، چوڭلىرىغا ياخشىلىق قىلىدۇ. ھۆكۈمالارنىڭ بىرىدىن «قايسى بالىڭىزنى بەكرەك ياخشى كۆرىسىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ «ئەڭ كىچىكىنى چوڭ بولغۇچە، كېسەل بولغىنىنى ساقايغۇچە، ئۇزاقتىكىنى قايتىپ كەلگۈچە ئەڭ كۆپ ياخشى كۆرىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. ئەھنەف ئىبنى قەيس مۇنداق دېگەن: «ئەۋلادلىرىمىز قەلبىمىزنىڭ مېۋىسى ۋە تايانچۇقىمىزدۇر. بىز ئۇلارغا سايە سالىدىغان ئاسمان، ئۇلار دەسسەپ ماڭىدىغان يەرمىز. ئۇلار ئارقىلىق ھەر قانداق ئۇلۇغ ئىشنى قىلىپ كېتەلەيمىز. ئۇلار ئاچچىقلانسا رازى قىلغىن، بىر نەرسە سورىسا بەرگىن، ئەگەر سورىمىسا «نېمە ئىستەيسەن؟» دەپ سەن سورىغىن، ئۇلارنىڭ سەندىن نەپرەتلىنىپ، ھاياتىڭدىن زېرىكىدىغان، ئۆلۈمۈڭنى تىلەيدىغان بولۇشىنى كۈتمىگىن.»

ساھابە كىراملار ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالار كىچىك بالىلىرى بىلەن ئوينىشاتتى، ئۇلارغا چىرايلىق ناخشا ـ شېئىرلارنى ئوقۇپ بېرەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كىشىنى ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن بىر ئىشقا تەيىنلەپ قولىغا خەت قىلىپ بەرگەن. شۇ ئەسنادا بىر كىچىك بالا كېلىپ ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇچىقىغا چىقىدۇ، ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ بالىنى ئەركىلىتىپ سۆيىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھېلىقى ئادەم: «ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! كىچىك باللارنى قانداقمۇ سۆيىسىز؟ باللار قۇچىقىڭىزغا چىقىشقا قانداق جۈرئەت قىلىدۇ؟ مەن ھېچبىر بالامنى سۆيگەن ئەمەسمەن» دەيدۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىكى خەتنى يىرتىپ تاشلاپ: «سەن ئۆز ئەۋلادىڭغا رەھىم قىلمىساڭ، باشقىلارغا ھەرگىزمۇ مەرھەمەت قىلمايسەن» دەپ، ئۇنى ئەمەلدىن ئېلىۋېتىدۇ.

جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىچىك ئوغلى ئىبراھىم ۋاپات بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزغان ھالدا: «كۆز ياش تۆكىدۇ، قەلب قايغۇرىدۇ، بىز ئاللاھ نارازى بولىدىغان سۆز قىلمايمىز. ئى ئىبراھىم! بىز سەندىن ئايرىلغانلىقىمىزغا ھەقىقەتەن قايغۇرىمىز» دېگەن.

بەزى ئاتا ـ ئانىلار قىلغاندەك بالىلىرىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىش، ئۇلارنى خالىغىنىنى ئالىدىغان، خالىغان يەرگە بارىدىغان، خالىغان ئىشنى قىلىدىغان ھالەتتە تاشلىۋېتىش بالىلىرىغا رەھىم قىلغانلىق،

ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتەرگەنلىك بولىدۇ. باللارنى مېھرىبانلىق بىلەن ياخشى تەربىيىلەپ كەلگۈسىدە ياخشى ھايات كەچۈرىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈش، ئۇلارغا ھەقىقى رەھىم ـ شەپقەت قىلغانلىق بولىدۇ.

ئىمام غەزالى «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىين» ناملىق ئەسىرىدە باللار تەربىيىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «باللارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ياخشى كۆزىتىش لازىم. باللاردا بىرىنچى قېتىم كۆرۈلىدىغان پەزىلەت ھايا قىلىشتۇر. ئەگەر بالا ئۆزلۈكىدىن ھايا قىلىپ بەزى ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتسا، ئۇنىڭ ئەقلى ھەرىكەتكە ئۆتۈپ شەيئىلەرنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى پەرق ئېتىشكە باشلىغان بولىدۇ. بۇ بولسا ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ھىدايىتى بولۇپ، ئەخلاقىنىڭ نۇرماللىقىغا، قەلبىنىڭ پاكلىقىغا ۋە ئەقلىنىڭ مۇكەممەللىكىگە بىشارەتتۇر. ھايا قىلىشقا باشلىغان نارەسىدە بالىنى سەل قاراپ تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىنىشىگە ياردەم قىلىش كېرەك. كىچىك باللارغا ئەڭ باشتا تاماق يېيىش ئادابىنى ئۆگىتىش لازىم. مەسىلەن: تائامنى ئوڭ قولى بىلەن يېيىش، بىسمىللاھ بىلەن باشلاش، ئۆز ئالدىدىن يېيىش، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى نەرسىگە قول ئۇزاتماسلىق، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى تائامغا ياكى تائام يەۋاتقان كىشىگە تىكىلىپ قارىماسلىق، تائام يېگەندە ئالدىراپ كەتمەي ئوبدان چايناپ يېيىش، قولنى داستىخان ياكى كىيىملىرىگە سۈرتمەسلىك قاتارلىقلار. باللارغا بەزىدە قۇرۇق نان يېيىشنىمۇ ئۆگىتىش كېرەك، ئۇنىڭ يېنىدا كالىدەك كۆپ تاماق يەيدىغان باللارنى سۆكۈپ، ئاز تاماق يەيدىغان ئەدەپلىك

بالىلارنى ماختاپ قويۇش كېرەك. تاماقنى ئۆزىلا ئەمەس باشقىلار بىلەن بۆلۈشۈپ يېيىشنى، ئاز ـ كۆپ، قاتتىق ـ قۇرۇق ھەر قانداق تاماققا قانائەت قىلىشقا كۆندۈرۈش كېرەك.

كىچىك بالىلارنى ئالىي كىيدۈرۈپ باقماسلىق كېرەك. شۇنىڭدەك ئالىي كىيىم كىيىپ باشقا بالىلار ئارىسىدا پەخىرلىنىدىغان بالىلارغا ئارىلاشتۇرماسلىق لازىم. چۈنكى كىچىك بالىلارنى كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكتە بەك يۇقىرى بېقىش كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئەخلاقسىز، كىبىرلىك، ماختانچاق، يالغانچى، ھەسەتخور بولۇپ يېتىلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىدىن كېيىن بالىلارغا سالىھ ـ ياخشى كىشىلەرنىڭ ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ بېرىش، يېشىغا قاراپ قۇرئان ۋە ھەدىس ئۆگىتىش، ياخشى ئىش قىلسا ئۇنى قەدىرلەش، ئۇ سۆيۈنىدىغان نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلاش، ئەگەر خاتالىق ئۆتكۈزسە دەسلەپتە كۆرمەسكە سېلىش، ئەگەر ئەينى خاتالىقنى قايتا ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭغا ۋارقىراپ كايىماستىن قىلغان ئىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، نەتىجىسىنىڭ يامان بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش، ئادەم بار يەردە ئۇنىڭ خاتالىقنى يۈزىگە ئۇرماسلىق، يالغۇز يەردە چىرايلىق نەسىھەت قىلىش لازىم.

دادا بالىسىنىڭ ئالدىدىكى ھەيۋىتىنى ساقلاپ قېلىشى، ئانچە ـ مۇنچە قورقۇتۇپ قويۇشى، ئانىسى بولسا دادىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىدىغانلىقى بىلەن بالىسىنى قورقۇتۇپ قويۇشى زۆرۈر. بالىلار

ھۆرۈن بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەر كۈنى مەلۇم مىقداردا يول يۈرۈشكە كۆندۈرۈش ۋە تەنتەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئاتا ـ ئانىلار باللىرىغا ئاداشلىرى ئارىسىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بايلىقى ياكى كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكلىرى بىلەن ماختانماسلىقنى تەلىم بېرىشى، باللارغا ئۇنداق قىلدىڭ، مۇنداق قىلدىڭ دەپ كۆپ تاپا قىلماسلىقى، ئۇنىڭ ئورنىغا ياخشى بالىنىڭ قىلغان ئىشلىرى ۋە ئېرىشكەن ياخشى ئۇتۇقلىرى، يامان بالىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان پالاكەتلىرىنى بالىنىڭ ئەقلى قوبۇل قىلىدىغان شەكىلدە ھېكايە قىلىپ بېرىشى كېرەك.

باللارغا ئۆلتۈرىدىغان يەرلەرگە تۈكۈرمەسلىك، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئەسنىمەسلىك، كىشىلەرگە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرماسلىق، پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرماسلىق، ئېڭىكىنى يۆلىمەسلىك، بېشىنى قولىغا قويۇپ سىڭارىيان ئولتۇرماسلىق ۋە كۆپ گەپ قىلماسلىق قاتارلىق ئولتۇرۇش ئادابىنى ئۆگىتىش كېرەك. كىچىكىدىن قەسەم قىلىشقا كۆنۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن مەيلى راست، مەيلى يالغان قەسەم قىلىشتىن توسۇش، باشقىلار سۆزلەۋاتقاندا گەپ قىلماي سۆزگە قۇلاق سېلىش، ئۆزىدىن چوڭ بولغانلارنى ھۆرمەتلەپ ئورنىدىن تۇرۇش، چوڭلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش، چوڭلارنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈش، يامان گەپ قىلىش، تىللاش، جېدەل چىقىرىش قاتارلىق ئىشلاردىن توسۇش، ئېغىزى بۇزۇق ئادەمگە يولۇقتۇرماسلىق، يامان باللارغا قوشماسلىق

لازىم. بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى ئەڭ بىرىنچى ئىش بالىنى يامان ـ ئەسكى بالىلارغا قوشماسلىقتۇر.

بالىلار دەرسنى تۈگەتكەندىن كېيىن ھارغىنلىقنى چىقىرىش ئۈچۈن ئازراق ئويناشقا يول قويۇش كېرەك. چۈنكى بالىنى پەقەت دەرسكىلا مەجبۇرلاپ، ئويۇن ئويناشقا رۇخسەت بەرمىسە، ئۇنىڭ قەلبى ئۆلىدۇ، زەكاسى يوقىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىغا، مۇئەللىملىرىگە، باشقا ئۆزىدىن چوڭ كىشىلەرگە ئىتائەت قىلىشنى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەشنى، چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئوينىماسلىقنى ئۆگىتىش، ئوغرىلىقتىن، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن، خىيانەت قىلىشتىن، يالغان گەپ ۋە سەت گەپ قىلىشتىن توسۇش لازىم. بالا چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندە، بۇ دۇنيانىڭ يوقىلىپ كېتىدىغان پانى نەرسە ئىكەنلىكىنى، بۇ دۇنيانىڭ خۇددى بىر ئىشىكتىن كىرىپ يەنە بىر ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدىغان ۋاقىتلىق ئۆتكۈنچى ھايات ئىكەنلىكىنى، مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ ئاخىرەت ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈم ھەر سائەتتە كېلىشى مۇمكىنلىكىنى، ئەقىللىق كىشى ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تەئالانىڭ دەرگاھىدا ئالىي دەرىجىگە يېتىش ئۈچۈن ئىشلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى سۆزلەپ قەلبىگە سىڭدۈرۈش كېرەك. كىچىكلىكىدە ئۆگىنىپ ئادەتلەنگەن ئىش تاشقا مۆھۈر باسقاندەك مۇستەھكەم ئورۇنلىشىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹پۈتۈن بوۋاقلار ئىسلام ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يەھۇدىي يا خىرىستىئان ياكى مەجۇسى قىلىدۇ› دەپ ئاگاھلاندۇرغان.»

ئەۋلادلار ئاللاھ تەئالانىڭ ئامانىتىدۇر. ئاتا ـ ئانىلار ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىدا ئۇلار ھەققىدە جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا چوڭ مۇكاپات بار.»[1]

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ.»[2]

ئاللاھ تەئالا بىزلەرنى قەلبى قاتتىق تاش يۈرەك بولۇپ قېلىشتىن ساقلاپ، بالىلىرىمىزنى رەھىمدىللىق بىلەن ياخشى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى مۇيەسسەر قىلسۇن. بالىلىرىمىزغا ئىنساپ، تەۋپىق ـ ھىدايەت بېرىپ ئاسىي، باشتۇڭ بولۇپ قېلىشتىن مۇھاپىزەت قىلسۇن. ئامىين!

---

[1] سۈرە ئەنفال 27 ـ 28 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە تەھرىم 6 ـ ئايەت.

## 81 ـ ھەدىس كىشىلەرنى ئاشۇرۇپ ماختىماسلىق توغرىسىدا

عن أبي هريرة رضي الله عنه: «إِنَّ زَيْنَبَ (بِنْتَ أَبِي سَلَمَةَ) كَانَ اسْمُهَا بَرَّةَ. فَقِيلَ تُزَكِّي نَفْسَهَا فَسَمَّاهَا رَسُولُ الله صلى الله عليه وسلم زَيْنَبَ.» [رواه البخاري و مسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «(ئەبى سەلەمەنىڭ قىزى) زەينەبنىڭ ئەسلى ئىسمى بەررە ئىدى، كىشىلەر ئۇنى ئۆزىنى ماختايدۇ دېيىشكەن، كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئىسمىنى زەينەب قويۇپ قويغان.»

ئىزاھات: جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزى نامۇناسىپ ئىسىملارنى چىرايلىق، چوڭقۇر مەنىلىك ئىسىملارغا يۆتكۈۋېتەتتى. بۇ ھەدىستىمۇ شۇنداق قىلغان بىر ۋەقە زىكىر قىلىنىدى. «بەررە» دېگەن پاك، گۇناھسىز دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەررە دېگەن ئىسمىنى زەينەپكە يۆتكىۋەتكەن.

بۇ ھەدىستە ئىككى تۈرلۈك ھۆكۈم بار: بىرى، ماختاش يەنە بىرى، ئىسىم قويۇش. ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە ئۆزىنى ياكى باشقىسىنى

ماختاشــتىن توســۇپ مۇنــداق دەيــدۇ: «ســىلەر ئــۆزۈڭلارنى پــاك ھېسابلىماڭلار، ئاللاھ تەقۋادار بولغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ.»[1]

ئـاللاھ تەئـالا يەنە بىـر ئـايەتتە مۇنـداق دەيـدۇ: «ئـۆزلىرىنى پـاك دەپ قارايـدىغانلارنى (يەنـى ئـۆزلىرىنى تەقۋادارلىـق بىـلەن ماختايـدىغانلارنى) كۆرمىــدىڭمۇ؟ ئۇنــداق ئەمەس (يەنــى ئىــش ئــۇلار دېگەنــدەك ئەمەس)، ئــاللاھ خالىغــان بەندىســىنى پــاك قىلىــدۇ، ئۇلارغــا قىلچىلىكمــۇ زۇلــۇم قىلىنمايدۇ.»[2]

ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ۋاپـات بولغانـدا، ئۇممـۇ ئەلا: «ئـى ئەبـا سـائىب! ئـاللاھ سـىزگە رەھـمەت قىلسـۇن، مەن شـۇنداق گـۇۋاھلىـق بېرىمەنكـى، ئـاللاھ چوقـۇم سـىزگە ئىكـرام قىلىـدۇ» دېـدى. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ئۇنىڭغـا: «ئاللاھنىـڭ ئۇنىڭغـا ئىكـرام قىلىـدىغانلىقىنى نەدىــن بىلىســىز؟» دېــدى. ئــۇ ئايــال: «دادام سىزگە پىدا بولسۇن يا رەسۇلەللاھ! ئاللاھ كىمگە ئىكـرام قىلىـدۇ؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئوسـمان بولسـا ئىسلام بىــلەن شــەرەپلەندى، مەن ھەقىــقەتەن ئۇنىڭغــا ياخشــىلىق بولۇشــىنى ئۈمىــد قىلىــمەن، ئــاللاھ بىــلەن قەســەمكى، مەن ئاللاھنىــڭ پەيغەمبىــرى تــۇرۇپ، ماڭــا قانــداق مۇئــامىلە قىلىنىــدىغانلىقىنى بىلمەيــمەن» دەپ جـاۋاب بەردى. ئۇممـۇ ئەلا: «ئـاللاھ بىـلەن قەسـەمكى، بۇنـدىن كېـيىن ھېچكىمنى پاكلىق بىلەن ماختىمايمەن» دېدى.

---

[1] سۈرە نەجم 32 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا 49 ـ ئايەت.

يۇقىرىدا ئۆتكەنلەردىن بىلىمىزكى، مەيلى ئۆزىنى مەيلى باشقىلارنى شەكسىز جەننەتتى دېگەندەك سۆزلەر بىلەن مەدھىيىلەش توغرا ئەمەس. بۇ، كىشىلەرنى پەقەت ماختىماڭ دېگەنلىك بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ قىلغان ياخشىلىقنى قەدىرلەش، ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن ياخشى خىسلەتلەرنى تىلغا ئېلىش ئەلۋەتتە ياخشى ئىش. لېكىن كىشىلەرنى يۈزىگە ماختاش ۋە بىلمىگەن، كۆرمىگەن ئىشلار بىلەن كۆككە كۆتۈرۈپ مەدھىيىلەش، بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە سۆز قىلىش توغرا ئەمەس. ياخشى سالىھ كىشىلەرنى بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇيدىغان، ئامانەتكە ئىشەنچلىك، راستچىل، ۋەدىسىدە تۇرىدىغان، ئادالەتلىك كىشى دېگەندەك بىلىدىغان، كۆرگەن ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئاللاھ تەئالادىن ئۇلارغا رەھمەت تىلەش لازىم. چۈنكى ھەر قانچە تەقۋادار، ئەۋلىيا كىشىلەرنىڭمۇ ئىمان بىلەن كەتكەنلىكىنى قەتئىي بىلمەيمىز. سوفى ئاللاھ يار ــ رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ــ بۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ:

ئەگەرچە ئەنبىيا بىيشەك ئاماندۇر،

مۇبارەك دىللەرى خەۋق ئىلە قاندۇر.

ۋەلى ئۈممەت ئەگەر غەۋسى زاماندۇر،

ئىسەن كەتمەكى ئاخىر دەر گۇماندۇر.

ئاللاھ تەئالا ياخشىلىق قىلغان كىشىگە ياخشىلىق بىلەن مۇكاپات بېرىدۇ. بۇنىڭدا شەك يوق. لېكىن شۇ كىشىنىڭ قەلبىدە نىيە بار، نىمە يوق؟ ئۇ بىزگە ئايان ئەمەس. ئاللاھ تەئالا كىشىنىڭ قىلغان ياخشى

ئىشلىرىغا مۇكاپات بېرىشتە ئۇنىڭ قەلبىگە قارايدۇ، قەلبىدىكى نىيەت ۋە غەرىزىگە قاراپ مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ. شۇڭلاشقا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىق» دېگەن. نىيىتىنى بىلمىگەندىن كېيىن ئاخىرىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيمىز. لېكىن ئۇنىڭ بىز بىلگەن، كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان ياخشىلىقلىرىغا تايىنىپ تۇرۇپ، ئاللاھ تەئالادىن رەھمەت، مەغپىرەت ۋە جەننەت تىلەيمىز ۋە ئاخىرەتلىكىنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتەيلىكى، بەزى تەسەۋۋۇپ شەيخلىرىنىڭ مۇرىتلىرىغا: «مەن سىلەرنى قىيامەت كۈنى تونۇپ، ئاللاھ تەئالادىن تىلىۋالىمەن» دېگەن سۆزلىرى، پۈتۈنلەي ئالدامچىلىقتۇر. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلمىسە، قانداقمۇ باشقىلارغا كېپىل بولالايدۇ؟ ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ بەك ئۇلۇغ بولۇپ كەتكەنمۇ؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغىسى ھەزرىتى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ۋە قىزى ھەزرىتى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا كەسكىن قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئى مۇھەممەدنىڭ تاغىسى ئابباس! ئەمەل قىلغىن، مەن سېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايمەن. ئى مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە! ئەمەل قىلىڭ، مەن سىزنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايمەن.» بۇنىڭدىنمۇ ئوچۇق ۋە قەتئىي دەلىل بولامدۇ؟

مۆمىنلەر ئاللاھ تەئالانىڭ يەر يۈزىدىكى گۇۋاھچىلىرىدۇر. ئەگەر يالغان ئېيتماستىن راست گۇۋاھلىق بەرسە، ئاللاھ تەئالا ئۇلارنىڭ

گـۇۋاھلىقنى قوبـۇل قىلـىدۇ. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مۇنـداق دەيـدۇ: «قايىسـى بىـر مۇسـۇلمانغا تـۆت كىشـى ياخشـىلىق بىـلەن گۇۋاھلىق بەرسە، ئاللاھ ئۇنى جەنـنەتكە كىرگۈزىـدۇ.» ساھابىلەر: «ئـۈچ كىشـى گۇۋاھلىـق بەرسـىچۇ؟» دەپ سـورىغاندا، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم: «ئـۈچ كىشـى گۇۋاھلىـق بەرسـىمۇ شـۇنداق بولىـدۇ» دەپ جـاۋاب بەردى. سـاھابىلەر: «ئىككـى كىشـى گۇۋاھلىـق بەرسـىچۇ؟» دېگەنــدە، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەسـەللەم: «ئىككـى كىشـى گۇۋاھلىق بەرسىمۇ شۇنداق بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىككىنچى مەسىلە ئىسىم قويۇش.

بالىلارغـا ئىسـىم قويۇشـتا ئاللاھنىــڭ بەندىسـى دېــگەن مەنىنــى بىلدۈرىــدىغان ئابــدۇللاھ، ئابــدۇررەھمان، يــاكى رەســۇلۇللاھنىڭ ئىسـىملىرىدىن بولغـان ئەھـمەد، مۇھەممەد، مەھمـۇد، ھامـىد دېگەنـدەك ئىسـىملارنى قويـۇش، باشـقا پەيغەمبەرلەرنىـڭ ۋە سـاھابە كىراملارنىـڭ ئىســىملىرىنى قويــۇش ئەڭ ياخشــى. شــۇنىڭدەك ھەر مىلــلەت مۇســۇلمانلىرى ئــۆز تىلىــدا چىرايلىــق مەنىلەرنــى بىلدۈرىــدىغان ئىسـىملارنى قويسا بولىـدۇ. ئەممـا مەنىسـى ئىسـلام ئەقىدىسـىگە زىـت كېلىـدىغان ئىسـىملارنى قويـۇش تـوغرا ئەمەس. ئۆلىمـالار پەيغەمبەرنىـڭ بەندىسـى دېــگەن مەنــدىكى ئابــدۇ نەبــى، ئابــدۇ رەســۇل ۋە ئابــدۇ مــۇھەممەد دېگەنــدەك ئىســىملارنى قويــۇش جــائىز ئەمەس دەيــدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىسـتە: «مەلىكـۇل مۇلـۇك (پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى) دېگەن ئىسـمنى ئـاللاھ بەك يامـان كۆرىـدۇ»

دېگەن. «مەلىكۇل مۇلۇك» نىڭ پارسچە ئاتىلىشى «شاھىنشاھ» بولۇپ، بەندىنى ئۇنداق ئىسىم بىلەن ئاتاش، ئۇنى ئاللاھ بىلەن ئوخشاش سۈپەتكە ئىگە دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن توغرا بولمايدۇ.

بۇ يەردە پەقەت ئەرەبچە ئىسىم قويۇش كېرەك دېگەن مەنە چىقمايدۇ. دېمەكچى بولغان مەسىلە، قايسى تىلدا بولمىسۇن ئىنساننى كەمسىتىدىغان ناچار ئىسىملار ياكى ھايۋانلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ئىسىم قويماسلىق، شۇنىڭدەك ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇلۇغلۇق سۈپەتلىرىگە ئوخشاش ئىسىملارنى قويماسلىقتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىغا يارىشىدىغان گۈزەل ئىسىملارنى قويسا بولۇۋېرىدۇ.

ئاللاھ تەئالادىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆگەتكەن تەلىم ـ تەربىيىلەرگە تولۇق ئەمەل قىلىپ، ئاللاھ تەئالانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشنى تىلەيمىز. ئامىن!

## 82 ـ ھەدىس  ئاخشىمى بالىلارنى تالاغا قويۇپ بەرمەسلىك توغرىسىدا

عن جابر بن عبد الله رضي الله عنهما قال: قالَ رسولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: «إِذَا كَانَ جُنْحُ اللَّيْلِ أَوْ أَمْسَيْتُمْ فَكُفُّوا صِبْيَانَكُمْ فَإِنَّ الشَّيَاطِينَ تَنْتَشِرُ حِينَئِذٍ فَإِذَا ذَهَبَ سَاعَةٌ مِنَ اللَّيْلِ فَخَلُّوهُمْ وَأَغْلِقُوا الأَبْوَابَ، وَاذْكُرُوا اسْمَ اللهِ، فَإِنَّ الشَّيْطَانَ لاَ يَفْتَحُ بَابًا مُغْلَقًا، وَأَوْكُوا قِرَبَكُمْ وَاذْكُرُوا اسْمَ اللهِ، وَخَمِّرُوا آنِيَتِكُمْ وَاذْكُرُوا اسْمَ اللهِ وَلَوْ أَنْ تَعْرِضُوا عَلَيْهَا شَيْئًا، وَأَطْفِئُوا مَصَابِيحَكُمْ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قاراڭغۇ چۈشكەندە ياكى كەچ كىرگەندە كىچىك بالىلىرىڭلارنى يىغىۋېلىڭلار، چۈنكى بۇ چاغدا شەيتانلار تارىلىدۇ، كېچىدىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار. بىسمىللا دەپ دەرۋازاڭلارنى تاقاڭلار، چۈنكى شەيتان تاقاقلىق ئىشىكنى ئاچالمايدۇ. بىسمىللا دەپ تۇلۇمۇڭلارنىڭ ئېغىزىنى چىگىڭلار، بىر نەرسىنى ئۈستىگە قويۇپ قويۇش بىلەن بولسىمۇ بىسمىللا دەپ قاچاڭلارنىڭ ئېغىزىنى يېپىڭلار، بىسمىللا دەپ چىرىغىڭلارنى ئۆچۈرۈڭلار.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ھەدىسنىڭ بۇخارىدىكى نومۇرى: 5496، مۇسلىمدىكى نومۇرى: 5206.]

ئىزاھات: جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇ لەپزى قىسقا، مەنىسى چوڭقۇر مۇبارەك سۆزلىرى بىلەن ئۈممىتىگە ئاخشىمى يېتىش ئادابلىرىدىن بەش نەرسىنى ئۆگىتىدۇ. بۇ ئىنسانلار ئۈچۈن نەق پايدىسى بار، جىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان شەيتانلارنىڭ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىدىغان ئىشلاردۇر.

بىرىنچى ــ ئاخشام بولسا باللارنى ئۆيگە يىغىش. كۈن ئولتۇرۇپ شام بولغان ۋاقىتىدا جىن ـ شەيتانلار يەر يۈزىگە تارىلىدۇ. بۇ چاغدا تالادا ئويناۋاتقان كىچىك باللارغا ھەر تۈرلۈك زىيان سالىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ بىلدۈرۈشىچە شەيتان ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى جىندىن بولغان شەيتان، يەنە بىرى ئىنساندىن بولغان ئادىمى شەيتان. ھەر ئىككى شەيتان ئىنسانغا دۈشمەن بولۇپ، پۇرسەت تاپسىلا زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باللارنى ئاخشاملىقتا ئويناش ئۈچۈن تالاغا قويۇپ بېرىش ناھايىتى خەتەرلىك. چۈنكى ئادىمى شەيتان بولغان يامان باللار كىچىسى ئۆيگە كىرمەي تالادا ھەر تۈرلۈك ئەخلاقسىزلىق ۋە يامان ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدۇ. ئاخشىمى تالادا قالغان باللارغا ئەنە شۇ ئادىمي شەيتانلار مۇسەللەت بولۇپ، ئۇلارنى ھەر تۈرلۈك يامان يولغا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تالاغا كۆنۈپ قالغان باللار ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەت قىلمايدىغان، ئەخلاقسىز، ئەتىگىنى تۇرمايدىغان، ئاخشىمى ئۆيگە كىرمەيدىغان، مەكتەپكە بەرسە ئوقۇمايدىغان، ئىش قىلىشقا ئۇنىمايدىغان كېرەكسىز نائەھلىي بولۇپ قالىدۇ. ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش ۋە زىنا ـ پاھىشە قاتارلىق يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كېچىسى تالادا يۈرۈپ ئۆگىنىدۇ.

ئەمما باللار ئاخشىمى ئۆيدە ئولتۇرسا، كىچىكلەر ئۇخلايدۇ، چوڭلار شام، خۇپتەن نامازلىرىنى ئوقۇش، قۇرئان ـ ھەدىس ئوقۇش، ھېچ بولمىسا ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن ئۆتمۈشتىكى ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ كەلگۈسىگە توغرا قەدەم بېسىشنى ئۆگىنىدۇ ۋە يۇقىرىقىدەك بالايىئاپەتلەردىن ساقلىنىپ، ياخشى ئەخلاقلىق، جەمئىيەتكە پايدىلىق كىشى بولۇپ يېتىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش، بولۇپمۇ ھازىرقىدەك بۇزۇقچىلىق ئەۋج ئالغان زاماندا بەك دىققەت قىلىشى، باللىرىنى يامان باللار بىلەن ئەل ـ ئاغىنە بولۇپ يۈرۈشكە يول قويماسلىقى، ئۆيدە باللىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابە كىراملارنىڭ، شۇنىڭدەك، سالىھ ياخشى كىشلەرنىڭ ھېكايىلىرىنى ئوقۇپ بېرىشى لازىم.

ئىككىنچى ــ ئىشىك ـ دەرۋازىلارنى تاقاش. كىشى ئاخشام بولۇشى بىلەن «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ ئىشىك ـ دەرۋازىلىرىنى تاقىسا، ھەم ئۆزىنى ھەم مال ـ مۈلكىنى ھېسسىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ساقلاپ قالىدۇ. دەرۋازىلار ھەر قانچە مۇستەھكەم ۋە ھەم بولسىمۇ، ئۇنى «بىسمىللا» دەپ تاقاش كېرەك. چۈنكى بىسمىللا دەپ تاقالغان ئىشىكنى ئاللاھ تەئالا ئۆزى ساقلايدۇ. «بىسمىللا» بىلەن تاقالغان ئىشىكنى جىن ـ شەيتانلار ئاچالمايدۇ، لېكىن ئادىمىي شەيتان بولغان ئوغرىلار قولىدىكى ھەر تۈرلۈك سايمانلار بىلەن ئېچىشقا ئۇرۇنسا، ئاللاھ تەئالا بىسمىللاھنىڭ شارابىتى بىلەن ئوغرىنى مەقسىتىگە يەتكۈزمەيدۇ. ئوغرى ئۆيگە كىرىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان پەيتتە يولدىن بىرسى ئۆتۈپ قالىدۇ، يا قوشنىلار تۇيۇپ قالىدۇ، يا ئۆي ئىگىسى ئۇيقۇسىدىن

ئۇيغىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇغرى مەقسىتىگە يېتەلمەي يا قېچىپ كېتىدۇ ياكى تۇتۇلۇپ جازاغا يولۇقىدۇ.

ئۈچىنچى ــ تۇلۇمنىڭ ئېغزىنى بوغۇش. چېلەك، كۈپ، چۆگۈن، چەينەك قاتارلىق سۇ ساقلايدىغان ۋە ئىچىدە سۇ بار نەرسىلەرنىڭ ئېغزىنى يېپىشتىن ئىلگىرى بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم دەپ مۇستەھكەم بېكىتىپ ئاندىن يېپىش كېرەك.

تۆتىنچى ــ قاچىلارنىڭ ئېغزىنى يېپىش. قازان ـ قومۇش ۋە قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇپ پاكىزلىغاندىن كېيىن ئېغزىنى «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ يېپىش ۋە بىر نەرسە بىلەن يۆگەش كېرەك. چۈنكى سۇ ۋە يېمەك ـ ئىچمەك قاچىلىرىنىڭ ئېغزىنى ياخشى ئەتمىگەندە، قاچىلارغا بىز كۆرمىگەندە قۇرت ـ قوڭغۇز ۋە باشقا ھايۋانلار چېپىلىپ قويىدۇ، ھاۋا ئارقىلىق مىكروبلار كىرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ھەر تۈرلۈك كېسەللىكلەر مەيدانغا كېلىدۇ.

بىر ئادەم بىر تۇلۇمدىن سۇ ئىچىپ، ئىچىگە يىلان كىرىپ كەتكەن ئىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى ئۆزىنىڭ سەل قاراپ تۇلۇمنىڭ ئېغزىنى مەھكەم باغلىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىچىگە يىلان كىرىۋالغان. شۇنىڭدەك چاشقان ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ كىرىشى مۇمكىن. ھېچنەرسە كىرمىگەندە ئېغزى ئوچۇق قالغان قاچىلار مىكروب بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر تۈرلۈك كېسەللەر كېلىپ چىقىدۇ. ئىچىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاچىدىن ۋە چەينەك ـ چۆگۈنلەرنىڭ جوغىسىدىن سۇ، چاي ئىچىشمۇ خەتەرلىك. ئۇنداق قاچىلاردىكى سۇ ۋە چايلارنى چىنىگە

قويۇپ كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ ئىچىش كېرەك. يەنە سۇ، چاي ئىچكەندە قاچىغا تىنماسلىق لازىم. چۈنكى ئىنسان پاكىز ھاۋانى ئىچىگە شوراپ، زەھەرلىك ھاۋانى تاشقىرىغا چىقىرىدۇ. قاچىنىڭ ئىچىگە تىنغاندا زەھەرلىك ھاۋا ئىچىدىكى نەرسىگە ئارىلىشىپ قايتىدىن ئىچىگە كىرىدۇ ـ دە، زەھەرلىنىپ كېسەل بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ تەلىماتلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلغان كىشى سالامەتلىكنى ئاسراپ، ھەر تۈرلۈك خەتەرلەردىن ساقلىنىپ قالىدۇ. ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن ۋە باشقىسى ئۈچۈن قىلغان ئىشنى پۇختا قىلىشى كېرەك. دېمەك، ئىشىك ۋە قۇلۇپىڭىزنى مۇستەھكەم قىلىڭ، ئىشىكنى ئوچۇق قويۇپ ياتماڭ، ھەر تاماقنى يەۋەرمەڭ، ھەر قاچىدىن ئىچىۋەرمەڭ، ھەر تۈرلۈك ۋەھىمە ـ خىيال بىلەن يوق نەرسىلەردىن قورقۇپ كەتمەڭ ۋە تەۋەككۈلچىلىك قىلدىم دەپ ھەددىدىن ئارتۇق سەل قارىماڭ، بەلكى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىنى تولۇق قىلىڭ، تەدبىرلىرىڭىزنى پۇختا قىلىڭ، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىپ خەۋپ ـ ئەندىشىسىز يولىڭىزغا داۋام قىلىڭ.

بەشىنچى ــ چىراغنى ئۆچۈرۈپ يېتىش. بۇرۇنقى ئىنسانلار چىراغقا سۈيۇق ماي ئىشلىتەتتى، ئەگەر چىراغنى ئۆچۈرمەستىن ئۇخلاپ قالغاندا، يا ماي تۆكەپ چىراغ قىزىپ كېتىپ پارتلىشى ياكى چاشقان چىراغنىڭ پىلىكىنى توشۇپ ئۆيگە ئوت كېتىشكە سەۋەب بولۇشى

مۇمكىن. بەزىلەر ھازىر توك چىراغ بار، بۇرۇنقىدەك خەتەرلىك ئەھۋال يوق دېيىشى مۇمكىن. لېكىن توك چىراغ كېچە بويىچە يېنىپ تۇرغاندا نۇرغۇن توك ئىسراپ بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ بەدىلىگە كۆپ توك پۇلىسى تۆلەش لازىم بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا توكتىن كېلىپ چىقىدىغان خەتەرلىك ئەھۋاللار ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. ھازىرمۇ توك ماسلا بولۇپ قېلىپ ئۆيگە ئوت كەتكەن، بىر نەچچە كىشىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغان ۋەقەلەرنى پات ـ پات گېزىتلەردىن ئاڭلاپ تۇرىمىز.

شۇنىڭدەك ئوچاقنىڭ ئوتىنىمۇ ياخشى ئۆچۈرۈش كېرەك. بولۇپمۇ قىشتا مەشكە كۆمۈر سېلىپ قويۇپ يېتىپ قالغانلارنىڭ كېچىدە كۆمۈردىن چىققان گازدا زەھەرلىنىپ ئۆلگەنلەرنىڭ خەۋىرى گېزىتلەردىن كەم بولمايدۇ. تاماكا چېكىدىغانلار تاماكىسىنى ئۆچۈرمەي تاشلىغانلىق سەۋەبلىك قانچە گېكتار ئورمانلار كۆيۈپ كۈل بولىدۇ ۋە نەچچە ئون ئائىلە پەرىشان بولىدۇ. جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىزگە ئۆگەتكەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئەدەپ ـ ئەخلاقلار نېمىدېگەن ياخشى! ئۇنىڭ پايدىلىرى نېمىدېگەن كۆپ! ئەگەر بىز ئىسلامنىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلىپ، توسقىنىنى تەرك ئەتسەك، ئەلۋەتتە بەخت ـ سائادەتلىك ياشىغان بولاتتۇق. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇلار قىلىنغان ۋەز ـ نەسىھەتكە ئەمەل قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ياخشى بولاتتى ۋە ئىمانى مۇستەھكەم بولغان بولاتتى.

ئۇ چاغدا دەرگاھىمىزدىن ئۇلارغا بۈيۈك مۇكاپات ئاتا قىلاتتۇق. ئۇلارنى ئەلۋەتتە توغرا يولغا ھىدايەت قىلاتتۇق.»[1]

ئاللاھ تەئالا تەۋپىق، ھىدايەت بېرىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەلىم بەرگەن توغرا يولدا مېڭىشنى نېسىپ قىلسۇن، ئامىين!

---

[1]سۈرە نىسا 66 ـ 68 ـ ئايەتلەر.

## 83 ـ ھەدىس  خىزمەتچىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا

عن المعرور بن سويد قال: «رَأَيْتُ أَبَا ذَرٍّ وَعَلَيْهِ حُلَّةٌ و على غُلاَمِهِ مِثْلُهَا، فَسَأَلْتُهُ عَنْ ذَلِكَ، فَذَكَرَ أَنَّهُ سَابَّ رَجُلاً عَلى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صلى الله عليه وسلم فَعَيَّرَهُ بِأُمِّهِ. فَأَتَى الرَّجُلُ النَّبِيَّ، فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهُ، فَقَالَ النَّبِيُّ صلى الله عليه وسلم: إِنَّكَ امْرُؤٌ فِيكَ جَاهِلِيَّةٌ، إِخْوَانُكُمْ خَوَلُكُمْ جَعَلَهُمُ اللهُ تَحْتَ أَيْدِيكُمْ، فَمَنْ كَانَ أَخُوهُ تَحْتَ يَدِهِ فَلْيُطْعِمْهُ مِمَّا يَأْكُلُ، وَلْيُلْبِسْهُ مِمَّا يَلْبَسُ، ولاَ تُكَلِّفُوهُمْ مَا يَغْلِبُهُمْ، فَإِنْ كَلَّفْتُمُوهُمْ فَأَعِينُوهُمْ عَلَيْهِ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: مەئرۇر ئىبنى سۇۋەيد رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر كۈنى ئەبۇ زەرنى كۆردۈم، ئۇنىڭ ئۈستىدە چىرايلىق تون بار ئىدى، خىزمەتچىسىنىڭ ئۈستىدىمۇ ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش چىرايلىق تون بار ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن خىزمەتچىسىگە ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش ئالىي تون كىيگۈزۈشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم، ئۇ جاۋاب بېرىپ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىدا بىر كىشىنى ئانىسىنى تىلغا ئېلىپ ئەيىبلىگەنلىكىنى، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنىڭغا: ‹سەن تېخى جاھىلىيەت قىلىقىنى تاشلىمىغان ئادەم ئىكەنسەن› دېگەندىن كېيىن ‹خىزمەتچىلىرىڭلار ئاللاھ قول ئاستىڭلاردا قىلغان بۇرادەرلىرىڭلاردۇر. بۇرادىرى قول ئاستىدا بولغان

كىشـى، ئۇنىڭغـا ئـۆزى يېگەنـدىن يېگۈزسـۇن، ئـۆزى كىيگەنـدىن كىيگۈزسـۇن، ئـۇلارنى كـۈچى يەتمەيـدىغان ئىشـقا بۇيرۇمـاڭلار، ئەگەر شـۇنداق قىلسـاڭلار ئۇلارغـا ياردەملىشـىڭلار› دېگەنلىكىنـى ئېيتـىپ بەردى.» [بۇخـارى ۋە مۇسـلىم رىـۋايەت قىلغـان. بـۇ ھەدىـس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 4269.]

ئىزاھـات: ئىسلام دىنـى ئىنسـانلارنىڭ قەدىـر ـ قىممىتىنـى يـۇقىرى كۆتۈرۈشـتە شـۇ دەرىجىـگە يەتكەنكـى، قـۇل ـ خوجـايىن پەرقىنـى تـۈپ يىلتىزىدىن قومـۇرۇپ تاشـلىغان. بۇنـىڭ ئەڭ ئۇچـۇق دەلىلـى مانـا مۇشـۇ ھەدىسـتۇر. بـۇ يەردە رەسـۇلۇللاھنىڭ سـۆزلىرىنى ئىزاھلاشـتىن ئـاۋۋال ھەزرىتـى ئەبـۇ زەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنـىڭ بىـر كىشـىنى ئەيىبلىگەنلىـك ۋەقەسىنى بايان قىلىمىز.

ۋەقە مۇنداق: كۆپلەرنىڭ بىرىـدە ھەزرىتـى ئەبـۇ زەر بىـلەن ھەزرىتـى بىـلال ــ رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـا ــ ئوتتۇرىسـىدا بىـر تـالاش ـ تـارتىش چىقىـپ، ھەزرىتـى ئەبـۇ زەر ھەزرىتـى بىلالنـى «قـارا خوتۇنىنـىڭ بالىسـى» دەپ تاشـلايدۇ. بـۇ گەپـكە ناھـايىتى قـاتتىق رەنجىـگەن ھەزرىتـى بىـلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمگە كېلىـپ ۋەقەنى بايان قىلىدۇ. دىنى بـۇرادىرىنى رەنجىتىـپ قويغانلىقىغـا ئىنتـايىن پۇشـايمان بولغـان ھەزرىتـى ئەبـۇ زەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ، ھەزرىتـى بىلالدىن ئۆزرە تىلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئارقىسـىدىن مەسجىدكە كېلىـدۇ. ئىنسـانپەرۋەرلىكتە مىسـلى بولمىغـان جانـابى رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەسـەللەم ئەبــۇ زەرگە كايىــپ: ‹ئـۇنى ئانىسـى بىــلەن

ئەيىبلىدىڭمۇ؟› دەيدۇ. خالىماستىن شۇنداق بىر ئىغىز سۆزنىڭ ئىغىزىدىن چىقىپ قالغانلىقىغا پۇشايمان بولغان ھەزرىتى ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا قاتتىق خىجالەت بولغانلىقتىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تىترەپ تۇرغاندا، رەسۇلۇللاھ: ‹سەن تېخى جاھىلىيەت قىلىقىنى تاشلىمىغان ئادەم ئىكەنسەن› دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بېشىنى يەرگە قويۇپ: ‹بىلال پۇتى بىلەن يۈزۈمگە دەسسىمىگىچە بېشىمنى كۆتۈرمەيمەن› دەيدۇ. ھەزرىتى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا: ‹مەن ئاللاھقا سەجدە قىلىدىغان يۈزگە دەسسىمەيمەن› دەپ، ئەبۇ زەرنى كەچۈرۈم قىلىدۇ.

«جاھىلىيەت» سۆزىنىڭ ئىسلام ئىستىلاھىدىكى مەنىسى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى كاپىرلىق دەۋرى دېگەن بولىدۇ. بۇ يەردە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەزرىتى ئەبۇ زەرگە: «سەن تېخى جاھىلىيەت قىلىقىنى تاشلىمىغان ئادەم ئىكەنسەن» دېيىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، بىرىنچىدىن، ھەزرىتى ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاق تەنلىك ۋە ھەزرىتى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قارا تەنلىك ئىدى. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئاق تەنلىكلەر قارا تەنلىكلەرنى قاتتىق خور كۆرەتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنداق ئىنسانلارنى رەڭگى بىلەن پەرقلەندۈرۈشنى رەت قىلىپ: «ئەرەبلەرنىڭ باشقا مىللەتلەردىن ئارتۇقچىلىقى يوق، ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارا تەنلىكلەردىن ئارتۇقچىلىقى يوق، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھۆرمەتلىك بولغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلاردۇر، ھەممىڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى،

ئــادەم ئەلەيھىســسـالام بولســا تــۇپراقتىن يارىتىلغــان» دەپ جاكارلىغــان ئىــدى. ئىككىنچىــدىن، ھەزرىتــى ئەبــۇ زەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ مۇســۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى غىفار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئىدى، ھەزرىتى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇبەي ئىبنى خەلەف دېگەن كاپىرنىڭ قۇلى ئىدى. جاھىلىيەت دەۋرىدە ھۆر ئادەملەر قۇللارنى ئىنسان قاتارىدا كۆرمەيتتى. ئىسلامدا قۇل ـ خوجايىن ياكى باشقا ھۆر ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرقى يوق، ھەممىسى ئوخشاش ئىنسان، ئوخشاش ھۆرمەتكە ئىگە دەپ تەلىم بېرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىنىڭ مەنىسى: «سەن مۇسۇلمان بولغان بولساڭمۇ، ئاشۇ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قۇللارنى كەمسىتىدىغان، خور كۆرىدىغان ئادەتنى تېخىچە تاشلىماپسەن، سەن تېخى كامىل مۇسۇلمان بولماپسەن» دېگەن بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانىنىڭ قەدرىنى چۈشۈرىدىغان كىچىككىنە بىر ئېغىز سۆزگە شۇنچىلىك قاتتىق رەددىيە بەرگەن ۋە ساھابە كىراملارنى مۇشۇنداق تەربىيىلىگەن ئىدى. ئەگەر بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرسە ئەجەبا نېمە دەر ئىدى؟!

جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى ئەبۇ زەر بىلەن ھەزرىتى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئوتتۇرىدىكى ئەھۋالنى يۇقىرىقىدەك بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، قۇللارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «خىزمەتچىلىرىڭلار ئاللاھ قول ئاستىڭلاردا قىلغان بۇرادەرلىرىڭلاردۇر. بۇرادىرى قول ئاستىدا بولغان كىشى، ئۇنىڭغا ئۆزى يېگەندىن يېگۈزسۇن، ئۆزى

كىيگەنــدىن كىيگۈزســۇن، ئــۇلارنى كــۈچى يەتمەيــدىغان ئىشــقا بۇيرۇماڭلار، ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار ئۇلارغا ياردەملىشىڭلار.»

ھەزرىتــى ئەبــۇ زەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ ئەڭ ســادىق مۇسـۇلمانلاردىن بولـۇپ، ھەق سـۆزنى سۆزلەشـتە ھېچكىمـدىن تارتىنمـايتتى. رەسـۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئـۇنى مەدھـىيلەپ مۇنـداق دېـگەن: «ئەبـۇ زەردىنمۇ راست سۆزلەيدىغان بىر كىشىگە ئاسمان سايە سالمىدى ۋە يەر كۆرپە بولمىدى.» ھەزرىتى ئەبۇ زەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ قۇرئـان كەرىـم ۋە رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ ھەدىسـلىرىگە ئـۆز ئەينـى ئەمەل قىلاتتـى. مۇنـداق دېگەنلـىك مۇنـداق دېـگەن بولـدۇ دەپ تەۋىـل قىلمـايتتى. مانــا بــۇ ھەدىســتە كۆرســىتىلگىنىدەك، ھەزرىتــى ئەبــۇ زەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمنىڭ يۇقىرىدىكى ھەدىسـگە ئەمەل قىلـىپ قۇلىغـا ئـۆزىگە ئوخشـاش قىممەت باھالىق تون كىيدۈرۈپ قويغـان. بۇنىڭغـا ھەيـران قالغـان مەئـرۇر ئىبنـى سـۇۋەيد «نېمىشـقا قۇلىڭىزغــا ئــۆزىڭىزگە ئوخشــاش قىممەتلــىك تــون كىيگــۈزدىڭىز؟» دەپ ســورىغاندا، ئــۇ رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەسەللەمنىڭ تەلىماتىنى ئېيتىپ بەرگەن.

ئىسـلامدا قۇلغـا قانـداق مۇئـامىلە قىلىــش مەسىلىســىگە كەلســەك، ئىسـلام كەلگەنـدە پۈتـۈن دۇنيـادا قۇللـۇق تـۈزۈمى ئەۋج ئالغـان ئىـدى. كۈچلـۈكلەر ئـاجىزلارنى، بـايلار نـامراتلارنى قـۇل قىلىــپ ئىشـلىتەتتى. قۇلـدارلار قـول ئاسـتىدىكى قـۇللارنى قـوي ـ كالىغـا ئوخشـاش بازارلارغـا ئاپىرىــپ ســاتاتتى، ئــاچچىقى كەلســە ئــۇراتتى، تىللايتتــى ۋە ئۆلتــۈرەتتى.

قۇللارنىڭ خوجايىنلىرىنىڭ زۇلۇملىرىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ھوقۇقى يوق ئىدى. مەھكىمىلەردە قۇلدارلار قۇللىرىغا زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن سوتلانمايتتى. بۈگۈنكى ياۋروپانىڭ 10 ئەسىر ئاۋۋالقى تارىخىنى كۆرگەن كىشى قۇل ئۇياقتا تۇرسۇن ئادەتتىكى ئىشچىلارنىڭمۇ ھېچقانداق ھوقۇقى يوقلۇقىنى ئوچۇق كۆرەلەيدۇ. ئىسلام كېلىپ ئىنسانلارنى باي ـ كەمبەغەل، ئاجىز ـ كۈچلۈك، يۇقىرى تەبىقە ـ تۆۋەن تەبىقە، ئاق تەنلىك ـ قارا تەنلىك ۋە باشقا ھەر خىل ئىسىم ئاستىدا ئايرىشنى قەتئىي رەت قىلىپ، پۈتۈن ئىنسانلار تاغاقنىڭ چىشىغا ئوخشاش تەڭ ـ باراۋەر ھوقۇققا ئىگە دەپ جاكارلىدى. مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ يېڭى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماسلىقتىكى ئەڭ چوڭ سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىسلامنىڭ قۇللارنى خوجايىنغا ئوخشاش ئىنسان دەپ قارىغانلىقى ئىدى. ئۇلار قول ئاستىمىزدىكى قۇللار قانداقمۇ بىز بىلەن تەڭ بولىدۇ؟ بىز بۇنداق دىنىنى قوبۇل قىلمايمىز دەپ قارشى تۇرغان ئىدى.

ئىسلام كېلىپلا قۇللۇق تۈزۈمنى بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرمىدى. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە زىت كېلىدۇ. ئىسلام قۇللۇقنى يوقىتىشتا ئىككى پرىنسىپنى يولغا قويدى. بىرى قۇل قىلىش يولىنى پەقەت ئۇرۇشتا ئەسىر چۈشكەن كاپىرلارغىلا قىسقارتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر يول بىلەن ئىنسانلارنى قۇل قىلىش جائىز بولمايدۇ. ئىككىنچىسى، قولىدا بار قۇللارنى ئازاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇل ئازاد قىلغانىنىڭ ساۋابىنى ناھايىتى چوڭ ساۋاب ۋە مۇكاپات قىلدى. خاتا ئادەم ئۆلتۈرۈش،

قەسىمدىن يېنىش، روزىسىنى بۇزۇش ۋە باشقا گۇناھلارنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن قۇل ئازاد قىلىشنى بەلگىلەپ، ھەر پۇرسەتتە قۇل ئازاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. مانا مۇشۇ يول بىلەن قۇلدارلار بىلەن قۇللارنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلماستىن، ئىنسانىي ۋە دىنىي قېرىنداشلىق بىلەن قۇللۇقنى تۈگىتىشنى مەقسەت قىلدى. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ داۋان ئاشمىدى. داۋان ئېشىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ داۋان ئېشىش دېگەن قۇل ئازاد قىلىشتۇر. ياكى ئاچارچىلىق كۈندە تۇغقانچىلىقى بولغان يېتىمگە ياكى توپىدا ياتقان مىسكىنگە تاماق بەرمەكتۇر.»[1]

جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە قۇللارنى خوجايىنلارنىڭ دىنى ۋە ئىنسانىي بۇرادەرلىرى دەپ ئاتىدى، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: قۇللار ئىككىنچى سىنىپ ئىنسانلار ئەمەس، ئۇلارمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانلار بولۇپ، سىلەرگە ئوخشاش كۆڭلى بار، سىلەرگە ئوخشاش جېنى بار، سىلەرگە ئوخشاش خۇشال بولىدۇ، قايغۇرىدۇ، سىلەر رەنجىگەن نەرسىدىن ئۇلارمۇ رەنجىيدۇ، ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇلارنى قول ئاستىڭلاردا قىلىشى بولسا، ئۇرۇپ ـ تىللاش، ئېزىش، زۇلۇم قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلاردا ياردەمچى بولۇش ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئۇلارنى خورلىماڭلار، ئۆزۈڭلار يېگەن تاماقتىن بېرىڭلار، ئۆزۈڭلار كىيگەن كىيىمدىن كىيگۈزۈڭلار، ئۇلارنى قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئېغىر ئىشقا سالماڭلار، ئەگەر ئۇلارنى

---

[1] سۈرە بەلەد 11 ـ ئايەتدىن 16 ـ ئايەتكىچە.

ئېغىر ئىشقا بۇيرۇشقا تـوغرا كېلىپ قالسا، ئۇلارغا ياردەملىشىڭلار. چـۈنكى ئـۇلار تـاش ـ تۆمـۈردىن يارىتىلغـان مەخلـۇق ئەمەس، ئېغىـر ئىشلار بىلەن ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ئاغرىيدۇ، يامـان گەپ ـ سـۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلى رەنجىيدۇ، دېگەن بولىدۇ.

جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بىر ھەدىستە مۇنـداق دېـگەن: «ئـاللاھتىن قورقـۇڭلار، قـول ئاسـتىڭلاردىكىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، ئۇلارغا سىلەر يېگەن نەرسىدىن يېگـۈزۈڭلار، كىيگەن نەرسەڭلاردىن كىيگـۈزۈڭلار، ئـۇلارنى كـۈچى يەتمەيـدىغان ئىشقا سالماڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەخلاقى سىلەرگە ياقمىسا ئـۇلارنى باشـقىلارغا سـېتىۋېتىڭلار، ئاللاھنىـڭ بەنـدىلىرىنى قىينىمـاڭلار.» ھەزرىتى ئىكرىمە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىـدۇ، رەسـۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ مەسئۇدنىڭ قـۇلىنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ بۇنىڭغا كۈچۈڭ يەتكىنىدىن بەكرەك ئاللاھنىڭ ساڭا كۈچى يېتىدۇ» دېگەن.

خوجايىنلارنىـڭ خىزمەتچىلەرنـى كـۆزىگە ئىلمـاي «ھەي دۆت ـ كالۋا، ماۋۇ ئىشنى مۇنداق قىل! ياكى ئۇنى قويە!» دېگەنـدەك قوپال ۋە يامـان سـۆزلەرنى قىلىشـى ئىسلام ئەخلاقىغا قەتئىي ئۇيغـۇن كەلمەيـدۇ. رەسـۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم بىـر ھەدىسـتە: «سـىلەردىن ھېچكىم ‹قۇلۇم، دېدىكىم› دېمىسۇن، لېكىن ‹ئوغلـۇم، قىـزىم› دېسۇن» دېگەن.

ئـاللاھ تەئـالا كىشـىنىڭ ھەققىـگە تاجـاۋۇز قىلىشـتىن، كىشـىلەرنى خور كۆرۈشتىن، ئـۆز نەپسـىگە تەمەننـا قىلىـپ مەنمەنچىلىـك قىلىشـتىن ساقلىسۇن. ئامىن!

# 84 ـ ھەدىس ئىككى ھەسسە مۇكاپات ئالىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا

عن أبي موسى الأشعري رضي الله عنه قال: قال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «ثَلاَثَةٌ لَهُمْ أَجْرَانِ: رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ آمَنَ بِنَبِيِّهِ وآمَنَ بِمُحَمَّدٍ صلى الله عليه وسلم، وَ الْعَبْدُ الْمَمْلُوكُ إِذَا أَدَّى حَقَّ اللهِ وَحَّقَّ مَوَالِيهِ، ورَجُلٌ كَانَتْ عِنْدَهُ أَمَةٌ يَطَؤُهَا فَأَدَّبَهَا فَأَحْسَنَ تَأْدِيبهَا، وعَلَّمَهَا فَأَحْسَنَ تَعْلِيمَهَا، ثُمَّ أَعْتَقَهَا فتَزَوَّجَهَا فَلَهُ أَجْرَانِ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل كىشى بار، ئۇلارغا ئىككى قات مۇكاپات بېرىلىدۇ: بىرى ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىي، ناسارا) بولۇپ، ئۆز پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن كىشى، يەنە بىرى ئاللاھنىڭ ھەققىنى ۋە خوجايىنىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان قۇل، ئۈچىنچىسى دېدىكىنى ياخشى تەربىيىلەپ، ياخشى ئوقۇتۇپ يېتىشتۈرگەندىن كېيىن ئازاد قىلغان، ئاندىن ئۇنى نىكاھىغا ئالغان كىشىگە ئىككى ھەسسە مۇكاپات بېرىلىدۇ.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 97]

ئىزاھات: بۇ ھەدىس ئومۇمەن ئىككى مەسىلە ئۈستىدە توختىلىدۇ، بىرى، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دىنلار، يەنە بىرى، قۇللار مەسىلىسى.

دىن مەسىلىسىگە كەلسەك، ئاللاھ تەئالا ئىنسانىي زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە يارىتقان پەرۋەردىگارىنى تونۇپ ئۇنىڭغا قۇللۇق قىلسۇن ئۈچۈن ياراتقان. ئىنسانغا يارىتىلىش غايىسى بولغان ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالىشى ئۈچۈن دۇنيا نېمەتلىرىدىن مەنپەئەتلىنىشكە ئىنتىلىدىغان نەپس ـ شەھۋەت ۋە پەرۋەردىگارى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئەقىل، ئاڭ ئاتا قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئىنسانلارنى بىر ـ بىرى بىلەن ھەمكارلىق ئىچىدە ياشايدىغان قىلىپ ياراتقان. لېكىن ئىنسانلار كۆپىنچە نەپسى ھەۋىسىگە بېرىلىپ مۇشتۇمزورلۇق قىلىشقا مايىل بولۇپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇ ياشاش قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆگىتىدىغان رەھبەر ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان قانۇن ـ تۈزۈمگە موھتاج. بۇ قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭ ئەڭ يۈكسەك ۋە ئالىي ماقام بىر زات تەرىپىدىن چىقىرىلىشى كېرەككى، ئىنسانلار ئۇ زاتنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈپ ئۇنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى ئىجرا قىلسۇن. ئاللاھ تەئالادىن باشقا ھېچكىم ئۇنداق سۈپەتكە ئىگە ئەمەس. شۇڭلاشقا ئاللاھ تەئالا ئىنسانىنىڭ بۇ ئېھتىياجىنى قامداپ، پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ، ئۆز دەرگاھىدىن كىتابلار نازىل قىلىپ، ئىنسانلارغا دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادەت يولىنى كۆرسىتىپ قانۇن ـ تۈزۈملەرنى بېكىتىپ بەرگەن.

ئىنسانلار يەر يۈزىگە ئاپىرىدە بولغاندىن بىرى ئاللاھ تەئالا تەرەپتىن ئۇلارغا يول كۆرسەتكۈچى پەيغەمبەرلەر كېلىپ، ئاللاھ تەئالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇردى. ئەڭ بىرىنچى پەيغەمبەر ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قەدەر كەلگەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن تەلىماتلىرىنىڭ نىگىزى ۋە غايىسى بىردۇر. ئۇ بولسىمۇ ئىنسانلارغا ئۆزىگە ئوخشاش مەخلۇقلارغا قۇل بولۇشنى تاشلاپ، ھەقىقىي پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تەئالاغىلا قۇل بولۇش ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەختلىك ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھ تەئالانىڭ بەلگىلەپ بەرگەن قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ھەر دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ئوخشاش بولمىغاچقا، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي قانۇن ـ تۈزۈملىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ مۇرەككەپلىشىشىگە ئەگىشىپ قانۇن ـ تۈزۈملەرمۇ كۆپىيىدۇ. ئەمما ئەقىدە ۋە ئىماندا يەنى ئاللاھ تەئالانىڭ بارلىقىغا، بىرلىكىگە چىن ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قۇللۇق قىلىشتا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بىر پەيغەمبەرگە ئۈممەت بولۇپ ئىتائەت قىلغان كىشى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرگىمۇ ئىتائەت قىلسا، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا ئىككى قات ئەجرى ـ مۇكاپات بېرىدۇ.

كۈنىمىزدە ساماۋى دىنلاردىن ئۈچ دىن مەۋجۇت بولۇپ، بىرى، يەھۇدىي دىنى، يەنە بىرى، خرىستىئان دىنى ۋە ئۈچىنچىسى، ئىسلام

دىنىدۇر. بۇ ئۈچ دىنىنىڭ بىرىنچىسى بولغان يەھۇدىي دىنى بولسا، ئەسلى ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن مۇقەددەس دىن ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن يەھۇدىيلارنىڭ يامان نىيەت موللىلىرى ئاللاھ تەئالانىڭ مۇقەددەس، پاك دىنىنى ئۆزلىرى خالىغانچە بۇرمىلاپ پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلىدى. ئاللاھ تەئالا ئىنسانلارغا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنىڭ ئەسلىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر نەچچە پەيغەمبەر ئەۋەتكەن بولسىمۇ، يەھۇدىيلار ئۇ پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ قالاق ئىدىيىسىدە چىڭ تۇردى. كېيىن ئاللاھ تەئالا ئۇلارغا ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى نازىل قىلدى. ئىنجىلدا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان تەۋراتنىڭ ھۆكۈملىرى بايان قىلىندى، بەزى ھۆكۈملەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا يېڭى ھۆكۈملەر بېكىتىلدى. يەھۇدىيلارنىڭ يالغاندىن توقۇپ چىقىپ، كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ ھۆكۈمى دەپ ئېلان قىلغان يامان قىلمىشلىرى پاش قىلىندى. لېكىن يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر دەپ تونۇپ ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، ئىنجىلنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئۇلار «ئەنسارىلار ــ ناسارالار» يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بەرگۈچىلەر دەپ ئاتىلاتتى. يەھۇدىيلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشكە خىرىس قىلغاندا، ئاللاھ تەئالا ئۇنى يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستىدىن ساقلاپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. شۇنىڭ

بىلەن ناسارالار ئىنجىلنى ئۆزلىرى يېزىپ چىقىپ شۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ناسارا (خرىستىئان) دىنى شەكىللەندى. زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خرىستىئانلار مۇ بۇزۇلۇپ، ئەمەلىيەتتە ئەسلى تولۇق بولمىغان ئىنجىلنى ھەر تۈرلۈك يېزىپ چىقىشقا باشلىدى. ئىنجىل شۇنداق كۆپىيىپ كەتتىكى، قايسى دۇرۇس، قايسى خاتا بىلگىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلدى.

ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن 500 يىلدىن كۆپرەك مۇددەت ئىچىدە دۇنيانىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە پەيغەمبەر كەلمىدى. يەر يۈزىنى ئادالەتسىزلىك، زۇلۇم، ناھەقچىلىك، زوراۋانلىقلار قاپلاپ كەتتى. مەيلى ساماۋى دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بولسۇن، مەيلى باشقا دىندىكىلەر ياكى دىنسىزلار بولسۇن ئىجتىمائىي جەھەتتە پۈتۈنلەي چىرىكلىشىپ، ئىنسانلار بىر ـ بىرىنى ئېزىشتە جاڭگاللاردىكى ۋەھشىي، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ئاللاھ تەئالانىڭ ئىنسانلارغا رەھىم ـ شەپقىتى كېلىپ ئۇلارنى كۇپۇر ـ زالالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئىمان ـ ھىدايەتنىڭ يورۇقلۇقىغا، ھەر خىل زۇلۇملارنىڭ پاتقىقىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىش ئۈچۈن جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى پۈتۈن ئىنسان ۋە جىنلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئۆچمەس كالامى بولغان قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدىغان بولغاچقا، ئاللاھ تەئالا ئاخىرقى دىنىنى ئەڭ مۇكەممەل دىن قىلىپ، قۇرئان كەرىمنى قىيامەت كۈنىگىچە كۈچكە ئىگە قىلدى

ۋە ئۇنىڭـــدا يەر شـــارىنىڭ ھەر قايســـى جايلىرىـــدا ياشـــايدىغان ئىنسـانلارنىڭ تۇرمـۇش سەۋىيسـگە ئۇيغـۇن كېلىـدىغان، زامانىنـىڭ ئۆتۈشـى بىـلەن كـونىراپ قالمايـدىغان ئەھكـاملارنى بېكىتتـى. ئىسـلام دىنىنىـڭ نېگىزىنـى ئـاللاھ تەئالاغـا ئىمـان كەلتـۈرۈش قىلىـپ، بـارلىق ھۆكۈم ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنى ئاشۇ ئىمانغا باغلىدى.

ئـاللاھ تەئـالا بـۇ مـۇقەددەس ۋە مەڭگۈلـۈك دىنىنـى نازىـل قىلىـش بىـلەن بـىرگە بـۇرۇنقى دىنلارنىـڭ ھەممىسـنى ئەمەلـدىن قالـدۇردى. مۇسـا ۋە ئىيسـا ئەلەيھىسسـالامغا ھەزرىتـى مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ كېلىشـىدىن خەۋەر بېرىـپ، ئـۇ كەلگەنـدە ئۆزلىرىنىـڭ دىنلىرىنىـڭ ئەمەلـدىن قالـدىغانلىقىنى بىلـدۈرگەن ۋە ئـۇلار ئـۆز ئۈممەتلىرىـدىن مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالام كەلگەنـدە ئـۆز دىنلىرىنـى تاشـلاپ مـۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش توغرۇلۇق ۋەدە ئالغـان ئىـدى. چۈنكى ئىسـلام دىنىنى قوبۇل قىلىش بۇرۇنقى دىنلارنىـڭ ھەممىسـنى قوبـۇل قىلغـانلىق ۋە ئـاللاھ تەئالانىـڭ ئەمرىنـى ئىجرا قىلغـانلىق بولـدۇ. چـۈنكى ئىسـلام دىنىدا بـارلىق سـاماۋى دىنلاردىكـى ئەھكـاملار ئەڭ مـۇكەممەل شـەكىلدە مەۋجـــۇت. پەقەت ئىجتىمـــائىي تـــۈزۈملەرگە بەزى ئۆزگەرتىشـــلەر كىرگـــۈزۈلگەن بولـــۇپ، بـــۇنى ئـــۆزگەرتكەن ئـــاللاھ تەئـــالا ئۆزىـــدۇر. ھېچكىمنىڭ بۇنىڭغا ئېتىراز بىلـدۈرۈش، قارشـى چىقىـش ھوقـۇقى يـوق. مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالام پەيغەمـبەر بولـۇپ كەلگەنـدىن كېـيىن، يەنە تەرسـالىق قىلىـپ ئـۆز دىنىـدا چىـڭ تۇرۇۋالغـۇچىلار كـاپىرلار بولـۇپ، ئۇلارنىـڭ دىنلىـرى ۋە قىلغـان ئىشـلىرى قەتئىـي قوبـۇل قىلىنمايـدۇ. چـۈنكى ئۇلارنىـڭ ئـۆز دىنلىرىـدا چىـڭ تۇرغـانلىقى ئـاللاھ تەئالانىـڭ

ئەمـرىگە قارشــى چىققــانلىقتۇر. ئــالله تەئــالا ئۇلارغــا مەن مــۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندىن كېيىن ئـۆز دىنىڭلارنـى قويۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار دەپ بۇيرۇغـان تۇرسا، ئـۇلار ياق، بىـز ساڭا سـەن كۆرسـەتكەن بـويىچە ئەمەس، ئـۆزىمىز خالىغـان بـويىچە ئىبـادەت قىلىمىز دېسە، بـۇ قانـداقمۇ ئاللاھقا بويسۇنغانلىق بولىـدۇ؟ ئـالله تەئـالا ئۇنداق كىشىنىڭ ئەمىلىنـى قانـداق قوبـۇل قىلىـدۇ؟ شـۇڭا مۇسـۇلمانلار، خرىسـتىئانلار ۋە يەھۇدىيلارمـۇ ئاللاھقـا ئىشـىنىدىكەن دەپ ئالــدىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك. چۈنكى ئۇلار ئالله تەئالاغا ھېقىقى ئىشىنىپ، ئـۆز دىنىغــا چىــن ئەمەل قىلســا ئىــدى، ئەلــۋەتتە رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان كەلتۈرۈپ مۇسۇلمان بولغان بولاتتى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم يۇقىرىـدىكى ھەدىسـتە ئەنە شــۇ يەھــۇدىي ۋە خرىســتىئانلاردىن ئىســلام دىنىنــى قوبــۇل قىلىــپ، مۇســـۇلمان بولغانلارغـــا ئـــالله تەئالانىـــڭ ئىككـــى قـــات مۇكاپـــات بېرىـدىغانلىقنى بىلدۈرىـدۇ. بىـرى، ئـۆز پەيغەمبىـرىگە ئىشـەنگەنلىكى، يەنە بىـــرى، مـــۇھەممەد ئەلەيھىســـسالامغا ئىمـــان كەلتـــۈرگەنلىكى ئۈچۈندۇر. ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمـان كەلتۈرمىسـە، ئۇنىـڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرگەنلىكى ئىمان ھېسابلانمايدۇ.

ئىككىنچى مەسىلە قۇللۇق مەسىلىسى

كــۈنىمىزدە قۇللــۇق قالمىــدى، شـۇڭلاشــقا بــۇ مەســىلە ئۈســتىدە تــوختىلىش ھاجەتسـىز. لـېكىن دىــن دۈشــمەنلىرى دۇنياغــا قۇللــۇقنى ئىسـلام دىنـى ئېلىـپ كەلگەنــدەك، بــۇ ئۇلــۇغ دىنىمىزغــا ھەر تۈرلــۈك

تــۆھمەتلەرنى چاپلايــدۇ ۋە بەزى كەم ئەقــل مۇســۇلمانلارمۇ ئۇلارنىــڭ دىيىغا ئۇسسۇل ئويناپ دۈشمەنلەرگە خىزمەت قىلىدۇ. ھـالبۇكى دۇنيـادا قۇللارنىـڭ خوجـايىنلار بىـلەن ئوخشـاش ئىنسـان بولغـانلىقىنى، ئۇلارغـا ئىنسانىي مۇئامىلە قىلىپ زۇلـۇم قىلماسلىق لازىملىقىنى بىرىنچـى قېتىم جاكارلىغـان ۋە قـۇل ئـازاد قىلىشـنى ئەڭ ئۇلـۇغ ساۋابلىق ئىـش قىلغـان دىــن ئىســلام دىنىــدۇر. ئىســلام خەلىپىلــرى دەۋرىدە ئــازاد قىلىنغــان قۇللاردىن ئەڭ داڭلىق ۋە مەشھۇر ئـالىملار چىققـان بولـۇپ، پۈتـۈن دۇنيـا مۇسۇلمانلىرى بۈگۈنمۇ ئـۇلارنى ھـۆرمەتلىمەكتە ۋە ئۇلارنىـڭ قالـدۇرغان قىممەتلىــك ئەســەرلىرىنى تەزىــم بىــلەن ئوقۇماقتــا. جانــابى رەســۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەم يۇقىرىـدىكى ھەدىسـتە قۇللارنىـڭ شـەنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خوجايىنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش بىـلەن بىـرگە ئـالالاھ تەئالاغا تائەت ـ ئىبـادەتلىرىنى ئـۆز لايىقىـدا ئـادا قىلغـان قۇللارغـا ئىككـى ھەسسە مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

جانــابى رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم يەنە قــۇل ئــازاد قىلىشــقا رىغبەتلەنــدۈرۈپ، قــول ئاســتىدىكى دېــدەكنى ھــۆرمەتلەپ، ياخشـى ئوقۇتـۇپ، تەربىـيىلەپ يېتىشـتۈرگەندىن كېـيىن ئـازاد قىلغـان، ئازاد قىلـدىم دەپ ئـۇنى ئـگە ـ چاقىسـىز تاشـلاپ قويماسـتىن ھـۆر ئايـال قاتارىدا چىرايلىق توينى قىلىپ نىكاھىغا ئالغـان كىشـىنىڭ ئىككـى قـات مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

دېمەك، ئىسلامدا قۇللار بۇ قەدەر ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ۋە شۇنداق ئالىي دەرىجىگە چىقىرىلغان ئىكەن، ئىسلام قۇللۇقنى ياقىلايدىغان دىن دېيىش ئوپئوچۇق تۆھمەت بولىدۇ.

ئاللاھ تەئالا بىزنى ھەقىقەتنى چۈشىنىدىغان ۋە ئۆز دىنىمىزنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى بىلىدىغان ئاگاھ مۇسۇلمانلاردىن قىلسۇن. ئامىين!

## 85 ـ ھەدىس كىشىلەرنى ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىمەسلىك توغرىسىدا

عن عبد الله بن عمر بن الخطاب رضي الله عنهما عَنِ النَّبيِّ صلى الله عليه وسلم: «أَنَّهُ نَهَى أَن يُّقَامَ الرَّجُلُ مِنْ مَجْلِسِهِ وَيَجْلِسُ فِيهِ آخَرُ، ولكِنْ تَفَسَّحُوا وتَوَسَّعُوا» وكان ابنُ عمرَ يَكْرَهُ أَن يَقُومَ الرَّجُلَ مِنْ مَجْلِسِهِ ثُمَّ يَجْلِسُ مَكَانَهُ. [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىراۋنى ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىرىنىڭ ئولتۇرۇشىدىن توستى، لېكىن بىر ـ بىرىڭلارغا ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار.» ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرسى ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇشنى يامان كۆرەتتى. [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 6127]

ئىزاھات: جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە مەسچىت ۋە باشقا سورۇنلاردا ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش ئادابىنى ئۆگەتتىدۇ. مەسچىت ۋە كۆپ ئادەم توپلىشىدىغان يەرلەردە بىر ئادەم بۇرۇن كېلىپ ئولتۇرغان بولسا، ئۇ ئورۇن شۇ كىشىنىڭ ھەققى بولۇپ، تاكى ئۆزى قوپۇپ كەتمىگۈچە ئۇ ئورۇندا باشقىلارنىڭ ئولتۇرۇش ھەققى بولمايدۇ. كىشىنىڭ مەرتىۋىسى قانچىلىك يۇقىرى بولسا

بولسۇن، قەيەردە بوش ئورۇن تاپسا شۇ يەردە ئولتۇرۇشى كېرەك. مەنسەپىگە يا ئىلمىگە ياكى ئىقتىسادى ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ ئولتۇرغان كىشىنى قوپۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇش ئىسلام ئەخلاقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ قىلىق ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىلگەن كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىدۇ. ئىسلامدا سىنىپ ئايرىمچىلىقى يوق، چوڭ ـ كىچىك بارلىق ئىنسانلارغا ئوخشاش قارايدۇ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىشكە يول قويمايدۇ. چۈنكى بۇنداق ئىشلار كۆرۈنۈشتە ئاددىي، كىچىك ئىشلاردەك قىلسىمۇ، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت، دۈشمەنلىك، بىر ـ بىرىنى يامان كۆرۈشتەك ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ ۋە ئۆز ئارا قېرىنداشلىق رىشتىسىنى ئۈزۈپ قويىدۇ. شۇڭلاشقا جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ مەسىلىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ تەكىت لەۋزى بىلەن بايان قىلغاندۇر.

بۇ ھەدىس شەرھىدە ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر بىر كىشى مەسجىدتە ئورۇن ئالغان بولۇپ، قايتىپ كىرىش مەقسىتى بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ مەزكۇر ئورۇنىدىكى ھەققى يوقىلىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر بىر كىشى بىر ئورۇننى ئىگىلەپ جايناماز، دوپپا ياكى قول ياغلىقىغا ئوخشاش بىر نەرسە قويۇپ قويغان بولسا، كېيىن كىرگەن كىشىلەر ئۇ نەرسىنى ئېلىۋېتىپ ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەمما مەزكۇر ئورۇننى ئىگىلەپ قويۇپ پات كەلمىسە، نامازغا تەكبىر ئېيتىلغان ياكى مەسچىت توشۇپ كەتكەن بولسا، ھېلىقى ئورۇندا ئولتۇرۇشقا بولىدۇ. بىر كىشى مەسجىدتە قۇرئان ئاڭلاش،

دەرس ئۆگىنىش ئۈچۈن دائىم بىر يەردە ئولتۇرىدىغان بولۇپ، كىشىلەر بۇنى بىلسە، مەزكۇر كىشى بىرەر سەۋەب بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولسا، ئورنىغا بىر نەرسە قويۇپ قويمىغان بولسىمۇ، ئۇ كىشىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ قايتىپ كىرگۈچە نامازغا تەكبىر ئوقۇلغان بولۇپ، سەپنى تولدۇرۇش كېرەك بولۇپ قالغان تەقدىردە ئۇ ئورۇنغا ئولتۇرۇشقا بولىدۇ.

شۇنىڭدەك مەسجىدلەردە كىشىلەرنىڭ گەدەنلىرىدىن ئاتلاپ، باشلىرىغا ئايىغىنىڭ تۇپىلىرىنى توزۇتۇپ ئالدى سەپكە ئۆتۈش توغرا ئەمەس. بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا، بىر كىشىنىڭ جامائەتلەرنىڭ گەدەنلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئولتۇرغىن، كىشىلەرگە ئەزىيەت بەردىڭ» دېگەن.

ئەگەر بىر سورۇندا ياكى مەسجىدتە ئولتۇرغاندا ئالىم، پازىل بىر كىشى كېلىپ قالسا، ئولتۇرغانلار ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورۇن چىقىرىپ بېرىش ياخشىدۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىشىلەرگە مەرتىۋىسىگە مۇۋاپىق مۇئامىلە قىلىڭلار» دېگەن.

سورۇنغا كېيىن كەلگەن كىشىگە ئورۇن بىكارلاپ بېرىش بەزىدە ھارام بولىدۇ بەزىدە دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن: كەلگەن كىشىگە ئورنىدىن تۇرۇش خۇشامەت قىلىش، ئۇنى ھەددىدىن ئارتۇق ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن بولسا ياكى كەلگەن كىشى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئورنىدىن

تۇرۇشى بىلەن ئۆزىگە تەمەننا تارتىپ پەخىرلىنىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئورنىدىن تۇرۇپ ئورۇن بىكارلاپ بېرىش ھارام بولىدۇ. ئەگەر كاتتا ئالىم، قازى ۋە ھاكىمغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئولتۇرغىنىغا، ئورنىدىن تۇرغىنىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدىغان كىشىلەرگە ئورنىدىن تۇرۇش دۇرۇس بولىدۇ.

ئاتا ـ ئانىڭ، ئۇستازىڭ، يېشى چوڭ كىشىلەر كىرسە ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئۇلارغا ئورۇن بىكارلاپ بېرىشىڭ، قولىدىن كەشىنى، ھاسىسىنى ئېلىشىڭ، ئاستىغا كۆرپە سېلىشىڭ، سۆزىگە قۇلاق سېلىشىڭ، ئاۋازىڭنى پەس قىلىشىڭ، سۆزىنى بۆلمەسلىكىڭ ئىسلام ئەخلاقىدىندۇر. سورۇندا ئولتۇرغاندا غەيۋەت ـ شىكايەت قىلماسلىق، ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلمەسلىك، ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى سۆزلەپ ماختانماسلىق، كىشىلەرنىڭ سىرىنى پاش قىلماسلىق، ئەيىبىنى ئاچماسلىق، سورۇندىكىلەرنى خىجىل قىلماسلىق، مۇمكىن قەدەر ئاللاھ تەئالا رازى بولىدىغان سۆھبەتلەرنى قىلىش، ياخشىلىققا تەرغىب قىلىپ يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇش، كۆپ ئادەم بار يەردە ئىككى كىشى مەخپىي سۆھبەتلەشمەسلىك، ئەگەر ئىككى كىشى سۆھبەتلىشىۋاتقان بولسا ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز گەپكە ئارىلاشماسلىق قاتارلىق ئىشلار سورۇنلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىدىندۇر. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر. پەقەت سەدىقىگە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمرى قىلغان كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى

ئـۇ ئىشـلارنى ئاللاھنىـڭ رازىلىقىنـى تىـلەش يۈزىسـىدىن قىلىـدىكەن، ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجرى ئاتا قىلىمىز.» [سۈرە نىسا 114 ـ ئايەت]

ئـاللاھ تەئـالا يەنە مۇنـداق دەيـدۇ: «ئـى مـۆمىنلەر! ئەگەر سـورۇندا بەزىـلەر سـىلەرگە ‹ئـورۇن چىقىرىـپ بېـرىڭلار› دېسـە، ئـورۇن چىقىرىـپ بېـرىڭلار، ئـاللاھ تەئـالا سـىلەرگە رەھمىتـى ۋە جەننىتىنـى كېڭەيتىـپ بېرىـدۇ، ئەگەر سـىلەرگە: ‹ئورنـۇڭلاردىن تـۇرۇپ بېـرىڭلار› دېيىلسـە، ئورنـۇڭلاردىن تـۇرۇپ بېـرىڭلار، ئـاللاھ سـىلەردىن ئىمـان ئېيتقـانلار ۋە ئىلىـم بېرىلگەنلەرنـى بىـر قـانچە دەرىـجە يـۇقىرى كۆتۈرىـدۇ. ئـاللاھ سـىلەرنىڭ قىلىۋاتقـان ئىشـلىرىڭلاردىن تولـۇق خەۋەرداردۇر.» [سـۈرە مۇجادىلە 11 ـ ئايەت]

سـورۇندىن قوپـۇش ئالدىـدا مۇنـۇ دۇئـانى ئوقـۇش سۈننەت: «ئـى پەرۋەردىگـارىم! سـاڭا ھەمـدە ئېيـتىش بىـلەن سـېنى پـاك دەپ ئېتىقـاد قىلىـمەن، سـەندىن باشـقا ھـېچ مەبـۇد بەرھەق يـوق دەپ گۇۋاھلىـق بېرىمەن، سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمەن.»

ئـاللاھ تەئـالا بىزنـى مانـا مۇشـۇنداق پەزىلەتلىـك ئەخلاقـلار بىـلەن ئەخلاقلىنىپ، ناچار ۋە يامان قىلىقلاردىن يىراق قىلسۇن، ئامىن!

## 86 ـ ھەدىس ياخشى دوست تاللاش توغرىسىدا

عن أبي موسى الأشعري رضي الله عنه أَنَّ النبيَّ صلى الله عليه وسلم قال: «إِنَّمَا مَثَلُ الْجَلِيسِ الصَّالِحِ وجَلِيسِ السُّوءِ كَحَامِلِ الْمِسْكِ ونَافِخِ الْكِيرِ، فَحَامِلُ الْمِسْكِ إِمَّا أَن يُّحْذِيكَ، وإِمَّا أَنْ تَبْتَاعَ مِنْهُ، وإِمَّا أَنْ تَجدَ مِنْهُ رِيحًا طَيِّبَةً، وَنَافِخُ الْكِيرِ إِمَّا أَن يُحْرِقَ ثِيَابَكَ، وإِمَّا أَن تَجِدَ مِنْهُ رِيحًا خَبِيثَةً.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ياخشى ھەمراھ ئىپار ساتقۇچىغا ئوخشايدۇ. ناچار ھەمراھ تۆمۈرچىنىڭ كۆرىكىنى باسقۇچىغا ئوخشايدۇ. ئىپار ساتقۇچى يا ساڭا ئىپاردىن ھەدىيە قىلىدۇ، ياكى سەن ئۇنىڭدىن سېتىۋالىسەن، ياكى بولمىسا ئىپارنىڭ خۇش بۇيىنى پۇرايسەن. كۆرەك باسقۇچى يا كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ، ياكى ئۇنىڭ يېنىدا سېسىق پۇراقلارنى پۇرايسەن.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 6644]

ئىزاھات: جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە بىزنى ياخشى كىشىلەرنى تاللاپ ئۇلار بىلەن دوست ـ ئاغىنە بولۇش، يامان دوست، يامان ئاغىنىلەردىن يىراق تۇرۇشقا چاقىرىدۇ. ياخشى دوستلارنىڭ پايدىسى بىلەن يامان ئاغىنىلەرنىڭ زىيىنىنى

بايـان قىلىـپ، ياخشـى دوسـتنى ئىپـار سـاتقۇچىغا، يامـان دوسـتنى تۆمۈرچىنىڭ كۆرىكىنى باسقۇچىغا ئوخشىتىدۇ.

ئىنسان دوستى بىلەن تونۇلىدۇ. شۇڭلاشقا كونىلار «دوستىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ، مەن سىزنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتىپ بېرەي» دېگەن ئىكەن. ياخشى كىشىلەر بىلەن دوست بولسىڭىز، ئۇلار سىزنى ياخشى ئىشلارغا ئۈندەپ، يامان ئىش ۋە ناچار قىلىقلاردىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. سىزگە ساداقەت بىلەن راست سۆزلەرنى قىلىپ، پايدىلىق ئىشلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ تەئالانىڭ ھېسابسىز نېمەتلىرىنى ئەسلىتىپ كۆڭلىڭىزنى ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. سىزگە ئەيىبلىرىڭىزنى كۆرسىتىپ، پايدىسىز ئىشلاردىن توسىدۇ. سىز ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ ئاللاھ تەئالانى ئەسلەتسىڭىز، ئاللاھ تەئالانىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ. ئەگەر ئاللاھ تەئالانىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرسىڭىز دەرھال يامان ئىشلاردىن قول ئۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەم سىز ھەم دوستىڭىز كىشىلەر ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئىشەنچلىك، ياخشى كىشىلەردىن بولىسىلەر. ئائىلىدىكىلەر ۋە جەمئىيەتتىكى كىشىلەر سىلەرنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ، ئۇلارمۇ ياخشى كىشىلەردىن بولىدۇ. ئەزەلىرى ياخشى بولغان جەمئىيەتتە زۇلۇم، ناھەقچىلىك، جېدەل ـ ماجىرا ۋە ئىتتىپاقسىزلىق بولمايدۇ. ھەممە بىر ـ بىرىگە دوست، ئىناق بولىدۇ. ئەمەلدارلار پۇقرالارنى ئەزمەيدۇ، پۇقرالار باشلىقلىرىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرمەيدۇ. جەمئىيەتتە ھەقىقىي بەخت ـ سائادەت ۋە پاراۋانلىق بولىدۇ.

ياخشى دوست سىزنىڭ سىرىڭىزنى ساقلايدۇ، خاتالىقىڭىزنى كەچۈرىدۇ، ئەيىبىڭىزنى يوّگەيدۇ، كەمچىلىكىڭىزنى تۈزىتىدۇ، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭىزغا ھەمكارلىشىدۇ. ياخشى دوست سىز بىلەن بىرگە بولۇشتىن زېرىكىپ قالمايدۇ، سىزدىن يىراقتا بولغاندا سىزنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

ئەمما ناچار ئادەملەر بىلەن دوست بولسىڭىز، سىز ئۇلارنىڭ يامان ئىشلىرىغا ئورتاق بولمىسىڭىزمۇ بالاسى يۇقىدۇ. ئۇلارنى يامان قىلىقلىرىدىن ئاگاھلاندۇرسىڭىز، سىزنىڭ سۆزىڭىزگە قۇلاق سالمىغانلىقى سىرتىدا، سىزگە زىيان كەلتۈرۈشتىن يانمايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا كۆز يۇمسىڭىز، يامان ئىشلارغا رازى بولغان بولىسىز، يامانلىققا رازى بولۇپ قاراپ تۇرۇش ئۇنى ئىشلىگەنگە ئوخشاش گۇناھتۇر. شۇڭا ئاتىلىرىمىز: «يامانىنىڭ قىشىغا بارماڭ بالاسى يۇقار، قازاننىڭ قېشىغا بارماڭ قارىسى يۇقار» دېگەن.

دېمەك، ناچار ئادەملەر بىلەن ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش قىلىش، ئۇلارنىڭ يامان ئىشلىرىغا رازى بولۇپ قاراپ تۇرۇش دۇرۇس ئەمەس، يامانلىقنى توسۇش لازىم. ئەگەر ئۇنى توسۇشقا قۇدرىتى يەتمىسە، ئۇنداق يامان سۆز، يامان ئىش قىلىنىۋاتقان يەرنى تاشلاپ كېتىش كېرەك. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، ‹بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز نادانلاردىن دوستلۇق تىلىمەيمىز› دەيدۇ.» [سۈرە قەسەس 55 ـ ئايەت]

ناچار، يامان ئادەملەرنىڭ ئولتۇرۇشلىرىدا سەت گەپلەر، غەيۋەت ـ شىكايەتلەر، سۇخەنچىلىك، يالغانچىلىق، بىر ـ بىرىنى سەت تىللار بىلەن تىللاش ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك ناچار قىلىقلار بولىدۇ. ئۇلارغا نەسىھەت قىلسا مەسخىرە قىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۇنداقلارنىڭ سورۇنلىرىدا ئولتۇرماسلىقنى ئەمرى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز توغرىسىدا تەنە ۋە مەسخىرە قىلىپ پاراڭ سېلىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە، ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا پاراڭغا چۆشمىگۈچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماسلىقنى شەيتان ساڭا ئۇنتۇلدۇرغان بولسا، ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن، زالىم قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن.» [سۈرە ئەنئام 68 ـ ئايەت]

ياخشى ـ يامان دوست ـ ئاغىنىلەرنىڭ پايدا ـ زىيىنى مۇشۇ دۇنيادىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى قىيامەت كۈنى ھەر كىشى مۇشۇ دۇنيادا ياخشى كۆرگەن ۋە يېقىن بولغان كىشىلىرى بىلەن ھەشىر قىلىنىدۇ. ياخشىلارنى دوست تۇتقانلار ياخشىلار بىلەن، يامانلارنى دوست تۇتقانلار يامانلار بىلەن بولىدۇ. سوفى ئاللاھ يار مۇنداق دەيدۇ:

«قىيامەت كۈن قوشۇلسا جان بىلەن تەن،

قوپار ھەر ئادىمى ئۆز دوستى بىرلەن.»

ئاللاھ تەئالا بىزنى يامانلارنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كېتىشتىن ساقلاپ، ياخشىلارغا ھەمراھ قىلسۇن، ئامىن!

## 87 ـ ھەدىس گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنمايدىغانلار توغرىسىدا

عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: «كُلُّ أُمَّتِي مُعَافًى إِلاَّ الْمُجَاهِرِينَ، وَإِنَّ مِنَ الْمُجَاهِرَةِ أَن يَعْمَلَ الرَّجُلُ بِاللَّيْلِ عَمَلاً ثُمَّ يُصْبِحُ وَقَدْ سَتَرَهُ اللهُ، فَيَقُولُ: ‹يَا فُلاَنُ! عَمِلْتُ الْبَارِحَةَ كَذَا وكَذَا› وقَدْ بَاتَ يَسْتُرُهُ رَبُّهُ، ويُصْبِحُ يَكْشِفُ سِتْرَ اللهِ عَنْهُ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسى ئەپۇ قىلىنىدۇ، ئوچۇق ـ ئاشكارا گۇناھ قىلغۇچىلار بولسا كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ. بىر ئادەم كېچىسى بىرەر گۇناھ ئىشنى قىلغان ۋە ئاللاھ ئۇنى يوشۇرغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئەتىگىنى تۇرۇپ: ‹ھوي پالانى! مەن ئاخشام مۇنداق، مۇنداق ئىشلارنى قىلدىم› دەپ، ئاللاھ يوشۇرغان بۇ ئىشنى ئەتىگىنى ئاشكارىلىشى، ئوچۇق گۇناھ قىلغانلىق جۈملىسىدىن بولىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 5930]

ئىزاھات: ئاللاھ تەئالا بەندىلىرىگە چەكسىز مېھرىبان بولغانلىقى ئۈچۈن، بەندىلەردىن ئۆتۈلگەن كەمچىلىكلەرنى ئۆز رەھمىتى بىلەن ئەپۇ قىلىپ كەچۈرىدۇ. لېكىن ئاللاھ تەئالانىڭ بۇ ئەپۇ ـ مەغپىرىتىدىن

مەھرۇم قالىدىغان بەزى ئىنسانلارمۇ بار. ئۇلار شۇنداق رەزىل، پەسكەش مەخلۇقلاركى، ئاللاھ تەئالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن قورقمايدۇ، كىشىلەردىن ھايا قىلمايدۇ. ئۇنداق ھاياسىز ئىنسانلار كىشىلەرنىڭ كۆزى ئالدىدا ھەر تۈرلۈك يامان قىلىقلارنى قىلىشتىن تەپ تارتمايدۇ. ئاللاھ تەئالانىڭ دىنىغا ۋە ئەمر ـ پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىشنىڭ ئورنىغا ناپەرمانلىق قىلىدۇ.

ئاللاھ تەئالانىڭ مەغپىرىتىدىن مەھرۇم قالىدىغان ئىنسانلارنىڭ يەنە بىر تۈرى، كېچىسى ھاراق ئىچىش، زىنا قىلىش، قىمار ئويناش قاتارلىق گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى ئىشلەپ، مەزكۇر جىنايى قىلمىشلىرىنى ئەتىسى پەخىرلەنگەن ھالدا، باشقىلارغا: «مەن كېچىدىن ئۇنداق قىلدىم، مۇنداق قىلدىم» دەپ سۆزلەپ بېرىدىغانلاردۇر. ئۇلار گويا ئۆزلىرىنى ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلالايدىغان جاسارەتلىك ئادەملەر دەپ ئويلايدۇ. ئۇنداق تەبىئىتى بۇزۇق، كۆڭلى قارا، ھاياسىز ئىنسانلاردىن بىر نەچچىسى جۇغلىشىپ قالسا، قىلىشىدىغان پاراڭلىرى ــ ھەر بىرى ئۆز رەسۋالىقى بىلەن پەخىرلىنىپ ــ «مەن مۇنچە ئايال بىلەن بىر يەردە بولدۇم، مەن قىماردا مۇنچىلىك پۇل ئۇتتۇۋالدىم، مەن ھاراقنى راسا ئىچىپ مەست بولۇۋېلىپ تازا پۇخادىن چىقتىم» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى قىلمىغان گۇناھلارنىمۇ قىلدىم دەپ پو ئېتىپ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. ئۇنداق نومۇسسىز ئىنسانلار يازغۇچى، ئەدىب بولۇپ قالسا، يازغان شېئىرلىرى، رومان، پوۋېستلىرى ھاراق ئىچىپ مەست بولغان، نامەھرەم ئاياللار بىلەن قانداق ئالاقە باغلاپ زىنا قىلغان رەسۋالىقلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە ئەنە شۇنداق رەسۋا، ھاياسىز ئىنسانلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئاللاھ تەئالا ئۇنداق ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار بىلمەسلىكتىن ياكى خاتالاشقانلىقتىن ئەمەس، بەلكى قەستەن ئاللاھ تەئالاغا ئىسيان قىلغان ھالدا گۇناھ ئىشلەيدۇ. ئۇلار ئەتراپىدىكى ئىنسانلارنى كەمسىتىپ كۆزىگە ئىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، گۇناھ ـ مەسىيەت ۋە يامان ئىشلارنى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشكارا قىلىۋېرىدۇ. ئۇلار كۆڭلىدە كىشىلەردىن ھايا قىلىپ ئۇيىلىش دېگەن تۇيغۇ يوقالغان بۇزۇق ئىنسانلاردۇر. ھەممىدىن يامىنى ئاللاھ تەئالانىڭ مۇقەددەس دىنى ۋە ئۇلۇغ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا پىسەنت قىلمايدۇ. ئاللاھ تەئالا توسقان ئىشلارنى يوشۇرۇن ـ ئاشكارا قىلىۋېرىدۇ. يوشۇرۇن قىلغان ئىشلىرىنىمۇ ئاشكارىلاپ سۆزلەپ يۈرىدۇ. ئۇلار بۇ قىلمىشلىرى بىلەن جەمئىيەتتە ئەخلاقسىزلىق ۋە گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنىڭ ئومۇملىشىپ كېتىشىگە، ئىمانى ئاجىز كىشىلەرنىڭ گۇناھ ئىشلەشكە جۈرئەت قىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاللاھ تەئالا ئۇلارنى كەچۈرمەيدۇ.

ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىدىغان كىشىلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان ئاللاھتىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى يۇقىرىدىكى خىسلەتلەرگە ئىگە

كىشىلەرنىڭ) مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۇ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى نېمىدېگەن ياخشى!» [سۈرە ئالى ئىمران 135 ـ 136 ـ ئايەتلەر.]

ئىنسان ئاجىز مەخلۇق، نەپسى ـ شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا كىرىپ بەزى چوڭ ـ كىچىك گۇناھلارنى قىلىپ سالىدۇ. مۇسۇلمان ئادەم بەزىدە غەپلەت بېسىپ گۇناھ ـ مەسىيەتلەرگە چۆشۈپ قالسا، ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمىتىنى، ئۆزىنىڭ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئەسلەپ، خاتالىقنى تونۇپ، ئاللاھ تەئالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، قىلىپ تاشلىغان گۇناھىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆزىنى ئۇنداق يامان ئىشلاردىن تارتسا، گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى، مېھرىبان ئاللاھ ئەلۋەتتە ئۇ بەندىنى ئەپۇ قىلىپ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ.

ھەر قانداق بىر گۇناھنى ئىشلەپ سالغان كىشى، ئاللاھ تەئالاغا تەۋبە قىلىپ، مەغپىرەت تىلىشى ۋە يامان ئىشلىرىنى كىشىلەرگە ئېيتماسلىقى كېرەك. ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئاللاھ تەئالا بۇ دۇنيادا مۆمىن بەندىسىنىڭ قىلغان گۇناھىنى يوشۇرىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنى گۇناھىغا ئىقرار قىلدۇرۇپ ‹سەن مۇنداق، مۇنداق ئىشلارنى قىلغىنىڭ ئېسىڭدە بارمۇ؟› دەيدۇ. بەندە گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ: ‹ئېسىمدە بار، ئۇ گۇناھلارنى مەن قىلغان› دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تەئالا: ‹مەن سېنىڭ گۇناھلىرىڭنى دۇنيادا يوشۇرغان ئىدىم، بۈگۈنمۇ يوشۇرىمەن› دەپ بەندىسىنى ئەپۇ قىلىدۇ.»

يۇقىرىـدىكى ھەدىسـتە يەنە سـىر ساقلاشـنىڭ زۆرۈرلـۈكىگە ئىشـارەت بـاردۇر. چـۈنكى ئۆزىنىـڭ سـىرىنى سـاقلىيالمىغان ئـادەم باشـقىلارنىڭ سـىرىنى سـاقلىيالمايدۇ. بـىر ـ بىرىنىـڭ سـىرلىرىنى سـاقلىيالمىغان كىشـىلەرنىڭ ئوتتۇرىسـىدا دوسـتلۇق، ئىنـاقلىق بولمايـدۇ. دوسـتلۇق ـ ئىتتىپاقلىق بولمىغان جەمئىيەتتە ئامانلىق بولمايـدۇ. شۇڭلاشـقا ھەر بـىر كىشـى ئۆزىنىـڭ، ئائىلىسـىنىڭ ۋە دوسـتلىرىنىڭ سـىرلىرىنى ساقلىشـى، ئـۇنى ئاشكارىلىماسـلىقى لازىـم. ھەزرىتـى ئـۆمەر ئىبنـى ئابـدۇلئەزىز رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ مۇنـداق دېـگەن: «قەلـبلەر سـاندۇقلاردۇر، ئېغىـزلار ئۇنىڭ قۇلـۇپلىرى ۋە تىلـلار ئاچقۇچلىرىـدۇر. ھەر بـىر ئىنسـان سـىرىنىڭ ئاچقۇچىنى ساقلىسۇن.»

ئـاللاھ تەئـالا بىزنـى گۇنـاھ ـ مەسـىيەتلەرگە چۈشـۈپ قېلىـپ، بـۇ دۇنيـادىن تەۋبە قىلمـاي كېتىـپ قېلىشـتىن، دۇنيـا ـ ئـاخىرەتتە خەلقـى ئـالەم ئالدىــدا رەســۋا بولۇشــتىن ساقلىســۇن. بىــزدىن ئۆتــۈلگەن خاتالىقلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يوشۇرۇپ ئەپۇ قىلسۇن. ئامىين!

## 88 ـ ھەدىس مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا نەسىھەت قىلىش توغرىسىدا

عن جرير بن عبد الله البجلي رضي الله عنه قال: «بَايَعْتُ رسولَ الله صلى الله عليه وسلم عَلَى إِقَامَةِ الصَّلاَةِ، وَإِيتَاءِ الزَّكَاةِ والنُّصْحِ لِكُلِّ مُسْلِمٍ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ بۇجەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە ۋە ھەممە مۇسۇلمانلارغا نەسىھەت قىلىشقا بەيئەت قىلدىم.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 57]

ئىزاھات: ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ۋە ئۇنى تۇتۇپ تۇرىدىغان تۈۋرۈكى ئۈچ نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭسىز ئىسلام مەۋجۇت بولمايدۇ. كىمكى بۇ ئۈچ نەرسىنى تەلەپكە لايىق ئورۇنلىسا، ئۇ ھېقىقى مۆمىن - مۇسۇلمان بولىدۇ. ئۇ ئۈچ نەرسە ناماز، زاكات ۋە مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا بىر - بىرىگە نەسىھەت قىلىشتۇر.

1 ـ ناماز ــ مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىيدىغان پەرق نامازدۇر. قەستەن ناماز ئوقۇمىغان ئادەم ئۆزىنى «مەن مۇسۇلمان» دەپ ئاتىۋالسىمۇ ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كېتىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «نامازنى قەستەن تەرك ئەتكەن ئادەم كاپىر بولىدۇ» دېگەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە

مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار بىر ئاللاھتىن باشقا بەرھەق مەبۇد يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرگىچىلىك، نامازنى ئادا قىلغۇچىلىق، زاكاتنى بەرگۈچىلىك ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر ئۇلار يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلسا قانلىرىنى ۋە ماللىرىنى مەندىن ساقلاپ قالىدۇ. پەقەت قىساس ئېلىشلا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېسابى ئاللاھ تەئالاغا تاپشۇرۇلىدۇ.» ناماز ئىنساننى پەرۋەردىگارى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭ چەكسىز نېمەتلىرىنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تەئالانى ئېسىدىن چىقارماي كۈندە بەش قېتىم ئۇنىڭ ھوزۇرىدا مۇناجات قىلىپ تۇرغان كىشىنىڭ گۇناھ ـ مەسىيەتلەرگە چۈشۈپ قېلىشى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە «ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ» دېگەن. [سۈرە ئەنكەبۇت 45 ـ ئايەت]

ئىنسان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭغا پەرز بولىدىغان ئىبادەت نامازدۇر. ناماز ئاللاھ تەئالا بىلەن بەندىنىڭ ئارىسىدىكى ۋاستە بولسا، زاكات مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق رىشتىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە كۆپىنچە ناماز بىلەن زاكات بىرلىكتە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە (يەنى ئەتىگەندە ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلىرىدا) ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر.» [سۈرە ھۇد 114 ـ ئايەت]

«ئىنسان ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى. ئۇنىڭغا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتكەن چاغدا زارلانغۇچىدۇر. بىرەر ياخشىلىق يەتكەن چاغدا، بېخىللىق قىلغۇچىدۇر. پەقەت تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا: نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. ماللىرىدىن تىلەيدىغان ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق (يەنى زاكات) بەرگۈچىلەر...» [سۈرە مائارىج 19 ـ 25 ـ ئايەتلەر]

«ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا يالغۇز ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە بۇيرۇلدى. ئەنە شۇلار توغرا دىندۇر.» [سۈرە بەييىنە 5 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا ھەبىبى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەزلى كەرىمىنى كۆرسىتىش ۋە ئۇنىڭغا ئاتا قىلىدىغان نېمەتلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئۇنى بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرەمدىن مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ باردى، ئۇ يەردىن يەتتە قات ئاسمانىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ ئۆزىگە ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتۇرۇپ، رازى بولغۇچىلىق ياخشىلىقلارنى بەردى ۋە ئۈممىتىگە ھەر كۈنى 50 ۋاقىت ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نامازنى يەڭگىللىتىپ بېرىشنى تىلىشى بىلەن 50 ۋاقىت نامازنى بەش ۋاقىتقا چۈشۈرۈپ بېرىپ، بەش ۋاقىت نامازنى ئادا قىلغان كىشىگە 50 ۋاقىت نامازنىڭ ساۋابىنى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاللاھ تەئالا نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى بەلگىلەپ، ئۇنى ئادا

قىلىــش ئۇســۇلىنى رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمگە ئــۆگەتكەن. ئــاللاھ تەئــالا مۇنــداق دەيــدۇ: «شۈبھىســىزكى، نامــاز مــۆمىنلەرگە ۋاقتــى بەلگىلەنــگەن پەرز قىلىنــدى.»[1] رەســۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ: «نامازنى مېنىڭ ئوقۇغىنىمدەك ئوقۇڭلار» دېگەن.

ئاللاھ تەئالا نامازنى ئادا قىلغان كىشىلەرنى ھەقىقى مۆمىنلەر دەپ ئاتاپ، ئۇلارغا ئالىي دەرىجىلەرنى ۋەدە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار مۇكەممەل رەۋىشتە ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل ـ مالدىن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدۇ، ئەنە شۇلار ھەقىقى مۆمىنلەردۇر، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (جەننەتكە) ئېرىشىدۇ.» [سۈرە ئەنفال 3 ـ 4 ـ ئايەتلەر]

ئــاللاھ تەئــالا نامازغــا ســەل قــاراش ۋە ئــۇنى تەرك ئېتىشــتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسقان ئورۇن باسارلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپســى خاھىشــلىرىغا ئەگەشــتى، ئــۇلار (قىيــامەتتە) گۇمراھلىقنىــڭ جازاسىنى تارتىدۇ.» [سۈرە مەريەم 59 ـ ئايەت]

نامــاز ھەققىــدە كەلــگەن ئــايەت ـ ھەدىســلەر ناھــايىتى كــۆپ. ئېچىنــارلىقى شــۇكى، مۇســۇلمانلارنىڭ كــۆپ ســانلىقى نامازنىــڭ ئەھمىيىتىنى ۋە ئۇنى تەرك ئېتىشنىڭ قانداق يامان گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بىلىپ تۇرۇپ نامازغا سەل قارايدۇ ۋە ئۇنى خالىغاندا ئوقۇپ

[1] سۈرە نىسا 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قويۇپ، خالىغانـدا تەرك ئېتىـدۇ. نامـازنى ئوقۇغـانلارمۇ تەلەپـكە لايىـق ئىخلاس ۋە ھـۇزۇر قەلـب بىـلەن، ئـاللاھ تەئالانىـڭ ئالدىـدا قـول بـاغلاپ تۇرۇپ مۇناجات قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئەيمەنـگەن ھالـدا ئوقۇمايـدۇ. ئۇنى خۇددى بىر ئالۋان ياكى ئادەتكە ئوخشاش ئوقـۇپ قويىـدۇ. ئۇنـداق ئوقۇغــان نامازنىــڭ نە ئــۆزىگە، نە جەمئىيــتىگە پايدىســى بولمايــدۇ. ھـالبۇكى ئـاللاھ تەئـالا نىجـات تاپىـدىغان مۆمىنلەرنىـڭ نامـازنى ھـۇزۇر قەلب بىلەن ئادا قىلىدىغان كىشىلەر بولغـانلىقىنى بايـان قىلىـپ مۇنـداق دەيــدۇ: «مــۆمىنلەر ھەقىــقەتەن بەخــتكە ئېرىشــتى، ئــۇلار نامازلىرىــدا ئاللاھنىــڭ ئۇلۇغلۇقىــدىن ســۈر بېســىپ كەتكەنلىكــتىن ئەيمىنىــپ تۇرغۇچىلاردۇر.» [سۈرە مۆئمىنۇن 1 ـ 2 ـ ئايەت]

2 ـ زاكــات ــ زاكــات بولىسـا ئىسـلامنىڭ بەش ئاساســىنىڭ بىــرى بولۇپ، قۇرئـان كەرىمـدە كـۆپىنچە نامـاز بىـلەن بىـرگە تىلغـا ئېلىنىـدۇ. زاكــات مــال بىــلەن قىلىنىــدىغان ئىبــادەت بولــۇپ، مەلــۇم مىقــداردا ئىقتىسادقا ئىگە بولغان كىشىلەر، يىلدا بىر قېتىم مېلىنىـڭ يـۈزدە ئىككـى يېرىم پىرسەنتىنى نـامرات ـ كەمبەغەل، ئـاجىز، بىچـارىلەرگە غەمخورلـۇق تەرىقىسـىدە بېرىـدۇ. زاكـات ئىسلام جەمئىيىتىـدە بـاي بىـلەن كەمبەغەل ئوتتۇرىــدىكى ئېغىــر پەرقنــى يەڭگىللىتىــپ، كەمبەغەللەرنىڭمـۇ مەلـۇم تۇرمــۇش سەۋىيىســىگە كاپــالەت قىلىــش، ئىجتىمــائىي قېرىنداشــلىق تۇيغۇســىنى ئەمەلىــي جــارى قىلــدۇرۇش ... ئۈچــۈن يولغــا قويۇلغانــدۇر. كاپىتالىسـت جەمئىيەتـتە ئىقتىسـاد مەلـۇم كىشـىلەرنىڭ قولىـدا بولـۇپ، باشــقىلار ئۇلارغــا ئىشــلەپ بېرىــپ جېنىنــى ئــاران باقىــدۇ. ئۇنــداق جەمئىيەتـتە مەيلـى ھۆكـۈمەت، مەيلـى شەخسـلەردە رەھـىم ـ شـەپقەت

بولمايدۇ. خۇددى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەندەك: «بايلار ئىككى تاغ ئالتۇنغا ئېرىشسە، يەنە ئۈچىنچىسىنى ئىستەيدۇ.»

كوممۇنىزم بولسا ھەممە ئادەمنى تەڭ ـ باراۋەر قىلىمىز دېگەن شوئار ئاستىدا شەخسىي ئىگىلىككە قارشى چىقىپ، بايلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى زورلۇق ـ زومبۇرلۇق بىلەن تارتىپ ئېلىپ ھەممە ئادەمنى ئوخشاش نامرات قىلىپ قويىدۇ. نامرات ـ يالاڭتۆشلەرنى بايلارغا قارشى كۈشكۈرتۈپ، خەلق ئوتتۇرىسىدا سىنىپىي كۈرەش، دۈشمەنلىك، ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ. كوممۇنىزم جەمئىيىتىدە ئىنسانلار خۇددى جانسىز سايمانغا ئوخشاش بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلىپ، بەرگىنىنى يەپ ياشاشقا مەجبۇر. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن خالىغان ئىشنى تاللاش ھوقۇقى بولمىغاچقا، پۇقرالار سۈنئىي خۇشاللىق بىلەن ياشاشقا مەھكۇم.

ئەمما ئاللاھ تەئالانىڭ مۇقەددەس دىنى يولغا قويۇلغان ئىسلام جەمئىيىتىدە بولسا، ئىنسانلارنىڭ تەڭ ـ باراۋەرلىكىنى ھېچكىمنى رەنجىتمەستىن، كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلماستىن، قېرىنداشلىق، دوستلۇق، ئىناقلىقنى مۇستەھكەملىگەن ھالدا قولغا كەلتۈرىدۇ. ئاللاھ تەئالا زاكاتنى ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئېلىنىدىغان ئالۋان ـ سېلىق قىلماستىن، ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقىغا ۋە ئۇلۇغ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدىغان چوڭ ئىبادەت قىلىپ بېكىتتى. شۇڭلاشقا ئىقتىسادى ياخشى بولغان مۇسۇلمانلار ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆز ئىختىيارى بىلەن مېلىنىڭ زاكىتىنى ئايرىپ،

كۆڭـۈل رازىلىقـى بىـلەن زاكـات ئالـىدىغان كەمبەغەللەرنـى ئىسـتەپ ـ تېپىپ ئاپىرىپ بېرىدۇ. بىر يىللىـق زاكىتىنـى كەمـبەغەللەرگە بېرىۋالغـان مۇسـۇلمان ئـۆزىنى ناھـايىتى بەختلىـك ھـېس قىلىـدۇ. ئـۇلار زاكـاتنى بېرىشتە كەمـبەغەللەردىن ھېچنەرسـە تەلەپ قىلمىغـانلىقى ۋە نـامراتلارنى كەمسىتىپ، مىننەت قىلمىغانلىقى ئۈچـۈن بـاي ـ كەمـبەغەل ئوتتۇرىسـىدا دۈشـمەنلىك بولمايـدۇ. ئىسـلامدا ئىنسـانلار بـاي ـ كەمـبەغەل، يـۇقىرى تەبـقە، تـۆۋەن تەبـقە، ھـاكىم  ـ مەھكـۇم دەپ ئايرىلمىغـانلىقى ئۈچـۈن پۈتـۈن جەمئىـيەت ئەزالـىرى ھەقىقىـي قېرىنداشـلىق ئىچىـدە خۇشـال ـ خۇرام تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

زاكاتنىـــــڭ قانـــــداق چىقىرىلىشـــــى ۋە قايســـــى مـــــاللاردىن چىقىرىلىـــدىغانلىقى ھەققىـــدىكى تەپســـىلىي مەلۇمـــاتلارنى فىقھـــى كىتابلىرىغا ھاۋالە قىلىپ، قۇرئان كەرىمـدىن بىـر ئىككـى ئـايەت ئوقـۇپ ئۆتىمىز. ئاللاھ تەئالا زاكات بېرىشكە ئەمـرى قىلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: «ئـى مـۆمىنلەر! سـىلەر ئېرىشـكەن نەرسـىلەرنىڭ ۋە بىـز سـىلەرگە زېمىنـدىن چىقىرىـــپ بەرگەن نەرســـىلەر (يەنـــى ئاشـــلىقلار ۋە مېـــۋىلەر) نىـــڭ ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار: ئۆزۈڭلارغـا بېرىلسـە پەقەت كـۆزۈڭلارنى يۇمـۇپ تـۇرۇپ ئالـىدىغان ناچـارلىرىنى ئىلغـاپ سـەدىقە قىلمـاڭلار. بىلىڭلاركى ئاللاھ بىھاجەتتۇر، ھەمـدىگە لايىقتـۇر.» [سۈرە بەقەرە 267 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئـالا زاكـات بېرىلـىدىغان كىشـىلەرنى بايـان قىلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: «زاكـات پەقەت پېقىرلارغـا، مىسـكىنلەرگە، زاكـات خادىملىرىغـا،

دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر. ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» [سۈرە تەۋبە 60 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا زاكات بەرمىگەنلەرنى كاپىر دەپ ئاتاپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇشرىكلارغا ۋاي! ئۇلار زاكات بەرمەيدىغان ۋە ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلاردۇر.» [سۈرە فۇسسىلەت 7 ـ ئايەت]

3 ـ نەسىھەت ــ بۇ «ئەمرىبىلمەرۇپ، نەھيى ئەنىلمۇنكەر (ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش)» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىنىڭ كاپالىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن نەسىھەت ھەر بىر مۇسۇلمانغا ۋاجىپتۇر. ئاللاھ تەئالا نەسىھەت ئارقىلىق ھەقنى ئەزىز، باتىلنى خار قىلىدۇ، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ، يامانلىقلارنى يوقىتىدۇ، ياخشىلىق ۋە ئادالەتنى بەرپا قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەسىھەتنى دىنىنىڭ ئاساسى قىلىپ مۇنداق دېگەن: «دىن نەسىھەتتۇر» ساھابىلەر: «كىمگە يا رەسۇلەللاھ!» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ كىتابى ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن بارلىق مۇسۇلمانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىغا نەسىھەت قىلىشتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

نەسىھەتنىڭ توغرى ۋە ئۇسۇلى كىشىلەرنىڭ سەۋىيىسىگە قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ئالىملارنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ، يامانلىقلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرىغا ئىلىم ئۆگىتىش ۋە قىلغان ۋەز ـ نەسىھەت، تەلىم ـ تەربىيىلىرىدە ئىخلاس قىلىش ۋە سەممىي بولۇشتۇر. سودىگەرلەر ئۆزلىرى سادىق بولۇپ، قول ئاستىدىكىلەرنى سودىدا يالغان سۆز قىلماسلىق، كىشىلەرنى ئالدىماسلىق، ئەيىبلىك مالنى ئەيىبىنى يوشۇرۇپ ساتماسلىق قاتارلىق ئىشلاردا نەسىھەت قىلىشى لازىم. شۇنىڭدەك، بارلىق مۇسۇلمانلار ئاۋۋال ئۆزلىرى ياخشى ـ يامانني تونۇپ ئەمەل قىلىشى، ئاندىن باشقىلارغا نەسىھەت قىلىشى لازىم. مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرى خەلققە نەسىھەت قىلسا ۋە خەلقنىڭ نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلسا، پۇقرالار ئۆز ئارا بىر ـ بىرىگە نەسىھەت قىلىشسا، دۆلەتتە تىنچ ـ ئامانلىق، ئادالەت، مۇقىملىق بەرپا بولۇپ، ھەممە كىشى خاتىرجەم بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

نەسىھەت قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپىتىدۇر. پەيغەمبەرلەر نەسىھەت قىلغانلىقى ئۈچۈن قەۋمىدىن ھەر تۈرلۈك جەبىر ـ جاپا ۋە ئەزىيەتلەرگە ئۇچرىغاندا، قەۋمى ئۇلارنى ئەخمەق، يالغانچى ۋە ئەقىلسىز دەپ ئەيىبلىگەندە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەسىھەت قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئاللاھ تەئالا ھۇد ئەلەيھىسسالامنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغان چوڭلىرى ‹بىز ھەقىقەتەن سېنى ئەخمەق ھېسابلايمىز، بىز سېنى ئەلۋەتتە يالغانچىلاردىن دەپ گۇمان قىلىمىز› دېدى. ھۇد ئېيتتى: ‹ئى قەۋمىم!

مەن ئەخـــمەق ئەمەســـمەن، لـــېكىن مەن ئالەملەرنىـــڭ پەرۋەردىگـــارى تەرىپىـــدىن ئەۋەتىلـــگەن پەيغەمـــبەرمەن. ســـىلەرگە رەببىمنىـــڭ ئەلچىلىكىنــى يەتكــۈزىمەن، ســىلەرگە ئىشــەنچلىك نەســىھەتچىمەن›.» [سۈرە ئەئراف 66 ـ 67 ـ 68 ـ ئايەتلەر]

ئـاللاھ تەئـالا بىزنــى نامـازنى ئـۆز لايىقىـدا ئـادا قىلىـدىغان، زاكـاتنى بېرىـــدىغان ۋە ئـــۆز ئـــارا ياخشـــى نەســـىھەت قىلىـــدىغان راســـتچىل مۇسۇلمانلاردىن قىلسۇن. ئامىين!

## 89 ـ 90 ـ ھەدىس ئىمام بولغان كىشىنىڭ نامازنى يەڭگىل ئوقۇشى توغرىسىدا

عن أنس بن مالكٍ رضي الله عنه قال: قالَ رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «إِنِّي لأَدْخُلُ فِي الصَّلاةِ وَأَنَا أُرِيدُ إِطَالَتَهَا فَأَسْمَعُ بُكَاءَ الصَّبِيِّ فَأَتَجَوَّزُ فِي صَلاَتِي مِمَّا أَعْلَمُ مِنْ شِدَّةِ وَجْدِ أُمِّهِ مِن بُكَائِهِ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەن نامازنى ئۇزۇن ئوقۇماقچى بولغان ھالدا نامازغا باشلايمەن، ئاندىن كىچىك بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ نامازنى قىسقا ئوقۇيمەن. چۈنكى مەن بالىنىڭ يىغىسىدىن ئانىسىنىڭ قاتتىق بىئارام بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 700]

عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «إِذَا أَمَّ أَحَدُكُمْ النَّاسَ فَلْيُخَفِّفْ، فَإِنَّ فِيهِمُ الصَّغِيرَ والْكَبِيرَ والضَّعِيفَ والْمَرِيضَ، وإِذَا صَلَّى وَحْدَهُ فَلْيُصَلِّ كَيْفَ شَاءَ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىر كىشى كىشىلەرگە ئىمام بولغاندا، نامازنى

يەڭگىل ئوقۇسۇن، چۈنكى جامائەت ئىچىدە كىچىك، ياشانغان، ئاجىز ۋە كېسەل ئادەملەر بولىدۇ. ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇغاندا، خالىغىنىچە ئوقۇسا بولىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 998]

ئىزاھات: پۈتۈن دۇنياغا رەھمەت بولۇپ كەلگەن، پۈتۈن ئۆمرىدە «ئۈممىتىم، ئۈممىتىم» دەپ بىز ئۈممەتلەرنىڭ غېمىنى يېگەن، مۆمىنلەرگە چەكسىز مېھرىبان، كاپىرلارنىڭ ھىدايەت تېپىپ مۆمىن بولۇشىغا ھېرىسمەن بولغان، ئىنسانلاردىن ھېچبىر كىشى زاالەتتە قېلىپ دوزاخقا چۈشۈپ كەتمىسە ئىدى دەپ دەرد ـ ئەلەم تارتقان جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىدىكى ئىككى ھەدىستە مۇسۇلمانلارغا ئىمام بولىدىغان كىشىنىڭ دىققەت قىلىشىغا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى بايان قىلىدۇ.

ئىمام بولۇشنىڭ شەرتلىرى: قۇرئان كەرىمنى توغرا ۋە ياخشى ئوقۇيدىغان بولۇش، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يولىيورۇقلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ ئەمەل قىلىش، گۈزەل ئەخلاقلىق، جامائەت بىلەن كېلىشەلەيدىغان، كەچۈرۈمچان بولۇش، كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە بەدەنلىرى ناھايىتى پاكىز بولۇپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان، قوپال ـ ئاچچىقى يامان، جامائەت سەسكىنىدىغان بولماسلىق قاتارلىقلاردۇر. ئاللاھ تەئالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ، ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان

بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تاراپ كېتەتتى...» [سۈرە ئالى ئىمران 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئىمام بولغان كىشىنىڭ ھەممە ئىشتا جامائەتكە ئۈلگە بولۇشى، جامائەتنىڭ چوڭ ـ كىچىك، ئاجىز، ھاجەتمەنلىرىنىڭ ئەھۋالىغا رىئايە قىلىشى، نامازنى تولىمۇ ئۇزۇن ئوقۇپ، ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە كەلگەن كىشىنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىقى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىكى جامائەتنىڭ نامىزىدىن مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقى لازىم.

نامازنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى نامازنى خۇشۇ بىلەن ئادا قىلىشتۇر. يەنى بەندە ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئەسلەپ، ئۆزىنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ مۇناجات قىلىۋاتقانلىقىنى ئېسىدىن چىقارماي، ئاللاھ تەئالادىن ئەيمەنگەن ھالدا تۇرۇپ ئوقۇشتۇر. ئەمما نامازدا تۇرغاندا، ئېغىزى قۇرئان ئوقۇۋاتقان، كۆڭلى باشقا نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرسا، ئۇ كىشى كۆرۈنۈشتە ناماز ئادا قىلغان بولسىمۇ، ئۇنداق بىپەرۋالىق بىلەن ئوقۇغان نامازنىڭ ئاللاھ تەئالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى تەس. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا باشلىغاندىن كېيىن كىچىك باللارنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىسا، ئانىسىنىڭ نامىزىغا دەخلى يەتمىسۇن دەپ، نامازنى قىسقا ئوقۇيتتى. چۈنكى بالىنىڭ يىغىسى بىلەن ئانىسىنىڭ كۆڭلى نامازدا ئەمەس بالىسىدا بولۇپ قالىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنىڭ: «بالىنىڭ يىغىسى بىلەن ئانىسىنىڭ قاتتىق بىئارام بولىدىغانلىقىنى مەن ئوبدان بىلىمەن» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى مۇشۇ بولسا كېرەك.

ھازىرقى ئىماملىرىمىزمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىپ، جامائەت ئىچىدە ئىشى ئالدىراش، قېرى، سەپتە ئۇزۇن تۇرالمايدىغان ئاجىز، كېسەلچان كىشىلەرنىڭ بولۇشىنى ھېسابقا ئېلىپ، نامازنى يەڭگىل قىسقا ئوقۇشى لازىم. بولۇپمۇ بازارغا يېقىن يەردىكى مەسچىت ئىماملىرى نامازنى قىسقا ئوقۇشى لازىم. ئىمام بولدۇم دەپ مېھرابقا ئۆتىۋالسا، جامائەت نېمە بولۇۋاتىدۇ كارى يوق، نامازنى تولىمۇ ئۇزۇن ئوقۇسا جامائەت نارازى بولىدۇ. مۇسۇلمانلار مەسجىدكە بارمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «جامائەت يامان كۆرىدىغان ئىمامنىڭ نامىزىنى ئاللاھ قوبۇل قىلمايدۇ» دېگەن.

يۇرتىمىزدىكى بەزى ئىماملاردەك، نامازنى قىسقا ئوقۇدۇم دەپ، قۇرئاننى تەجۋىد قائىدىسىگە رىئايە قىلماستىن، ھەرپلىرىنى ئۆز جايىدا چىقارماستىن، ھەددىدىن ئارتۇق تېز ئوقۇش، رۇكۇ، سەجدىدە توختىمىغان چوقۇغاندەك ئالدىراپ كېتىش رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يوليورۇقىغا ۋە نامازنىڭ مەنىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بولۇپمۇ رامزاندا تەراۋىھ نامىزىنى 20 رەكئەت ئوقۇيمىز ياكى قۇرئان تامام قىلىمىز دەپ، نامازنىڭ ئەدەپ ـ ئەركانلىرىغا رىئايە قىلماي ئوقۇيمىز. بۇ توغرا ئەمەس. ناماز بويىنىمىزغا يۈكلەنگەن ئالۋان ئەمەس. ناماز چىن

دىلىمىزدىن ئاللاھ تەئالاغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئاجىزلىقىمىزنى ئىزھار قىلىپ، مۇناجات قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا نامازنى ئادا قىلىشتا ئەس ـ يادىمىز ئۇلۇغ ئاللاھ تەئالانىڭ ھۇزۇرىدا قول باغلاپ، رۇكۇ، سەجدە قىلىپ قۇللۇق قىلىۋاتقانلىقىمىزنى، بىز ئاللاھ تەئالانى كۆرەلمىگەن بىلەن ئاللاھ تەئالانىڭ بىزنى كۆرۈپ، دۇئالىرىمىزنى ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلەپ تۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن تەراۋىھ نامازلىرىنى ئەدەپ ـ ئەركانلىرىغا رىئايە قىلىپ، تەلەپكە لايىق 20 رەكئەت ئوقۇيالىساق ناھايىتى ياخشى. ئەگەر مەھەللىمىزدە قارى كىشىلەر بولۇپ، ھەر كۈنى بىر پارىدىن قۇرئان ئوقۇپ، بىر ئاي رامزاندا قۇرئاننى تامام قىلالىساق تۈگەتكۈسىز ساۋاب ئالىمىز. ئەگەر ئۇنىڭغا ۋاقتىمىز يەتمىسە، ئالدىراپ 15 مىنۇتتا 20 رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كۆرە، ئالدىرىماي تەلەپكە لايىق 8 رەكئەت تەراۋىھ ئوقۇساق ئاللاھ تەئالاغا ئەڭ ياقىدىغىنى ئاشۇ.

ئەمما كىشىلەرگە ئىمام بولماي ئۆزىمىز يالغۇز ناماز ئوقۇغاندا قانچىلىك ئۇزۇن ئوقۇساق، رۇكۇ، سەجدىدە قانچىلىك ئۇزۇن تۇرساق، ئاللاھ تەئالاغا قانچىلىك كۆپ تەسبىھ ئېيتساق، قانچىلىك كۆپ نەفلە ناماز ئوقۇساق ساۋابى شۇنچىلىك كۆپ بولىدۇ ۋە ئاللاھ تەئالاغا شۇنچىلىك يېقىن بولىمىز.

يۇقىرىدىكى ھەدىستىن يەنە ئىككى مەسىلە چىقىدۇ. بىرىنچىسى، ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىشى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئاياللار مەسجىدكە باراتتى. تەرجىمھال

كىتابلىرىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابە كىراملار زامانلىرىدا ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىپ، ئەرلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلايدىغانلىقى، سوئال سورايدىغانلىقى، بەزى مەسىلىلەرنى مۇنازىرە قىلىدىغانلىقى، نۇرغۇن ئۆلىمالارنىڭ ئاياللاردىن دەرس ئالغانلىقى ۋە ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. كېيىنكى ئۆلىمالار ھازىر پىتنە ـ پاسات ئەۋج ئالغان زامان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىغا ئوخشىمايدۇ، ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىشى ھەر تۈرلۈك گۇناھلارغا سەۋەب بولىدۇ دېگەن ئەندىشە بىلەن ئاياللارنىڭ مەسجىدكە بېرىشىنى لايىق كۆرمىگەن. ۋەھالەنكى ئاياللار مەسجىدكە بارسا، دىنىي تەلىم ـ تەربىيە كۆرسە، پىتنە ـ پاسات ئازايغان ۋە گۇناھلارنىڭ دەرۋازىسى ئېتىلگەن بولاتتى. لېكىن ئەكسىچە ئاياللارنى مەسجىدتىن توسۇپ قويىدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئاياللار دىنىي تەلىم ـ تەربىيىدىن ۋە دىنىي مەلۇماتتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولىدى، ئاياللار بېشى باشتاق كوچىلارغا چىقىدىغان، قىزلار يىگىتلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ كىنو خانا، تانسىخانىلارغا بارىدىغان بولىدى، ئۆلىمالار قورققان پىتنە ـ پاسات ۋە گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنىڭ دەرۋازىلىرى ئاخىرىغىچە ئېچىلىپ كەتتى. ئەمدى بىزگە چىقىش يولى ئەسلىگە قايتىپ، ئوغۇل ـ قىزلىرىمىزنى ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرىمىزنى مەسجىدلەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى دىنىي تەلىم ـ تەربىيە بىلەن يېتىشتۈرۈشتىن باشقا چارە يوق.

ئىككىنچى مەسىلە، ۋەز ـ نەسىھەت. 88 ـ ھەدىستە ۋەز ـ نەسىھەت ھەققىدە توختالغان ئىدۇق. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمىزكى،

توسىدىغان ئىش ھەقىقەتەن يامان ئىش بولۇشى، ئىختىلاپلىق مەسىلە بولماسلىقى، ئۇنى توسقان تەقدىردە، ئۇنىڭدىن چوڭراق يامان ئىش يۈز بەرمەسلىكى شەرت. يەنە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدىغان كىشى بۇيرۇماقچى بولغان ئىشنى ئاۋۋال ئۆزى قىلىشى ۋە توسماقچى بولغان ئىشتىن ئاۋۋال ئۆزى يېنىشى لازىم. چۈنكى ئۆزى ئەمەل قىلمىغان ئىشقا باشقىلار ئەگەشمەيدۇ. ئۆزى قىلمىغان ئىشنى باشقىلارغا دېگەننىڭ تەسىرى بولمايدۇ. مانا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىدىكى ھەدىستە ئاۋۋال ئۆزى نامازنى يەڭگىل ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئىمام بولىدىغانلارنى نامازنى قىسقا ئوقۇشقا بۇيرۇدى.

ئاللاھ تەئالادىن ھەق يولدا مېڭىشنى، ئىسلامنى توغرا چۈشىنىپ ئەمەل قىلىشنى ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە سائادەتمەن بەندىلەردىن قىلىشنى تىلەيمىز. ئامىين!

## 91 ـ ھەدىس تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق توغرىسىدا

عن عبد الله بن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «مَنْ جَرَّ ثَوْبَهُ خُيَلاَءَ لَمْ يَنْظُرِ اللهُ إِلَيْهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.» فقال أبوبكر: «إِنَّ أَحَدَ شِقَّيْ إِزَارِي يَسْتَرْخِي إِلاَّ أَنْ أَتَعَاهَدَ ذَلِكَ مِنْهُ.» فقال: «لَسْتَ مِمَّنْ يَصْنَعُهُ خُيَلاَءَ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىگە تەمەننا قىلغان ھالدا كىيىمىنى سۆرەپ ماڭسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭغا قارىمايدۇ.» ئەبۇ بەكرى: «كىيىمىمنىڭ بىر پېشىنى ھەر دائىم كۆتۈرۈپ ماڭمىسام يەرگە تېگىپ قالىدۇ» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «سەن ئۆزىگە تەمەننا قىلىپ كىيىمىنى سۆرەپ ماڭىدىغانلاردىن ئەمەسسەن» دېدى. [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 5651]

ئىزاھات: تەكەببۇرلۇق، گەدەنكەشلىك، ئۆزىگە تەمەننا قىلىش، مۇغەمبەرلىك قاتارلىق ئىشلار ئىسلامدا ئەڭ يامان كۆرۈلگەن ناچار ئىللەت ۋە يامان ئادەتلەردىن بولۇپ، قەلبىدە قىلچىلىك تەكەببۇرلۇق بولغان كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ. بەزىلەر ئازراق پۇل ـ مالغا ئىگە بولسا، تېرىسىگە پاتماي كۆرەڭلەپ، يۇرۇش ـ تۇرۇشلىرىنى ئۆزگەرتىپ،

كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئالىي كىيىپ باشقىلارنى ياراتمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بولۇپمۇ ئاياللىرىمىز كىيىم ـ كېچەك ۋە ئالتۇن بۇيۇملىرى بىلەن باشقا ئاياللار ئارىسىدا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە بەك ئامراق بولىدۇ. جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە بىز مۇسۇلمانلارنى مانا مۇشۇنداق ناچار قىلىقلارنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئىسلام ئەخلاقىغا ئۇيغۇن قائىدە يوسۇنى بار. ئۇ بولسىمۇ كىيىمنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ ئۇزۇن كىيمەسلىك، كىيىمنىڭ كەڭ ـ تارلىقىدا ۋە باھاسىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكتۇر. چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەكەببۇرلۇق ۋە ئۆزىگە تەمەننا قىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەخسۇس كىيىمى يوق ئىدى، تاپقىنىنى كىيەتتى، ئىشتان، كۆڭلەك، تون، رىدا، سەللە كىيەتتى. چەت ئەللەردىن ھەدىيە قىلىنغان كىيىملەرنىمۇ كىيەتتى. كىيىملىرىنىڭ ۋە بەدەنلىرىنىڭ پاكىز تۇرۇشىغا بەك دىققەت قىلاتتى. شۇڭلاشقا ئاق كىيىمنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى ئاق كىيىمدە كىر دەرھال مەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، كىرلەشكەن ھامان يۇيۇپ، تازىلاپ تۇرۇش ئارقىلىق كىيىمنى دائىم پاكىز ۋە چىرايلىق تۇتۇش ئاسان بولاتتى. باشقا رەڭدە كىيىم كىيىشنى مەنئى قىلمايتتى. قارا، قىزىل رەڭلىك كىيىملەرنى ئانچە ياقتۇرمايتتى، رەختلەرنىڭ ئىچىدە يىپەك رەختە كىيىم كىيىشنى ئەرلەرگە ھارام قىلغان، ئاياللارغا ھالال قىلغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە:

«ئىسراپ قىلمىغان ۋە تەكەببۇرلۇق قىلمىغان ھالدا يەڭلار، ئىچىڭلار، كىيىڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار» دېگەن.

بەزى ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كىيىم ـ كېچەكتە ئىسراپ قىلىپ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن توسقانلىقىنى، چىرايلىق كىيىنىش پۈتۈنلەي ھارام ۋە گۈزەل كىيىم كىيگەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇتەكەببىر بولىدۇ دەپ قاراپ: «يا رەسۇلۇللاھ! بەزىلىرىمىز چىرايلىق كىيىم، چىرايلىق ئاياغ كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىرايلىق كىيىم كىيىشنىڭ ھەممىسى تەكەببۇرلۇق بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «ئاللاھ بەندىلىرى ئۈستىدە نېمىتىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن.

ئىسلامدا بەلگىلەنگەن مەخسۇس بىر خىل كىيىم يوق. مۇسۇلمان كىشى خالىغان رەڭدە، خالىغان يارىشىملىق كىيىمنى كىيسە بولىدۇ. لېكىن ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش ۋە ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ئوخشاش كىيىم كىيىشى ھارام. شۇنىڭدەك كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىگە تەمەننا قىلىشى دۇرۇس ئەمەس.

ئاياللار يۈزى بىلەن ئىككى قولىدىن باشقا پۈتۈن ئەزايىنى يۆگەيدىغان، ئازادە كىيىم كىيىشى كېرەك. بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نېپىز ياكى بەدەنلىرى سىرتتىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدىغان تار كىيىم كىيىشى، ئەرلەرگە ئوخشاش شىم كىيىپ كوچىلاردا يۈرۈشى دۇرۇس ئەمەس. بىر كۈنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ

قىزى ئەسما رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىرگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈپ تۇرۇپ: «ئى ئەسما! قىز بالاغەتكە يەتكەندە، بۇنىڭدىن باشقا ئەزاسىنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشى دۇرۇس ئەمەس» دەپ، يۈزى بىلەن قولىغا ئىشارەت قىلغان. مەدەنىيلەشتۈك دەپ ياۋروپاچە ياسىنىۋېلىش، ئۆزىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي ئەنئەنىلىرىنى تاشلاش مۇسۇلمانغا يارىشىدىغان ئىش ئەمەس.

كىيىم ـ كېچەكتە بەك ئاشۇرۇپ قىممەت باھا كىيىملەرنى كىيىش توغرا بولمىغاندەك، ناھايىتى ناچار، يىرتىق، پاسكىنا، كۆرگەن ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان كىيىملەرنى كىيىشمۇ دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى بەك ئالىي كىيىنىش ھەم ئۇنى كىيگۈچىگە تەمەننا پەيدا قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرمۇشتىكىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇق قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بەك ناچار كىيىم كىيىش بولسا، كىشىلەرنى يىرگەندۈرۈپ قاچۇرىدۇ. ھەر ئىككى ھالەتتە جەمئىيەتتىكى قېرىنداشلىققا دەخلى يېتىدۇ، بىرلىك، باراۋەرلىك، ئىناقلىق ئاجىزلىشىدۇ. شۇڭلاشقا تۆۋەن تۇرمۇشتىكى كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىپ ھەسەت قىلدۇرمايدىغان ۋە كىشىلەرنى بىر سورۇندا ئولتۇرۇشتىن سەسكەندۈرمەيدىغان ھالەتتە نورمال، ساددا، ئەمما پاكىز، ئەرلەر ئۆزلىرىگە يارىشا ئېسىل، ئاياللارمۇ ئۆزلىرىگە لايىق چىرايلىق كىيىنىش كېرەك. يەنى نە سەن باشقىلارنى كەمسىتمىگىن، نە باشقىلارنىڭ سېنى كەمسىتىشىگە ھەم يول ئېچىپ بەرمىگىن. شۇنداق قىلغاندا جەمئىيەتتە ھەممە كىشى بىلەن ئىناق ئۆتكىلى بولىدۇ.

ئاللاھ تەئالا بىزنى تەكەببۇرلۇقتىن، كىشىلەرنى كەمسىتىپ ياراتمايدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن ۋە باشقىلارنىڭ كەمستىشىگە ئۇچراشتىن ساقلىسۇن. كىيىم ـ كېچەك ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىزدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن. ئامىين!

## 92 ـ ھەدىس تەنتەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىش

عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: بَيْنَا الْحَبَشَةُ يَلْعَبُونَ عِنْدَ النَّبِيِّ صلى الله عليه وسلم بِحِرَابِهِمْ دَخَلَ عُمَرَ فَأَهْوَى إِلَى الْحَصْبَاءِ فَحَصَبَهُمْ بِهَا، فقالَ: «دَعْهُمْ يَا عُمَرُ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كۈنى ھەبەش باللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا نەيزىلىرى بىلەن ئويناۋاتقاندا، ئۆمەر كىرىپ كەلدى. ئۇ يەرگە ئېڭىشىپ شېغىل تاشلارنى ئېلىپ باللارغا ئاتقاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: ‹ئى ئۆمەر! ئۇلارنى ئوينىغىلى قويغىن› دېدى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 2834]

ئىزاھات: ئىسلام مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلۈك ۋە شىجائەتلىك بولۇشنى ئەمر قىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدە شىجائەتلىك ۋە كۈچلۈك مۆمىنلەرنى بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ. يۈگۈرۈش، سۇ ئۈزۈش، ئوق ئېتىش ۋە باشقا تەن ھەرىكەتلەر ئىنسانىنى جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈك قىلىدۇ. ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇلۇغ دىنىنى، ۋەتەنىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى، ئانا، قىز، ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزلىرىدىن پەقەت كۈچلۈك بولغان كىشىلەرلا قوغدىيالايدۇ. ئىمانى، ئىرادىسى كۈچلۈك، پۈت ـ

قــولى قوۋۋەتلــك مــۆمىنلەر باشــقىلارنىڭ خورلىشــىغا، تاجــاۋۇزچى كۆچلەرنىــڭ ئــايىغى ئاســتىدا ئېزىلىشكە زادى رازى بولمايــدۇ. شۇڭلاشــقا ئىســلام تەن ھەرىــكەت ساھەســىدە مۇســابىقە ئېلىــپ بېرىشــقا، ئــوق ئېتىشــنى ئۆگىنىشــكە، يۈگــۈرۈش مۇسابىقىســى ئۇيۇشتۇرۇشــقا ۋە چېلىشىشــقا رۇخســەت قىلىــدۇ. بىــز يۇقىرىــدا ئوقــۇپ ئــۆتكەن ھەدىســتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نېگىر باللارنىڭ مەسجىدنىڭ ساھەسىدە نەيــزە، قىلىــچ ئويــۇنى ئوينىشــىغا رۇخســەت قىلغــان. ھەزرىتــى ئــۆمەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ ئــۇلارنى تــاش بىــلەن قــوغلاپ چىقىرىشــقا ئۇرۇنغانــدا ئــۇنى توســقان. چــۈنكى ئۇلارنىــڭ ئويــۇنى مەســجىدتە قىلىنىــدىغان ئىبادەتلەرنىــڭ بىــر تــۈرى ھېســابلىنىدۇ. رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ھەزرىتــى ئائىشــە رەزىيەللاھــۇ ئەنھانىــڭ ئۇلارنىــڭ ئويــۇنلىرىنى كۆرۈشــكە رۇخســەت قىلىــپ، ئــۆزى ئىشــىك ئالدىــدا تۇرغــان. ھەزرىتــى ئائىشــە ئــانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئويۇن كۆرگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەم ئــۆزىمــۇ ئــات مۇسابىقىســىگە ۋە يۈگــۈرۈش مۇسابىقىســىگە قاتنىشاتتى ۋە باتۇرلار بىلەن چېلىشىپ يېڭىۋالاتتى.

ھەزرىتــى ئائىشــە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــا مۇنــداق دەيــدۇ: «پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالام مەن بىــلەن يۈگــۈرۈش مۇسابىقىســى ئېلىــپ بــاردى، مەن ئــــــۇنى يېڭىۋالــــــدىم. كېــــيىن مەن ســــــەمىرىپ قالغانــــــدا، يەنە مۇسابىقىلەشكەنىدۇق، ئــۇ مىنــى يېڭىۋالــدى ۋە ‹بــۇ ھېلىقىنىــڭ بەدىلــى› دېدى.»

ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە روكانە ئىسىملىك كۈچلۈك، يېڭىلمەس بىر كىشى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىپ ئۇنى يېڭىۋالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە چاغدا يۈز قويىدىن تىكىشىپ چېلىشقا چۈشۈپ، غەلىبە قىلىپ قويلارنى ئۇتۇۋالغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىۋەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىن كۈچلۈك، يېڭىلمەس بولغانلارنى بەك ياخشى كۆرەتتى، جىھادقا ئاتلىنىدىغان چاغدا كۈچلۈك كىشىلەرنى تاللايتتى، ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئۇرۇشقا چىقىشىغا رۇخسەت بەرمەيتتى. بىر كۈنى بىر بالىنىڭ جىھادقا چىقىشىغا رۇخسەت بەردى، يەنە بىر بالىغا رۇخسەت بەرمىدى. رۇخسەت ئالالمىغان بالا: «مەن سىز رۇخسەت بەرگەن پالاننى يېڭىۋېتىمەن» دېگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىشقا بۇيرۇدى. ئۇ بىرىپ ھېلىقى بالىنى يېڭىۋېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ جىھادقا چىقىشىغا رۇخسەت بەردى.

يۇقىرىدا ئۆتكەنلەردىن بىلىمىزكى، ئىسلام تەنتەربىيىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بۇيرۇيدۇ. ئىسلامدا دۇرۇس بولغان تەن ھەرىكەت پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا مەۋجۇت بولغان ۋە ھەدىسلەردە زىكىر قىلىنغان ئويۇنلاردىنلا ئىبارەت ئەمەس، بەلكى ئىسلام تەن ھەرىكەتنىڭ بارلىق تۈرلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئىسلام ھارام قىلىدىغان نەرسە قىمار ۋە پۇل تىكىپ ئويناشتۇر. چۈنكى ئۇ جەمئىيەتتە ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىك پەيدا قىلىدۇ ۋە پۇلنى ھەقلىق بولمىغانلارغا بېرىدۇ. بۇ ھارام. بۇنىڭدىن باشقا بارلىق تەن

ھەرىكەت تۈرلىرى ھالالدۇر. ئەمما پۇل ئۆچۈن بوكسورچىلارنى سوقۇشتۇرۇش، بىكار تەلەپلىك ئىللىتىنى يېيىپ پۇتبول مۇسابىقىلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش، تەرەپ تۇتۇپ ئۆز ئارا ئۇرۇش - جېدەل پەيدا قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

ئىسلام دىنى سالامەتلىككە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرىدىن بىرى، ئىسلام مۇسۇلمانلارنى يول مېڭىشقا، نەفلە روزا تۇتۇشقا، ئاز تاماق يېيىشكە بۇيرۇغانلىقىدۇر. بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىنسان بالىسىغا بىر نەچچە لوقما كۇپايە قىلىدۇ، ئەگەر كۆپ يېمەكچى بولسا، قورسىقىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تاماققا، ئۈچتىن بىرىنى سۇغا ۋە ئۈچتىن بىرىنى نەپەس ئېلىشقا ئايرىسۇن.» ھۆكۈمالار: «ئەقىللىق ياشاش ئۈچۈن يەيدۇ، نادان يېيىش ئۈچۈن ياشايدۇ» دېگەن.

دېمەك، ئىنسان يېمەك ـ ئىچمەك، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە ھەر تۈرلۈك ھۈنەر ـ سانائەتتە ئۆزىنى چېنىقتۇرسا، ئۇنىڭ بېشىغا نامراتلىق، ئېغىرچىلىق ۋە باشقا ھەر قانداق قىيىنچىلىق كەلسىمۇ ئېغىر كەلمەيدۇ. ھەر قانداق قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىپ يېڭىپ كېتەلەيدۇ. ئۇزۇن سەپەرلەرنى ئاسانلىق بىلەن باسالايدۇ.

تالىپ ئىلىملەرگە نەسىھەتىمىز شۇكى، ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن بىرگە، تەنتەربىيە ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرسۇن. چۈنكى جىسمانىي جەھەتتە كۈچلۈك بولمىغان كىشى باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلالمايدۇ ۋە ھەققىنى ساقلىيالمايدۇ.

ئىمانىي جەھەتتە كۈچلۈك بولمىغان كىشى ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، باتىلغا قارشى چىقالمايدۇ. ئىلىمدە كۈچلۈك بولمىغان كىشى ھەر خىل خۇراپات ۋە دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ھەر تۈرلۈك يالغان تۆھمەتلىرىگە تاقابىل تۇرالمايدۇ. شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلار ھەم ئىلىم ـ پەنگە ھەم تەن تەربىيىگە قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەر ساھەدە پىششىپ يېتىلىشى كېرەك.

ھەزرىتى ئەلى، ھەزرىتى خالىد ئىبنى ۋەلىد، ھەزرىتى ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا ئوخشاش ساھابە كىراملار ھەم شىجائەتلىك قەھرىمان ھەم يۇقىرى بىلىملىك ئۆلىما ھەمدە كۆپ ئىبادەت قىلىدىغان زاھىدلار ئىدى. چۈنكى بىلىكى كۈچلۈك بولمىغان ئادەمنىڭ قولىدىكى ئۆتكۈر قىلىچ ھېچنەرسىگە يارىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە: «دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى ۋە جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار...» دېگەن. [سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

ئاللاھ تەئالا يەھۇدىيلارغا ھەزرىتى تالۇتنى باشلىق قىلغاندا، يەھۇدىيلار ئۇ باي بولمىسا بىزگە قانداق باش بولالايدۇ؟ دەپ ئېتىراز بىلدۈرگەن. ئاللاھ تەئالا ئۇلارنىڭ ئېتىرازىغا ھەزرىتى تالۇتنىڭ بىلىملىك ۋە كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن باشلىق بولۇشقا لايىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبىرى ئۇلارغا: ‹ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە تالۇتنى پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتتى› دېدى. ئۇلار: ‹ئۇ قانداقمۇ بىزگە پادىشاھ بولىدۇ؟ ــ پادىشاھلىققا بىز ئۇنىڭدىن ھەقلىقمىز ــ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى كۆپ بولمىغان

تۇرسا؟› دېدى. پەيغەمبەر: ‹ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە پادىشاھ قىلىشقا ئۇنى تاللىدى، ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە ۋە بەدىنىنى قابىل قىلدى، ئاللاھ سەلتەنەتنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ پەزلى كەڭدۇر، ئۇنىڭغا كىمنىڭ لايىق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ› دېدى.» [سۈرە بەقەرە 247 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا بىزنى ئىمانىي، ئىلمىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇپ، دۈشمەنلەرگە بوي ئەگمەيدىغان جاسارەتلىك ۋە شىجائەتلىك مۇسۇلمانلاردىن قىلسۇن. ئامىين!

## 93 ـ 94 ـ ھەدىس  ھايۋاناتلارغا زۇلۇم قىلماسلىق توغرىسىدا

عن أبي هريرة رضي الله عنه أَنَّ رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: «بَيْنَمَا رَجُلٌ يَمْشِي بِطَرِيقٍ اشْتَدَّ عَلَيْهِ الْعَطَشُ، فَوَجَدَ بِئْرًا فَنَزَلَ فِيهَا فَشَرِبَ ثُمَّ خَرَجَ فَإِذَا كَلْبٌ يَلْهَثُ يَأْكُلُ الثَّرَى مِنَ الْعَطَشِ، فَقَالَ الرَّجُلُ: ‹لَقَدْ بَلَغَ هَذَا الْكَلْبَ مِنَ الْعَطَشِ مِثْلَ الَّذِي كَانَ بَلَغَ مِنِّي› فَنَزَلَ الْبِئْرَ فَمَلأَ خُفَّهُ مَاءً ثُمَّ أَمْسَكَهُ بِفِيهِ حَتَّى رَقِيَ، فَسَقَى الْكَلْبَ فَشَكَرَ اللهُ لَهُ فَغَفَرَ لَهُ› قَالوا: ‹وَإِنَّ لَنَا فِي هَذِهِ الْبَهَائِمِ لأَجْرًا؟› فقال: ‹فِي كُلِّ كَبِدٍ رَطْبَةٍ أَجْرٌ›.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «يول يۈرۈپ قاتتىق ئۇسساپ كەتكەن بىر ئادەم، بىر قۇدۇق ئۇچراتتى، ئۇ قۇدۇققا چۈشۈپ سۇ ئىچىپ چىققاندا، تەشنالىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان، تىلىنى ساڭگىلىتىپ ھالسىراپ تۇرغان بىر ئىتنى كۆردى. ئۇ ئادەم (ئۆز ئۆزىگە) ‹بۇ ئىت ماڭا ئوخشاش قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ› دېدى ـ دە، قۇدۇققا يېنىپ چۈشۈپ، كەشىگە سۇ تولدۇرۇپ، ئۇنى ئېغىزى بىلەن چىشلەپ قۇدۇقتىن چىقىپ ئىتنى سۇغاردى، ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا خۇرسەن بولۇپ، ئۇنى مەغپىرەت قىلدى.» ساھابىلەر: ‹يا رەسۇلۇللاھ! ھايۋانلارغا ياخشىلىق قىلغانغىمۇ ساۋاب بېرىلەمدۇ؟› دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ‹ھەر قانداق

جان ئىگىسىگە ياخشىلىق قىلىش ساۋابلىق ئىش› دېدى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 5811]

عن عبد الله بن عمر بن الخطاب رضي الله عنهما، أَنَّ رسولَ الله صلى الله عليه وسلم قال: «عُذِّبَتْ إِمْرَأَةٌ فِي هِرَّةٍ سَجَنَتْهَا حَتَّى مَاتَتْ فَدَخَلَتْ فِيهَا النَّارَ، لاَ هِيَ أَطْعَمَتْهَا وسَقَتْهَا إِذْ حَبَسَتْهَا، ولاَ هِيَ تَرَكَتْهَا تَأْكُلُ مِنْ خَشَاشِ الأَرْضِ» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىر ئايال بىر مۈشۈكنى تاماقمۇ بەرمەي، سۇمۇ بەرمەي، زېمىندىكى ھاشاراتلاردىن يېيىش ئۈچۈن قويۇپمۇ بەرمەي، سولاپ قويۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن دوزىخى بولۇپ كەتتى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 5804]

ئىزاھات: پۈتۈن ئالەمگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىككى ھەدىستە بىزگە ئاللاھ تەئالانىڭ بارلىق مەخلۇقاتلىرىغا قولىمىزدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. سىز قولىڭىزدىن كەلگەن ياخشىلىقنى ئايىماڭ، ئاللاھ تەئالا ئەجرىڭىزنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ. شۇنى بىلىڭكى، سىز ئاللاھ تەئالا رازىلىقى ئۈچۈن ئازدۇر ـ كۆپتۇر سەدىقە قىلماقچى بولۇپ، سەدىقىڭىزنى تېگىشلىك بولغان ياكى بولمىغان

كىشىلەرگە بەرگەن بولسىڭىز، ئەجرىڭىزنى ئاللاھ تەئالا بېرىدۇ. ھەر قانداق جان ئىگىسىگە قىلىنغان ياخشىلىق مۇكاپاتسىز قالمايدۇ. ياخشىلىقنى ھەرگىز ئاز ياكى كىچىك كۆرمەڭ. چۈنكى ئاچ قالغانغا بەرگەن بىر لوقما تاماق، ئۇسساپ قالغانغا بەرگەن بىر يۇتۇم سۇ، ئاللاھ تەئالانى خۇشنۇد قىلىپ، سىزنى چوڭ بالالاردىن ساقلاپ قېلىشى، ھەر تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قېلىشى مۇمكىن. قىيامەت كۈنى ئاللاھ تەئالانىڭ ئالدىدا ھېلىقى كۆزگە ئىلىنمىغان كىچىككىنە ياخشىلىقىڭىز دوزاختا كىرىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

يۇقىرىدىكى ھەدىستىكى ئادەمگە قاراڭ، ئۇسساپ قالغان بىر ئىتقا ئىچى ئاغرىپ سۇغۇرۇپ قويۇۋېدى، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىۋەتتى. ئۇ ئىتنى تەشنالىقتىن ئۆلۈشتىن قۇتقۇزۇپ قويۇۋېدى، ئاللاھ تەئالا ئۇنى مەڭگۈلۈك ئازاب ـ ئوقۇبەت ماكانى بولغان دوزاختىن قۇتقۇزدى. ساھابە كىراملار بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ، «ھايۋاناتقا ياخشىلىق قىلغانغىمۇ ساۋاب بولامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەھمەت پەيغەمبىرى بولغان مېھرىبان رەسۇلۇللاھ: «جانلىقنىڭ ھەر قانديقىغا قىلغان ياخشىلىققا ساۋاب بولىدۇ» دەپ چۈشەندۈردى.

ئىككىنچى ھەدىستە جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر مۇشۈكنى تاماق بەرمەي سولاپ قويۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئايالنىڭ ئاقىۋىتىنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق، بىز مۇسۇلمانلارنى

ھايۋاناتلارنى خورلاشتىن، ئۇلارنى قىيناشتىن ۋە ئۇلارنىڭ ھەققىنى بەرمەسلىكتىن مەنئى قىلىدۇ.

بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەلىملىرىگە ئەمەل قىلىپ ھەر شەھەردە ھايۋاناتلار ۋەخپى قۇرغان ۋە جامەلەردە كەپتەر قۇشقاچلار ئۈچۈن ئالاھىدە ئورۇن ياسىغان ئىدى. كېيىنكىلەر دىندىن ھەر ساھەدە ئارقىغا چېكىنگەندەك بۇ مەسىلىدىمۇ ئىسلام تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلمىدى. ئەگەر كىشىلەر بۈگۈنكىدەك رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ تەلىماتلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلغان بولسا ئىدى، بۈگۈنكى «ھايۋان سۆيگۈچىلەر جەمئىيىتى»، «ھايۋانلارنى قوغداش جەمئىيىتى» دېگەنلەرنى غەرب ئەللىرىدىن ئېلىپ كىرىشكە ھاجەت قالمىغان ۋە دىن دۈشمەنلىرىنىڭ بۇ مۇقەددەس دىنىمىزغا تىل تەگكۈزۈشىگە يول چىقمىغان بولاتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاجىزلارغا ئەڭ رەھىملىك ۋە ھايۋاناتلارغا ئەڭ شەپقەتلىك زات بولغانلىقىنى پۈتۈن دۇنيا بىلگەن بولاتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇۋېتىپ مۈشۈكنىڭ ئىشىكنى تاتىلىغىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەن. يۈزىگە داغلاش ئارقىلىق بەلگە قويۇلغان بىر ئېشەكنى كۆرۈپ، «بۇ ئىشنى قىلغان كىشىگە ئاللاھ لەنەت قىلسۇن» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسەل ئىت ۋە توخۇلارنى داۋالىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇ مەدىنىلىك ساھابىلەرنى قېرىپ قالغان تۆگىلىرىگە يۈك ئارتماسلىقنى بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ھەممە نەرسىدە ياخشىلىقنى پەرز قىلدى، ئەگەر

بىر ھايۋاننى ئۆلتۈرسەڭلار ياخشىلىق بىلەن ئۆلتۈرۈڭلار، بىر ھايۋاننى بوغۇزلىساڭلار ياخشى بوغۇزلاڭلار، پىچاقنى ئىتتىك قىلىڭلار، بوغۇزلىنىدىغان ھايۋاننى راھەتلەندۈرۈڭلار.»

ھايۋاناتنى تاقىتىدىن تاشقىرى ئىشقا سېلىش، كۆتۈرەلمىگۈدەك يۈك ئارتىش، قامچا ۋە تاياقلار بىلەن ئۇرۇش، ھەلەپ ۋە سۈيىنى تولۇق بەرمەسلىك، يېشى چوڭ، كېسەل ھايۋانلارنى ئىشلىتىش ھارامدۇر. ئاللاھتىن قورقمايدىغان، ئاجىزغا رەھىم قىلمايدىغان، نەسىھەت كار قىلمايدىغان بەزى ئادەملەرنى ھايۋاناتلارغا زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن جازالاپ تۈرمىگە ئېلىش ياكى ئۇلارنىڭ قولىدىكى ھايۋانلارنى تارتىۋېلىپ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش كېرەك.

مەنپەئەتلىنىدىغان ھايۋانلارنى باقماي تاشلىۋېتىش جائىز ئەمەس، ئۇنى باقالمىغان كىشى سېتىۋېتىشى ياكى بوغۇزلىۋېتىشى ياكى باشقا بىر كىشىگە بېرىۋېتىشى لازىم. يىلان، چايان ۋە غالجىر ئىتقا ئوخشاش ئىنسانلارغا زىيانلىق ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك.

يۇقىرىدىكى ئىككى ھەدىستە كۆپ كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان، بەزى جايلاردا باقسىمۇ بەزى جايلاردا يامان كۆرۈلىدىغان ھايۋانلاردىن ئىككىنى مىسال قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن ھايۋانلارغا مېھرىبان بولۇشقا چاقىرىدۇ.

ئەمما سۈتى، گۆشى، تېرىسى، يۈڭى ۋە ئۇستىخىنى قاتارلىق نەرسىلىرىدىن پايدىلىنىدىغان ۋە مىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھايۋانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا چاقىرمىسىمۇ، ئىنسانلار ئۆز تەبىئىتى

بىلەن ئۇلارنى بېقىپ ھىمايە قىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تەئالانىڭ كاتتا نېمەتلىرىدىن بولۇپ، ئىنسانلارغا بۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش ۋاجىپ. ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش مەزكۇر ھايۋانلارنى ئاچ، سۇسىز قويماستىن ياخشى بېقىش، ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلاردا ئىشلەتمەسلىك بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بىلمەمدۇكى، ئۇلار ئۈچۈن ھايۋانلارنى قولىمىز بىلەن خەلق ئەتتۇق. ئۇلار ھايۋانلارنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىلاردۇر. ھايۋانلارنى ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، ئۇلار ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى مىنىدۇ، بەزىسىنى يەيدۇ. ئۇلار شۇ ھايۋانلاردىن پايدىلىنىدۇ ۋە سۈتلىرىنى ئىچىدۇ. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ بۇ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلمامدۇ؟» [سۈرە ياسىن 71 ـ 73 ـ ئايەتلەر]

لېكىن كۆنىمىزدە غەربلىكلەرنىڭ قىلغىنىدەك ئىتلارنى ئۆيگە ئەكىرىپ بېقىش جائىز ئەمەس. چۈنكى ئىتلار نىجىس ۋە ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدىغان شالۇكلىرىدا ھالاك قىلغۇچ مىكروبلار بار. شۇڭلاشقا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىت يالاپ قويغان قاچىنى يەتتە قېتىم يۇيۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ قاچاڭلارغا ئىت چىپىلىپ قويسا، ئۇنى بىر قېتىمى توپا بىلەن بولۇش شەرتى بىلەن يەتتە قېتىم يۇغاندا پاك بولىدۇ.»

ئەمما ئوۋ ئۇلاش، پادىچىلار پادىلىرىنى قوغداش ۋە ھويلا ـ ئۆيلەرنى ئوغرىلاردىن ساقلاش ئۈچۈن ئىت باقسا، ئۇنى ئۆينىڭ ئىچىدە ئەمەس، سىرتتا مەخسۇس بىر يەردە باقسا جائىز بولىدۇ.

ئاللاھ تەئالا بىزنى مەخلۇقاتلارغا رەھىم قىلمايدىغان، ئاللاھ تەئالادىن قورقمايدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلمايدىغان باغرى قاتتىق، تاش يۈرەك ئىنسانلاردىن قىلمىسۇن. ئامىين!

## 95 ـ ھەدىس سېتىش ھارام بولغان نەرسىلەر توغرىسىدا

عن جابر بن عبد الله رضي الله عنهما، أَنَّهُ سَمِعَ رسولَ الله صلى الله عليه وسلم يقولُ وهو بمكةَ عامَ الْفَتْحِ: «إِنَّ اللهَ ورَسُولَهُ حَرَّمَ بَيْعَ الْخَمْرِ والْمَيْتَةِ والْخِنْزِيرِ والأَصْنَامِ.» فقيلَ: «يَا رَسُولَ الله! أَرَأَيْتَ شُحُومَ الْمَيْتَةِ فَإِنَّهَا يُطْلَى بِهَا السُّفُنُ، ويُدْهَنُ بِهَا الْجُلُودُ، ويَسْتَصْبِحُ بِهَا النَّاسُ» فقال: «لاَ، هُوَ حَرَامٌ» ثُمَّ قال رسول الله صلى الله عليه وسلم عندَ ذَلِكَ: «قَاتَلَ اللهُ الْيَهُودَ، إِنَّ اللهَ لَمَّا حَرَّمَ شُحُومَهَا جَمَّلُوهُ ثُمَّ بَاعُوهُ فَأَكَلُوا ثَمَنَهُ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككە فەتھى قىلىنغان يىلى مەككە مۇكەررەمەدە تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھاراقنى، ئۆزى ئۆلگەن ھالال ھايۋاننى، چوشقىنى ۋە بۇتلارنى سېتىشنى ھارام قىلدى.» ساھابىلەر: «يا رەسۇلەللاھ! ئۆزى ئۆلگەن ھايۋاننىڭ مېيى ھەققىدە نېمە دەيسىز؟ ئۇنىڭ بىلەن كېمە ۋە تېرىلەر ياغلىنىدۇ، كىشىلەر ئۇنى چىراغقا ئىشلىتىدۇ» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بولمايدۇ، ئۇ ھارامدۇر» دېگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «ئاللاھ يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن! ئاللاھ ئۆزى ئۆلگەن ھايۋاننىڭ مېيىنى ھارام قىلغاندا، ئۇلار ئۇنى ئېرىتىپ، سېتىپ پۇلىنى

يېگەن ئىدى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 2207]

ئىزاھات: ھالال رىزىق ئىزدەش مۇسۇلمان ئۈچۈن ئەڭ چوڭ پەرزلەرنىڭ بىرى. ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ھالال رىزىق ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ تاپقان نەرسىسى، ئۇنىڭدىن قالسا سودا ـ سېتىق بىلەن تاپقان پايدىسىدۇر. ئاللاھ تەئالا ئېلىم ـ سېتىم قىلىشقا ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا رۇخسەت قىلغان. لېكىن پۇل ناھايىتى تاتلىق، مېھرى ئىسسىق نەرسە بولغانلىقتىن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىنى ناھەق يەۋېلىش ئىشلىرى كۆپ بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىس شەرىپلىرىدە سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنىڭ ئادالەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن بەزى قائىدە ۋە شەرتلەرنى بېكىتكەن، شۇنىڭدەك، سېتىشقا بولىدىغان ۋە بولمايدىغان نەرسىلەرنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەن.

جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە بىرگە سېتىشقا بولمايدىغان بەزى نەرسىلەرنى بايان قىلىدۇ. ھاراق، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھالال ھايۋان، چوشقا ۋە بۇتلارنى سېتىشنىڭ قەتئىي ھاراملىقىنى بىلدۈرگەندە، بەزى ساھابىلەر بۇ نەرسىلەرنىڭ يېغىدىن پايدىلىنىش مۇمكىن. مەسىلەن: چوشقا بىلەن ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھالال ھايۋانلارنىڭ يېغىدا كېمىلەرنى ۋە تېرىلەرنى ياغلىغىلى بولىدۇ، چىراغ ياققىلى بولىدۇ، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھالال ھايۋانلارنىڭ

تېرىسىنى ئاشلاپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ، چوشقىنىڭ تۈكلىرىدىن پايدىلىنىش مۇمكىن، شۇڭلاشقا بۇ نەرسىلەرنى ساتساق بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ياق، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق نەرسىسىنى سېتىشقا بولمايدۇ» دېگەندىن كېيىن، يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلىپ، ئاللاھ تەئالا ئۇلارغا مەزكۇر ھايۋانلارنىڭ مېيىنى ھارام قىلغاندا، ئۇلار ئۇ مايلارنى كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ سېتىپ پۇلىنى يېگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تەئالا يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن دېگەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ يەردە يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلىشى بولسا، بىز مۇسۇلمانلارغا ھارام نەرسىنى ھالال قىلىشقا ئۇرۇنماسلىق ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

بۇ ھەدىستىن بىلىمىزكى، ئاللاھ تەئالا بىر نەرسىنى ھارام قىلسا، ئۇنىڭ ھەر قانداق بىر پارچىسىدىن ھەر قانداق بىر شەكىلدە پايدىلىنىشنى ھارام قىلىدۇ.

بۇ ھەدىس ۋە بۇ ھەقتە كەلگەن باشقا ھەدىسلەرنى جۇغلىساق ئېلىم ـ سېتىم قىلىشقا بولمايدىغان نەرسىلەرنىڭ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ:

1 ـ ھاراقنى ئېلىش ـ سېتىش ھارام. 2 ـ گۆشى ھالال ھايۋان بوغۇزلانماي ئۆزى ئۆلگەن بولسا، ئۇنىڭ گۆشىنى، مېيىنى سېتىش ھارام. 3 ـ چوشقىنى ئۆلۈك بولسۇن، تىرىك بولسۇن ئېلىش ـ سېتىش ۋە ئۇنىڭ ھەر قانداق بىر نەرسىسىدىن پايدىلىنىش ھارام. 4 ـ ئۇ ئىتتىن باشقا ئىتلارنى ئېلىش ـ سېتىش ھارام. 5 ـ قاننى ئېلىش ـ

سېتىش ھارام. 6 ـ بۇت ـ ھەيكەللەرنى ئېلىش ـ سېتىش ھارام، باللارنىڭ ئويۇنچۇقلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. 7 ـ قىمار ئوينايدىغان ئالەتلەرنى ئېلىش ـ سېتىش ھارام. 8 ـ شەرىئەتتە پايدىلىنىشقا بولمايدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن ھاشارەتلارنى ئېلىش ـ سېتىش ھارام. 9 ـ ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنى سېتىش ھارام. 10 ـ ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئۇچارلىقلارنى ۋە سۇدىكى بېلىقلارنى تۇتماستىن سېتىش ھارام. 11 ـ كىشىلەرنى ئالداپ مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇپ سېتىش ھارام. 12 ـ يىراقتىكى نەرسىگە بىر نەرسە ئېتىش ئارقىلىق مۆلچەرلەپ سېتىش ھارام. 13 ـ تاغارنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنى ئۈستىدىن تۇتۇپ بېقىش ئارقىلىق مۆلچەرلەپ ئېلىش ـ سېتىش ھارام. 14 ـ رىبا (جازانە ـ ئۆسۈم) بىلەن مۇئامىلە قىلىش ھارام[1].

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە قۇرئان كەرىمدە ئەڭ قاتتىق چەكلەنگەن نەرسە رىبا بولۇپ، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىمان كەلتۈرگەن زاتلار! ھېقىقى مۆمىن بولساڭلار، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە قېلىپ قالغان جازانىنى (يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. ئەگەر جازانە قىلىشتىن تەۋبە قىلساڭلار، قەرز بەرگەن سەرمايەڭلار ئۆزۈڭلارغا قايتىدۇ. باشقىلارنى زىيان

[1] سودا ـ سېتىقتا ھارام بولغان مەزكۇر 14 نەرسىنى «جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش» دىگەن كىتابتىن ئالدىم. بۇ مەسىلىدە تەپسىلى مەلۇماتقا ئىگە بولۇشنى خالىغان كىشىنىڭ فىقھى كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزۈڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر.» [سۈرە بەقەرە 278 ـ 279 ـ ئايەتلەر]

جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ ھالال كەسىپ، يالغان گەپ قىلمايدىغان، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغان، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدىغان، سېتىۋالماقچى بولغان مالنى كەمسىتمەيدىغان، ساتماقچى بولغان مالنى ماختىمايدىغان، ئۈستىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بولسا بەرمەي ئارقىغا سوزمايدىغان، باشقىلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىنى ئالىمەن دەپ كىشىلەرنى قىستىمايدىغان سودىگەرلەرنىڭ كەسپىدۇر.»

ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

ھالال يەڭلار، ھالال ئىچىڭلار، ھالال كەسىپ قىلىڭلار، دۇنيانىڭ ئازراق پايدىسىنى دەپ ھارامغا ئارىلاشماڭلار. پايدا ئاز بولسىمۇ ھالالدىن بولغىنى ئەسقاتىدۇ. ھارامدىن تاپقان پۇل ـ مال ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ ئەسقاتمايدۇ. شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىمكى تاپقان پۇل ـ مېلىمىز ھالالدىن بولسا ھېسابى، ھارامدىن بولسا ئازابى بار. ئاللاھ تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە قۇلاق سېلىڭلار: «ئى ئىمان كەلتۈرگەن زاتلار! ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەر قۇرئاننى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار. ئاڭلىماي تۇرۇپ ئاڭلىدۇق دېگەن كىشىلەرنى (يەنى كاپىرلارنى) دورىماڭلار. شۈبھىسىزكى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى ھەقنى ئاڭلىماي گاس بولۇۋالغان، ھەقنى سۆزلىمەي گاچا بولۇۋالغان، ياخشى ـ يامانىنى پەرق

ئەتــمەي ئەقلىنــى يوقاتقــان كىشــىلەردۇر.» [ســۈرە ئەنفــال 20 ـ 22 ـ ئايەتلەر]

ئاللاھ تەئالادىن ھالال كەسىپ، ھالال رىزىـق تىلەيمىـز. ئـاللاھ تەئـالا بىــزگە قانــائەت، ئىنســاپ ئاتــا قىلىــپ، ئــاچكۆزلۈك قىلىشــتىن، ئىــش ـ ھەرىكەتلىرىمىزدە ھالال ـ ھارامنى پەرق ئەتمەيدىغان بولـۇپ قېلىشتىن ساقلاپ، ئاخىرەتتە ھېساب ـ كىتابلىرىمىزنى ئاسان قىلسۇن. ئامىين!

## 96 ـ ھەدىس مەست قىلغۇچ نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا

عن عبدالله بن عمر بن الخطاب رضي الله عنهما قال: قال رسول الله رسول الله صلى الله عليه وسلم: «كُلُّ مُسْكِرٍ خَمْرٌ، وكُلُّ مُسْكِرٍ حَرَامٌ، ومَنْ شَرِبَ الْخَمْرَ فِي الدُّنْيَا فَمَاتَ و هُوَ يُدْمِنُهَا وَلَمْ يَتُبْ، لَمْ يَشْرَبْهَا فِي الآخِرَةِ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مەست قىلغۇچى نەرسىنىڭ ھەر قاندىقى ھاراقتۇر، مەست قىلغۇچى نەرسىنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر. كىمكى بۇ دۇنيادا ھاراق ئىچسە ۋە ئۇنى ئىچىشكە ئادەتلەنگەن ھالدا تەۋبە قىلماي ئۆلسە، ئاخىرەتتە ئۇنى ئىچەلمەيدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 5174]

ئىزاھات: ئاللاھ تەئالا ئىنساننى باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئارتۇق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەقىل ئاتا قىلغان. ئەقىل بولسا ئىنساننى بارلىق مەخلۇقلاردىن ئالاھىدە ئايرىپ تۇرىدىغان ئەڭ قەدىرلىك نەرسىدۇر. ئۇنىڭسىز ئىنساننىڭ ھېچقانداق قەدىر ـ قىممىتى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئىسلامدا ئەقىلنى قوغداش بەش چوڭ پەرزنىڭ بىرى. ئىنساننىڭ

ئەقلىنى كەتكۈزگەنلىك ئۈنى ئۆلتۈرگەن بىلەن باراۋەردۇر. مەست بولۇش ئەقلنى يوقاتقانلىقتۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە ئىنسانىنىڭ ئەقلىنى يوقىتىدىغان مەست قىلغۇچ ماددىلارنىڭ ھەر قانىدىقىنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ھارامىلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ بېشىدا ھاراق كېلىدۇ. كۈنىمىزدە ئىنساننىڭ ئەقلىنى ئالۇدە قىلىدىغان ھەرخىل ئىسىمدىكى ماددىلار پەيدا بولدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 14 ئەسىر بۇرۇن بۇنداق نەرسىلەرنىڭ چىقىشىدىن خەۋەر بېرىپ، مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئىسمى نېمە بولسا بولسۇن، ئۇ ھاراق بىلەن ئوخشاش ھارامدۇر دەپ كۆرسەتكەن.

بەزىلەر ھاراقنى مەست قىلمىغۇدەك بىرەر رومكا ئىچىپ قويسا بولمامدۇ؟ دېيىشىدۇ. بولمايدۇ، كۆپ ئىستېمال قىلسا مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئېزىمۇ، كۆپىمۇ ئوخشاش ھارام. چۈنكى مەزكۇر نەرسىلەر ئاز ئىستېمال قىلىش بىلەن مەست قىلمىغان بىلەن ئىچكى ئەزاغا زىيان يەتكۈزۈپ ھەر تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولىدۇ. ئاز ئىچىش كۆپ ئىچىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

دوختۇرلار ھاراقنىڭ زىيانلىرىنى تەتقىق قىلىپ، مۇنداق 14 تۈرلۈك زىيىنى بار دەپ كۆرسەتكەن:

1 ـ ھاراق ئىنساننىڭ يۈرىكى نېرۋا سىستېمىسىنى زەھەرلەپ، ھاراق ئىچكۈچىنى ۋاقىتلىق ساراڭ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قالايمىقان سۆزلەپ كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىدۇ.

2 ـ يۈرەكنى قاتتىق قوزغىتىپ، ئارقىدىن ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

3 ـ ئىنسانىنىڭ كېسەللىككە قارشى كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئىنساندىكى يۇقۇملۇق كېسەلگە قارشى تۇرىدىغان ئاق قان ئايلىنىشىنى ئىشلىمەس ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

4 ـ ھاراق ئىچىشكە ئادەتلەنگەن ئادەم سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆچەي ياللۇغى كېسىلى بولۇپ قالسا، قۇتۇلۇش ئىمكانى بولمايدۇ.

5 ـ ھاراققا ئادەتلەنگەن ئادەمنىڭ ئوپېراتسىيىدە قۇتۇلۇش نىسبىتى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. شۇڭلاشقا سۇغۇرتا شىركەتلىرى ھاراقكەشلەرنىڭ ھاياتىنى سۇغۇرتىغا ئالمايدۇ.

6 ـ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دوختۇرخانىلاردا ناھايىتى چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا كىرگەن كېسەللەرنىڭ 50 % پىرسەنتتىن كۆپرەكى ھاراق ئىچىدىغان ئادەمنىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

7 ـ ھاراق بۆرەك بىلەن جىگەرنى كاردىن چىقىرىدۇ.

8 ـ قان بېسىمى، شېكەر سيىش ۋە يۈرەك كېسىلى بار ئادەم ھاراق ئىچىدىغان بولسا، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرگەن بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

9 ـ ھاراق بەزىلەرنىڭ گۇمان قىلغىنىدەك تاماق سىڭدۈرۈشكە ياردەم قىلمايدۇ. بەلكى ئۇ تاماق سىڭدۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ پائالىيىتىگە توسالغۇ بولىدۇ.

10 ـ ھاراقنىڭ ھېچقانداق غىزا قىممىتى يوق. شۇنى بىلىش كۇپايە قىلىدۇكى، بىر شىشە ھاراقنىڭ بىر قوشۇق گۆرۈچچىلىك غىزا كۈچى يوقتۇر.

11 ـ ھاراقكەش نامراتلىققا گىرىپتار بولىدۇ. چۈنكى ئۇ بارلىق پۇلىنى ھاراققا خەجلەيدۇ. ئۇ ھاراق ئۈچۈن ئايالىنى ۋە بالىلىرىنى ئاچ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئائىلە ئەزالىرى ياخشى غىزالانمىغانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلغۇچ كېسەللىكلەرگە دۇچار بولىدۇ.

12 ـ تېببىي ستاتىستىكىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، جىنسىي كېسەللىككە دۇچار بولغانلارنىڭ كۆپ سانلىقى ھاراقنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغان.

13 ـ ھاراقكەشلەردىن كۈچلۈك ئەۋلاد چىقارغان ئادەم يوق، چۈنكى ھاراق قورساقتىكى بالىنىڭ ئورگانلىرىنىڭ زەئىپ بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

14 ـ قاتناش ۋەقەسىنىڭ 40 % پىرسەنتىدىن كۆپرەكى ھاراق سەۋەبى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. چۈنكى ھاراق خەتەرنى ھېس قىلىش ئورگانلىرىنى ئاجىزلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، بىر سىكۇنت ئىچىدە ماشىنىنى توختىتىش كېرەك بولغان بىر ۋەقەدە ھاراق ئىچكەن ئادەم ئىككى سىكۇنتتىن كېيىن توختىتالايدۇ. بۇ چاغدا بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغان بولىدۇ.

ھاراقكەش مەست بولغان ۋاقتىدا توخۇدىنمۇ ئاجىز، تېزەكچىدىنمۇ پاسكىنا، ئېشەكتىنمۇ دۆت، تۆگىگۈزدىنمۇ دەييۇس بولىدۇ. شەيتان ئۇنى

ھاراق ئارقىلىق ئاللاھ تەئالانىڭ زىكرىدىن ۋە نامازدىن توسىدۇ، ھەر تۈرلۈك يامان گۇناھ ۋە جىنايەتلەرنى قىلدۇرىدۇ. ھاراق ئىچىپ مەست بولغۇچى كۇپۇر سۆزلەيدۇ، ئاللاھ تەئالانى سۆكىدۇ، ئانىسىغا چاقچاق قىلىدۇ، دادىسىنى تىللايدۇ، خوتۇنىنى تالاق قىلىدۇ، باللىرىنى يېتىم قىلىدۇ، زىنا قىلىپ، پاك قىزلارنىڭ نومۇسىغا چېقىلىدۇ، كىيىمىنى بۇلغايدۇ، ئۆي سەرەمجانلىرىنى چاقىدۇ، كىچىك باللار ئۇنى زاڭلىق قىلىپ ئوينايدۇ، نادانلار مەسخىرە قىلىدۇ، ئاقىللار يىرگىنىدۇ، ئائىلىسى ۋە قوشنىلىرى ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ.

مانا يۇقىرىدىكىلەر ھاراقنىڭ بەزى زىيانلىرى بولۇپ، ئۇ شەخسنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. لېكىن ھاراقنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان ئىجتىمائىي زىيانلىرى تېخىمۇ ئېغىر. ھاراق ئىچىپ مەست بولغان ئادەم ھەر تۈرلۈك ئەخلاقىي جىنايەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق جەمئىيەتتە دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تېگىدۇ. ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ كېلىپ خوتۇن باللىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۆيدىكى قىممەت باھالىق جاھازلارنى چېقىپ تاشلاپ، ئائىلىنى ۋەيران قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھ تەئالا ھاراقنى قۇرئان كەرىمدە قەتئىي ھارام قىلغان. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى

بولىدۇ، سىلەر ئەمدى ھاراقتىن، قىماردىن يانمامسىلەر؟» [سۈرە مائىدە 90 ـ 91 ـ ئايەتلەر]

يەمەن خەلقىدىن بىر ئادەم: «يا رەسۇلەللاھ! بىزنىڭ يۇرتىمىزدا قوناقتىن ئىشلىنىدىغان مىزرۇ ئىسىملىك بىر خىل ئىچىملىك بار، ئۇنى ئىچىشكە بولامدۇ؟» دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇ مەست قىلامدۇ؟» دەپ سورىدى. ھېلىقى ئادەم: «ھەئە، مەست قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىۋېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەست قىلىدىغان ھەر قانداق نەرسە ھارام. ئاللاھ مەست قىلىدىغان نەرسە ئىچكەن ئادەمگە قىيامەت كۈنى تىنەتى خەبالدىن ئىچكۈزىدىغانلىقىغا ئەھدە قىلدى» دېدى. ساھابىلەر: «تىنەتى خەبال دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دوزاخ ئەھلىنىڭ ژىرىڭ ـ زەرداپلىرى» دەپ جاۋاب بەردى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل كىشى بار، جەننەتكە كىرمەيدۇ: ھاراقكەش، ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقۇچى ۋە ئائىلىسىنى كۈنلىمەيدىغان دەييۇس.»

ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى ھاراق ئىچمىسۇن، ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى ھاراق ئىچىلىدىغان داستىخاندا ئولتۇرمىسۇن.»

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئىسلامدا مەست قىلغۇچ ئىچىملىك ۋە چېكىملىك شۇنچىلىك قاتتىق چەكلەنگەن ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن

ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىكەن، مۇسۇلمانلاردا بۇ ئىللەت كۆندىن ـ كۈنگە ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ھاراق ئىچىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ توسمايدۇ. توسۇش ئۇياقتا تۇرسۇن پۇل خەجلەپ ۋېچىركا قىلىپ بېرىدۇ. بالىلىرىنى ئاخشاملىرى تالاغا قويۇپ بېرىپ، نەگە بارىدۇ، قانداق ئادەملەر بىلەن ئاغىنىدارچىلىق قىلىدۇ، كېچىسى تالادا نېمە ئىش قىلىدۇ كارى بولمايدۇ. بېشىغا بىر خاپىلىق كەلگەندە، «ۋاي خۇدايىم مەن نېمە قىلغان بولغىيتتىم، ماڭا بۇ خاپىلىقلار كەلدى» دەپ ئاھ، ۋاھ ئۇرۇپ يىغلايدۇ. ئەگەر ھاراق ئىچكۈچىلەر دەرھال ھاراقنى تاشلاپ، ئاللاھ تەئالاغا قاتتىق تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى ئازابى چوڭ ۋە قاتتىق بولىدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىدىكى ھەدىسىدە، ھاراقتا ئادەتلىنىپ ئۆلگەن ئادەم گۇناھى كەچۈرۈلۈپ قىلىنىپ جەننەتكە كىرگەن تەقدىردە، جەننەتنىڭ تەمى ئۆزگەرمەيدىغان، سېسىق پۇرىمايدىغان، لەززەتلىك ھارىقىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ تەئالادىن ھالال يەپ ـ ئىچىشنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىنى بۇزىدىغان ھاراق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر تۈرلۈك نىجىس نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىشنى ۋە ئەۋلادلىرىمىزنى بۇنداق رەزىل نەرسىلەردىن ھىمايە قىلىشنى تىلەيمىز. ئى ئۇلۇغ ئاللاھىم! بىزنى شەيتانىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كېتىشتىن ئۆزۈڭ ساقلىغىن. ئامىين!

## 97 ـ 98 ـ ھەدىس رەسۇلۇللاھنىڭ ئالىي جانابلىقى توغرىسىدا

عن ابنِ مسعودٍ رضي الله عنه قال: قَسَمَ رسولُ الله صلى الله عليه وسلم قَسْمًا، فقال رَجُلٌ: "إنَّ هَذِهِ لَقِسْمَةٌ مَا أُرِيدَ بِهَا وَجْهُ الله" فَأَتَيْتُ النَّبيَّ صلى الله عليه وسلمَ فَأَخْبَرْتُهُ، فغَضِبَ حَتَّى رَأَيْتُ الْغَضَبَ فِي وَجْهِهِ ثُمَّ قال: «يَرْحَمُ اللهُ مُوسَى، قَدْ أُذِيَ بِأَكْثَرَ مِنْ هَذَا فَصَبَرَ» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى غەنىيمەت ئۈلەشتۈردى، بىر ئادەم: «بۇ ئاللاھ رازىلىقى كۆزلەنمىگەن ئۈلەشتۈرۈش بولدى» دېدى. مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كېلىپ ئۇنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدۈم، رەسۇلۇللاھ شۇنداق غەزەپلەندىكى، ئۇنىڭ غەزىپىنى يۈزىدە كۆردۈم. ئاندىن مۇنداق دېدى: «ئاللاھ رەھمىتى مۇساغا بولسۇن، ئۇ بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق ئەزىيەتكە ئۇچرىغاندا، سەۋر قىلغان ئىدى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 3335]

عن أنسِ بنِ مالكٍ رضي الله عنه قال: كُنْتُ أَمْشِي معَ رَسُولِ الله صلى الله عليه وسلمَ، وعَلَيْهِ رِدَاءٌ نَجْرَانِيٌّ غَلِيظُ الْحَاشِيَةِ، فَأَدْرَكَهُ أَعْرَابِيٌّ فَجَبَذَهُ بِرِدَائِهِ جَبْذَةً شَدِيدَةً، نَظَرْتُ إِلَى صَفْحَةِ عُنُقِ النَّبِيِّ صلى الله عليه وسلم وقَدْ أَثَّرَتْ بِهَا حَاشِيَةُ الرِّدَاءِ مِنْ شِدَّةِ جَبْذَتِهِ، ثُمَّ قال: «يَا مُحمّدُ! مُرْلِي مِنْ مَالِ اللهِ

الَّذِي عِندَكَ» فَالْتَفَتَ إِلَيْهِ رسولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم فَضَحِكَ ثُمَّ أَمَرَ لَهُ بِعَطاءٍ. [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن كېتىپ باراتتىم، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈستىدە نەجرانىدا ئىشلەنگەن قىرغاقلىرى يىرىك بىر تون بار ئىدى. يولدا بىر ئەرابى ئۇچراپ، رەسۇلۇللاھنى رىداسىدىن تۇتۇپ قاتتىق تارتتى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ بويىنىغا قارىسام، تون قاتتىق تارتىلغانلىقتىن ئۇنىڭ قىرغاقلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ بويىنىغا ئىز چىقىرىۋېتىپتۇ. ھېلىقى ئەرابى: ‹ئى مۇھەممەد! يېنىڭدىكى ئاللاھنىڭ ماللىرىدىن ماڭا بۇيرۇپ بەرگىن› دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراپ كۈلدى ۋە ئۇنىڭغا سوغا بېرىشكە ئەمر قىلدى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 2382]

ئىزاھات: بۇ ئىككى ھەدىستە جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قانچىلىك ئالىي جاناب، كەڭ قورساق، سەۋرلىك، ئەپۇچان بىر زات بولغانلىقىنى ئوچۇق كۆرىمىز.

جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىھادتا قولغا چۈشكەن غەنىيمەتلەرنى ئۈلەشتۈرۈشتە، ئىمانى كۈچلۈك، قىلغان جىھادىنىڭ بەدىلىگە دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكىنى تەلەپ قىلمايدىغان ساھابىلەرگە نىسبەتەن، يېڭى مۇسۇلمان بولغان، ئىمانى تېخى كۈچلۈك

بولمىغانلىقى ئۈچۈن دۇنيا مېلىنى ئارتۇق بىلىدىغانلارغا ــ ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا تېخىمۇ مايىل قىلىش يۈزىسىدىن ــ كۆپرەك نەرسە بەرگەن ئىدى. جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ ئىشىنىڭ ھېكمىتىنى بىلەلمىگەن بەزى كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۆز قەۋمىگە يان بېسىپ، يېڭى مۇسۇلمان بولغان قۇرەيش كاتتىۋاشلىرىغا كۆپ نەرسە بەردى، يىللاردىن بىرى ئاللاھ يولىدا جېنىنى تىكىپ جىھاد قىلغانلارغا ئاز نەرسە بەردى دەپ: «بۇ ئۈلەشتۈرۈشتە ئاللاھ رازىلىقى كۆزلەنمىدى (قەبىلىۋازلىق قىلىندى)» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلدى.

مەزكۇر نالايىق سۆزلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزۈلگەندە، رەسۇلۇللاھ بىر ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق خاپا بولۇپ، مۇبارەك يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى. چۈنكى دۇنيادا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ ئادىلراق كىم بار؟ ئەگەر رەسۇلۇللاھ غەنىيمەت تەقسىم قىلىشتا ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلىمىسە، ئادالەت قىلمىسا، كىم ئادالەت قىلىدۇ؟! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەزكۇر سۆزلەرگە قاتتىق خاپا بولۇپ غەزەپلىنىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، مەزكۇر سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققىدە يامان گۇمان قىلىشقا تۈرتكە بولغان ئىنسانلار، ئەگەر رەسۇلۇللاھنىڭ ئىشىنىڭ ھېكمىتىنى بىلەلمىگەن بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزىدىن مەسىلىنىڭ تېگى تەكتىنى سورىماي ئوتتۇرىدا گەپ پەيدا قىلىدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. لېكىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مەزكۇر بولمىغۇر سۆزنى قىلغۇچىنى تۇتۇپ جازالاشقا قـــادىر تۇرۇقلـــۇق، غەزىپىنـــى بېســـىۋېلىپ، ھەزرىتـــى مۇســـا ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئـۆز قەۋمـدىن كـۆرگەن ئەزىيەتلىرىنـى ئەسـلەپ، ئۇنـــىڭ ئالدىـــدا بـــۇ دېـــگەن ھېچنەرســـە ئەمەس دەپ، ئـــاچچىقىنى يۇتـۇۋەتتى. چـۈنكى مۇسـا ئەلەيھىسسـالامنى قەۋمـى جـادۇگەر، كـاززاپ، زوراۋان، پادىشـاھلىق تالىشـىدۇ، فىـرئەۋن، ھامـان ۋە قارۇنىنـىڭ مىلىـدا كۆزى بار دېگەنـدەك بولمىغۇر سۆزلەر بىـلەن ئەيىـبلىگەن ئىـدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ھايالىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانلار بـار يەردە قەتئىي كىيىمنى چىقارمايتتى، بۇنى كـۆرگەنلەر مۇسانىڭ ئـاق كېسـىلى بار، تىرە كېسىلى بولغاچقا نومۇس قىلىـپ كىيىمنـى چىقىرالمايـدۇ، دەپ ئەيىبلەيتتـى. ئـاللاھنى ئۈچـۈق كۆرمىگـۈچە ساڭا ئىشـەنمەيمىز، دەپ ئىمان كەلتۈرگىلى ئۇنىمايتتى. جىھاد قىلىشقا بۇيرۇسا سەن خۇدايىـڭ بىلەن بېرىپ ئۇرۇشقىن، بىـز بـۇ يەردە ئولتـۇرۇپ تـۇرىمىز، دەپ مـاڭغىلى ئۇنىمىغان. ئاللاھ سىلەرگە بىـر كـالا ئۆلتۈرۈشـنى بـۇيرۇدى دېسـە، بىزنـى زاڭلىـق قىلىۋاتامسـەن، دەپ قوپـاللىق قىلغـان ئىـدى. ھەزرىتـى مۇسـا ئەلەيھىسسـالام مانـا شـۇنداق ئەزىيەتلەرنـىڭ ھەممىـگە سـەۋر ـ تـاقەت قىلىـپ، ئـاللاھ تەئالانـىڭ ئەمرىنـى ئـۆز لايىقىـدا ئـادا قىلىـپ ئالەمـدىن ئـۆتكەن. رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم بـۇ يەردە ئـاللاھ تەئالانـىڭ: «ئەنە شـۇلار (يەنـى پەيغەمـبەرلەر) ئـاللاھ ھـىدايەت قىلغـان كىشـىلەردۇر، ئۇلارنىـڭ يولىغـا ئەگەشـكىن»[1] دېـگەن ئەمـرىگە ئىتـائەت

[1]سۈرە ئەنئام: 90 – ئايەت.

قىلىپ، ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە ئۇلگە قىلىپ، ھەققىدە شۇنداق بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلغان كىشىلەرنى ئەپۇ قىلدى. مانا بۇ ھەقىقىي باتۇرلۇق. جەڭدە بىر نەچچە ئادەمنى يىقىتقان باتۇر ئەمەس، قاتتىق غەزەپلەنگەندە، يۇرىكىدە ئىنتىقام ئوتى يالقۇنلاپ تۇرغاندا، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئاچچىقىنى يۇتىۋېتەلىگەن، ئىنتىقام ۋە جازاغا تېگىشلىك بولغان كىشىنى ئەپۇ قىلىۋېتەلىگەن ئادەم باتۇر بولىدۇ.

ئىككىنچى ھەدىستە بولسا، بىر نەرسە سوراش، كىشىلەر بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش، چوڭلارغا قانداق ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق ئەدەپ ـ ئەخلاقنى بىلمەيدىغان قوپال بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىنى توسۇپ، تونىنى قاتتىق تارتىپ، ئۇنىڭ مۇبارەك بويىنىنى قىزارتىۋەتكەن ۋە رەسۇلۇللاھقا «يا رەسۇلەللاھ!» دېمەستىن، ناھايىتى قوپال ھالدا، خۇددى بالىسىغا ياكى قۇلىغا خىتاب قىلغاندەك: «ئى مۇھەممەد! يېنىڭدىكى ئاللاھنىڭ ماللىرىدىن ماڭا بۇيرۇپ بەر» دېدى. مەرھەمەت ۋە ئېغىر بېسىقلىقنىڭ سىمۋولى بولغان جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېلىقى قائىدە ئۇقمايدىغان، قوپال ئادەمنىڭ ئەدەپسىزلىكىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھەدىيە ۋە سوۋغاتلار بەرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

بىز مۇسۇلمانلار ئۈلگىلىك پەيغەمبىرىمىز جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ گۈزەل ئەخلاقىدىن ئىبرەت ئېلىپ، كەڭ قورساق، ئېغىر بېسىق، ئەپۇچان بولۇشىمىز لازىم. دىنىي

قېرىنداشلىرىمىزدىن كەلگەن بەزى ياخشى ـ يامان گەپ ـ سۆزلەرنى كەچۈرۈۋېتىشنى بىلىشىمىز، يوقلاڭ ئىشلارغا غەزەپلىنىپ دوستلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلماسلىقىمىز كېرەك.

ھازىر بىز مۇسۇلمانلاردا شۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋال مەۋجۇتكى، ياتلار كېلىپ ئۆيلىرىمىزنى، مال ـ مۈلكىمىزنى تارتىۋالسا، يۇرتىمىزنى بېسىۋالسا، خوش غوجام دەپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرىمىز. ئۆزىمىزنىڭ مىللەتدىشىمىز، يۇرتدىشىمىز، دىندىشىمىز بولغان قېرىنداشلىرىمىزدىن ئازراق كەمچىلىك ئۆتۈلسە، يولۋاستەك ئېتىلىپ، بىرگە ئۇوننى قىلىمىز. بىزنىڭ بۇ خۇنۇك خاراكتېرىمىز خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە. مەسىلەن: ھازىر دۇنيادا 50 تىن ئارتۇق مۇسۇلمان دۆلەت بار. كاپىرلار مەزكۇر دۆلەتلەرنى خالىغانچە قورقۇتۇپ، ئاچچىقى كەلسە قورال كۈچى بىلەن بېسىۋېلىپ، ئاياغ ئاستى قىلىۋاتسا، پۈتۈن مۇسۇلمان دۆلەتلىرى دىنىي قېرىنداشلىرىغا ياردەم قىلىدىغانىنىڭ ئورنىغا، كاپىرلارنى قوللاپ، موللام مۈشۈك بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرگە كىچىككىنە بىر ئېغىز گەپ ئۆتۈپ كەتسە، دەرھال چېگراغا ئەسكەر توپلاپ، يانار تاغقا ئوخشاش پارتلاشقا تەييار بولىدۇ. مۇسۇلمان ھاكىملار ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ھەقلىق تەنقىدلىرىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئەمەلدارلارنىڭ قىلغان خاتالىقلىرىدىن بىرىنى ئېغىزىغا ئېلىپ سالغان ئادەمنىڭ بارىدىغان جايى تۈرمە ـ زىندانلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەمما كاپىر دۆلەتلەر تەنقىدلەپ قورقۇتۇپ قويسا، ئوتتۇز ئىككى چىشىنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشقا ۋەدە بېرىدۇ.

مانا مۇشۇنداق دوست ـ دۈشمەننى پەرق ئەتمەي، كىمگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەي كېتىۋەرسەك، ئىبزىلگىنىمىز ئېزىلگەن، خورلانغىنىمىز خورلانغان، ھېچكىم بىزنىڭ كۆز ياشلىرىمىزغا ئىچ ئاغرىتمايدۇ. شۈكلاشقا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىپ، خۇي پەيلىمىزنى تۈزىتىپ، مۇئامىلە پوزىتسىيمىزنى توغرىلاپ، ياتلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىمىزنى خار قىلماسلىق، دىنى قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بولغان دوستلۇقىمىزنى بۇزماسلىق، بىر ـ بىرىمىزگە ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلىشىش، بىر ـ بىرىمىزنىڭ نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلىشىش، ئاللاھ تەئالا بىزگە چوقۇم نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ.

ئاللاھ تەئالا بىزگە ھەق يولدا مېڭىشنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھېقىقى ئۈممەت بولۇپ، ئىززەت ۋە شەرەپ بىلەن ياشاشنى نېسىپ قىلسۇن. ئامىن!

## 99 ـ ھەدىس  ئەمەلى سۆزىگە ئۇيغۇن بولمىغانلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا

عن أسامةَ بنِ زَيْدٍ رضي الله عنهما قال: سمعتُ رسولَ الله صلى الله عليه وسلم يقولُ: «يُؤْتَى بِالرَّجُلِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فيُلْقَى فِي النَّارِ، فَتَنْدَلِقُ أقْتَابُ بَطْنِهِ فَيَدورُ بِهَا كَمَا يَدُورُ الْحِمَارُ فِي الرَّحَى فَيَجْتَمِعُ إِلَيْهِ أَهْلُ النَّارِ، فَيَقُولُونَ: ‹يَا فُلانُ! مَالَكَ؟ أَلَمْ تَكُنْ تَأْمُرُ بِالْمَعْرُوفِ وتَنْهَى عَنِ الْمُنْكَرِ؟› فَيَقُولُ: ‹بَلَى. قَدْ كُنْتُ آمُرُ بِالْمَعْرُوفِ فَلاَ آتِيهِ، وأَنْهَى عَنِ الْمُنْكَرِ وآتِيهِ›.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى بىر ئادەم كەلتۈرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ، ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۇنىڭ ئىچ ئورگانلىرى چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەم دوزاختا خۇددى تۈگمەندە ئايلانغان ئېشەكتەك ئايلىنىدۇ. دوزاخ ئەھلى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ‹ھوي پالانى! سىزگە نېمە بولدى؟ سىز ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توساتتىڭىز ئەمەسمۇ؟› دەيدۇ. ئۇ ئادەم: ‹شۇنداق، مەن ياخشى ئىشقا بۇيرۇيتتىم، ئۆزۈم ئۇ ئىشنى قىلمايتتىم. يامان ئىشتىن توساتتىم، ئەمما ئۇنى ئۆزۈم قىلاتتىم› دەپ جاۋاب بېرىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم

رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مۇسلىمدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: [7432

ئىزاھات: بۇ ھەدىس نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! بۇ ھەدىسنى ئوقۇغاندا قورقۇنچتىن ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كېتىدۇ. كىشىلەرگە ھەقىقەتنى يەتكۈزۈش، ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا چاقىرىپ، يامان ـ ناچار ئىشلاردىن توسۇش ئىسلام دىنىنىڭ سەككىز چوڭ ئاساسىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭسىز ئىسلام مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. لېكىن كىشىلەرگە ياخشى ـ يامانني چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئۆلىمالار، داموللىلار، مەخسۇملار ئۆزلىرى بىلگەن، چۈشەنگەن ھەقىقەتكە ئۆزلىرى ئەمەل قىلمىسا، ياخشى ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ قىلمىسا، يامان گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى بىلىپ تۇرۇپ تەرك ئەتمىسە، ئۇنداق كىشىلەرنىڭ سۆزى باشقىلارغا قانداق تەسىر قىلىدۇ؟ ئۆز نەپسىنى ئىسلاھ قىلالمىغان ئادەم جەمئىيەتنى قانداق ئىسلاھ قىلىدۇ. دىنىي ئوقۇغان، ياخشى ـ ياماننى بىلىدىغانلارنىڭ ئىلمىگە ئەمەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئاۋام خەلق ئارىسىدا «موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما» دەپ ماقال چىققان. چۈنكى موللىنىڭ سۆزى باشقا، ئىشى باشقا. قۇرئان ـ ھەدىستىن سۆزلەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ قىلغان ئىشى سۆزىگە ماس كەلمەيدۇ. ئۇنداق ئالىملارنىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇ ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك قورقۇنچلۇق بولىدۇ.

ئى پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالار!

بۇ دەھشەتلىك ھەدىس ئالدىدا ئۆزۈڭلارنى بىر دەڭسەپ بېقىڭلار. سىلەر بۇ ھەدىسكە ئىشىنەمسىلەر، يوقمۇ؟ ئەگەر ئىشەنسەڭلار ئىشلىرىڭلار سۆزلىرىڭلارغا ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟ ئىلمىڭلارغا ئەمەل قىلىۋاتامسىلەر؟ ئاللاھ تەئالا سىلەر ۋە بىزلەرگە ئوخشاش ئىلمىگە ئەمەل قىلمايدىغان، قىلغان ئىشى سۆزىگە ماس كەلمەيدىغانلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟) سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر.» [سۈرە سەف 2 ـ 3 ـ ئايەتلەر]

بىلگەنلەر بىلەن بىلمىگەنلەر ئوخشاش بولمايدۇ. ئىلمىنىڭ كۆپىيىشىگە قاراپ ئەملى كۆپەيمىگەن ئادەم ئاللاھ تەئالانىڭ رەھمىتىدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ. كىشىلەرگە ياخشىلىقلارنى سۆزلەپ بېرىپ ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغان ئالىم، خۇددى سۇنى ساقلايدىغان، ئەمما ھېچ نەرسە ئۈنمەيدىغان شورلۇق يەرگە ئوخشايدۇ. ئىمام غەزالى كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىپ ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغان ئالىمنى مۇنداق سۈپەتلەيدۇ: «بىلىپ تۇرۇپ ئەمەل قىلمايدىغان كىشى، خۇددى كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگىتىپ ئۆزى بىلىمسىز قالىدىغان دەپتەرگە، پىچاقنى ئۆتكۈر قىلىپ ئۆزى كەسمەيدىغان بىلەيگە، كىشىلەرگە كىيىم تىكىپ ئۆزى يالىڭاچ قالىدىغان يىڭنىگە ئوخشايدۇ.» ئاللاھ تەئالا ئەملى سۆزىگە ماس كەلمەيدىغان كىشىلەرگە كايىپ مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى

سىلەر كىتابنى ئوقۇپ تۇرۇپ، چۈشەنمەمسىلەر؟» [سۈرە بەقەرە 44 ـ ئايەت]

ھۆرمەتلىك ئۆلىمالار!

ۋەزىپىمىز ئىنتايىن ئېغىر، ئاقىۋىتىمىز ناھايىتى خەتەرلىك. دىنى ئىلىم ساھەسىگە كىرگەن، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغان ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئالىم دەپ تونۇلغان ئىكەنمىز، كىشىلەرگە قىلىدىغان نەسىھەتنى ئالدى بىلەن ئۆزىمىزگە قىلىشىمىز، كىشىلەرگە بۇيرۇيدىغان ياخشىلىقنى سۆزلەشتىن بۇرۇن ئۆزىمىز ئىجرا قىلىشىمىز، كىشىلەرنى توسىدىغان يامان قىلىقلارنى ئالدى بىلەن ئۆزىمىز تاشلىشىمىز، ئاندىن باشقىلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشىمىز لازىم.

ئىمام ئەزەمنىڭ ئالدىغا بىر ئايال بالىسىنى ئېلىپ كېلىپ: «بۇ بالا تولا ئۈزۈم يەپ مېنى خاپا قىلىدۇ، بىر نەسىھەت قىلىپ قويسىلا» دېگەن ئىكەن، ئىمام ئەزەم: «ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىڭ، نەسىھەت قىلاي» دەپتۇ. ھېلىقى ئايال ئۈچ كۈندىن كېيىن بالىسىنى ئېلىپ كەلگەن ئىكەن، ئىمام ئەزەم بالىغا: «بالام ئۈزۈم يېمەڭ» دەپتۇ. بالىنىڭ ئانىسى غەزەپلەنگەن ھالدا: «نەسىھەتلىرى مۇشۇنچىلىكمىدى؟ بۇ گەپنى ئۈچ كۈن بۇرۇن كەلگەندە دېسىلە بولمامتى؟» دېگەن ئىكەن، ئىمام ئەزەم: «ئۈچ كۈن بۇرۇن كەلگەن چېغىڭىزدا مەن ئۈزۈم يېگەن ئىدىم، ئۇ چاغدا ئۈزۈم يېمەسلىك ھەققىدە بۇ بالىغا بىر كۈن سۆزلىگەن بولساممۇ تەسىر قىلمايتتى. ئۈچ كۈندىن بىرى مەن ئۈزۈم يېمىدىم،

ئەمدى مېنىڭ بۇ بىر ئېغىز سۆزۈم بىلەن بۇ بالا ئۇزۇم يەپ سىزنى خاپا قىلمايدۇ» دېگەن ئىكەن.

ئۆلىمالارنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلماسلىقى سۆزىنىڭ تەسىر قىلماسلىقى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە، جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا، ئاللاھ تەئالانىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ئىجرا قىلىنماسلىقىغا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى خەلق ئۇلارنى رەھبەر دەپ قارايدۇ. يەنە ئىنسان ئاڭلىغىنىدىن بەكرەك كۆرگىنىگە ئەمەل قىلىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ گۇناھ ئىشلارنى قىلغانلىقىنى كۆرگەن خەلق، پالانى ئالىممۇ قىلىدىكەن دەپ، گۇناھ ـ مەسىيەتكە سەل قارايدىغان، ئاللاھ تەئالادىن قورقمايدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت تۈزۈلۈشىنىڭ ئورنىغا بۇزۇلىدۇ. ياخشىلىنىشىنىڭ ئورنىغا چىرىكلىشىدۇ. كۈچلىنىشىنىڭ ئورنىغا ئاجىزلىشىدۇ. ئالغا بېسىشىنىڭ ئورنىغا چۈشكۈنلىشىدۇ. نەتىجىدە پۈتۈن جەمئىيەت ئاللاھ تەئالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك خارلىققا قالىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ جازاسى باشقىلاردىن ئېغىر بولۇشىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ بولسا كېرەك.

دىنى ئوقۇغان، ئۇنىۋېرستېت پۈتتۈرگەن ياشلار، كىشىلەرگە پېشۋا بولىدىغان ئالىملار ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشىمىز، ئاندىن بالا ـ چاقا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى ياخشى جەمئىيەت سالىھ كىشىلەردىن بارلىققا كېلىدۇ. ئۆز نەپسىنى ئىسلاھ قىلالمىغان ئادەم باشقىلارنى ھەرگىزمۇ ئىسلاھ قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر كىشى ئىسلاھاتنى ئۆزىدىن باشلىشى، نەپسىنى

يامان ئىشلاردىن توسۇپ، ياخشى ئىشلارغا كۆندۈرۈشى كېرەك. مۇشۇ ئىشنى قىلالىغان كىشى ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولىدۇ. چۈنكى كىشىلەرگە سۆزلەش، ماقالە، كىتابلار يېزىش ئاسان. ئەمما ئاشۇ يازغانلىرىنى ۋە سۆزلىگەنلىرىنى ئۆزىگە تەتبىقلاش ئىنتايىن قىيىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش چوڭ جىھاد دەپ ئاتالغان. ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: «نەپسىنى يامان ئىشلاردىن پاكلىغان ئادەم نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. نەپسىنى يامان ئىشلارغا كۆمگەن ئادەم زىيان تارتىدۇ.» [سۈرە شەمس 9 ـ 10 ـ ئايەتلەر]

بۇ يەردە دېمەكچى بولغان گەپ، سىز ئۆزىڭىزنىلا تۈزىتىپ، باشقىلار بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ئاۋۋال ئۆزىنى تۈزىتىش، ئاندىن باشقىلارنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسەتمەكچى. چۈنكى باشقىلارنى ئىسلاھ قىلىش ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشقا باغلىق. ئەرەبلەردە: «بىر ئادەمنىڭ مىڭ ئادەم ئوتتۇرىسىدا قىلغان ئىشى، مىڭ ئادەمنىڭ بىر ئادەمگە نەسىھەت قىلغىنىغا تەڭ» دەيدىغان ماقال بار. ئاللاھ تەئالا قۇرئان كەرىمدە ھەر ئىككى ئىشنى بىرلىكتە ئېلىپ بارغانلارغا رەھىم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى تولۇق ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.» [سۈرە تەۋبە 71 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالا ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىلەرنى بىر ئىشتىن مەنئى قىلىپ، ئۇنى ئۆزۈم قىلماقچى ئەمەسمەن، مەن پەقەت كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئىسلاھ قىلىشنىلا خالايمەن، مېنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىم پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بولىدۇ، ھەممە ئىشتا ئاللاھقا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن.» [سۈرە ھۇد 88 ـ ئايەت]

ئاللاھ تەئالادىن بىزنى سۆزىمىز ھەم ئىشىمىز بىردەك بولغان ۋە ئاللاھ تەئالادىن قورقىدىغان كىشىلەردىن قىلىشىنى تىلەيمىز. يۇقىرىدىكى ھەدىستە كۆرسىتىلگەن ھالغا چۈشۈپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمىز. ئامىين!

## 100 ـ ھەدىس تەۋبىنىڭ قوبۇل بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

عن أبي هريرةَ رضي الله عنه، أَنَّهُ سمِعَ رَسُولَ الله صلى اللهُ عليه وسلمَ يقولُ: «إنَّ عَبْداً أَصَابَ ذَنْباً ــ وربَّما قال: أَذْنَبَ ذَنْباً ــ فَقَالَ رَبِّ أَذْنَبْتُ ذَنْباً ــ ورُبَّما قال: أَصَبْتُ ــ فَاغْفِرْ فقَالَ رَبُّهُ أَعْلَمَ عَبْدِي أَنَّ لَهُ رَبّاً يَغْفِرُ الذَّنْبَ وَيَأْخُذُ بهِ؟ غَفَرْتُ لِعَبْدِي. ثُمَّ مَكَثَ مَاشَاءَ اللهُ؛ ثُمَّ أَصَابَ ذنباً ــ أَوْ أَذْنَبَ ذَنْباً ــ فقال: رَبِّ أَذْنَبْتُ ــ أو أَصَبْتُ ــ آخرَ فَاغْفِرْهُ، فَقَالَ رَبُّهُ أَعْلَمَ عَبْدِي أَنَّ لَهُ رَبّاً يَغْفِرُ الذَّنْبَ وَيَأْخُذُ بهِ؟ غَفَرْتُ لِعَبْدِي. ثُمَّ مَكَثَ مَاشَاءَ اللهُ؛ ثُمَّ أَذْنَبَ ذَنْباً ــ وَرُبَّما قال أَصابَ ذنباً ــ فقال: رَبِّ أَصَبْتُ ــ أو أَذْنَبْتُ ــ آخرَ فَاغْفِرْهُ لِي، فقال: رَبُّهُ أَعْلَمَ عَبْدِي أَنَّ لَهُ رَبّاً يَغْفِرُ الذَّنْبَ وَيَأْخُذُ بهِ؟ غَفَرْتُ لِعَبْدِي ثَلاَثاً فَلْيَعْمَلْ مَاشَاءَ.» [رواه البخاري ومسلم]

تەرجىمىسى: ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «بىر بەندە گۇناھ ئىشلەيدۇ، ئاندىن ‹ئى پەرۋەردىگارىم! مەن بىر گۇناھ ئىشلىدىم، مەن ئۈچۈن ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن› دەيدۇ. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: ‹بەندەم گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى، مەن ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلدىم› دەيدۇ. ئۇ بەندە مەلۇم مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن يەنە گۇناھ ئىشلەيدۇ. ئاندىن ‹ئى پەرۋەردىگارىم! مەن بىر گۇناھ ئىشلىدىم، مەن ئۈچۈن ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن› دەيدۇ.

پەرۋەردىگارى: ‹بەندەم گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى، مەن ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلدىم› دەيدۇ. ئۇ بەندە مەلۇم مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن يەنە گۇناھ ئىشلەيدۇ. ئاندىن ‹ئى پەرۋەردىگارىم! مەن بىر گۇناھ ئىشلىدىم، مەن ئۈچۈن ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن› دەيدۇ. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: ‹بەندەم گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلدى، مەن ئۇنىڭ گۇناھىنى ئۈچ قېتىم مەغپىرەت قىلدىم، ئۇ خالىغىنىنى قىلسۇن› دەيدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس بۇخارىدىن ئېلىنغان بولۇپ، نومۇرى: 7341]

ئىزاھات: ئى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى، ئەيىبلەرنى ياپقۇچى ئاللاھ! سەن نېمىدېگەن مەرھەمەتلىك، ئاسى بەندىلەرگە نېمىدېگەن مېھرىبان! سېنىڭ رەھمىتىڭ شۇنچىلىك چەكسىزكى، ئاسىي قۇللىرىڭنىڭ گۇناھى ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ كەچۈرىسەن. بىز بەندىلەر نەپسى ـ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ساڭا ئاسىيلىق قىلساق، سەن ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن تەۋبە دەرۋازىسىنى ئاخىرىغىچە ئېچىپ، گۇناھىڭلارغا تەۋبە قىلىپ مېنىڭ تەرىپىمگە قايتىڭلار، مەن سىلەرنى ئەپۇ ـ مەغپىرەت قىلاي دەپ دەرگاھىڭغا چاقىرىسەن. گۇناھ ـ مەسىيەت ۋە ئازغۇنلۇق دېڭىزىغا چۆكۈپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈمىدى بولمىغان ئىنسانلارنى رەھمەت كېمەڭ بىلەن تارتىپ ئېلىپ، مەغپىرەت دەرياسىدا يۇيۇپ، نېمەت گۈلىستانى بولغان جەننىتىڭگە قويىسەن.

سىېنىڭ چەكسىز رەھمىتىڭ ئالدىدا ھەر قانچە چوڭ گۇناھلارمۇ كىچىككىنە بىر نەرسە بولىدۇ. سىېنىڭ ئۇلۇغ رەھمىتىڭ گۇمراھلارغا يول، مەيۇسلەرگە ئۈمىد، قەلبى ئۆلگەنلەرگە ھايات بەخش ئېتىدۇ. سەن بىز ئاسىي بەندىلەرنى ئۈمىدلەندۇرۇپ، ئەزەلىي كالامىڭدا: «گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن جىمى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»[1] دېدىڭ.

ئاسىي بەندىلەرنىڭ قەلبىگە رەھمەت سۈيى چېچىپ، پەيغەمبىرىڭ تىلى ئارقىلىق: «ئى ئادەم بالىسى! ئەگەر سەن ماڭا دۇئا قىلىپ مەغپىرىتىمنى تىلىسەڭ، گۇناھلىرىڭنىڭ قانچىلىكلىكىگە پىسەنت قىلماستىن ھەممىنى مەغپىرەت قىلىمەن. ئى ئادەم بالىسى! ئەگەر گۇناھلىرىڭ كۆپىيىپ ئاسمانغا تاقاشسىمۇ، مەندىن مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭ، سېنى مەغپىرەت قىلىمەن. ئى ئادەم بالىسى! ئەگەر ماڭا زېمىننىڭ چوڭلۇقىدا خاتالىقلار بىلەن كەلسەڭ، ماڭا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ھالەتتە ئۇچراشساڭ، ساڭا زېمىننىڭ چوڭلۇقىدا مەغپىرەت بىلەن كېلىمەن» دېدىڭ.

ئەزىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

يۇقىرىدىكى ھەدىستە جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ تەئالانىڭ بىز گۇناھكار بەندىلەرگە چەكسىز مېھرىبان

---

[1] سۈرە زۇمەر 53 – ئايەت.

بولغانلىقىنى، بەندىنىڭ گۇناھ ـ مەسىيەتلىرى ھەر قانچە چوڭ ۋە كۆپ بولسىمۇ، ھېقىقى تەۋبە قىلسا ئۇنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

تەۋبە ــ لۇغەتتە قايتىش دېگەن بولۇپ، ئىسلام ئىستىلاھىدا گۇناھ ـ مەسىيەتلەرگە پۇشايمان قىلىپ، يامان قىلىقلىرىنى تاشلاپ ئاللاھ تەئالانىڭ دەرگاھىغا قايتىش دېگەن بولىدۇ. ئۆلىمالار تەۋبىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: تەۋبىنىڭ ئۈچ شەرتى بار، بىرىنچى، قىلغان گۇناھ ۋە يامان ئىشلىرىغا چىن دىلىدىن پۇشايمان قىلىش، يەنى نېمە ئۈچۈن شۇنداق گۇناھلارنى قىلغاندىمەن؟ دەپ ئۆكۈنۈش ۋە ئۇ ئىشلاردىن يېنىش. ئىككىنچى، بۇندىن كېيىن ئۇنداق يامان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايدىغانلىقىغا قەتئىي بەل باغلاش. ئۈچىنچى، ئۆزىدىن ئۆتۈلگەن گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىشىنى تىلەپ ئاللاھ تەئالاغا قاتتىق يالۋۇرۇشتۇر. ئەگەر باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغان بولسا، بۇ كىشىنىڭ تەۋبە قىلىشىنىڭ يۇقىرىقىدىن باشقا يەنە بىر شەرتى بار. ئۇ بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇش ياكى رازىلىقىنى ئېلىش، ھەق ئىگىسى بولمىسا ۋارىسلىرىغا ھەققىنى قايتۇرۇش. ھەق ئىگىسىنى تاپالمىسا، ئۇنىڭ ھەققىنى ئۇنىڭ نامىدا سەدىقە قىلىشتۇر. مانا مۇشۇ شەرتلەرگە توشقان تەۋبىنى ئاللاھ تەئالا ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھ تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا ئاللاھنى ياد ئېتىپ، دەرھال گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. گۇناھنى كەچۈرىدىغان ئاللاھتىن باشقا كىم بار؟! ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بولغان

مەغپىرەت ۋە ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇر. بۇ يەرلەردە ئۇلار مەڭگۈ قالىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئېرىشىدىغان مۇكاپاتى نېمىدېگەن ياخشى!» [سۈرە ئالى ئىمران 135 ـ 136 ـ ئايەتلەر]

ئاللاھ تەئالا يەنە بەندىلەرنىڭ گۇناھى ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، ‹ئى! (گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن جىمى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. سىلەرگە ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە قايتىڭلار، بولمىسا كېيىن سىلەرگە ياردەم قىلىنمايدۇ›.» [سۈرە زۇمەر 53 ـ 54 ـ ئايەتلەر]

ھەزرىتى ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بەنى ئىسرائىلدا بىر كىشى بولۇپ، ئۇ توقسان توققۇز ئادەمنى ئۆلتۈردى، ئاندىن ئۇ تەۋبە توغرۇلۇق سوراش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئۇ بىر راھىبنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «مەن توقسان توققۇز ئادەم ئۆلتۈردۈم، تەۋبە قىلسام قوبۇل بولامدۇ؟» دەپ سورىدى. راھىب: «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپ يۈزنى تولۇقلىدى. كېيىن ئۇ ئالىم ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇنى بىر ئالىم كىشىنىڭ قېشىغا ئېلىپ

باردى. ئۇ: «مەن يۈز ئادەمنى ئۆلتۈردۈم، تەۋبە قىلسام قوبۇل بولامدۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئالىم: «ھەئە، قوبۇل بولىدۇ، سەن بىلەن تەۋبىنىڭ ئارىسىنى كىم توسالايدۇ؟ سەن پالانى ـ پالانى يېزىغا بارغىن، ئۇ يەردە ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچىلار بار، ئۇلار بىلەن بىرگە ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن، ئۆز يۇرتۇڭغا قايتمىغىن، چۈنكى ئۇ يامان ئادەملەرنىڭ يۇرتى» دېدى. ئۇ ئادەم يولدا كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئەجىلى يېتىپ يېزا تەرەپكە يۈزلىنىپ دۈم چۈشتى. رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى ئۇنىڭ ئۈستىدە تالىشىپ قالدى. رەھمەت پەرىشتىلىرى: «بۇ ئادەم تەۋبە قىلىپ، چىن قەلبىدىن ئاللاھقا يۈزلىنىپ كەلدى» دېدى. ئازاب پەرىشتىلىرى: «ئۇ ھېچبىر ياخشىلىق قىلمىغان» دېدى. بۇ چاغدا بىر پەرىشتە ئادەم سۈرىتىدە كەلدى، پەرىشتىلەر ئۇنى ئوتتۇرىلىرىدا ھاكىم قىلدى. ھاكىم: «بۇ ئادەم كەلگەن تەرەپ بىلەن بارىدىغان تەرەپنى ئۆلچەڭلار، قايسى تەرەپكە يېقىن بولسا شۇ ئالسۇن» دېدى. ئۇلار ئۆلچەپ، بارماقچى بولغان يېرىگە يېقىن بولغانلىقى بىلىندى، ئۇنى رەھمەت پەرىشتىسى ئالدى. (يەنى ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلدى.)»

يەنە بىر ھەدىستە جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ تەئالا بەندىنىڭ تەۋبىسىنى جان ھەلقۇمىغا كەلمىگۈچىلىك قوبۇل قىلىدۇ» دېگەن.

تەۋبە قىلىش ئېغىزنىڭ ئۇچىدا «تەۋۋا قىلدىم خۇدايىم» دەپ قويۇپ، گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى قىلىۋېرىش بىلەن بولمايدۇ. تەۋبىنىڭ

مەنىسى ۋە شەرتلىرىنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق. ئاللاھ تەئالا كەچۈرۈم قىلمايدىغان گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ناھەق يەۋېلىشتۇر. ئاللاھ تەئالاغا ھەر قانداق بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرگەن كىشى، شېرىكتىن يېنىپ، قايتىدىن ئىمانىنى يېڭىلىمايدىكەن، ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭ باشقا تەۋبىلىرىنى ۋە ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنىڭدەك كىشىنىڭ ھەققىنى ناھەق يېگەن كىشىمۇ ھەق ئىگىسىنى رازى قىلمىغۇچە ئاللاھ تەئالا مەزكۇر گۇناھنى كەچۈرمەيدۇ. ئەگەر ھەق ئىگىسى ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ۋارىسلىرىمۇ قالمىغان بولسا، ھەققىنى يېگەن كىشى ھەر قانچە قىلىپمۇ ھەقنى قايتۇرالمىغان بولسا، ئاللاھ تەئالانىڭ ئۇ كىشىنى كەچۈرۈم قىلىشى ئۈمىد قىلىنىدۇ.

ناماز ئوقۇمىغان، زاكات بەرمىگەن، رامزاندا روزا تۇتمىغان، ھاراق ۋە باشقا مەست قىلغۇچ نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغان، ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقان، زىنا قىلغان، ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال قىلغانلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر. مەگەر ئۇلار چىن دىلىدىن ھېقىقى تەۋبە قىلسا ئاللاھ تەئالا مەغپىرەت قىلىپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئاللاھ تەئالا تەۋبە قىلىشقا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىمان ئېيتقان زاتلار! ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلىڭلار، ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئاللاھ پەيغەمبەرنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى رەسۋا قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ

ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە يۈرىدۇ، ئۇلار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزنى مەغپىرەت قىلغىن، سەن بولساڭ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن» دەيدۇ.» [سۈرە تەھرىم 8 ـ ئايەت]

# خاتىمە

بۇنىڭ بىلەن ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ئەڭ سەھىھ ھەدىسلەردىن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەققىدە تاللانغان يۈز ھەدىسنىڭ تەرجىمە ۋە قىسقىچە ئىزاھاتى تامام بولدى. بۇ ھەدىسلەر بىزنى توغرا يولغا باشلايدۇ. ئەگەر بىز بۇ ھەدىسلەرگە چىن ئىشىنىپ، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يولىدا ماڭساق دۇنيا ھاياتىدا ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە غەلىبىلەرگە، ئاخىرەتتە بولسا ئاللاھ تەئالانىڭ رازىلىقى ۋە جەننەتتىكى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىمىز، ئىنشائاللا.

ئى مېھرىبان پەرۋەردىگارىم! بىزنىڭ ھالىمىزنى ئۆزۈڭ بىزدىن ياخشى بىلىسەن، بىزگە كۆرۈش ئۈچۈن كۆز بەردىڭ، نامەھرەملەرگە قارىدۇق. ئاڭلاش ئۈچۈن قۇلاق بەردىڭ، ھارام نەرسىلەرنى ئاڭلىدۇق. تۇتۇش ئۈچۈن قول بەردىڭ، ئۇنى ھارامغا سۇندۇق. مېڭىش ئۈچۈن پۇت بەردىڭ، گۇناھ ئىشلەش ئۈچۈن ماڭدۇق. ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىش ئۈچۈن ئەقىل ئاتا قىلدىڭ، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئۈچۈن پىلانلار تۈزدۇق. بىزگە توغرا يولنى كۆرسەتكۈچى پەيغەمبەر ۋە كىتابىڭ ئەۋەتتىڭ، پەيغەمبىرىڭگە ئەگەشمىدۇق. كىتابىڭغا ئەمەل قىلمىدۇق. ئەمرىڭگە خىلاپلىق قىلدۇق، ئىتائەت قىلمىدۇق. ساڭا ئاسىيلىق قىلدۇق، ئىبادەت قىلمىدۇق. رەھمىتىڭدىن ئۈمىد قىلىپ غەزىپىڭدىن قورقمىدۇق. جەننىتىڭگە تەلمۈرۈپ، دوزىخىڭدىن قاچمىدۇق. گۇناھىمىز بەك چوڭ ۋە ناھايىتى كۆپ. يۈزىمىز قارا، ھالىمىز خاراب. لېكىن سېنىڭ

رەھمىتىڭ چەكسىز ۋە رەھمىتىڭ غەزىپىڭنى بېسىپ چۈشىدۇ. بىز يۈزى قارا قۇللار، سەندىن بىر نەرسە سوراشقا يۈزىمىز يوق، لېكىن سەن غەفۇر، رەھىم سەن، سەن بىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىگىمىزسەن، سەندىن باشقا ئىگىمىز يوق. سەن بىزنىڭ خالىقىمىز سەن، سەندىن باشقا تايانچۇقىمىز يوق. ساڭىلا سېغىنىمىز، ساڭىلا يالۋۇرىمىز، بىز بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان، بىلىپ تۇرۇپ قىلغان ۋە بىلمەي قىلغان چوڭ ـ كىچىك بارلىق گۇناھلىرىمىزغا ئېتىراپ قىلغان ھالدا قارا يۈزىمىز بىلەن دەرگاھىڭغا كەلدۇق، قولىمىزنى ئېچىپ رەھمەت دەرۋازاڭنى قاقتۇق. پەرۋەردىگارىم! ساڭا قايتتۇق، ساڭا تەۋبە قىلدۇق، بىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى رەھمەت دەرۋازاڭدىن قورۇق قول ياندۇرمىغىن، سەن گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، بىزگە سەن رەھىم قىلمىساڭ كىم رەھىم قىلىدۇ؟ گۇناھىمىزنى سەن مەغپىرەت قىلمىساڭ سەندىن باشقا كىمگە يالۋۇرىمىز؟

ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە شەدىدۇلئەزاب سۈپىتىڭ بىلەن ئەمەس، ھېلىم سۈپىتىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلغىن. بىزگە قەھھار سۈپىتىڭ بىلەن ئەمەس، غەففار سۈپىتىڭ بىلەن قارىغىن. ئەدل سۈپىتىڭ بىلەن بىزنى مۇئاخىزە قىلماي، فەزل ـ كەرەم، سۈپىتىڭ بىلەن كەمچىلىكلىرىمىزنى يۇغىن. سەتتار سۈپىتىڭ بىلەن ئەيىبلىرىمىزنى يۆگەپ، كەششاف سۈپىتىڭ بىلەن بىزنى رەسۋا قىلمىغىن.

ئـى ئۇلـۇغ پەرۋەردىگـارىمىز! بىزنـى ۋە ئەۋلادلىرىمىزنـى ئۆزۈڭـدىن باشـقىغا موھتــاج قىلمىغــن. بىزنــى ھەر دائىــم ھىمــايە قىلــپ ئــۆز بىشـىمىزغا تاشلاپ قـويمىغىن. بىزنـى نەپسـى ـ شـەيتانىنىڭ شـەررىدىن ئۆزۈڭ ساقلىغىن. سـەن ئـۆزۈڭ ساقلىمساڭ بىـز ئـاجىز بەنـدە، نەپسـى ـ شـەيتانلارنىڭ ھىيلىســگە ئالــدىنىپ كىتىمىــز. بىــزگە دائىــم ســىنى ئەســلەپ، رەھمىتىڭــدىن ئۈمىــد قىلــپ، غەزىپىڭــدىن قورقــدىغان ھىسسىيات ئاتا قىلغىن.

ئـى ئۇلـۇغ پەرۋەردىگـارىمىز! دۇئـالىرىمىزنى ئىجـابەت قىلغـىن. قەلبىمىزدىكـى تىلەكلىرىمىزنىــڭ ھەممىنــى ئىپادىلەشــكە تىلىمىــز ئـاجىزلىق قىلـدۇ، بىـزگە تىلىمىـز بىـلەن تىلىگەنـىنلا ئەمەس، بەلكـى ســەندىن تىلىمەكچــى بولــۇپ ئىيتالمىغــان ۋە ســەن بىلىــدىغان قەلبلىرىمىزدىكـى بـارلىق تىلەكلىرىمىزنـى بەرگـىن. مۈشـكۈللىرىمىزنى ئاسان قىلغىن. دەرتلىرىمىزگە دەرمان بولغىن.

ئـى ئۇلـۇغ پەرۋەردىگـارىمىز! مـۆمىن ـ مۇسـۇلمانلارنى ئەزىـز قىلغـن، كـاپىرلارنى خـار قىلغـىن. مۇسـۇلمانلارنىڭ سـەپلىرىنى بىرلەشـتۈرگىن. ئۇلارغـا كـۈچ ـ قـۇۋۋەت ئاتـا قىلغـىن. پەرۋەردىگـارىمىز! گۇنـاھلىرىمىز تـۈپەيلى سـىنىڭ دۈشـمىنىڭ بولغـان كاپىرلارنـڭ نىجـىس ئايـاغلىرى ئاسـتىدا ئىزىلــپ، خورلىنــپ كەتتـۇق، سـاڭا يـالۋۇرىمىز، بىزنـى بـۇ خورلـۇقتىن ئـۆز رەھمىتـڭ بـىلەن قۇتقـۇزغىن. مۇبـارەك پەيغەمبىرىمىـز رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمگە، ئـائىلە تاۋابىئاتلىرىغـا ۋە

بارلىق ساھابە كىراملىرىغا چەكسىز سالام يوللايمىز ئۆزۈڭ يەتكۈزگىن. ئامىين!

ئى رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكى بولغان ئاللاھ! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلغىن.

ئاخىرقى دۇئايىمىز پۈتۈن ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاس، دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

1426 ـ ھىجرى ماھى سەفەرنىڭ 28 ـ كۈنى جۈمە

2005 ـ يىلى 7 ـ فېۋرال